# غەربىي يۇرت ئازسانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-105-08952-9

9 787105 089529 >

定价：25.00元

# غەربىي يۇرت ئازسانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى

تۈزگۈچىلەر: لىيۇ جىڭمىن
شىڭ خەنشۇي
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكلىپلىك تەھرىر: ئابلىمىت سادىق
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن ئابدۇقادىر
مەسئۇل كورېكتور: قەييۇم تۇرسۇن

# غەربىي يۇرت ئازسانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئىمىن ئەخمىدى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2007 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 14.875
سانى : 0001 ـ 2000
باھاسى : 25.00 يۈەن
978-7-105-08952-9/I.1869(维 272)

本书根据新疆人民出版社1988年4月第一版第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىلى 4-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

特约编辑：阿布力米提·萨迪克
责任编辑：艾尔肯·阿布都卡德尔
责任校对：克尤木·图尔逊

图书在版编目(CIP)数据

西域少数民族诗选：维吾尔文/伊明·阿合买德译.
北京：民族出版社，2007.10
ISBN 978-7-105-08952-9

Ⅰ.西... Ⅱ.伊... Ⅲ.少数民族—古典诗歌—作品集—西域—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I222

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第160097号

---

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2007年10月第1版
　　　　　2007年10月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：14.875
印　　数：0001-2000册
定　　价：25.00元
978-7-105-08952-9/I.1869(维272)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

## گۇ باۋ

غەربىي يۇرت ئىنتايىن قەدىمىي سىياسىي - جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ. غەربىي خەن ھۆكۈمىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىللاردا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغاندىن باشلاپ، تاكى 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرغانغا قەدەر، ئېلىمىزدىكى تارىخىي سۇلالە ۋە تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى ئىزچىل يوسۇندا غەربىي يۇرت دېگەن مۇشۇ ئاتالغۇنى قوللاندى. غەربىي يۇرت كەڭ ۋە تار دائىرىدە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە سىياسىي جەھەتتىن بىۋاستە باشقۇرۇلغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت غەربتىكى ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان چېگراسى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو زېمىنى دەپ بەلگىلەنگەن. «سوغدىيانا، توخرىلار، ئەنشى قاتارلىقلار تولىمۇ يىراق جايدا بولغاچقا، بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن، ئۇلپان تۆلەشكە توغرا كەلگەندىلا بېرىش - كېلىش قىلغان، لېكىن باش ۋالىي تۇرغۇزۇلمىغان.»

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت بىلەن ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىكى بەزى جايلارنى بىرلىك-

تە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىغان. ئۇ چاغلاردا ھەتتا تار مەنىدىكى
غەربىي يۇرت ئۇچۇن ئوخشاشمىغان بىرنەچچە ئاتالغۇ تەڭ ئىشلە-
تىلگەن. غەربىي يۇرت، غەربىي چېگرا، يېڭى چېگرا (شىنجاڭ)
قاتارلىق ناملار ھۆكۈمەت ياكى شەخسلەر يازغان كىتابلاردا،
ئالايلۇق: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي
يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، «غەربىي چېگرا
ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»، «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈ-
شەنچە» دېگەن كىتابلاردا قوللىنىلغان. 1884 - يىلى شىنجاڭ
ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ دېگەن ئىسىم تەدرى-
جىي ئومۇملاشقان. چىڭ سۇلالىسىدىكى ئۆلىما گۇڭ زىجېندىن
كېيىن، زوزوڭتاڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چەت
ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدا
ئۆلكە تەسىس قىلىشنى بار كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلغان.
ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى ئاخىرى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوللاشقا
ئېرىشكەن. زوزوڭتاڭ 1882 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمى-
تىگە يوللىغان مەكتۇپىدا «يات قەبىلىلەر سىرتتىن يوپۇرۇلۇپ
كىلىۋاتقاندا، كونا جاينى يېڭىدىن ئۆزىمىزگە قايتۇرۇۋېلىشىمىز
لازىم» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. («زوزوڭتاڭ ھەز-
رەتلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى. مەكتۇپلار» 57 - جىلد). بۇ
تولىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر گەپ. بۇ يەردىكى «كونا
جاي» خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپلا ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ
زېمىنى بولۇپ كەلگەن جايلار. «يېڭىدىن ئۆزىمىزگە قايتۇرۇۋې-
لىش» دېگەن سۆز 1878 - يىلى ۋە 1882 - يىلى چارروسىيە
تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان يەرلەرنى كۆزدە
تۇتىدۇ. شۇڭا، ئېلىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قەلبىدە «شىنجاڭ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ياخشى
بىر نام، تارىخىي خاتىرىلەش ئەھمىيىتى بولغان كاتتا ئابىدە،
قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلى-

رىنى قوغلاپ چىقىرىش مەنىسىدىكى ياخشى ئىسىم.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز چىن ۋە خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا بىر-لىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئىلمىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى تەقدىم قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، جۇڭگو مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ-زاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭگودىكى ھەر-قايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا زىچ ئالاقە ئورناتقان، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزئارا تايىنىش، ئۆزئارا تۇرتكە بولۇش، ئورتاق راۋاجلىنىشتەك مىل-لىي مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن. بىز بۇنى جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ئاساسىي ئېقىم دەپ قارايمىز. ئەلۋەتتە، شۇنى يوشۇرماسلىق كېرەككى، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا يىپزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مىللەت ماجىرالىرى، مىللىي ئېزىش ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەرمۇ يۈز بەرگەن. لې-كىن، ئۇلار پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىلا تۇرىدىغان ئىشلار، ئىلى-مىز مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىدىكى تارماق ئېقىم، خالاس. ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئىلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئە-مەلىيەتتە مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرىسى، شۇ مىللەتنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيىتى، يەنى شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى؛ ئىككىنچىسى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت؛ ئۈ-چىنچىسى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت، يەنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى ئورتاقلىق. ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىسىدە يەنە بىر-سىنىڭ مەدەنىيىتى بولغان بولىدۇ، ئاتالمىش مىللىي مەدەنىيەت-

تىكى ساپلىق دېگەن نەرسە مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ پەقەتلا بىر خىل پەرەز، ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈكنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بىر خىل پسىخىك ھالەت. باشقا مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. مۇنداق قاراش ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ئىلغار رولىنى يەنى، بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئىلغار رولىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئىلغار رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. خەنزۇلار تارىختىن بۇيان جۇڭگودىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، ھېلىمۇ ھەم %93.3نى تەشكىل قىلغاچقا، شۇنداقلا ئۇلار ئاساسلىقى خۇاڭخې، چاڭجياڭ ۋە جۇجياڭ دېلتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا نىسبەتەن ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ۋە ئىقتىسادىي شارائىتقا ئىگە. مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى نىسبەتەن يۇقىرى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنىمۇ ئوخشاشلا ئوچۇق سۆزلەش زۆرۈر.

ئېلىمىز تارىخىدىكى ھونلار ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندا خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان، سيانپىلار شىمالىي ۋېي بەگلىكىنى قۇرغاندا خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان، قارا بەدىۋىيلەر بىلەن ئاق بەدىۋىيلەر نەنجاۋ بەگلىكىنى قۇرغان چاغدىمۇ خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان. يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن

چۇي جەمەتىدىكى قۇجۇ ئاھالىسىمۇ خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان. موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئەسلىدە يېزىقى بولمىغان، ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردا جەنۇبىي سۇڭ، قىتان (لياۋ)، جىن (جورجىت) لارغا ئالاقە يوللىغاندا پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى تۇڭ، مەن، خۇي، مياۋ، تۇجيا، بەي، چياڭ، يۇ، جىڭ، دۇڭشياڭ، باۋئەن، سالا قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. تارىختا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان بىرمۇنچە ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسمى خەنزۇ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، بۇ ئەسەرلەر پەن - تېخنىكا، دورىگەرلىك، ئاسترونومىيە، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، بۇلار ئېلىمىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىل شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا، قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئەدىب - ئۆلىمالىرى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرغان بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم ھەمدە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ بىرنەچچە پارچە ماقالىمۇ يازدىم. بەزى قەدىمىي ئەسەرلەرنى تاپماقنىڭ تەسلىكىنى، بەزى شېئىر - نەزمىلەرنىڭ باشقا نۇرغۇن كىتابلاردا پارچە ھالەتتە ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئىزدەشنىڭ قولايسىزلىقىنى ھېس قىلدىم. يېقىندا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ليۇ جېڭمىن، شىڭ خەن، شۈي جىڭ ئۈچەيلەن بىرلىكتە تاللاپ ئىزاھلىغان «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا ئېلىپ كېلىپ، بىر پارچە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇ كىتابنىڭ ئورگىنالىنى تولىمۇ زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم ۋە بۇنىڭ بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش

بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. بۇ كىتابنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى يالغۇز ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش، ئۇلارنى قولاي شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ كىتابنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىنى ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

شېئىرغا نىسبەتەن ئالغاندا، مەن ئۇنىڭ ئەھلى ئەمەس. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تۆت يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىرنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە باھا بېرىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. لېكىن، مىللەت تەتقىقاتى سېپىدىكى بىر پېشقەدەم جەڭچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە بەكمۇ پايدىلىق. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، خەنزۇ يولداشلار بۇ كىتابنى ئوقۇسا، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى ۋە ئورنىغا قارىتا ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرى بۇ كىتابنى كۆرسە، ئۇلاردا مىللىي ئىپتىخارلىق پەيدا بولىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. بۇ كىتاب خەنزۇلار بىلەن شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان يېقىن مۇناسىۋەتنى گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى تەس. بۇ بىر يېڭى كىتاب. ئۇنىڭدا بەزى نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆزىمىزگە چېلىقىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ ئۇنچە قورقۇپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس. نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرى، كۆرسەتمىلىرى، شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ داۋاملىق

تىرىشىشى ئارقىلىق، ئىزاھاتلىرىنى تېخىمۇ توجوپىلەپ ۋە تو-
لۇقلاپ قايتا نەشر قىلىشقا بولىدۇ. كىشىلەرمۇ شۇنى ئۈمىد
قىلىدۇ.

1985 - يىل 1 - ئاۋغۇست
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

# مۇقەددىمە

ئېلىمىز قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. تارىخنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان ئۇزۇن مۇساپىسىدا مىللەتلەر ئارىسىدىكى دە تالاش، تالان - تاراج، بىر - بىرىنى قۇل قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان. ئۆز ۋاقتىدا يەنە بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا تايىنىش، ھەمكارلىشىش، قوبۇل قىلىش، بىرىكىش بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىلگىرىلىشى بىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مىللىتىمىزنى تاۋلىغان. مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىغا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى تەقدىم قىلغان. بۇ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە شانلىق شەۋكەتلىك مەدەنىيەت - سەنئىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتى بىلەن تەۋەللۇت بولغان. بۇ مول مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرى ئىچىدە، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا پۈتۈلگەن ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قالدۇرغاندىن سىرت، خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى ئىجادىيەتلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدىكى ئىجادىيەتتىن بالدۇر بولغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا خەنزۇ يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلىرىمۇ بۇ ئەدەبىياتنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشى

كېرەك.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن. «شېئىرنامە» دىمۇ شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شېئىرلىرى بار. بىز بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىدىغىنىمىز غەربىي يۇرت — بۇگۇنكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە بىر قىسىم ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بىز بۇنىڭدىن بۇ بىر قىسىم ئەدەبىي مىراسلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز قەدىمكى ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلاردىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆرنەك ئورنىدا پايدىلىنالايمىز.

غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاچاندىن باشلاپ خەنزۇ يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى دەلىللەپ ئولتۇرمىدۇق. لېكىن، يېغىلىق يىللىرىدىن ئىلگىرىلا كىتاب بولۇپ پۈتۈلگەن «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى قۇرىغارخان ئانىنىڭ قوشاقلىرىنى ئېلىمىز غەربىي يۇرت مىللەتلىرى ئەڭ بالدۇر خەنزۇ يېزىقى بىلەن يازغان شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. قۇرىغارخان ئانا ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى شەخس، ئۇنىڭ راستلا تارىختا ئۆتكەن ئادەم بولۇشى ناتايىن. لېكىن، ئۇ قەدىمىي رىۋايەتلەردىكى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ نامىدىكى قوشاقلارنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى يازغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەك تەس. لېكىن، بۇ قوشاقلاردا غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر بىلەن ئىچكى جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تىنچ - دوستانە ئۆتۈش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا بۇ قوشاقلار غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلغانلىقى ھەققىدە-

كى ئەڭ بالدۇرقى ئۇچۇر. جۇمۇ ۋاڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا ياشىغان تارىخىي شەخس. ئۇنىڭ غەربىي ئەللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا شۇ جايدىكى كىشىلەر بىلەن مۇشائىرە ئوقۇشقانلىقىنى يوقىلاڭ بىر ئىش دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قۇرىغارخان ئانا قوشاقلىرىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ، كىمنىڭ قولىدىن چىققانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز زامانىسىدىكى غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ قوشاقلىرى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

ئىككى جىن ( 晋 ) بەگلىكىدىن كېيىن، بۇددا دىنى ئىچكى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق راھىبلىرى سوترا تارقىتىش، دارما سۆزلەش ئۈچۈن ئىچكى جايلارغا كۆپلەپ كەلدى. فوتوچېڭ، كاڭ زىڭيۈەن، جىۋ تەنتى، كومىراجىۋا قاتارلىقلار خەنزۇچە شېئىر شەكلىنى قوللىنىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلدى، ئەۋلىيالارنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى يەتكۈزدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت ئەدىب ـ ئۆلىمالىرىنى دەلىللەشكە بولىدىغان تۇنجى شېئىرىي ئىجادىيەت مەزگىلى شەكىللەندى. ئۇلار گەرچە مەقسەتلىك ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويغانلىقى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ شېئىر يېزىشى ئۈچۈن ئۈچمەيدىغان شانلىق تۆھپە بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ يول ئاچقۇچىلارغا ئايلاندى. شىمالىي ۋېي بەگلىكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن «تۇرالار قوشىقى» بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولغان تۇرالارنىڭ قوشىقى بولۇش سۈپىتىدە شۇ چاغدىلا خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىندى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلدى. بۇ قوشاق ئۆزىدىكى قىزغىنلىق، پاساھەت، مەردانىلىق، ئاددىي ـ ساددا، تەبىئىي

ئۇسلۇب بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. تۇرا تۈزلەڭلىكى گەرچە غەربىي يۇرتقا تەۋە بولمىسىمۇ، لېكىن تۇرالار سىجىل ئىلگىرىلەپ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا ئايلانغان ۋە ئاساسەن شىنجاڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بىز غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە يازغان ئەسەرلىرى ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئەلۋەتتە بۇ شانلىق ئەسەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز.

سۇي - تاڭ مەزگىلىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خې تونىڭ ئالتە پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ھەم مۇزىكانت، ھەم ئالىم، ھەم شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېزىلغان بىر پارچە قۇجۇ خەلق قوشىقى بار. گەرچە ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئورتاق ئىجاد قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، شۇ چاغدا قۇجۇدا ھوقۇق ئىگىلەپ تۇرغان خەنزۇلاردىن چۇي جەمەتى تاڭ سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئۇلارغا لەنەت ئوقۇغان ۋە چۇي جەمەتىنى مەسخىرە قىلىدىغان بۇ قوشاقنى بىرلىكتە ئېيتقان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئالەم قالايمىقانلاشتى. سۇڭ سۇلالىسى گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئاجىز ھاكىمىيەت بولۇپ قالدى. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت يۈز يىل ئىچىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنى قولدىن بېرىپ قويىدى، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئازايدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك



www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاشتى. بۇ ئەھۋال سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ تېپىلمىغانلىقىدىكى بىر سەۋەب. شۇنداقتىمۇ شىمالىي سۇڭ بىلەن قارىمۇقارشى ھالەتتىكى لياۋ سۇلالىسىدا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئايال شائىر بارلىققا كەلدى. ئۇلار لياۋ پادىشاھى داۋزۇڭنىڭ خانىشى شياۋ گۇەنيىن بىلەن تيەنزودىنىڭ مەلىكىسى شياۋ سىسى ئىدى. لياۋ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، شۇلۈي جەمەتىدىن شياۋ فامىلىلىك ئون نەچچە نەپەر خانىش چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەققەت خان بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگە نائىب خانلاردىن شياۋ خانىشمۇ بار ئىدى. شۇلۈي جەمەتى ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى خېلى كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. «لياۋ تارىخى. ئانا جەمەت تۇغقانلار بايانى» دا «شۇلۈي ئۇيغۇرلاردىكى نوسىنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن. «لياۋ تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» دىمۇ «پېشۋا قاغان چۇن چىنىنىڭ خانىشى شۇلۈي جەمەتىدىن. ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئۇيغۇرلارنىڭ نوس قەبىلىسى» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قىتانلارنىڭ خانلىق جەمەتتىكى ياللۇغ فامىلىلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۈي قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد قۇدىلىشىپ كەلگەن. نەتىجىدە، شۇلۈي قەبىلىسىدىكىلەر باشتىن - ئاياغ لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان بولغاچقا، «شياۋخەن» دېگەن ئىسمىنى خەنزۇچىدىكى يەنە بىر «شياۋخەن» دېگەن خەتكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، شۇلۈي قەبىلىسىدىكى جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى شياۋ بولغان.

داۋزۇڭ يىدىنىڭ خانىشى شياۋ، ئىسمى گۇەنيىن بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق، سۆزگە ئۇستا، مۇزىكىغا ئامراق، شېئىر يازالايدىغان ئايال بولغان. بولۇپمۇ باربىت چېلىشتا كامالەتكە

يەتكەن. تەيكاڭنىڭ بىرىنچى يىلى (1075 ـ يىلى) باشقىلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇردا رەققاسى جاۋۇبىيى بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار دەپ قارا چاپلىغان. داۋزۇڭ غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندا، ئۇ ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەنىكەن. تيەنزۇدىنىڭ خانىشىمۇ شياۋ فامىلىلىك بولۇپ، ئىسمى سى سى ئىدى. ئۇ تيەنزودىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە يولسىزلىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆزىنىڭ سەممىي ساداقىتىنى ئىزھار قىلىپ ئىككى پارچە نەسىھەتنامە يازغان. لېكىن، تيەنزودى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، شاھزادىلەر ئۆزئارا ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان پۇرسەتتە ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. شياۋ فامىلىلىكلەردىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلار يەنە بار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

شىمالدىكى موڭغۇللار گۈللەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى مۆجىزە خاراكتېرلىك سۈپۈرۈپ تاشلىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى چىڭگىزخان موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي ئەللەرگە قوشۇن تارتقاندىن باشلاپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبلايخان پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر يەتمىش نەچچە يىل ئۆتتى؛ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ھالاك قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەنگە قەدەر يەنە توقسان نەچچە يىل ئۆتتى. بۇ 160 يىل ئىلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مىسلىسىز چوڭ ئۇرۇشلارنى قىلغان، چوڭ بىرىكىش ھاسىل قىلغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن قوبۇل قىلغان بىر دەۋر بولدى. موڭغۇللار، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ئىلغار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ يېزىقىدا تۈركۈم ـ تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. قانچىكى مەدھىيىلىسەك ئەرزىيدىغان بۇ ئالەمشۇمۇل نەتىجە غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت-

لىرىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا قىلغان ئىجادىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك مۇ-
ۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يۈەن سۇلالىسىدىكى شېئىر -
نەزمىلەرنى تاڭ - سۇڭ دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا مۇمكىن
بولمىسىمۇ، لېكىن يۈز يىل ئەتراپىدىكى ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇز
مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى، تاڭ
دەۋرىدىكى ئۈچ يۈز يىل ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئەللىك مىڭ
پارچە شېئىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاز گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ
ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىلا ئىككى يۈزدىن ئاشى-
دۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تۆت مىڭ پارچىدىن ئوشۇق. غەربىي
يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى شېئىرىي
ئىجادىيىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە رەڭدار، بە-
زى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى شۇ دەۋردىكى خەنزۇ شائىر-
لىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن قېلىشمايدۇ. شۇ چاغدىكى غەربىي يۇرت
ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى ئىچىدە نامى ھازىرغىچە يېتىپ
كەلگەنلىرى قىرىق - ئەللىكتىن ئاشىدۇ. ئۇلاردىن ئۇيغۇر دەپ
بېكىتكىلى بولىدىغانلىرى يىگىرمىدىن كۆپرەك. بۇلارنىڭ ئىچى-
دە شۇ دەۋرنىڭ شائىرلىرى دېيىشكە بولىدىغانلىرىدىن مازۇ-
چاڭ، گۇەن يۈنشى، شۆ ئاڭفۇ، سەيدۇللا، نەي شيەن، دىڭ
خېنيەن قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپ قال-
ماي، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىمۇ نىسبەتەن گەۋدىلىك. ئۇلارنىڭ
شېئىرلىرىدا مەردانە، جاسارەتلىك يايلاق روھى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. بۇ شې-
ئىرلار يالغۇز يۈەن سۇلالىسىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدىلا يېڭى
سەھىپە ئېچىپ قالماي، ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىيات تارىخىدى-
مۇ مىسلىسىز يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، يۈەن سۇلالىسى
ۋە كېيىنكى ھۆكۈمرانلارنىڭ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى
تۈپەيلى، بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلى-
رى يوقىلىپ كەتكەن، بۇ بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. لې-

www.uyghurkitap.com

كىن، ساقلىنىپ قالغان مۇشۇ شېئىرلارنىڭ ئۆزىگىلا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى شىجائەتنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، پىكرى مەنزىرىنىڭ سۈزۈكلۈكى، مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنىڭ جاراڭلىقلىقى بىزنى ئاپىرىن دېگۈزمەي قالمايدۇ.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى ئاتاقلىق ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىدىن قىتانلاردىن بولغان ئاتا - بالا ياللۇغ چۇسەي بىلەن ياللۇغ جۇنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبلايخانىنىڭمۇ بىر پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە بىلىم ئەھلىنىڭ خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئىچىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتكەن سەركەردىلەردىن شائىرلىق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بويان ۋە بوخۇم ئىككىيلەننى تىلغا ئېلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قەھرىمانانە شىجائەت ئىپادىلەنگەن، پائال ئىلگىرىلەش روھى ۋە دەۋرنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كېلىپ چىقىشى موڭغۇل بولغان بويان غەربىي يۇرتتا چوڭ بولغان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 11 - يىلى (1274 - يىلى) قارا دېۋاندا سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن، قوشۇن باشلاپ سۇڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 13 - يىلى لىئەنگە كىرگەن. تارىخىي خاتىرىلەردە بويان شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىدى، دېيىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن «پەرمانغا بىنائەن جياڭنەننى ئالغىنىم» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرى بىلەن بىر پارچە چاچما ئۇدارلىق ئارىيە جەنۇبقا قوشۇن باشلاپ ماڭغان ھەربىي سەپەر ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا يۈەن قوشۇنلىرىنىڭ تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەربىي جاسارىتى، شۇنداقلا چوڭ قوشۇنغا سەركەردە بولغان

ئاپتورنىڭ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىغان ئەلپازى بىلەن كەسكىن قوماندانلىق قىلىدىغان مىجەزى ئىپادىلەنگەن. «بۇ جاھان كىمگە قارام چىققاي قەلەمدىنلا ھۆكۈم، پەسلى كۈز شاھلار كۆزىدىن ئاقتۇرارمەن قانۇ ياش» («جۇڭلۇي. باھار شادلىقى») دېگەن مىسرالاردا ئۇنىڭ قەلەمنى شىلتىش بىلەنلا جاھاننى ئۇيان - بۇيان قىلالايدىغانلىقى نامايان بولىدۇ. مۇنداق شىجائەتنى ھەقىقەتەن سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى «سول قولۇم» دەپ تەرىپلىگەن بوخۇم قاڭقىل قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ تەقى - تۇرقىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، يۈرۈش - تۇرۇشى ئەدەپلىك يىگىت بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن تەلىم ئېلىپ نەچچە مىڭ خەتلىك كۈندىلىك خاتىرە يازغان. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى تولىمۇ ئاز، پەقەت بىر پارچە شېئىرى — چاچما ئۇدارلىق يۈرۈشلەشكەن كۈي نەزمىلىرىدىن «ئوردىدىن ئىستېپيا سوراش» («شيەنلۈي. دېەن جياڭچۈن») لا ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسەرلەر گەرچە بارماقتا سانىغۇدەك بولسىمۇ، لېكىن خەنشۈيزى ئۇنىڭدىكى مەردانە، پاساھەتلىك، راۋان ۋە جەزبىدار مىسرالارنى ئۆزىنىڭ «نەزمىلەرگە مۇتالىئە» ناملىق كىتابىدا «تاغ باغرىدىن لەيلەپ چىقىۋاتقان لەرزان بۇلۇت» قا ئوخشاتقان. جۇڭ سىچېڭ ئۇنى گۈەن يۈنشى، سەيدۇللالار بىلەن تەڭ قاتاردا تىلغا ئالغان. ئۇ ئەركىن ئۇدارلىق يۈرۈشلەشكەن نەزمە ئون تۆت ئاھاڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا يەتتە يۈز خەتتىن ئارتۇق نەزمىنى سەپلىگەن. ئازادە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىردا ئوردىدىن ئىستېپيا بېرىپ، دەرۋىش بولۇش مەزمۇنى تەكرار - تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەھۋال جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى، ئالىي ھۆكۈمرانلارغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولغان بۇ ئىككى نەپەر تۆھپىكار-

نىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن يېزىقچىلىق ماھارىتى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دۆلەت قۇرغۇچى بەزى تۆھپىكارلارنىڭ ئەۋلادى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى بەربات بولغان بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي تەربىيىلىنىشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەركىن ئۇدارلىق نەزم ئىجادىيىتىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك يارقىن مەنزىرە شەكىللەندى. گۇسىلى «يۈەن شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نىڭ سەيىدۇللا ئۇچۇن يازغان بۆلىكىدە «يۈەن سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىدە غەربىي شىماللىق پەرزەنتلەر قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن، تالانتى ئۆزگىچە كىشىلەر ئىدى. يۇنشى، خەيىيا، ما بەييۇڭ قاتارلىقلار رەڭدار، يېڭى ئۇسلۇب بىلەن ئالدىنىئالا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تيەنشى (سەيدۇللا) ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار يەڭگىل يازدى، لېكىن تەنتەكلىك قىلمىدى؛ چىرايلىق يازدى، لېكىن سۆلەتۋازلىق قىلمىدى. ئۇلار ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت جەھەتتە يۈەنجياۋ، جاۋ مېڭفۇ، يۇجى، ياڭ ۋېيجېنلەردىن سىرت، باشقىچە ئۇسلۇب ياراتقانلاردىن بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، يا جېڭچىڭ، دا جيەنشيەن، نەي يىجى، يۇ تېڭشىن قاتارلىقلارمۇ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە بىر مەھەل روناق تاپقانلار دەپ ئاتالدى» دەپ يازدى. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى، يۈەن سۇلالىسى ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن، غەربىي شىماللىق ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىدە ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندۇرمىسى پەيدا بولدى، بىر تۈركۈم يەۋقۇلئاددە تالانتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىق-

ـتى، گۇەن يۇنشى، مازۇچاڭ، سەيدۇللا قاتارلىق داڭلىق شەخسـ
لەر يېڭىدىن ـ يېڭى ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ،
ئەينى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرلار-
نىڭ سىرتىدا، ئۇلارغا ئوخشاشمايدىغان يېڭى بىر يولنى ئاچتى؛
يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە،
ياخۇ، تەي بۇقا، نەي شيەن، يۇ جۆ قاتارلىقلارمۇ ئۆز تالانتىنى
جارى قىلدۇرۇپ، بەس ـ بەستە ماھارەت كۆرسەتتى ۋە بىر
مەھەل گۈللەپ ياشنىدى، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. گۇسىلدـ
ـنىڭ باھاسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. كېلىپ چىقىشى ھۆكۈمـ
ـران سىنىپلار قاتلىمىدىن بولغان بۇ شائىرلار ۋەتىنىمىزنىڭ
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بويىچە تەربىيىلەنگەن، ئەنئەنىۋى ئەدەبىـ
ـيات شەكلىنى قوللىنىپ، ماھىرلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشـ
ـكەنلەردىن ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى سىنىپىي زىدـ
ـدىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىكىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە
ھېس قىلغان، سىياسىي جەھەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرەلىگەن
بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئۆز
ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلدى. بەزىلىرى زامانىنىڭ
ئىللەتلىرىنى قامچىلىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىـ
ـرىدىن ئېچىندى؛ بەزىلىرى زامانىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن
زارلىنىپ، تاغ ـ دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك نالە قىلـ
ـدى، ھۆكۈمران سىنىپلارغا يانتاياق بولۇشتىن ۋاز كەچتى؛
بەزىلىرى ۋەتەنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە بولغان چەكسىز مۇھەبـ
ـبىتىنى ئىپادىلەپ، ئەزىم دەريانىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى
تەبىئەت مەنزىرىسىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى؛ بەزىلىرى
ئېگىز قىيالارغا چىقىپ ياش تۆكتى، قەدىم چاغلارنى يادىغا ئېلىپ
ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلار دەھشەتلىك مىللىي ئېزىلىشـ
ـنى باشتىن كەچۈرگەن ھەمـدە نىسبىي ھالـدا ھەققانىيـلىقنى

قوللايـدىغانلاردىن بولغاچقا، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدى. بەزى خەنزۇ شائىرلارغا ئوخشاش، ۋەزىيەت ۋە سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا تىلى تۇتۇلۇپ كېكەچلەپ ئولتۇرمىدى. مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردا ئىجتىمائىي رېئاللىقنى نىسبەتەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەنلەر دەل مۇشۇ غەربىي شىماللىق ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى ئىدى.

مازۇچاڭنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد بوۋىسى لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەلگەن. چوڭ بوۋىسى يۇەننا يۇەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئەگىشىپ سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى جەڭگە قاتناشقان. دادىسى مارۇن قەلەمدىكى ماھارىتىگە تايىنىپ ئوردىغا كىرگەن ۋە گۇاڭجۇ ئايمىقىدا مۇھاپىزەتچى بولغان. مازۇچاڭ يۇەن سۇلالىسى رېنزۇڭ خانىنىڭ يەنيۇ 2 ـ (1315 ـ يىلى) يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆسۈپ، پەرمان بويىچە ئەدەبىي ياساۋۇللۇققا تەيىنلەنگەن، ئارقىدىنلا باش مۇپەتتىش بولغان. چىن يۇەن ئەپەندى مازۇچاڭ ھەققىدە توختىلىپ، يۇەن سۇلالىسىدىكى غەربىي يۇرت نەسرچىلىرى ئىچىدە مازۇچاڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، شېئىرىي ئىجادىيەتتە بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇ يازغان نەسرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، جەزبىدارلىقى كۈچلۈك، ئەل ئىچىگە تارقالغانلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ يەنە «شى تيەن توپلىمى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. شەرقىي جىجياڭنىڭ تەپتىش بېگى سۇ تيەنجۆ بۇ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە: «ئۇنىڭ شېئىرلىرى سۇي ـ تاڭغا يېقىن، تېخىمۇ يىراقتىن سۆزلىسەك خەن ۋە ۋېي سۇلالىسىغا ئۇلىشىدۇ. كېيىنكىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغاچقا، يازغانلىرىدا ئۆزگىچە پۇراق بار» دەپ يازغان. «تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» دە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە «بۇ شېئىرلاردىن يۈكسەك ئىقتىدار ۋە ساغلام كەيپىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ، ئاستانە

دەرۋازىسى› ، ‹قىران چاغلاردىكى ساياھەت› ، ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى چوڭ، كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريالاردەك جۇشقۇن، ھېچقانداق توسالغۇغا پەرۋا قىلماي ئىلگىرىلەيدىغان شىجائەت بار. خۇددى تونۇشلارنىڭ نەزمىلىرىنى بىر يەرگە مۇجەسسەم قىلغاندەك شۇنچىكى راۋان، ئوقۇغانلارغا بەكمۇ تاتلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ» دەپ يېزىلغان. «ئاستانە دەرۋازىسىدىكى يۈز قاپىيە» ناملىق شېئىر مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. «قىران چاغلاردىكى ساياھەتتىن سەكسەن قاپىيە» ناملىق شېئىرمۇ سەككىز يۈز خەتكە بارىدۇ. بۇ شېئىرلار دۇفۇ يازغان «شىمالغا يۈرۈش» (يەتتە يۈز خەت) تىن ئۇزۇن. مازۇچاڭ مەنسەپ تۇتۇشتىن ئىلگىرى مەشھۇر تاغ - دەريا ۋە پايانسىز دالالاردا خېلى بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغان. مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى كۆپ جايلارنى كۆرگەن. ھاياتىدا يېرىم جۇڭگونى ئايلانغان. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى مول خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداقلا، ئۇ ئاۋام پۇقرانىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى چۈشەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئېزىلگۈچىلەرگە بولغان ھېسداشلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، سىنىپىي زىددىيەتلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن، مەنسەپ مەيدانىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە زامانىنىڭ ئىللەتلىرىگە بولغان نارازىلىق ئىپادىلەنگەن. «چىغرىق دەسسەپ سۇ چىقىرىش» ، «يىپەك تارتقۇچىلار» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە باي غوجاملارنىڭ ئاۋام پۇقرانى ئېكسپىلاتاتسىيە، تالان - تاراج قىلغانلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان بالايىئاپەتلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى ھۆكۈمرانلىقى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇنبەت ئېتىزلار تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان، جىن ۋە ۋېي دەريالىرىنىڭ ئىككى قاسنىقى چۆلدەرەپ ياۋا ئوت - چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن. شۇنداقلا، ئاۋام پۇقرا ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى شوينا بىلەن باغلاپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى تەسلىكتە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، مازۇچاڭ «جىن بىلەن ۋىي ئىككى دەريا قىرغىقىدا دەرد ـ ئەلەم، ئادەمىزات كۆپلۈكىدىن شوينا باغلاپ ئىشىك باقار» («يەنلىندە جەنۇبتىن كەلگەن مېھماننى ئۇزىتىش») دەپ يازغان. بۇ مىسرالاردىن مازۇچاڭنىڭ قەلبىدىكى نارازىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر پارچە رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرىدا: «تاش قىيا، بۇلۇتنىڭ قوينىدا دەرەخ، يامغۇرلۇق گۈگۈمدا كېمە نائىلاج. رەسىمدىكى ئادەم بەلكى پەرىشتە، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا تۆلىمەيدۇ باج» («تاغ ـ دەريالار رەسىمگە») دەپ يازىدۇ. سۆزلىرى ئاددىي، لېكىن مەزمۇنى چوڭقۇر بۇ شېئىر ئارقىلىق پەقەت رەسىمدىكى ئادەملا ئېغىر ئالۋان ـ ياساقتىن، باج ـ سېلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغان دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، بۇ شېئىر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بۇگۈنگىچە تارقىلىپ كەلگەن غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىدىن يەنە گاۋكېگۇڭ، شيە يۇلى، ياخۇ، نيەگۇبەي قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش كېرەك. ئۇيغۇر شائىرى، رەسسام گاۋ كېگۇڭ «فاڭشەن» ناملىق توپلامنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇنچىكى نەپىس، يەڭگىل ۋە ئىنچىكە بولۇپ، مىسرالارنىڭ ئىچكى ۋەزنى ئوقۇرمەنندە روھىي ھاياجان قوزغايدۇ ۋە ئۇنى ئىلاھىي ماكانغا ئېلىپ كەتكەندەك بولىدۇ. شۇ چاغدىكى كىشىلەر گاۋكېگۇڭنىڭ شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇ يازغان پارچىلارنى ئالاھىدە ماختاپ، بۇنىڭدا تاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئۇسلۇبى بار دەپ قارىغان. كېلىپ چىقىشى ئىركېئۇن قەبىلىسىدىن بولغان ياخۇ بىزگە «جېڭچىڭ توپلىمى»نى قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تولىمۇ راۋان، ساغلام يېزىلغان بولۇپ، كۆپىنچىلىرىدىن خەلق ناخشىلىرىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مىڭ سۇلالىسىدىكى ئە-

دىب خۇيىڭلىن ئۇنىڭ «بۇ سەپەر مېيخۋا ئېچىلغان يول يېقىن
تاغلاردا قار، بارسىڭىز تاۋىيىدە دولقۇنلار تىنچ، ئۆتمەك ئاسان»، «بىر
تۇمەن چاقىرىم شامالدا كېمىلەرنىڭ يەلكىنى، نەي ئۇنىدىن ئويۇ-
غىنىپ كۆكتە تولۇن ئاي نۇر چاچار» دېگەن مىسرالىرىنى ئو-
قۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنتىزىم، تىلى پاساھەت-
لىك، يىلدىزى دالى يىللىرىدىكى يۇەنخېغا، ئايىغى جىڭدې يىل-
لىرىدىكى جياجىڭغا تۇتىشىدۇ، بەكمۇ قالتىس يېزىلغان، دەپ
ماختىغان. بۇ مەزگىلدىكى يەنە بىرمۇنچە شائىرلارنىڭ ئەسەرلى-
رىدىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەنلىرى كۆپ ئەمەس. لېكىن،
مەدەنىيەت ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئوبدانلا داڭقى بار شائىرلار-
دىن، ئالايلۇق، ئۇيغۇر شېڭ ۋېنفاڭ يازغان «قۇملۇق توپلىمى»
بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىلا ساقلى-
نىپ قالغان. ئۇ يەنە ئون جىلدلىق «تاڭ دەۋرىدىكى بەگزادىلەر
تەزكىرىسى»نى يازغان. كېيىنكىلەر بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا
بەرگەن. ئۇيغۇر شائىرى جامالىدىن دانىشمەنلەر مەھكىمىسىدە
چوڭ دورغاب بولغان، كالېندارچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، «تۈ-
مەن يىللىق كالېندار»نى تۈزگەن. يازغان شېئىرلىرىدىن ئاران
بىر پارچىلا ساقلىنىپ قالغان. كۆسەنلىك شېڭ شىمىن قەلەمدە
ماھىر، ئالتە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۆلىما بولۇپ، «خەتتات-
لىق تەھسىلى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭمۇ ئاران بىرلا
شېئىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بوخۇمنىڭ ئىككى ئوغلى
خۇيخۇي بىلەن ناۋناۋ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، يېزىقچىلىقتا
ماھىر، شېئىرنى ياخشى يازىدىغان، خەتتاتلىقتىمۇ ناھايىتى ئۇس-
تا كىشىلەردىن بولغان.

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىدىن ياكى
پۈتكۈل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شائىرلى-
رىدىن تۆھپىسى ئەڭ يۇكسەك، تەسىرى ئەڭ زور شائىر غەربىي
يۇرتلۇق سەيدۇللادۇر. تارىخىي ماتېرىياللاردا سەيدۇللا غەربىي

www.uyghurkitap.com

يۇرتلۇق ئۇيغۇر، كېلىپ چىقىشى دانىشمەن (ئىسلام دىنى ئۆمۇ-
رىتلىرى) دىن دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىدىكى جىن يۇ
«تۆت يۇرۇش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» دا سەيدۇللانى موڭ-
غۇل دەپ يازغان بولغاچقا، باشقا بەزى كىشىلەرمۇ ئۇنى خۇيزۇ
ياكى موڭغۇل مىللىتىدىن بولسا كېرەك دەپ قالغان، لېكىن
ئۇلار يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتەلمىگەن. يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ياشى-
غان ئەدىب تاۋ زۇڭيى «كىتابلار مەجمۇئەسى» دە سەيدۇللانى
ئۇيغۇر دەپ ئىزاھلىغان. بىزمۇ سەيدۇللانى 13 ـ ئەسىرنىڭ
ئالدىدىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلاردىن دەپ قاراي-
مىز. سەيدۇللا بىلەن دەۋرداش گەن ۋېنجۈەن «يەنمېن توپلىمى.
كىرىش سۆز» دە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «گۈركىرەپ سوققان بو-
راندەك، خۇددى لەھەڭ، ئەجدىھالار ئېتىلىپ چىققان دېڭىز دول-
قۇنلىرىدەك ھەيۋەتلىك؛ تەيشەن ۋە خۇاڭشەن تاغلىرىدىن بۇلۇت-
لارنى يېرىپ كۆرۈنىدىغان قارىغايلاردەك دەبدەبىلىك؛ خۇددى
خۇەيىيىندىن ئاتلىنىپ چىقسا غەلىبە قىلماي قويمايدىغان لەشكە-
رىي قوشۇندەك مەردانە ۋە جانلىق ئىدى… ئۇ سۇڭ دەۋرىدىكى
يىگلەپ قالغان خۇي ـ مىجەزىنى بىر يولى سۈپۈرۈپ تاشلىدى»
دەپ تەسۋىرلىگەن. مىڭ سۇلالىسىدىكى ماۋجىن «يەنمىن توپلى-
مى» غا يازغان ئاخىرقى سۆزدە «تيەنشى (سەيدۇللا) شىمالدىكى-
لەرنىڭ جۇڭخۇا ئېلىدىكى ئەۋلادى، ھەر كۈنى موي قەلەمنى
ئوينىتىپ، جەنۇبىي دىياردىكى مەشھۇر شەخسلەردىن بولۇپ قال-
دى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزملىرىدە ھەممە ئۇس-
لۇبنىڭ تەڭ ھازىر بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مىسرالىرى
شۇنداق مەردانە، شۇنداق جەڭگىۋار، ئۇنىڭدىن ئالدىنقىلار ئىش-
لەتكەن بىرەر خەتنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ۋاڭ ئەنشى
سۆزلەپ كېلىپ: قارىماققا ئادەتتىكىچە يېزىلغاندەك تۇرغىنى
بىلەن، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆزگىچە پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. پۇتۇپ

چىقىشى ئوڭايدەك تۇرغىنى بىلەن، ناھايىتى قېتىرقىنىپ يازغانـ
لىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەن تېيەنشىگە قايىل دېگەنىدى» دەپ
كۆرسەتكەن. نۇرغۇن ئەدىبلەر سەيدۇللانى تاڭ ۋە سۇڭ دەۋرىدىـ
كى ئەدىبلەر بىلەن سېلىشتۇرغان، ھەتتا ئۇنى سۇڭ دەۋرىدىكىـ
لەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. سەيدۇللا ھايات چېغىدا ئۆزىـ
نىڭ شېئىرلىرىنى «يەنمىن توپلىمى» غا كىرگۈزگەن. بۇ ئارقىـ
لىق ئۇنىڭ 798 پارچە شېئىرى، ئون تۆت پارچە نەزمىسى،
ئەركىن ئۇدارلىق يۇرۇشلەشكەن كۇيلەرگە كىرگۈزۈلگەن بىر
تېكىستى ساقلىنىپ قالغان. سەيدۇللا ئادىللىقنى ياقلايدىغان شاـ
ئىر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي
تۇرمۇش كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زامانىنىڭ
ئىشلىرىنى ئۇدۇلدىن - ئۇدۇل بايان قىلغان «تىلەمچى قىز
قوشىقى» ، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» ،
«جۇييۇڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە» قاتارلىق بەزى شېئىرلىرىدا
ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە دەۋرنىڭ نۇقسانلىرىغا يېقىنلىشىپ،
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەشەمەتخورلۇقى ۋە چىرىكلىكىنى، ھە
دېسىلا ئۇرۇش قوزغاپ، دۆلەتكە ۋە پۇقراغا زىيان سېلىۋاتقانلىـ
قىنى پاش قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە
ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا جۇڭگونىڭ
يېرىمىدىن كۆپرەك جايلىرىنى ئايلىنىپ، مەشھۇر تاغ - دەريالارـ
نى، قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ساياھەت ۋە
تەبىئەت توغرىسىدا كۆپ شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان، شىمالنىڭ
ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى، جەنۇبنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى قايتا
نامايان قىلغان. ئۇنىڭ تاغ - دەريالار توغرىسىدىكى شېئىرلىرىـ
نى ئەڭ چىرايلىق رەسىم دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدىمۇ
ئۇستا خەتتات ۋە رەسسام، ئۇنىڭ «يەنلىنىدىكى بېلىق تۇتۇش
راۋىقى» ، «گىلاسلىقتىكى قۇشقاچ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھېلىـ
ھەم خان سارىيىدىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. سەيدۇللا ئوردا

نەزملىرى يېزىشتا مەشھۇر، شۇڭا ئىزچىل ھالدا ناھايىتى يۇقى-
رى باھاغا ئېرىشىپ كەلگەن. بىزدىن بۇرۇن ياشىغانلار سەيدۇل-
لانىڭ شېئىرلىرىغا باھا بەرگەندە، بەزىلەر ئۇنىڭدا لى چاڭجىنىڭ
ئالىيجانابلىقى بار دېسە، بەزىلەر ئۇنى لى يىشىيەندىن ئۆگەنگەن
دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر ئۇنى لى بەيدىن ئۆگەنگەن دەپ تەرىپ-
لىگەن. يۈەن دەۋرىدىكى شائىر ياڭ ۋېيجىن «سەيدۇللانىڭ شې-
ئىرلىرى راۋان ۋە جانلىق بولغاچقا، خانلىقتىكىلەر ئۇنى ئۆزلى-
رىگە ئۈرنەك قىلغان. ۋاڭ جيەن، جاڭجى قاتارلىقلارنىڭ ھېچ-
قايسىسى سەيدۇللا يازغان ئوردا نەزملىرى ياكى ‹نىلۇپەر كۈيلى-
رى›، دەك شېئىرلارنى يازمىغاندى» دېگەن. خۇ يىڭلىن «شېئىر
دۇردانىلىرى» ناملىق كىتابتا سەيدۇللانىڭ «ئۆزۈم تاغدا، كۆك-
لۈم دوستلاردا» ناملىق شېئىرلىرىدىكى «ئولتۇراق ئۆيىنىڭ جە-
نۇبىي قار تامام. كالتە كۆڭلەك، شىۋىرغان تەسكەي پەۋەس»
دېگەن مىسرالارغا باھا بېرىپ «ئۇ شۇنداق ئاھاڭدار، شۇنداق
مۇكەممەل يېزىلغانكى، دالى ۋە يۈەنخې يىللىرىدىمۇ مۇنداق چى-
رايلىق شېئىرلار بولغان ئەمەس» دەپ ئېيتقان. ئومۇمەن، مۇت-
لەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر سەيدۇللانى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر
شائىرلارغا تەڭ قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى مەيلى لى خېدىن ئۆگەن-
گەن بولسۇن، مەيلى لى شاڭيىندىن ئۆگەنگەن بولسۇن، مەيلى
لى بەيدىن ئۆگەنگەن بولسۇن ياكى يازغانلىرى ۋاڭ جيەن، جاڭ
جى قاتارلىقلاردىن ياخشى چىققان بولسۇن، ئۇ پەقەت بىرلا ئادەم-
نىڭ يولىنى تۇتماي، داڭلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى
قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يەككە بىر ئۇسلۇب ياراتقان دەپ
جەزملەشتۇرگەن. سەيدۇللا يازغان نەزملەر ئاران بىرنەچچە بول-
سىمۇ، لېكىن جۇشقۇن، مۇنتىزىم يېزىلغان بولغاچقا، ئۆتكەن
كۈنلەرنى ئەسلەپ رېئاللىقتىن ئازابلىنىدىغان ھېسسىيات بۇ
نەزملەردە سەممىيلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭ «جىلىندىن
ئۆتمۇشكە نەزەر»، «تاش قەلئە» قاتارلىق نەزملىرى ئوقۇرمەن-

لەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماي قويمايدۇ. سەيدۇللا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر شائىرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ ئۆز دەۋردىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىگە نائىل بولغانىدى.

ئىلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە يېڭىلىقلار بولۇپ تۇردى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە شېئىرنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى باش كۆتۈردى. ئۇ دەل تاڭ شېئىرلىرى ۋە سۇڭ نەزملىرى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدىغان يۈەن كۇيلىرىدىن ئىبارەت. بەزى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى يالغۇز ئەنئەنىۋى شېئىر - نەزم ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستلىرى ئىجادىيىتىدىمۇ قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىدىن ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستلىرىنى يازىدىغان بىرنەچچە داڭلىق شەخس بارلىققا كەلدى. ئۇلاردىن مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر شائىرى گۈەن يۈنشىنى ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. گۈەن يۈنشى ھەر تەرەپلىمە بەدىئىي تالانتقا ئىگە، شېئىر، نەزم، تېكىست، نەسر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا كامالەتكە يەتكەن، مۇزىكا، رەسىم، خەتتاتلىقنى پىششىق بىلىدىغان ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدىن بىزگە «تاڭسۇق توپلىمى»نى، شۇي زەيسى (تەخەللۇسى تاتلىق) بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «تاڭسۇق - تاتلىق توپلىمى»نى قالدۇرۇپ كەتتى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستلىرى ھەممىدىن كۆپ. 79 پارچە نەغمە تېكىستى، سەككىز پارچە ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستى ئىنتايىن لەرزان ۋە راۋان يېزىلغان، بولۇپمۇ لەرزانلىق جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. گۈەن يۈنشى مەنسەپتىن

www.uyghurkitap.com

ئىستېپا بېرىپ، پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى «قولۇڭ ئۇز، ئەرزىمەس مەنسەپ، ساڭا شادلىق ساداسى بار. كۆلۈپ يۇر، ئاي - دالالار-نىڭ ۋاپاسى بار. تېپىپ دىلكەش بۇرادەر تۆت كىشى بىرلە قېنىپ ئىچسەڭ ئۇنىڭ قانداق خاتاسى بار. تۇرۇپ دەس ئويىنساق ئۇسسۇل، كېلۇر تار يەر بىلەن ئاسمان، يۇرەكنىڭ شۇنچىلىك ئوتلۇق لاۋاسى بار» . («قوش كۆي. چىڭ جياڭىن») دەپ ئىپادىلى-گەن. ئۇ ھەتتا ئۆلۈمنىمۇ پىسەنتكە ئالمىغان بولغاچقا «جۇدا-لىق» ناملىق شېئىرىدا «تاغ - دالا، گۈللەر بىلەن دوستانە ئۆتتۇم بىر زامان، ئەمما قىرىق يىل يۇرمىدىم پاكىز ھامان. ئەمدى قالماق - كەتمىكىمدىن قىلچە يوقتۇر خورسىنىش، مەيلى ئاسمان يا دېڭىز، ئاي بىرلە بولغايمەن ئامان» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئۇنچە ئەنسىرەپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق كۆكسى - قارنىنىڭ كەڭلىكىنى، بۇ دۇنيانى ئۇنچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى شەرھلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئەركىن ئۇدارلىق كۆي تېكىستلىرىدەك ساغلام تۇيغۇلار بىلەن تولغان. «تون يېرىم، ناخشا ئۇنى قىرغاق-نى تەۋرەتتى مودام، بىر زېمىندا پەسلى كۆز قۇدرەت نامايان ئەيلىدى» («يوەنياڭ راۋىقى») دىمۇ بىر خىل شىجائەت، پاياند-سىزلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «تومانلىق ئىككى قىرغاقتا ئۆلۈم خەۋپى، كېچە ناخشىسىغا جور بولۇپ يامغۇر ياغار ھارماي» («ئىب-گىر») ، «جۇدالىق دەردى ساق ئون يىل تۇغۇلسام ئۇچ قېتىم شۇ دەرد، سەۋەب ئىقبال - نىيەت ئوخشاش ئىدى سەرسانە يۇرگەندە» («ئاستانىدا يۇرۇپ دوستلارنى سېغىنىش») قاتارلىق شېئىرلار-نىڭ ھەممىسىدىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىزچىل ئىجتىھاتنى كۆرۈ-ۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ «قومۇش يوتقان» ناملىق شېئىرى ۋە شۇ شېئىرغا يېزىلغان كىرىش سۆزدە قومۇشتىن توقۇلغان يوتقان بىلەن بېلىقچى بوۋاينىڭ تۇرمۇشى مەدھىيىلەنگەن، ئالىيجاناب،

بىغۇبار، چاكىنىلىقتىن خالىي بىر ئەقىدە كۈيلەنگەن. بۇ شېئىر ئۆز ۋاقتىدىلا كەڭ تارقىلىپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ھەممە ئادەم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مىسرالاردىن بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر شائىرى شۆ ئاڭغۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىمۇ ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ 65 پارچە كىچىك نەغمە تېكىستى، ئۈچ پارچە يۇرۇشلەشكەن كۇي تېكىستى ئىنتايىن نەپىس، راۋان، يەڭگىل يېزىلغان. شۇڭا، شۆ ئاڭغۇ كۇي تېكىستلىرى جەھەتتە گۇەن يۈنشى بىلەن تەڭ ئىناۋەتكە ئىگە. غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى ئىچىدە ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستى يازىدىغانلاردىن يەنە ئاتا ـ بالا ئەلى قىيا بىلەن ئەلى شىيىڭ، يۇ يۈەندىڭ، لەن چۇفاڭ، مېڭ فاڭ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى ئەركىن ئۇدارلىق كۇي تېكىستىدىن ئىبارەت بۇ شانلىق سەھىپىدە غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار، جۇلالىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى ۋە يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىدىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئاساسلىق شائىرلار قاتارىدا تەي بۇقا، نەي شيەن، يۇ چۆ، بويان زىجۇڭ، دىڭ خېنىيەنلەرنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. تەي بۇقا غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ «شىمالغا نەزەر توپلىمى» دىكى شېئىرلار «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ يىگىرمە نەچچە پارچە شېئىرى بار. تەي بۇقا شېئىرلىرى تەبىئىي، سالماق، ئوبرازلىرى روشەن ۋە جانلىق بولغاچقا، خۇيىڭلىن ئۇ يازغان ئارىيەلەرنى تاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن سېلىشتۇرغان. يۇ چۆ تاڭغۇتلار جەمەتىدىن،

خېشى كارىدورىدا چوڭ بولغان، بوۋىسى غەربىي يۇرتلۇق، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا بولغان ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ نامىدا ئىبادەتخانا سالدۇرغان ۋە يىلمۇيىل نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ «چىڭياڭ توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئاددىي - ساددا، تەبىئىي ۋە يېقىملىق بولغاچقا، «تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» دە «خەن سۇلالىسى ۋە ۋېي بەگلىكىدىكى شېئىرلارنى ئەينەك قىلغان بۇ نەزمىلەردە ھەم جۇشقۇن، ھەم سالماق كەيپىيات بار. ئۇنى يۈەن دەۋرىدىكى ئۆزگىچە ئېقىم دېيىشكە بولىدۇ» دەپ باھا بېرىلگەن. بويان زىجۇڭ مىڭ سۇلالىسى خۇڭيۇنىڭ 12 - يىلى (1379 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. «زىجۇڭ توپلىمى» ۋە «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» قاتارلىقلاردا 14 پارچىلا شېئىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىگە بولغان ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن. نەي شيەننىڭ يەنە بىر ئىسمى ناشىن، قارلۇقلاردىن. ئاستانىدا كۆپ قېتىم ساياھەتتە بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا دەپتەردار بولۇپ ئىشلىگەن. نەي شيەن شېئىرلىرى بىلەن داڭلىق بولغاچقا، بىر پارچە ئەسىرى پۈتكەن ھامانلا بىلىم ئەھلى تالىشىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «جىن تەي توپلىمى» دا 240 تىن ئارتۇق شېئىرى بار. نەي شيەن يۈەن سۇلالىسى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ھەممە يەرنى قاپلاۋاتقان دەۋردە ياشىغان، شۇنداقلا ھەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، ئوردىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، مەنسەپدارلارنىڭ چىرىكلىكى، ئاۋام - پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق كۆزەتكەن ۋە چوڭ-

قۆر ھېس قىلغان بولغاچقا، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە زور بىر
تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. «شىنشياڭلىق موماي» دا
ھۆكۈمەت ياملۇللىرى ۋە باي - تۆرىلەرنىڭ نامرات دېھقانلارنى
دەھشەتلىك ئېزىشلىرى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى شەپقەتسىزلىك
بىلەن پاش قىلغان، شۇ چاغـدىكى زۇلمەتـلىك رېئاللىقـنى
ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئېچىپ تاشلىغان. مۇشۇ خىل ئەسەرلەردىن
يەنە «يېڭى دامبا قوشىقى» ، «تۇز سانتقۇچى ئايال» قاتارلىقلار
بار. ئېگىز قىيالارغا چىقىپ ئۆتمۇشكە نەزەر سېلىش تېمىسىدا
يېزىلغان بەزى شېئىرلىرىنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. «يۆ
فېيىنىڭ قەبرىسىدە» ناملىق شېئىرىدا يۆ فېيىنىڭ ساداقىتىگە
ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن، جەنۇبىي سۇڭ ھۆكۈمران دائىرى-
لىرىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولاۋاتقانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلـ-
غان. سېپىلنىڭ ئىچى - تېشىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە ئادەمـ-
لەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسى ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرى تولىمۇ
سۇزۇك ۋە راۋان بولۇپ، ئۇلاردا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە
يەرلىك پۇراق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. جياڭنەننىڭ تاغ - سۇلىرى
ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرى روشەن ئوبراز، تۇرمۇش ئادەتلىـ-
رى بىلەن تويۇنغان. نەي شيەن يازغان شېئىرلار تېما، مەزمۇن
ۋە ئىچكى ۋەزىن جەھەتتە دۇفۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان،
بەدىئىيلىكى نىسبەتەن يۇقىرى. ئوۋ ياڭشۇەن «جىن تەي توپلىـ-
مى» غا يازغان كىرىش سۆزدە نەيشەننىڭ شېئىرلىرىغا «سۇزۇك
ۋە يېڭى، جۇشقۇن ۋە راۋان» دەپ باھا بەرگەن. گۇڭ شىتەي
ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «لەرزان ۋە رەڭدار» دەپ كېلىپ، بەش
سۆزلۈك شېئىرلىرى «شيەنياۋ، ليۇخۇي، جياڭ يەننىڭ شېئىر-
لىرىغا» ، يەتتە سۆزلۈك شېئىرلىرى «جاڭ جى، ۋاڭ جيەن،
ليۇيۇشىننىڭ شېئىرلىرىغا» ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن «ئۇنىڭ
نەزملىرى گۈزەللىكتە ئادەمنى زوقلاندۇرىدۇ. بۇلاردا شيې كاڭيۆ
بىلەن بامىڭيۇەننىڭ ئۇسلۇبى بار» دەپ ماختىغان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدى-
كى مۇھىم يازغۇچىلاردىن يەنە بىرى دىڭ خېنيەن. دىڭ خېنيەن
غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر. ئۇ 33 ياشقا كىرگەن يىلى يۈەن سۇلا-
لىسى ئاغدۇرۇلغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 22 - يىلى
(1424 - يىلى) 90 يېشىدا ۋاپات بولغان. لەۋزىدە تۇرىدىغان،
ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۆمۈر بويى مەنسەپ تۇتمىغان بۇ ئادەم تولى-
مۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ تۇغما ئەقىل-
لىق، شېئىرغا ماھىر، بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ
بەھرىگە ئۇستا شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋام ئىچىدە تارقالغان ئە-
سەرلىرىدىن «ۋاپادار دىڭ خېنيەن شېئىرلىرىدىن تاللانما» بىلەن
«دىڭ خېنيەن توپلىمى» بار بولۇپ، دەي لياڭ «خېنيەننىڭ
نەزمىلىرىگە كىرىش سۆز» دە ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇسلۇبتا يېزىلغان
شېئىرلىرى ئاددەمنى سۆيۈندۈرگۈدەك گۈزەل، ھالبۇكى پىكرى-
نىڭ چوڭقۇرلۇقى، قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئۇنىڭ بەش سۆز-
لۈك ۋە يەتتە سۆزلۈك شېئىرلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. سۆز
تىلدىكى پاساھەت ۋە مەزمۇننىڭ تېرەنلىكىدە دۇفۇدىكى گۈزەل-
لىكنى كۆرگىلى بولىدۇ. بوغۇملارنىڭ ئاھاڭدارلىقىدا مۇشۇ
دەۋردىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار. ئوقۇرمەنلەرنىڭ
قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتە، ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرۈشتە
ھېچقانداق شائىر ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ» دەپ يازغان. دەي لياڭ
بىلەن دىڭ خېنيەن يۈەن سۇلالىسىغا سادىق كىشىلەردىن، شۇن-
داقلا يېقىن ئاغىنىلەردىن بولغاچقا، دەي لياڭنىڭ سۆزلىرىدە
ئارتۇقچە ماختاشمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىرقى زاماندى-
كى چېن يۈەن ئەپەندىمۇ دىڭ خېنيەننى يۈەن سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تالانتلىق شائىر دەپ قارىغان. دىڭ
خېنيەننىڭ شېئىرلىرىدا كۆپرەك خانلىقنىڭ ھالاكىتىگە بولغان
ئېچىنىش، مۇنقەرزلىك تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن خورسىنىش
قاتارلىقلار يېزىلغان. بۇ ئەھۋال يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە

مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە يۈەن سۇلالىسىغا سادىق زىيالىيلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئەيلىشا، جىيەن ئاكىسى زىياۋۇدۇن، نەۋرە ئاكىسى ۋۇ ۋېيشيەن قاتارلىقلارمۇ داڭلىق شائىرلاردىن بولغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان غەربىي يۇرتلۇق ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى يەنە بار، لېكىن ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغانلىرى كۆپ ئەمەس، بۇ يەردە قايتا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تۈپەيلى، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى شېئىر ئىجادىيىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىچكى جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغانلارنىڭ ئەھۋالى تارىخىي ماتېرىياللاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن بولغاچقا، ئۇلار ھەققىدە يەنىلا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن پەقەت شىي يۈلىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان شىي سۇنىنىڭ بەش سۆزلۈك بىر پارچە شېئىرىلا تېپىلدى. شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى خېلى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ئۇچرىتالمىدۇق. چىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئوبدانلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرنەچچە شائىر بارلىققا كەلدى. ئالايلۇق، ئۇيغۇر شائىرى گەي چىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن نەزمىلىرى ساقلىنىپ قالغان. «تاغدىكى ھۇجرىدا يېزىلغان نەزمىلەر» دېگەن كىتابتا 150تىن ئارتۇق نەزم بار. گەرچە تېما دائىرىسى ئۇنچە كەڭ بولمىسىمۇ، بىراق بەدىئىيلىك جەھەتتە ياراملىق ئەسەرلىرى خېلى كۆپ. سەيدۇللانىڭ ئەۋلادىدىن فۇجيەنلىك سا رۇڭ، سا يۇخېڭ، سا چالۇن، سا

لۇڭتيەن، سا دازى، سا داۋىن، سا دانيەن قاتارلىقلار يازغان
شېئىرلار، ئۇلارنىڭ توپلاملىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. «بەي-
خۇا راۋنقىدىكى تەرمىلەر» ناملىق كىتابتا سا يۇخېڭنىڭ 300
نەچچە پارچە شېئىرى بار. شۇ دەۋردىكىلەر بۇ شېئىرلارغا يۇقى-
رى باھا بېرىپ «قارىماققا بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى
يازغان ‹ يەنمىن توپلىمى› دىن ئۇستۇن تۇرىدۇ» دېگەن، ھەتتا
ئۇنى چىڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىرلاردىن ۋۇ ۋېيېي، جۇ
يىزۇن قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. گەرچە بۇ سۆزلەر
ئازراق ئېشىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى شې-
ئىرلارنى يازغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. سا يۇخېڭ-
نىڭ ئىككى ئوغلى سا داۋىن بىلەن سا دانيەننىڭ شېئىرلىرى
«سايلىق ھۇجرىدىكى تەرمىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن
بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە خەلقنىڭ قايغۇ -
ئەلەملىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. سا چالۇن لىن
زېشۈي بىلەن قۇدا بولغان. «جاۋاھىراتلار توپلىمى» دا ئۇنىڭ
250 پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ
سەۋىيىسى نەۋرە ئاكىسى سا يۇخېڭ يازغان شېئىرلاردىن تۆۋەن
ئەمەس. سا چالۇننىڭ ئوغلى سا دازى بىزگە «بۇلۇتلۇق ھۇجرى-
دىكى تەرمىلەر» نى قالدۇرغان. ئۇنىڭدا گەرچە ئون نەچچىلا
شېئىر بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى مەردانىلىق بىلەن يېزىلغان،
مۇقامى ئىنتايىن يۇقىرى. سەيدۇللانىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە بەزى-
لەر ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياشىغان بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن. بەزى ئەسەرلەردە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مېھنەت-
كەش ئاممىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ-
دىن ئۇلارنىڭ سەيدۇللانىڭ ئىرادىسىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىل-
غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتتىن ئاساسەن خەۋەردار بولغان بولىمىز. باشقا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنى، مەسىلەن، سىيانپىيلاردىن يۈەن خاۋۋېن، قىتانلاردىن ياللۈغ چۇسەي، مانجۇلاردىن نالەن شىڭدې قاتارلىقلارنى سۆزلەپ يۈرمىسەكمۇ، ئىككىلەنمەي تۇرۇپلا مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شانلىق قەدىمكى مەدەنىيىتى يالغۇز ئومۇمىي گەۋدە يېقىدىنلا ئەمەس، بەلكى خەنزۇچە يېزىقتىكى قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەر، شېئىرىيەت خەزىنىسى قاتارلىقلارمۇ ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن بىرلىكتە يارىتىلغان دەپ ئېيتالايمىز.

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە يېزىقتا يازغان شېئىر ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مەقسەت قايسى مىللەتنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ياكى ئاز، قايسى مىللەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يۇقىرى ياكى تۆۋەن دېگەنلەرنى ھېسابلاپ چىقىش ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنداقمۇ بىر تەرەپنىڭ بارلىقىنى، ئېلىمىزنىڭ ئەزەلدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر قان - قېرىنداش ئاكا - ئۇكىلاردىن بولۇپ قالدى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىسىدىن ئايرىلالمايدىغان قويۇق مۇناسىۋەت شەكىللەندى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بىلەن ماددىي مەدەنىيلىكنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا، بىز ئۆزىمىزگە تارىخىي مىراس-

ـلار قويىنىدىن ئۆرنەك تاپالايمىز، بېشارەتكە ئىگە بولالايمىز، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە يارىتالايمىز.

ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي ئىلگىرىلەش داۋامىدا مىللەتلەر ئارا قىسمەن رەۋىشتىكى بىرىكىشمۇ يۈز بەردى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ مىللىتىگە سىڭىپ كىردى، بىر بۆلۈك خەنزۇلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇشۇ سەۋەبلەرگە قارىغاندا، بەزى يازغۇچىلارنىڭ زادى قايسى ئاز سانلىق مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا باشقا بىر مىللەت ئايرىمىسىنى بەلگىلەپ بېرىشمۇ ھاجەتسىز. بىز بۇ كىتابقا تاللاپ كىرگۈزگەن غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىدىن بەزىلىرى غەربىي يۇرتتا تۇغۇلغان، بەزىلىرى ئىچكى جايلاردا تۇغۇلغان. ئۇلار تۇغۇلغان يۇرتى، مىللەت ئايرىمىسى جەھەتتە تولۇق دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى. ئالايلۇق، ئۇزۇن مەزگىلگىچە فوجيەندە ئولتۇراقلاشقان سا يۇخىڭ قاتارلىقلار شەك ـ شۈبھىسىزكى غەربىي يۇرتلۇق سەيدۇللانىڭ ئەۋلادى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ قايسى مىللەتنى تاللىۋالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا سەيدۇللانىڭ ئەۋلادى بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى غەربىي يۇرتلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىغا قويۇشىمىز ئاساسسىز ئەمەس. ئەلۋەتتە، بىز سەيدۇللانىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز تاللىشىغا ھەرگىز ئارىلاشمايمىز. بۇ ئەھۋال يۇەن خاۋۋېننىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت ئايرىمىسىنى سىيانپېي دەپ تولدۇرمىغىنىغا ئوخشاش. شۇڭا، بىز يازغۇچىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىدا سەيدۇللانىڭ ئەۋلادلىرىنى مىللەت ئايرىمىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى سەيدۇللانىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش بويىچە ئىزاھلىدۇق.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن باشقا، مىللەت ئايرىمىسى ئېنىق بولمىغان بەزى يازغۇچىلارمۇ بار. ئۇلارنىمۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن «غەربىي يۇرتلۇق»، «قاڭقىل» ياكى «كۆك كۆز ئادەملەر» دەپ ئېلىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى جايدىكىلەردىن ئەمەسلىكى ياكى باشقا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلدى. يەنە «ئېركېئۇنلار» (مەسىلەن، ياخۇ) دەپ ئېلىنغانلارمۇ بار. بۇ يۈەن دەۋرىدە جۇڭگوغا كىرگەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ھەرگىزمۇ مىللەت ئايرىمىسى ئەمەس. ھالبۇكى، مىللەت ئايرىمىسى ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا مۇشۇنداق ئاتاقنى قوللانماقتىن باشقىمۇ چارە يوق. يەنە بىر ئىش، ئومۇمەن قەدىمكى مىللەتلەر بىلەن بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ نامىدا ئۆزئارا مۇناسىپ كېلىدىغان باغلىنىش بارلىرى بۈگۈنكى نامى بىلەن ئېلىندى. مەسىلەن، خۇيخې ( 回纥 )، خۇيگۇ ( 回鹘 )، ۋېيۋۇ ( 畏吾 ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دېيىلدى. بۈگۈنكى نامى ئېنىق بولمىغانلارنىڭ قەدىمكى نامى ساقلاپ قېلىندى.

بۇ يەردىكى غەربىي يۇرت دېگەن ئۇقۇم تار مەنە يېقىدىن بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسى مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېلىپ چىقىشى شۇ رايونلاردىن بولغان يازغۇچىلار، ئالايلۇق، بەش دەۋرنىڭ ئالدىدىكى سىچۈەنلىك نەزمىچى لى شۈن ئىراندىن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىن داجۇن، جىن دايۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئەرەبىستاننىڭ مەككىدىن. بىز ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى بۇ تاللانمىغا كىرگۈزمىدۇق. موڭغۇل يازغۇچىلىرىدىن غەربىي يۇرتلۇق دەپ بېكىتكىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تاللانمىدى،

www.uyghurkitap.com

غەربىي يۇرتلۇق بولمىغانلاردىن غەربىي يۇرت تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ بۇ توپلامغا ئېلىنمىدى.

قولىمىزدىكى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش ۋە كىتاب تۈزۈش جەريانىدا باشتىن ـ ئاياغ دېگۈدەك گۇ باۋ ئەپەندىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق. گۇ باۋ ئەپەندى ئەسلىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، هازىر لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور. ئۇ يالغۇز ئەسەر تاللاش ۋە كىتاب تۈزۈش پىلانىغىلا تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بېرىپ قالماي، داۋاملىق يوسۇندا بىزنى ماتېرىيال مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. كىتاب ئاساسەن قولدىن چىققاندىن كېيىن خەتمۇخەت تەكشۈردى، نۇقسانلىرىنى كۆرسەتتى، تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. گۇ باۋ ئەپەندىنىڭ غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش خىزمىتىگە بولغان قىزغىنلىقى، ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتقانلارغا بولغان سەممىي قوللىشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز. گۇ باۋ ئەپەندىگە مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق رەھمىتىمىزنى ۋە هۆرمىتىمىزنى بايان قىلىمىز.

بىز بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، شاڭخەي كۇتۇپخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش ياڭ لىيەن، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى يولداش كاڭ باۋچېڭ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى يولداش ليۇ جيەنلۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رەھبەرلەر ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى يولداش-

لار بىزنى يېقىندىن قوللىدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

بىلىمىمىز چەكلىك، تاپقان ماتېرىياللىرىمىز نىسبەتەن ئاز بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ كىتابنىڭ كەم قالغان جايلىرى، خاتا كەتكەن يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. تەنقىدىي پىكىر بېرىشىڭلارنى سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈنىمىز.

تۈزگۈچىلەر

1985 - يىل 8 - ئاي، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............ گۇباۋ (1)
مۇقەددىمە ............ (1)
قۇرىغارخان ئانا
ئاق بۇلۇت قوشىقى ............ (2)
قۇرىغارخان ئانا نەزمىسى ............ (2)
بۇددا سىڭا
تەيۋ ۋ قەسىرىدىكى كۈي ............ (5)
جەندىلىك راھىبقا جاۋاب ............ (6)
كاڭ سىڭيۇەن
لاڭيا ۋىلايىتىنىڭ ئامبىلى ۋاڭ ماۋخۇڭنىڭ قاڭشارلىق،
ئورا كۆز دېگەن چاقچىقىغا جاۋاب ............ (8)
جاڭ جۇنزۇغا جاۋاب نەزم ............ (8)
جى تەنتى
چىراغقا مەدھىيە ............ (11)
كۇماراجىۋا
ئون ئىستىئارە ............ (14)
سىرامان فاخى راھىبقا ............ (15)
قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى
تۇرا قوشىقى ............ (16)
قوغۇرسۇ فىڭيۈ
شېئىر ............ (19)
خې تو
ئىشىك ئالدىدا پوچتىكەش ............ (21)

قورۇلغا كىرىش ................................ (22)
چاڭئەن يولى ................................ (23)
مۇزىكا مۇراسىمخانىسىدا پەرمانغا بىنائەن قەدىمكى
مۇزىكىلارنى رەتلەۋېتىپ يېزىلغان شېئىر ...... (24)
قۇجۇ خەلق قوشاقلىرى
قۇجۇ قوشىقى ................................ (26)
شياۋ گۇەنيىن
فۇخۇلىندا پەرمانغا بىنائەن يېزىلغان شېئىر ........ (28)
ئۆتكەن كۈنلەر ................................ (29)
رايىنى قايتۇرۇش ھۆجرىسى ...................... (30)
جۇدالىشىش خېتى ................................ (31)
شياۋ سىسى
ھەجۋىيات ................................ (33)
تارىخقا مۇشائىرە ................................ (34)
بويان
پەرمانغا بىنائەن جياڭنەننى ئالغىنىم ............ (36)
قامچام ................................ (36)
مېيلىڭ دۆڭىدىن ئۆتكەندە ...................... (37)
نەغمە تېكىستى 〔جۇڭلۈي〕 شى چۈنلەي .......... (37)
ليەن شىشيەن
〔شۈيدياۋگېتو〕 كىتاب ئوقۇش قىياسى ............ (40)
بوخۇم
ۋۇما تېغىدىكى بۇلاقتا مەدھىيە .................. (43)
يۇرۇشلەشكەن كۈيلەرگە تېكىست .................. (44)
ئوردىغا ئىستىپا 〔شەنلۈي〕 دېيەنجياڭچۈن .......... (44)
خاۋ تيەنتىڭ
خانلىق مۇئەككىلى لى داۋفۇغا .................. (52)
پەرىشتە قىز ماگۇنىڭ مېھرابىغا قەسىدە .......... (53)

**گاۋ كېگۇڭ**

يۈياڭ راۋىقى ................................ (55)

جۇڭبى راۋىقىدا سىزىلغان رەسىمگە ............ (55)

شىنجۇ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە .................... (56)

گېياڭدىن ئۆتكەندە ............................ (56)

جېڭكۇدىن ئۆتكەندە ............................ (57)

مەنزىرە ...................................... (57)

قەيسەر راھىبقا ............................... (58)

راھىب قورۇسىغا نەزىرە ......................... (58)

**قاڭلى بەيخۇا**

شيا يۈيۈ سىزغان «تۇمانلىق دەريادىكى قاتمۇقات
تاغلار» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما ............... (60)

**لى جى**

سۇنەن سىزغان «لاۋزىنىڭ قومۇشلۇقى» ناملىق
رەسىمگە بېغىشلىما ............................ (63)

**جاۋ شىيەن**

خېڭشەن تېغىنىڭ جۇرۇڭ چوققىسىدا خانغا ۋاكالىتەن
قىلىنغان دۇئا ـ تىلاۋەت ........................ (66)

خۇاياڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تاش شىپاڭ ........... (67)

جۇزىلڭ سىزغان «كۆز پەسلىدىكى كۆل» ناملىق
رەسىمگە بېغىشلىما ............................ (68)

**ما زۇچاڭ**

يۈەن بەيجاڭنى جېجياڭغا ئۇزاتقاندا ............... (70)

مەي ئېچكەن چاغلىرىم .......................... (71)

كۆرگۈچى بىلەن تېرىغۇچىنىڭ سۆزلىرى ........... (73)

شاپتۇل ....................................... (74)

لىڭجۇ ئايمىقى ................................ (74)

خۇاڭخې ۋە خۇاڭشۇي دەريالىرى بويىدا ........... (75)

پارچە ........ (76)

دۆڭ رېنپۇنى شيەنشى تەپتىش مەھكىمىسىدىگە
ئۇزىتىش ........ (77)

تاش ئېتىزلىق كۆلبىدە تۇرغان چاغلىرىم ........ (78)

چىغىرىق دەسسەپ سۇ چىقىرىش ........ (80)

يىپەك تارتقۇچىلار ........ (81)

بىر ئايالنىڭ زارى ........ (82)

ئاستانە دەرۋازىسى ........ (83)

تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلى ئاستانىگە بارغاندا ........ (84)

ئاستانىدىكى دارىلئولۇمدا ئويلىغانلىرىم ........ (84)

يەنلىنىدە جەنۇبتىن كەلگەن مېھماننى ئۇزىتىش ........ (86)

كاتاۋۇل جى شۆ بىلەن بىرلىكتە دوستلارنى فۇجيەنگە
ئۇزاتقاندا ........ (86)

تۆت ئاقساقالغا بېغىشلىما ........ (87)

تاغ ـ دەريالار رەسىمىگە ........ (88)

خۇاڭخې دەرياسى ........ (88)

خانلىق ئېرىق بويىدا باھار ........ (89)

**ما شىدې**

لىڭچۇەنسى ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتكەندە ........ (90)

يولۋاس دۆڭلۈكىگە بېغىشلىما ........ (91)

**شىڭ ۋېنفاڭ**

سۇ شياۋشياۋغا بىر غەزەل ........ (92)

چوكانتالدا ۋەزىر شىپاڭدىكى سەيلە ........ (93)

**گۇەن يۈنشى**

تاشچى ناخشىسى ........ (96)

قومۇش يوتقان ۋە ئۇنىڭغا كىرىش سۆز ........ (97)

ئېگىر ........ (98)

ئاستانىدا يۇرۇپ دوستلارنى سېغىنىش ........ (98)

ئانامنى ئەسلەپ ........................ (99)
چېن بېيشەننىڭ يەلپۈگۈچكە بېغىشلىما ...... (100)
يۈياڭ راۋىقى ........................ (101)
جياڭنەندىكى ئەنقا تاغ ئارامگاھى .................. (101)
لى چىڭ سىزغان «قەھرىتاندىكى قاغا» نامىلىق
رەسىمگە بېغىشلىما ........................ (102)
جۇدالىق ........................ (103)
〔شۇي لۇڭيىن〕 ياڭجۇدىكى تولۇن ئاي راۋىقى ...... (103)
نەغمە تېكىستلىرى
〔جېڭگۇڭ〕 شياۋ لياڭجۇ. باھار. ياز. كۈز. قىش ... (105)
〔جېڭگۇڭ〕 سەي خۇڭچيۇ ........................ (107)
〔جۇڭلۈي〕 خۇڭ شيۇشيې ........................ (108)
〔شۇاڭدياۋ〕 چىڭ جياڭيىن ........................ (109)
〔شۇاڭدياۋ〕 ديەن چيەنخۇەن ........................ (110)
يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستلىرى
〔داشىدياۋ〕 خاۋ گۇەنيىن. يار، سېنىڭ دەردىڭ ... (112)
〔شۇاڭدياۋ〕 زۇي دۇڭفېڭ ........................ (113)
ئەلى ياۋچىڭ
نەغمە تېكىستى
〔جېڭگۇڭ〕 زۇي تەيپىڭ ........................ (115)
ئەلى شىيىڭ
نەغمە تېكىستلىرى
〔شاڭدياۋ〕 لياڭ تىڭلې. خورسىنىش ........... (117)
〔شۇاڭدياۋ〕 ديەن چيەنخۇەن. ھۇرۇنباغ ......... (118)
شې ۋېنجى قىيا
مەيخانا تېمىغا يېزىلغان شېئىر ................ (121)

www.uyghurkitap.com

**ليەن پۆكوي**


خۋاچىڭ كۆلچىكى ............................... (122)


**ئىنەن قىيا**


ۋۇيىشەن تېغى ............................... (124)


**دەرۋىش**


ۋاڭۋۇشەن تېغى ............................... (126)


**نيې گوبەي**


جيۇخۋاشەن تېغى ............................... (127)
تاش قازار تاغدىن ئۆتكەندە ............................... (128)
مەسلىھەتچى گاۋ تۇرەمنىڭ قەھەتچىلىك يىللىرىدىكى
تۆھپىسىگە تىكلەنگەن ئابىدە تاشقا بېغىشلىما ...... (129)
پۇياڭ يولىدا ............................... (130)
پەنيۇ يولىدا ............................... (130)
باربىت ئايمىقى ............................... (131)


**شيې يۇلى**


جىنشى دەرياسىغا ساياھەت ............................... (132)
فەن ۋېنجېڭ ھەزرەتلىرى كۆچۈرۈپ يازغان «بويىغا
مەدھىيە» نىڭ ئاخىرىغا بېغىشلىما ............... (134)
چىڭيۇەن غارىغا ............................... (135)
ئىلاھىي قەسرگە زىيارەت ............................... (135)
جىجۇ ئايمىقى يولىدا يېزىلغان ئۈچ شېئىر ...... (136)
تەڭرى راۋىقى ............................... (137)


**شيې جىدۇ**


جاۋ چيەنلى سىزغان «كېچىدىكى دولقۇن» غا
بېغىشلىما ............................... (139)
شاڭ دېفۇ، لى زۇنداۋ سىزغان «بامبۇك دەرىخى»
رەسىمگە بېغىشلىما ............................... (140)

سەيدۇللا


چۈشياڭ بايرىمى مەزگىلىدە ياقا يۇرتلاردا يۈرۈپ
يېزىلغان ئىككى شېئىر .......................... (144)
تاغدا يۈرۈپ دوستلارنى ئەسلەش ................. (145)
سۈن خۇچېن باغچىسىدىن ئۆتكەندە .............. (146)
سوغۇق كېچىدىكى بۇرغا ئاۋازى ................. (146)
تىلەمچى قىز قوشىقى ............................ (147)
جياڭچېڭدىكى قار تاماشاسى ...................... (150)
ئارىيە ............................................... (150)
بېيگودو راۋىقىدا تۇرۇپ جىشىۋ راھىبقا يېزىلغان
شېئىر ................................................ (151)
تۆت پەسىلگە يېزىلغان ئوردا نەزمىسى .......... (151)
كۆز ................................................... (153)
ئوردا نەزمىسى ....................................... (154)
ئوردا نەزمىسى ....................................... (154)
سۇمۇرغ راۋىقىدا .................................... (155)
لىنشياۋ راۋىقىغا مۇشائىرە ......................... (157)
جۇييۈڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە ....................... (158)
يايلاقتىكى ئاستانىغا بەش شېئىر ................. (159)
كېچىدە بەيماخۇ كۆلىدىن ئۆتۈش ................. (161)
يۆتەيدە ئۆتمۈشنى ئەسلەش ......................... (161)
شىشۇلىدىكى مېھمانخانىدا تۇرۇپ قارلىق تاغدىكى
مەنزىرىگە مۇشائىرە ............................... (162)
كۆز پەسلىدىكى ئاي تاماشاسى ..................... (164)
قەدىناس دوستۇم سانغۇن يۈنجۈڭ بىلەن بىللە بولغان
مىنۇتلار ............................................. (168)
خۇاڭخېدا قېيىقتا ئۆتكەن ئايدىڭ كېچە ............ (172)

نېلۇپەر كۆيلىرى ............................ (172)
گاۋتاڭ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە ........................ (173)
شۆ ئاڭفۇ بىلەن راۋاقتا چىققاندا .................. (174)
لۇگاڭ ئۆتىڭىدە تاڭسۇق شائىرغا مۇشائىرە ...... (174)
تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم ...... (175)
〔مەنجياڭخۇڭ〕 جىنلىڭدىن ئۆتمۇشكە نەزەر ...... (177)
〔نيەننۇجياۋ〕 تاش قەلئە ........................ (178)
خۇي خۇي
جياگۇڭ ھەزرەتلىرىگە ئىككى شېئىر ........... (182)
ناۋ ناۋ·
چىڭفېڭ نەزمىسى .................................. (184)
لى جىڭشەننىڭ يۈننەندىن قايتىپ كېلىپ، دېەنساڭشەن
تېغى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا بىر شېئىر......... (184)
گاۋ تەيتىشنى نەنتەيدىن ئۇزىتىش ................ (185)
يا خۇ
جۇفاڭ سىزغان «پادىشاھ تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ «سۇدا تۇ-
رۇپ بۇغا ئوۋلىشى» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما ... (186)
تەيتىش بېگى ۋاڭ بوشۈننى ئۇزىتىش ........... (188)
ۋاڭ جىشۆنىڭ جۇ بىڭخۇ سىزغان «تۆت ساھىبجامال»
ناملىق رەسىمگە يازغان بېغىشلىمىسىغا مۇشائىرە ... (188)
تاڭ ئوردىسىدىكى ياپراقتا يېزىلغان بېغىشلىما ... (189)
سۇي خۇي قىزنىڭ پورترېتى........................ (190)
لوشۇي دەرياسىدىكى ئىلاھە ...................... (190)
چياۋ تۆرىنىڭ ئىككى قىزى ...................... (191)
تەيتىش بېگى سۇ بوشيۈنى جەنۇبقا ئۇزىتىش ........ (192)
جاۋ بىڭيىنى جياڭشيادىكى تويدىن كېيىن لىنچۈەنگە
ئۇزىتىش ............................................ (192)
ئاستانىدىكى پانۇس كېچىسى ...................... (193)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلىما كەيلىباش بىلەن خوشلىشىش ………… (194)
لىۇ ئامبالىنى شەنشىدىكى بەيدىك ناھىيىسىگە
ئۆزىتىش ………………………………… (194)
كەيلىباش
يۇەنفۇ تېغىدىكى تالىبلار ھۇجرىسى ……… (196)
چۇەنچىك شىپىگى ………………………… (197)
جىشۇي راھىب كالانغا بېغىشلىما ………… (197)
شۈ ئاڭفۇ
راھىب كالانغا بىر شېئىر ……………… (201)
چيەنتاڭدا ئۆتكەن ناخشىچى لوشىڭغا ……… (201)
〔زۇي گاۋلۇ〕 ئاخىرقى باھار ………………… (203)
〔تەي چاڭسىن〕 چاۋزۇك شىپىڭدا مىلك بونى
تېزرەك قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ بىر نەزم … (204)
نەغمە تېكىستلىرى
〔جېڭگۇڭ〕 سەي خۇڭچيۇ (ئۈچ شېئىر) ……… (205)
لى بەي ئەبادەتخانىسى ئالدىدىكى شي تۆرەمنىڭ
كۆلچىكىدىن ئۆتكەندە ……………… (206)
لىنشياۋ شىپىڭىدىكى ئەسلىمە ……………… (207)
〔جۇڭلۈي〕 چاۋتيەنزى. تارىختىن نەزمىلەر……… (208)
〔جۇڭلۈي〕 شەنپوياڭ ……………………… (211)
〔جۇڭلۈي〕 شەنپوياڭ. شىخۇ كۆلىدىكى ئەبجەش
نەزمىلەر ……………………………………… (212)
〔شۇاڭدياۋ〕 جەن گۇڭچۇي. خورسىنىش ……… (214)
〔شۇاڭدياۋ〕 چىلك دۇڭيۇەن. ئۆزۈمگە مەسخىرە … (215)
يورۇشلەشكەن كوي تېكىستلىرى
〔جېڭگۇڭ〕 دۇەن جېڭخاۋ ………………… (216)
ئالاۋۇدۇن
شۇن شىشيۇنى كۆرگەن چاغلار ……………… (223)

نەغمە تېكىستى
〔جېڭگوڭ〕زوي تەيپىڭ. سوغوق يەم ············ (224)
〔يۈدياۋ〕پىڭ لەنرېن. چىمىلدىقتىكى خاپىلىق ··· (226)
يۇرۇشلەشكەن كوي تېكىستلىرى
〔داشىدياۋ〕نامە ئېلىپ كەلگەن تورنا ············ (227)
**مېڭ فاڭ**
نەغمە تېكىستى
〔يۈدياۋ〕تيەنجىڭشيا. ئون ئىككى ئاي نەزملىرى ··· (231)
**لەن چۇفاڭ**
نەغمە تېكىستلىرى
〔نەنلوي〕سى كوەييو. سۆيگۈ ······················ (232)
〔شۇاڭدياۋ〕چېنزوي دۇڭفېڭ ······················ (233)
〔شۇاڭدياۋ〕جې گويلىڭ. سېغىنىش················ (233)
〔شۇاڭدياۋ〕يەنئېرلو دې شېڭلىڭ. سېغىنىش······ (234)
〔نەنلوي〕ما يولاڭ، گەن خۇاڭئېن، سەي چياگېر.
چىمىلدىقتىكى دەرد ····························· (235)
يۇرۇشلەشكەن كوي تېكىستلىرى
〔خۇاڭ جوڭ〕يوەن چېڭشۇاڭ ······················ (237)
**دادې يۈشى**
يو خۇاتەي ·············································· (239)
چىن راھىب كالاننى چيەنتاڭغا ئۇزىتىش ········· (240)
**ليۇ جەنشەن**
يولۋاس دۆڭلۈكىگە بارغاندا ليۇ داۋچوەنگە يېزىلغان
مۇشائىرە ···································· (241)
**جامالىدىن**
چيەن يويتەن سىزغان «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە
ئەۋلىيانىڭ رەسمى» گە بېغىشلىما ············ (242)

شىڭ شىمىڭ
بۆتراجا تېغىغا زىيارەت .......................... (244)
بىيىلىشا
شىخۇ كۆلى. جۇجىسى .......................... (246)
جاڭ جىشا
شىخۇ كۆلى. جۇجىسى .......................... (247)
جاڭ جىشا
شۈي لياڭفۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا .................... (248)
نەي شيەن
ئۆچ چوقىلىق تاغ ناخشىسى.......................... (251)
باھار پەسلى ۋاڭ يۈەنجاڭغا مۇشائىرە ........... (253)
جۇجىسى: ئايدىڭكۆلدىكى سىمىڭ تېغىدا يۈجىجى
سىزغان رەسىمگە بېغىشلىما .................... (254)
كۈز پەسلى شۈي جۇڭيۈنى ئەسلەپ .............. (255)
ھىلال ئاي ........................................ (255)
شۈي يۈيىنى جەنۇبقا ئۇزىتىش .................... (256)
دۈەن جىيۇنىڭ باھار چاغى جياڭنەننى ئەسلىگىنىگە
بېغىشلىما ........................................ (257)
كۆيۈمچان راھىبنى شۆدۇ تېغىغا ئۇزاتقاندا ئەمىر-
لەشكەر ئولجايتۇغا مەرسىيە .................... (257)
شىنشياڭلىق موماي ................................ (259)
«نەشپۈتلۈك باغدىكى ئاقباش قۇش رەسىمى» گە
بېغىشلىما ........................................ (260)
رۇخې دەرياسى .................................. (261)
ئاستانىدىن يولغا چىقىش .......................... (262)
مۇشكۇل سەپەر .................................. (264)
سىپىلىنىڭ شىمالىدا يېزىلغان بەش شېئىر ...... (265)
خۇاڭجىن پەشتىقى .................................. (267)



www.uyghurkitap.com

شىنخۇا كۆلچىكى .............................. (268)
يېڭى دامبا قوشىقى .............................. (269)
شاراب باشقۇرغۇچى جاۋ جانابىنىڭ قەلئە شەرقىدىكى
زىياپىتىگە مۇشائىرە .............................. (271)
جورجىت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ۋۇيۈەننىڭ
شەرقىي لياۋنى تىنچىت ـ قانلىقىغا ئائىت مەڭگۈ
تاشنى ئوقۇپ .............................. (272)
ۋاڭ شۈيۈننىڭ شېئىر توپلىمىنى ئوقۇپ ...... (273)
7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە دېڭىزدىكى ئاي
تاماشاسى.............................. (274)
يۆفېينىڭ قەبرىسىدە .............................. (274)
ياساۋۇللار قىلمىشى .............................. (276)
تۇزچى ئايال .............................. (277)
سەپەردىن قايتقاندا .............................. (279)
تەي بۇقا
دەم بىلەن تاقىلىدىغان ئىشىكنىڭ خۇشلۇقى...... (282)
سانغۇن ۋېي جىڭنىڭ قاشتېشى تامغىسى ........ (283)
ئۇزىتىش .............................. (284)
لەشكىرىي پىرقىدىكى جاڭ غوجامنى يولغا سالغاندا ... (285)
باھار چاغـى شۈەنزېمىن دەرۋازىسىدا يۈ شاۋيەنگە
يېزىلغان بېغىشلىما .............................. (286)
ليۇ باسقاۋۇلنى جياڭنەنگە ئۇزىتىش .............. (286)
يېڭى تەشرىپدارنى سىچۈەنگە يولغا سېلىش ...... (287)
كې جىڭجۇڭ سىزغان بامبۇك رەسىمگە بېغىشلىما... (287)
بەدرىدىن
ئارامگاھ راۋىقى .............................. (289)
لەيلىمە بۇلۇت ئىبادەتخانىسى .............................. (290)

سول قول ۋەزىر پەن شىجۇڭغا مەرسىيە ........ (291)
سول قول ۋەزىر باۋگېغا مەرسىيە ........ (291)
سەن باۋجۇ
كۆلنىڭ شىمالىغا ساياھەت ........ (294)
شىشيەن تېغىدا ........ (294)
يۇ چۆ
لىيۇ بوۋنىنى جياڭشىغا مۇپەتتىشلىككە ئۇزىتىش ... (297)
چيۇشىڭ شىپىڭى ........ (298)
پەن شىجۇڭ بىلەن خوشلىشىش ........ (299)
بامبۇك ئارال ........ (299)
نەي شيەن سىزغان «سىمىڭدىكى تاغ - دەريالار
رەسىمى» گە مۇشائىرە ........ (300)
تاغ ئىچىدىكى مۇغەننى راھىبقا ........ (301)
شەمشاد راۋقى ........ (301)
جەنۇبقا قايتقاندا يېزىلغان ئىككى شېئىر ........ (302)
خورسىنىش ........ (303)
يامغۇردا چاڭشا كۆلىدىن ئۆتۈش ........ (304)
مەنزىرە ........ (305)
بيەنلۇ
غەربىي كۆلگە مۇشائىرە ........ (306)
شا بەن
ۋۇيىشەن تېغى ........ (307)
ئەۋلىيالار ئىبادەتخانىسى ........ (308)
مەي لۆي
تەسىراتىم ........ (309)
يى دەرۋىش سىزغان «قاردىكى يەلكەن» رەسىمىگە
بېغىشلىما ........ (310)
قار ........ (311)

باھار يامغۇرى ........................................ (311)
تەسىراتىم ........................................ (312)
دا دۇلۇي
ۋۇئەنجۈن ئىبادەتخانىسى........................................ (314)
تېگىن ساڭيا
خۇاڭشەن تېغىدا........................................ (316)
بويان زىجۇك
ۋۇشەن ئۆتىكى ........................................ (319)
يۇچۇگە مەرسىيە ........................................ (320)
شىنخۇا ئىبادەتخانىسى ........................................ (320)
باھار مەۋسۇمىغا ئارىيە ........................................ (321)
شىمالىي تاغ ........................................ (321)
دىڭ خېنيەن
«تۇۋرۇك تاغ» رەسىمگە بېغىشلىما ........................................ (324)
تومۇزغىنىڭ رەسىمى ........................................ (325)
«تۇمەن يوللۇق چاڭجياڭ» رەسىمگە بېغىشلىما ... (325)
ئەنسىز يىللار........................................ (326)
تۆت ئاكامنى خاڭجۇغا ئۇزاتقاندىن كېيىن........................................ (327)
بېيگۇشەندىكى مەنزىرە راۋىقى ........................................ (328)
ۋۇچاڭدىكى نەنخۇ كۆلىدە ياز ........................................ (328)
ئاخىرقى باھار ........................................ (329)
جيۇلىڭغا بېغىشلىما ........................................ (330)
چيەنتاڭدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش........................................ (331)
كەچكى باھار ........................................ (331)
رەسىمگە بېغىشلىما ........................................ (332)
ماۋ چۇجې سىزغان ئۇزۇم رەسىمگە بېغىشلىما ... (332)
مېيخۇا گۇللۇك يەلپۈگۈچ........................................ (333)
نەۋرە ئاكام سەي جىڭچۇغا........................................ (333)

www.uyghurkitap.com

ئىككى شېئىر ........................ (334)

زىياۋۋدۇن

زوراغاللىق مەھكىمىسىدىكى دادخاھ مەيلىگۈسىغا ... (335)

تيەنتۇڭ ئىبادەتخانىسىدىكى چاۋيۈەن راۋىقى ...... (336)

ئىنىم خېنىيەنگە ........................ (337)

بامبۇك رەسىمى ئارقىلىق دۇڭ ۋېنجۇڭغا
مۇشائىرە ........................ (337)

ئەلىشا

«جيۇلىڭنىڭ تاغدىكى كۆلبىسى» ناملىق رەسىمگە
بېغىشلىما ........................ (339)

جۇڭشىيۇ راۋىقىغا بېغىشلىما ........................ (340)

ۋۇ ۋېيشەن

شەرقىي دېڭىز بويىدىكى مېھرىبان ئىنىم
خېنىيەنگە........................ (341)

پەرىشتە سەيلىگاھى........................ (342)

شيې سۇن

تاغ يامغۇرى ........................ (343)

گەي چى

يامغۇرلۇق كۈن ........................ (344)

كۆلدىن كەچ قايتىش........................ (345)

«شى شياڭيۈننىڭ چۈغلۇق ئىچىدە مەست بولۇپ
ئۇخلىشى» ناملىق رەسىمدىن ئايلىمغا چاقچاق ... (346)

〔زۆي تەيپىڭ〕 سۇڭدۇ ........................ (346)

〔لاڭتاۋشا〕 خېڭتاڭ ........................ (347)

〔چى تيەنلې〕 ........................ (348)

〔ۋۇشەندە بولۇت〕 ........................ (349)

〔جياڭچېڭزى〕 شىخۇ كۆلىدىكى كونا جاي........ (350)

〔لوفۇمېي〕 يېڭى تال........................ (350)

〔چاڭ شياڭسى〕 يۇسۇڭتاڭدا يامغۇر ............... (351)
〔خۇجۇڭتيەن〕 ................................. (352)
〔ۋەن شىشا〕 خۇاڭپۇدىن كېمىدە ئۆتۈش ......... (353)

**سارۇك**

چېن جۇڭيى تۆرىگە مەرسىيە ..................... (356)

**سا يۇخېڭ**

يۆفېينىڭ قەبرىگاھىدىن ئۆتكەندە ................ (359)
جېن نياڭنىڭ قەبرىسىگە ئىككى شېئىر ......... (360)
مۇجۇ ئايمىقىدا .................................. (361)
بورانلىق يامغۇردا ياڭزىجياڭدىن ئۆتۈش ......... (361)
لىياڭغا بېرىپ تەيبەي مەيخانىسىغا چىقىش ...... (362)
باھار قارلىغىچى.................................. (363)
چىنخۇەيدىكى مېھمانسارايدا جۇيخۇا تاماشاسى...... (363)
ناغرا تاغدىكى ئەبجەش نەزمىلەر ................... (364)
چۇيجياڭ دەرياسىغا ئۇچ شېئىر..................... (365)

**ساچالۇن**

فىرۇزە راۋىقى.................................... (368)
ئون ئىككى كېچە ياستۇقتا يالغۇز.................. (368)
كونا گەپلەر ..................................... (369)
گۈل ............................................ (369)
جياڭ شۇيەننىڭ يېڭى يېشىغا مۇشائىرە ......... (370)
رەسىمگە بېغىشلىما ............................. (371)
جېيەنىم جىڭچيۇ سىزغان «ئوتىياش يىلتىزى»
رەسىمگە بېغىشلىما ............................. (372)
لياڭ جىلىن ئۈچۈن «ۋۇيى تېغىدىكى سەيلىنامە»گە
بېغىشلىما ...................................... (372)
لياڭ جىلىن ئۈچۈن «ئۆڭكۈردىن چىقـقۇم يوق»
ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما ...................... (373)

زىندان پىرقىسىدىكى ئەمەلدار ياڭ شۆجاۋنىڭ
قەدىمنى ئەسلەش شېئىرىغا مۇشائىرە ........ (374)
گۇسۇ پەشتىقى ........ (374)
خۇاڭجىن پەشتىقى ........ (375)
سا لۇڭتيەن
كىمگە ئولتۇرۇپ پۇچىڭغا بارغاندا ئىنىم مىيشۇيگە
يېزىلغان شېئىر ........ (376)
ۋۇخۇدىن كېمە بىلەن ئۆتكەندە ياڭ شۆجاۋغا
بېغىشلانغان شېئىر ........ (377)
خۇاڭ داۋۇ ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن بىلەن جىڭخۇ
كۆلىدىكى ئاي تاماشاسى........ (378)
يامغۇرلۇق ھۇجرىدىكى ئەبجەش نەزمىلەر ........ (379)
سا داۋىن
كەيپىلىكتىكى ناخشا ........ (381)
خەنجەر كۆلچىكى ........ (383)
دىدارلىشىش ئاخشىمى ........ (384)
لىن زېشۈي ھەزرەتكە مەرسىيە ........ (385)
سېغىنىش ........ (385)
خۇشەن كۆۋرۈكىدە ........ (386)
قەلئەدىكى جەنۇبىي راۋاقتا........ (387)
ئوغلۇمغا ساۋاق ........ (387)
چاڭپىڭ مەلىكە قەبرىسىدە ........ (389)
ئۆرلەپ كەتكەن گۈرۈچ باھاسى ........ (390)
مىس ياماقلار ........ (391)
مەلىكە ۋاڭ جاۋجۈن ........ (393)
سا دانيەن
لىن شياڭشى ئۈچۈن «قۇزغۇن ئېتىش رەسمى» گە
بېغىشلىما ........ (394)

ئوتياش بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر .................... (395)
جيەنياڭدىكى قونالغۇ .......................... (396)
تۆت ئاقساقالنىڭ قەبرىسى ...................... (397)
تەسىراتىم .................................. (398)
فۇجيەندىن كەلگەن خەۋەر ....................... (398)
قولۋاقتىكى قارا يامغۇر ........................ (399)
سەي ۋېنجىنىڭ خەن ئوردىسىغا قايتىشى ......... (400)


سا دازى


شياڭيۇنىڭ قەبرىسىدە ......................... (401)
ئاي پانقاندا ................................... (402)
قېرى ئات .................................... (402)
ۋېن تيەنشياڭنىڭ چالغۇسى ..................... (403)
ئۇيقۇسىزلىق ................................. (405)
لى گاڭ ھەزرەتنىڭ قەبرىگاھىدا ................ (405)
قىزلارنى خارلىماڭلار ............................ (406)
ئاچامنىڭ ئېرى لىن يۇچياۋنى ئۇزىتىش ......... (408)
ساداقەتمەن تۆرە لىن زېشۈي ھەزرەتلىرىگە
مەرسىيە .................................... (408)
جيەنىم لىن خېشيۈنى ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈشكە
يولغا سېلىش .................................. (409)
ئىمتىھاندىن شاللىنىپ قالغاندىن كېيىنكى
تەسىراتىم .................................. (410)
تەرجىماننىڭ سۆزى ............................ (411)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قۇرىغارخان ئانا

قۇرىغارخان ئانا «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى مۇھىم شەخس. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. ئۇ جىن بەگلىكى دەۋرىدە يېغىلىق يىللىرىدىكى ۋېي شاڭۋاڭنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان دەسلەپكى جىن مەزگىلىگە تەئەللۇق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخىي ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئاسا- سىدا يېزىلغان. ئالتە جىلدلىق بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش جىل- دىدا مۇتيەنزىنىڭ غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان- لىقى ئۈچۈن «جوۋۋاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، «جوۋۋاڭ تەزكى- رىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئون ئەسىر بۇ- رۇن ياشىغان مۇتيەنزى ھايات چېغىدا سەيلە - ساياھەتكە ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىنى ئەمەلىي يۈز بەرگەن ئىش دېيىشكە بولىدۇ. تەزكىرىدە ئۇنىڭ سەككىز ئات قوشۇلغان مەپىنى ھەيدەپ تۇمەن چاقىرىم يول يۈرگەنلىكى، شىمال تەرەپتە قۇملۇقتا، غەربىي تەرەپتە قۇرۇم تاغلىرىغا يېتىپ بارغانلىقى، ياۋچى كۆلى بويىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ قۇرىغارخان ئانىنى مېھمان قىلغانلىقى ۋە ئۆزئارا نەزم ئوقۇپ بىر - بىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. قۇرىغارخان ئانا ئە- زەلدىن تارتىپ ئەپسانە تۇسىنى ئالغان شەخس دەپ تەرىپلىنىدۇ. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە بولسا مۇلايىم، ئەدەپلىك ئايال تەرى- قىسىدە تەسۋىرلىنىدۇ. جومۇۋاڭنىڭ سەپەرگە چىققانلىقى، شۇن- داقلا قۇرىغارخان ئانا بىلەن بىرلىكتە تاماق يەپ، ئۆزئارا نەزم ئوقۇشقانلىقى ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق يىللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئارا دوستانە

بېرىش ـ كېلىش قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قۇربغارخان ئانا گەرچە ئەپسانىۋى شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قەدىمكى دەۋر رىۋايەتلىرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئۇ ئوقۇغان نەزمىنىمۇ غەربىي يۇرتتىكى قەبىلىلەردە ئەڭ دەسلەپتە خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن شېئىر دېمەي تۇرالمايمىز.

## ئاق بۇلۇت قوشىقى

ئاق بۇلۇت ئاسمان يۈزىدە ئوينىشادۇر بەك راۋان،
تاغ ـ ئېدىرلار چوققىسى بوينىنى سوزغان شۇ تامان.
يول يىراق، مۇڭداش بولۇشقا قوزغىلىش مۈشكۈل ئەجەب،
ئارىمىزدا چۆل ـ جەزىرە، قاتمۇقات دەريا، داۋان.
بارمۇ ئىمكان قايتا بىر رەت بۇ تەرەپكە كەلگىلى،
كۆرۈشەرمىز بەلكى بىر چاغ بولسا تەندە جان ئامان.

## قۇربغارخان ئانا نەزمىسى

مەن مەغرىبكە كەلگەندىن بۇيان،
سۆيۈپ قالدىم دالا ـ يۇرتلارنى.
ئۇلپەت بولدۇم يولۋاسلار بىلەن،
ھەمراھ قىلىپ ئۇچار قۇشلارنى.

مەن تەڭرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى،
شۇڭا كۆچمەي ياشىدىم قوغداپ.
سىز ئۇياقتا ئاۋام ئەۋلادى،
كېتەي دەيسىز يۇرتنى ئۇلۇغلاپ.

www.uyghurkitap.com

مۇغەننىلەر چالدى بالىمان،
ئەزدى ئەلەم مىسكىن يۈرەكنى.
بىز ئەزەلدىن تەڭرىگە پەرزەنت،
سېغىنمايمىز كۆكتىن بۆلەكنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جۇمۇۋاق بىلەن قۇرىغارخان ئانىنىڭ ئۆزئارا نەزم ئوقۇشقانلىقى، مېھمان بىلەن ساھىبخانىنىڭ خۇشاللىقى ئىپادىلىنىدۇ. جۇمۇۋاق ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى تاشقا «قۇرىغارخان ئانا تېغى» دېگەن خەتنى ئويىدۇ، خاتىرە ئورنىدا بىر تۇپ دەرەخنى تىكىدۇ. جۇمۇۋاق ماڭىدىغان چاغدا، قۇرىغارخان ئانا يۇقىرىدىكى نەزمىنى ئوقۇپ، بۇ جۇدالىقتىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، قايتا كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# بۇددا سىڭا

بۇددا سىڭا ( 佛图澄 ، مىلادىيە 232 — 348 - يىللىرى)
غەربىي جىن ۋە كېيىنكى جاۋ بەگلىكى دەۋرىدىكى راھىب كالان.
ئەسلىي فامىلىسى بۇ، غەربىي يۇرتتىكى كۇسەنلىكمۇ دېيىلىدۇ.
ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا راھىب بولۇپ كەشمىرگە بارغان ۋە ئۇ
يەردىكى داڭلىق ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان. جىن بەگلىكى
خۇەيدىنىڭ يۇڭجىيا 4 - يىلى (مىلادىيە 310 - يىلى) بۇددا
تەلىماتىنى روناق تاپقۇزۇش مەقسىتىدە لوياڭغا كەلگەن. شى لې
دېگەن كىشى لوياڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئادەملەرنى دەھشەتلىك قىر-
غىن قىلغاندا، بۇددا سىڭا بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ئۇنى يولىدىن
قايتۇرۇش ئۈچۈن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان چوڭ سانغۇن
گو خېيلۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. «راھىب كالانلار تەزكىرىسى»
دە سىڭانىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنى ئالدىن بىلەلەيدىغانلىقى
يېزىلغان بولغاچقا، شى لې ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. بۇددا
سىڭا ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىق ھۈنىرى بىلەن شى لې، شى خۇ
قاتارلىقلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، ھەربىي ۋە سىياسىي كې-
ڭەشلەرگە قاتنىشىپ راھىب كالان دەپ نام ئالغان، شى جەمەتى-
كى ئەمەلدارلارنى «پەزىلەتلىك» بولۇشقا، «بىگۇناھ ئادەملەرگە
زىيانكەشلىك قىلماسلىق» قا ئۈندىگەن، ئاۋام - پۇقرا ئىچىدە
بۇددا تەلىماتىنى تەرغىب قىلغان، ئۆزى بارغان ئايماق - ناھىيە-
لەردە 893 يەرگە ئىبادەتخانا سالدۇرغان. يېنىدا تۇرۇپ ئوقۇيدى-
غان تالىپلار نەچچە يۈزگە، ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلغانلار
ئون نەچچە مىڭغا يەتكەن. ئەنەتكەك (ھىندىستان)، كانگيە
(سەمەرقەند) قاتارلىق جايلاردىن نەچچە ئون ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ-

دىن تەلىم ئالغان. ئىلىمسىزدىكى داڭلىق بۇددىستلاردىن شى داۋئەن، فايا، ناخې قاتارلىقلار تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىلىگە ئىشتىراك قىلغان. ئۇ بويى ئېگىز، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، مەنىسى چوڭقۇر نوملارغا جايىدا تەپسىر ئېيتالايدىغان، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆيىدىن ئايرىلغان 109 يىل ئىچىدە بىر تېمىم مەيگە ئېغىز تەگكۈزمىگەن، چۈشتىن كېيىن تاماق يېمەي، پەرھىزگە ئەمەل قىلىپ، تەمەخورلۇقتىن خالىي ھالدا تۇرمۇش كەچۈرگەن. شەرقىي جىن بەگلىكى مۇدىنىڭ يوڭخې 4 ـ يىلى، كېيىنكى جاۋ بەگلىكى شى خۇنىڭ جيەنۋۇ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 348 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا يېگۈەن ئىبادەتخانىسىدا 117 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇددا سىڭانىڭ ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. مېھمانلارغا جاۋابەن ئوقۇغان نەزمىلىرى «راھىب كالان تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن.

## تەيۈۋ قەسرىدىكى كۈي

تەيۈۋچىيەندە كاتتا ساراي ـ ئايۋان بولدى،
ئەتراپىدا تىكەن ئۆسۈپ ئورمان بولدى.
بۇزۇقلارنىڭ چىقماقلىقى ئەمدى بىتەھقىق،
بىلىنىشمىچە بەگلىك چوقۇم ۋەيران بولدى.

ئىزاھ:

«جىننامە»دە «شى جىلۇڭ (شى خۇ) ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى يىغىپ تەيۈۋچيەن قەسرىدە كاتتا زىياپەت بەردى. سىڭا نەزم ئوقۇدى. جىلۇڭ ئوردا مۇلازىمىنى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدى. بۇ يەردە تىكەنلىك چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەنىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. سىڭانىڭ نەزمىسىدە كېيىنكى جاۋ

بەگلىكى چوقۇم رەن مىننىڭ قولدا ۋەيران بولىدۇ دەپ بېشارەت بېرىلگەن. مىلادىيە 349 ـ يىلى شى خۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 13 ئوغلىدىن سەككىزى ئىچكى نىزا ـ جاڭجال ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. بەشى ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ رەن مىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىنكى جاۋ بەگلىكى ۋەيران بولغان.

## جەندىلىك راھىبقا جاۋاب

بۇ ئالەمنىڭ پەيمانى توشتى،
خەۋپ ـ خەتەرگە ئەمدى يوق ئامال.
ئەگەر رەن مىن چاتاق تېرىسا،
ھېچنېمەرسە قالمايدۇ ئامان.

بولغاندىمۇ جاھاندا ئاقىل،
ئاساسى بوش ئەلدە ھالاكەت.
شۇ ۋەجىدىن شۇنچە يىل ياشاپ،
كۆرمەپتىمەن تۇزۇك پاراغەت.
چىقىپ كېتەي ئەرشكە بىر يولى،
كۆرۈشەرمىز ئۇندا سالامەت.

ئىزاھ:
بۇددالارنىڭ ھېكمەتىگە ياكى ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مىسرالارنى رەسمىي شېئىر دېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا شېئىرىي شەكىل بار. بۇ مىسرالاردا كېيىنكى جاۋ بەگلىكىنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

# كاڭ سىڭيۇەن

كاڭ سىڭيۇەن شەرقىي جىن بەگلىكىدىكى راھىب كالان. ئاتا - بوۋىلىرى غەربىي يۇرتتىن بولۇپ، ئۆزى چاڭئەندە تۇغۇلغان. «راھىب كالانلار تەزكىرىسى» دە كاڭ سىڭيۇەن تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، ئەقىدىسى كۈچلۈك، بىلىمى چوڭقۇر ئادەم دەپ خاتىرىلەنگەن. شەرقىي جىن بەگلىكىدىكى چىڭدى (مىلادىيە 325 — 342 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) يىللىرى كاڭ فاچاڭ، جى مىندۇ قاتارلىقلار بىلەن جياڭنەنگە بارغان. كاڭ فاچاڭ، جى مىندۇ ئىككىيلەن داڭلىق راھىبلاردىن بولۇپ، كاڭ فاچاڭ «ئادەملەردىكى دىيانەت ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتابنى، جى مىندۇ «تەرجىمە قىلىنغان دەستۇرلار خاتىرىسى» ناملىق كىتابنى يازغان. كاڭ سىڭيۇەن پەزىلەت جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن، تەقۋادار بولۇپ، ئۆز كۈننى ئۆزى ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى ئۇنچە تونۇپ كەتمىگەن. كېيىنچە چىن ئايمىقىدىكى ئىنانچىخان يىنخاۋ بىلەن كۆرۈشكەن. يىنخاۋ ئۇنىڭدىن بۇددا سۇترالىرىدىكى قائىدە - نىزاملارنى سۈرۈشتۈرگەن ۋە ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان. كاڭ سىڭيۇەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۇجاڭ (بۈگۈنكى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ دېگەن يېرىدە) دا ئولتۇراقلىشىپ، شۇ جايدىكى ئىبادەتخانىدا «براھماسۇترالىرىغا ئېتىقاد» تىن لېكسىيە سۆزلىگەن. نۇرغۇن راھىبلار ئۇ يەرگە كەلگەن. كاڭ سىڭيۇەن شۇ جايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## لاڭيا ۋىلايىتىنىڭ ئامبىلى ۋاڭ ماۋخۇڭنىڭ قاڭشارلىق، ئورا كۆز دېگەن چاقچىقىغا جاۋاب

يۈزلىرىم تۈزلەڭ، گويا تاغ قاڭشىرىم ئاسمان ئىرۇر،
كۆزلىرىم چوڭقۇر، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى قاينام ئىرۇر.
سۇ تېيىز بولسا سۈزۈك سۇدىن ئېغىز ئاچماق قىيىن،
تاغ ئېگىز، ئۇشبۇ ئېگىزلىك تاغدىكى ئىمان ئىرۇر.

ئىزاھ:

ۋاڭ ماۋخۇڭ (مىلادىيە 276 — 339 ـ يىللار) كاڭ سىڭ- يۈەنگە قاڭشىرلىق ئېگىز، كۆزۈڭ ئورىغا ئوخشايدۇ، دەپ چاق- چاق قىلغاندا، كاڭ سىڭيۈەن ئۇنىڭغا جاۋابەن يۇقىرىدىكى شې- ئىرنى ئوقۇغان. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى گەرچە خەلق قوشاقلى- رىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى كىشىلەر سەممىيلىك بىلەن ئوقۇلغان بۇ چاقچاقنى بەكمۇ جايىدا بېرىلگەن جاۋاب بول- دى، دەپ قارىغان.

## جاڭ جۇنزۇغا جاۋاب نەزم

### مۇقەددىمە

فايۇنگە بېغىشلاپ يازغان شېئىرىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇددا ئەھكاملىرى چوڭقۇر شەرھلەنگەن، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق شېئىر بوپتۇ. گەرچە كۆڭلۈمدىكىنىڭ ھەم- مىسىنى دەپ بولالمىغاندەك تۇرىمەن دېگەن بولسىڭىزمۇ، مېنىڭ- چە دەيدىغانلىرىڭىزنى تەلتۆكۈس دەپ بولغاندەك قىلىسىز. شې- ئىر ئىدىيىنى، نىيەت ـ ئىقبالنى سۆزلەيدۇ، مەنۇۋىيەتتىكى پائالىيەتنى نامايان قىلىدۇ، نازۇك ۋە سىرلىق تەبىرلەرگە ئە-

گەشمەيدۇ، ئىچكى جەزبىدارلىقى راۋان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جانابىڭىز بۇددىنىڭ ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىشتە زورۇقۇپ كەتمەيسىز. ئۇنداق بولمىغاندا تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان بولاتتى. گەپ - سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، تۇتقان يولىڭىز بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ بىرلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، جايىدا ئىپادىلەيسىز. مۇشۇلارغا قاراپ، فايۇنگە ۋاكالىتەن سىزگە بىر جاۋاب نەزم يازغۇم كېلىپ قالدى. مۇكەممەل يېزىلمىغان بولسىمۇ مەيلى، ئادەمنىڭ ئويلىغانلىرى ھەر خىل بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئالەم تەكتى ماڭا بەش قولدەك ئايان،
چۈنكى شەيئىنىڭ شەكلى بار ھامان.
كۆرۈشكەندە بۇددا ئادەملەر بىلەن،
جاھاننىڭ ئىشلىرى تولۇق نامايان.
كونا جانلىقلاردىن يېڭىسى ھاسىل،
شان - شۆھرەتلەردىن بالدۇر پەيدا ئاڭ.
كىمكى يىلتىزىدىن چەتنىسە يىراق،
ئەقىل - تۇيغۇسى يەيدۇ پۇشايمان.
قانائەتسىزلىك غاپىلنىڭ ئىشى،
سەۋر - تاقەتكە ھاجەت ھەربىر جان.
بار بىلەن يوقلۇقنىڭ بىلسەك شەرھىنى،
قاسىراق تاشلاپ روھنى قىلىمىز ئامان.
ئەركىنلىك دۇنياسىغا ئالساق قەدەمنى،
بىزگە قاراڭغۇمۇ يورۇق ھەرقاچان.
تەبىئەتكە مايىل ياراتساق ئۆزلۈك،
بۇددامۇ بىزگە چوقۇم مېھرىبان.



www.uyghurkitap.com

ئۇجۇر - بۇجۇرنى بىلدۇق ھاياتنىڭ،
لېكىن بىز ئىلاھتىن پەستە ھەر زامان.
پەقەت ئەۋلىيالار بېشارىتىدىن،
ئۆزىمىزگە تېپىپ ياشىدۇق ئىمكان.
پايانى يوق ئۇزۇن ئالەم بۇ،
لېكىن تېز تۈگەيدۇ، بىلمەسلىك يامان.

ئىزاھ:

بۇ فايۇنگە ۋاكالىتەن جاڭ جۇنرۇغا يېزىلغان جاۋاب شېئىر. مۇقەددىمىدە بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى مەقسەت - مۇددىئا ئوچۇق تىلغا ئېلىنىدۇ. شېئىرغا مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلار ناھايىتى توغرا شەرھلەنگەن بولۇپ، ئېلىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ شېئىر توغرىسىدا دېيىلىپ كەلگەن چۈشەنچىلەرگە ئۇيغۇن. جاڭ جۇنرۇ بۇددا راھىبى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەن. ئاپتورمۇ بۇ ھەقتە ئۆزئارا مۇڭدىشىش، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن بۇ جاۋاب شېئىرنى يېزىش نىيىتىگە كەلگەن. شېئىردا بۇددا ئەھكاملىرىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكى، بۇ يولغا كىرگەنلەرنىڭ ئەۋلىيالاردەك ئىش قىلالايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتە ئەمدىلىكتە بىر نەرسىلەرنى بىلىۋاتقانلىقى، بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى، لېكىن ئۇزۇل - كېسىل ئويغانمىغانلىقى، تېخىچە باشقىلارنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ يۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن. شېئىردا دىنىي ئەقىدىلەر كۆپ بولغاچقا، تازا ياخشى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

## جى تەنتى

جى تەنتى (مىلادىيە 347 — 411 ـ يىللار) شەرقىي جىن بەگلىكىدىكى راھىب كاللان. ئەسلىي فامىلىسى كاڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرى كانگيىدىن بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋۇشىڭ ئايمىقىنىڭ ۋۇچاڭ (بۇگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىڭ ناھىيىسى) گە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇن يېشىدىلا راھىب بولغان، دەرەخ ـ ئورمان، بۇلاق سۇلىرىغا ئامراق بولغاچقا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ۋۇشىڭ ئايمىقىدىكى كۇنشەندە يىگىرمە نەچچە يىل زاھىد بولۇپ ياشىغان، سۇترا ـ نوملارنى كۆپ ئوقۇغان، شېئىر ۋە نەسرلەرنى يازغان. «سۈيىنامە. كىتابلار تەزكىرىسى» دە ئالتە جىلد ئەسىرى بار دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، بۇ ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كەلمەي يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت «لۇشەن نەزمىسى»، «پەرۋانە نەزمىسى»، «چىراغقا مەدھىيە»، «لىڭنياۋشەن ئابىدىلىرىگە كىرىش سۆز» قاتارلىق ئەسەرلىرى «كىتابلار مەجمۇئەسى» ۋە «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» دا خاتىرىلەنگەن.

## چىراغقا مەدھىيە

يورۇقلۇقى ھەققە يېتىدۇ،  
كەڭرىلىكى بۇدداغا يېقىن.  
چاقناپ كەتسە ئەگەر ئۇ مىڭلاپ،  
شاخلىرىدىن ئاقىدۇ ئېقىن.

ئىس ـ تۆتەكلەر ئۆچقان سوغ كېچە،
نۇر تارقايدۇ سۆنىڭ يۈزىدىن.
جىسمى بىلەن شەكلىگە قاراپ،
ئويغىنىمىز تەلىم ـ سۆزىدىن.

ئىزاھ:

بۇ ئۆز زامانىسىدىكى بۇددا تەلىماتلىرىنى ماختاپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن راۋان يېزىلغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىبادەتخانىدىكى چىراغلارنىڭ بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىشتا ئوينىغان رولى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۇماراجىۋا

كۇماراجىۋا (مىلادىيە 344 — 413 ـ يىللار) كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) دە تۇغۇلغان. دادىسى كۇماراتان ئەنەتكەك (ھىندىستان) لىك، دۆلەت ۋەزىرى بولغان. كېيىنچە ئەمەلنى تاشلاپ راھىب بولغان ۋە مالىمانچىلىقتىن قېچىپ كۇسەنگە كەلگەن. كۇسەن خانى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، قەلئە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كۇتۇۋالغان ۋە سىڭلىسى جىۋانى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. كۇماراجىۋا يەتتە يېشىدا ئانىسى بىلەن بىرلىكتە راھىبلىق يولىغا ماڭغان، توققۇز يېشىدا كەشمىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ھىنايانا مەزھىپىدىن تەلىم ئالغان، ئون ئىككى يېشىدا كۇسەنگە قايتقان. بۇ جەرياندا ساكرائول (يەركەن) دە توختاپ، ماھايانا مەزھىپىدىكى راھىبلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ماھايانا مەزھىپىدىن تەلىم ئالغان. يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، كۇسەن خانى ئۇنى تەكلىپ بىلەن قايتۇرۇپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى كۇسەن بىلەن خوشلىشىپ ھىندىستانغا كېتىدىغان بولغان ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا كۇماراجىۋاغا: ئۆگەنگەنلىرىڭنى شەرقتىكى يۇرتلارغا تارقىتىشتا كۇچۇڭنى ئايىما، دەپ تاپىلىغان. كۇماراجىۋا: چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، بۇ يولدا جاپا چەكسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. مىلادىيە 382 ـ يىلى، يەنى ئالدىنقى چىن بەگلىكى جيەنيۈەننىڭ 18 ـ يىلى، چىن بەگلىكىنىڭ خانى فۇجيەن چوڭ سانغۇن لۈي گۇاڭنى كۇسەنگە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، كۇماراجىۋانى ئىچكىرى رايونلارغا ئېلىپ كېلىشكە ماڭدۇرغان. لۈي گۇاڭ قايتىپ كېتىش ئالدىدا فۇجيەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەن. لۈي گۇاڭ ئۆزىنى كېيىنكى

لياڭ بەگلىكىگە خان دەپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىرلىككە كەلگەن شىمالىي جۇڭگو يەنە پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن. چىن بەگلىكىنىڭ خانى ياۋشىڭ كۇماراجىۋانى چاقىرىپ كەلتۈرۈپ، دۆلەت ئۇستازى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان. كۇماراجىۋا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولغاچقا، سەككىز يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتقا بىرلا ۋاقىتتا لېكسىيە سۆزلەپ، بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلىگەن. 74 قىسىم، 384 جىلدتىن ئارتۇق ئەسەرنى ئەنەتكەك تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. جىندى، شۈەنزاڭ بىلەن بىللە جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ بۇددا تەرجىمىشۇناسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. كۇماراجىۋانىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئون ئىستىئارە»، «سىرامان فاخي راھىبقا» ناملىق شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## ئون ئىستىئارە

جىمى شەيئى تېگى پىنھان ئۆنىڭ تىمسالى پىنھاندۇر،
بىرەر پىنھان تەۋەللۇت گەر يەنە بىرسى ئۇڭا جاندۇر.
پەقەت پىنھان بىلەن مۇمكىن شۇ پىنھان مەنىسىن بىلمەك،
چۈشەنسەڭ سىرىنى پىنھانلىقى شۇئان نامايانذۇر.
كى سەن دەھرى يولىدىن ئايرىلىپ زاھىتقا تەلپۈنسەڭ،
ياشايسەن بار بىلەن يوقلۇق ئارا بۇ روھقا ئىمكاندۇر.
دېمەك، پىنھان ئۆزى يوقلۇق ئەمەل قىلساڭ مەگەر ئىزچىل،
تەبىئەت ئالىمى غايىب كەبى يوقلۇقتا قالغاندۇر.

ئىزاھ:

بۇددا ئەقىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان بۇ شېئىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەك تەس. لېكىن، مىسرالاردىن

ئاپتورنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى شېئىر شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## سىرامان فاخي راھىبقا

نىيەت ـ ئىقبال سەمىمىي گەر ئەدەپ ـ ئەخلاق يېتىلگەيلەر،
ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكى تىنماي ئېقىپ ئاخىرغا كەتكەيلەر.
تاپالماي جورا بىر ئەنقا قونۇپ توغراقتا سايرايدۇ،
نىدا قىلغان ئاۋازى يەتتە قات ئاسمانغا يەتكەيلەر.

ئىزاھ:

راھىب فاخىغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا فاخىنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدىغان، دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغان ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئاپتور فاخىنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى روھىي ھالىتىنى يالغۇز توغراققا قونۇپ نىدا قىلغان ئەنقا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى چوقۇم يەتتە قات ئاسمانغىچە يېتىپ بارىدۇ دەپ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

## تۇرآ قوشىقى

تۇرا ۋادىسى پايانسىز تۈزلەڭ،
چوغاي ئېتىكى ئۇپۇق بىلەن تەڭ.
ئاسمان گويا چېدىرغا ئوخشاش،
ئاي ـ دالانى تۈگەل چۈمكىگەن.
ئۈستىمىزدە ياپيېشىل ئاسمان،
زېمىن ئۈستى كۆز يەتكۈسىز كەڭ.
پەسلىسە گەر سەلكىندە ئوت ـ چۆپ،
قوي ـ كالىلار تۈمەنمىڭ ـ تۈمەن.

ئىزاھ:

تۇرالاردا شىمالىي ۋېي بەگلىكىدىكى مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن بۇ قوشاق، مىلادىيە 5 — 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ شىمالىغا تارقالغان بولۇپ، ھازىرغىچە 1500 يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. تۇرالار ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار بولۇپ شەكىللەندى. قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن، ئۇسلۇبى ئاددىي بۇ قوشاق شۇنچىكى تەبىئى، ئۇنىڭدا زورمۇزور قوشۇپ قويغان ۋەقە كۆرۈنمەيدۇ. قوشاقتا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل ۋە پايانسىز يايلاقلارنىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن بولغاچقا، ئۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ۋە يۈكسەك باھاغا نائىل بولدى. جىن سۇلالىسى بىلەن

يۇەن سۇلالىسى ئارىلىقىدا ياشىغان داڭلىق شائىر يۇەن خاۋېن-
ىنىڭ «شېئىر ھەققىدە» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن

«بۇ شىجائەتلىك قوشاق تارقالدى، يوق بوپ كەتمىدى،
كۆيلىگەچ كۆكنى چېدىرغا ئوخشىتىپ، گەپ كەتمىدى.
ئوتتۇرا ئايماقتا باتۇرلۇق، ماتانەت بەك قەدىم،
شۆھرىتى زىنھار چوغاي، تۇرا يۇزىدىن كەتمىدى.»

دېگەن شېئىرى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قوغۇرسۇ فېڭيۆ

قوغۇر سۇشيەن، تەخەللۇسى فېڭيۆ، تۇرا قەبىلىسىدىن. دادىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن شىمالىي ۋېي بەگلىكى دەۋرى ( مىلادىيە 386 — 534 ـ يىللار ) دە تۇرالارنىڭ ئاتامانى بولغان. كۈز پەسلىدە ئاستانە ( لوياڭ ) نى زىيارەت قىلىپ، ئەتىيازدا ئۆز قەبىلىسىگە قايتىدىغان بولغاچقا تورنا ۋەزىر دەپ نام ئالغان. شىمالىي ۋېي بەگلىكى شياۋۋۇدى زامانىدا فېنجۇ ئايمىقىدا ئايماق بېگى بولغان ھەمدە تارخانلىققا ئۆستۈرۈلگەن، كېيىن ھوقۇقدار تۆرە گاۋخۇەنگە ئەگىشىپ جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەچكە ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلەنگەن ۋە شىچىڭ قەلئەسىدە ئىنانچىخان بولغان. گاۋخۇەن ئۆلگەندىن كېيىن، گاۋ ياڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ شىمالىي چى بەگلىكىنى قۇرغاندا قوغۇرسۇ ئالتۇننى شيەنياڭ ۋىلايىتىگە ئىنانچىخان قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەملى خەلپەت بەگلىككە ئۆسۈپ، ئوڭ قول ۋەزىر بولغان. چوڭ ئوغلى قوغۇرسۇ گۇاڭ چوڭ سانغۇن، كىچىك ئوغلى فېڭيۆ مۇھاپىزەتچى چوڭ سانغۇن بولغان. ۋۇدى خان گاۋ جەننىڭ خېچىڭ 3 ـ يىلى پايتەختكە ھەربىي باشلىق، يۇجۇ ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولغان ۋە قوشۇن باشلاپ تۈركلەرنىڭ يۈزمىڭ لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلغان. ياندۇرقى يىلى تۈرك خانى پايتەختكە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتكەن. تيەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 567 ـ يىلى ) قوغۇرسۇ ئالتۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن قوغۇرسۇ گۇاڭ چېقىمچى ئەمەلدارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. قوغۇرسۇ فېڭيۆمۇ شۇ قېتىمقى ۋەقەدە قازا قىلغان. قوغۇرسۇ ئالتۇن ھايات ۋاقتىدا شىمالىي چى بەگلىكىنىڭ خانى

گاۋخۇەنگە مەشھۇر «تۇرا قوشىقى» نى ئېيتىپ بەرگەن. قوغۇرسۇ فېڭيۆمۇ گاۋخۇەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق زىياپەتتە نەزم ئو- قۇپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان. «شىمالىي بەگلىكتىكى شېئىر- لار» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ مۇشۇ بىر پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## شېئىر

ئەتىگەن كۆرسەكمۇ مەستلىك كەتمىگەن سەندىن تاراپ،
كەچتە كۆرسەكمۇ ئىچىپ مەستلىكتە ھالىڭ بەك خاراپ.
كۆڭلىرىڭ ئۆتمەكتە شۇنداق مەي تۇڭىغا غەرق بولۇپ،
ئەلدە تەرتىپ يوق، بىسات يوق، كۆز ئېچىپ قويغىن قاراپ.

ئىزاھ:

بۇ قوغۇرسۇ فېڭيۆ زىياپەت سورۇنىدا ئوقۇغان شېئىر بو- لۇپ، ئۇنىڭدا گاۋخۇەنگە ئەلنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەس- لىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىنىدۇ. گاۋخۇەن ئاپتورنىڭ گەپىنى ئۇدۇل قىلىدىغان پەزىلىتىدىن خۇش بولىدۇ. بۇنىڭدىن شېئىرنى فېڭيۆنىڭ ئۆزى يازغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

# خې تو

خې تو غەربىي يۇرتلۇق. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «سۈينامە» قاتارلىق كىتابلاردا غەربىي يۇرتلۇق دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئومۇمىي تەزكىرە» دىكى خې تونىڭ تەرجىمىھالىدىمۇ غەربىي يۇرتلۇق دېيىلگەن. خەن، ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدە بۇگۈنكى خوتەن رايونى غەربىي يۇرت دېيىلەتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن خې تونىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

خې تو كىچىكىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ، سەككىز يېشىدا ئاقىللار دارىلئولومىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ياردەمچى مۇدەررىس ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «فامىلەڭ خې ئىكەن، بۇ نېلۇپەردىكى خې (荷) مۇ ياكى دەريادىكى خې (河)؟» دەپ سورىغاندا، خې تو ئەيمەنمەيلا «جانابىڭىزنىڭ فامىلىسى گۇ ئىكەن، بۇ قاراپ قويۇشتىكى گۇ (顾) مۇ ياكى كونىدىكى گۇ (故)» مۇ دەپ سورىغان. ئەتراپتىكى جامائەت ھەيران قالغان. ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىپ شىياڭرۇڭ بېگىگە خىزمەتچى بولغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە دانىش ھەكەم مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقىللار ھەكەمى مەرتىۋىسى بېرىلگەن ۋە «تۆرە» لىككە كۆتۈرۈلگەن. كېيىنچە ۋېيدىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن مۇزىكا نوتىلىرىنى رەتلەشكە مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن. مىجەزى چۇس، سۆزمەن بولغاچقا، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كېلىشەلمىگەن. كەيخۇاڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 586 - يىلى) لۇڭجۇ

ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۈچ يىللىق ۋەزىپىسى-
نى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ يەكلىشى
تۈپەيلى يىجۇ ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولۇپ كەتكەن. تو
مۇزىكىدا كامىل، بىلىملىك، قەلىمى ئۆتكۈر ئادەم بولۇپ، ئۆز
ئۆمرىدە ئون ئۈچ جىلدلىق «‹جۇ پالنامىسى›غا مەنىلىك شەر-
ھى»، ئىككى جىلدلىق «‹ۋاپانامە›گە مەنىلىك شەرھى»، تۆت
جىلدلىق «‹جۇاڭزى›غا مەنىلىك شەرھى»، بىر جىلدلىق
«ئاسمان - زېمىن دەستۇرى»، بىر جىلدلىق «مۇسىقىنامە»،
ئون جىلدلىق «ماقالەت توپلىمى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.
ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. پە-
قەت «قورۇلغا كىرىش»، «چاڭئەن يولى» قاتارلىق ئالتە پارچە
شېئىرى بىلەن «نوتىلار جەدۋىلىنى تۈرغۈزۇش» ناملىق كىتابى
ساقلىنىپ قالغان.

## ئىشىك ئالدىدا پوچتىكەش

ئىشىكتىن چىقسام، ئاتلىق مېھمان، كۆرۈشتۇم دەرھال،
مەلۇم قىلدى ئۆز - ئۆزىنى يۇرتتىن كەلدىم دەپ.
سۇندى ماڭا قېرىنداشلار يازغان نامەنى،
لىپاپىغا تامغا ئۇرغان مەھكەم پېچەتلەپ.
كۆز يۈگۈرتتۈم قۇرمۇقۇرغا، ئوقۇپ بولغۇچە،
چاپار ماڭا قاراپ كەتتى تونۇۋالغاندەك.
كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلدى،
ئۇرۇق - تۇغقان ئەھۋالىدىن ئېچىلغاندا گەپ.
ئەجەب ئۆزۈن ئايرىلدۇق دەپ يېزىپتۇ باشتا،
قايتىشىمنى كۈتىدىكەن كېچە - كۈندۈزلەپ.

ئېسىم كېتىپ ئەگەشكەندەك بولدۇم قۇشلارغا،
پەرۋاز قىلدىم گويا جەنۇب ياققا لەپىلدەپ.

ئىزاھ:

بۇ مۇزىكا مەھكىمىسى ( 乐府 ) ئەسەرلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر. «مۇزىكا مەھكىمىسى» ئەسەرلىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى نەغمىلەرگە يېزىلىدىغان شېئىرلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ نەغمىلەر خەنزۇدى دەۋرىدە ياشىغان مۇزىكانت لى يەننيەن تەرىپىدىن غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ كۈيلىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك. يۇقىرىدىكىسى دەل مۇشۇ تىپقا ياتىدىغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ يۇرتىدىن خەت كەلگەنلىكى، خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كۆڭلى بۇزۇلۇپ پوچتىكەش (چاپار) بىلەن مۇڭداشقانلىقى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خىيالىدا قۇشلارغا ئەگىشىپ يۇرتى تەرەپكە پەرۋاز قىلغانلىقى يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، ۋەقەلىكى چىن بولۇپ، شائىرنىڭ ئوردىدا تۇرۇپمۇ تۇغۇلغان يېرىنى سېغىنغان سەمىمىي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

## قورۇلغا كىرىش

يەتكىچە تاۋلىنغا مىڭ يول خەۋپ - خەتەر،
ئات مىنىپ يول چارلىغانلار كۆپ بەتتەر.
سورىدىم مەن نە سەۋەبتىن مۇنچە ئىش،
بولدى سانغۇن بىرسى دەپ كەپتۇ خەۋەر.
تۇغ - ئەلەملەر تولغىنۇر چاقماق كەبى،
هارۋا خۇددى ئاق بۇلۇت، كۆكتە سەپەر.

www.uyghurkitap.com

ئەجدىھا يەڭلىغ ئەمەلنى تۇتسا كىم،
باش ـ كۆزىدە مانا شۇنداق شان ـ زەپەر.

ئىزاھ:

بۇمۇ مۇزىكا مەھكىمىسى ئەسەرلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر. ئۇنىڭدا قوشۇن تۇرغان قورۇلدىن ئوردىغا يانغان سەر- كەردىلەرنىڭ مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلىكى، بۇ ئىشنىڭ قالتىس داغ- دۇغا پەيدا قىلىپ، ئاستاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكى، شۇن- داقلا تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بارلى- قى يېزىلىپ، جۇ خانلىقى ۋە سۈي سۇلالىسى مەزگىلىدە جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكى، ھەربىي باشلىق- لارنىڭ ئەتىۋارلانغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## چاڭئەن يولى

ۋادەرىخ! چاڭئەن يولى بەك ئەگرى ـ بۈگرى، شۈنچە تار،
توغرىسى ھەم ئۇزۇنىغا تۆت تەرەپ كەتكەن قاتار.
ھارۋا چاقىغا بولۇپ ماس ئاتلىنۇر ئەنقا ئۈنى،
ئوق سېلىنغان خالتا ئەتىندە لەھەڭنىڭ رەڭگى بار.
تۆرلەرگە سەيلىگاھ بەش جايدا خاننىڭ قەبرىسى،
ئات مىنىپ يۈرگەن چەۋەندازلار ئۇ يەرگە ئىنتىزار.
نەۋقىران ياشلاردا شۇنداق ياشىماق ئورتاق ھەۋەس،
تۆھپىكار سانغۇننى بۇ ئىقلىمدا كىم ئەسكە ئالار.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چاڭئەندىن ئىبارەت مۇنبەت رايوندىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە ئارقىلىق، ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىكى پەر- زەنتلەرنىڭ بايۋەچچىلەرچە تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن.

## مۇزىكا مۇراسىمخانىسىدا پەرمانغا بىنائەن قەدىمكى مۇزىكىلارنى رەتلەۋېتىپ يېزىلغان شېئىر

مۇراسىم بەگلىرىدىن قوڭغۇراق مىراس،
مۇڭدىن ئۆزۈمنى ئۇنتۇيمەن ھەرئان.
قوپال ئادەتلىرىم بارغانچە يۇمشاپ،
روھىمنى پاكلايدۇ ئۇندىكى ئاھاڭ.
شېگۇ جىلغىسىدا قومۇش نەي تەنھا،
قۇرۇم تاغ ئەنقادەك ئۇرىدۇ خەندان.
«بۇلۇتنىڭ لەيلىشى» ئۇسسۇلغا نەغمە،
پەرۋازدا «ئاپئاق قار» ناخشىلارغا نام.
«شېئىر» دا ئالەمنىڭ ئالتە مەزمۇنى،
ساق سەككىز تەرەپتىن سوقىدۇ شامال.
خانلارنىڭ نوپۇزى شۇنچە ھەيۋەتلىك،
دەريالار سۈزۈلسە تىنچلىق نامايان.
ئاسمان مەركىزىدە سىلكىنىدۇ تار،
لەشكەر مۇزىكىسى سالىدۇ چۇقان.
قەدىمىي بۇ كۈيلەر نەقەدەر گۈزەل،
ئاڭلىساڭ ئىچىدىن گۈللىنىش ئايان.
قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرايدۇ كۆككە،
ئۆكىلىك كىيىملەر قىلىدۇ جەۋلان.
پېقىر بۇ مىڭ يىللىق نەغمە ئىچىدىن،
تاپقاندەك بولۇرمەن ھاياتىمغا جان.
بەختىمگە ئوردىدا قاشتېشى تاقاپ،
قۇلىقىم تۇتىمەن ئاھاڭلار تامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ئاپتور تەرىپىدىن مۇزىكا مۇراسىمخانىسىدا قەدىمە كى مۇزىكىلارنى رەتلەۋېتىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا مۇزىكىدىكى گۈزەللىك ۋە ئاڭلىغۇچىنى تەسىرلەندۇرىدىغان خىسلەت مەدھىيىلەنگەن. ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇزىكىلارنى تەتقىق قىلغانلىقى، تەلىيىگە يارىشا ئوردا ئەھلىدىن بولۇپ قالغانلىقى ۋە بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى، مېھرابتىكى مۇراسىملاردا سىستېمىلاشقان ئاھاڭلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان بۇ شېئىر ئارقىلىق قەدىمكى مۇزىكىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇزىكىنىڭ قەدىمكى سىياسىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولى ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

# قۇجۇ خەلق قوشاقلىرى

## قۇجۇ قوشىقى

ئەينى ئوخشايدۇ قىروغا بۇندا قۇجۇ لەشكىرى،
ئاي ۋە كۈننىڭ نۇرىدەكتۇر ئۇ تەرەپ تاڭ لەشكىرى.
كۆز ئېچىپ يۇمغان ئارادا تۈگىمەمدۇ بۇ قىرو،
چۈشسە ئۈستىگە ئەگەر ئاي بىلە كۈننىڭ نەشتىرى.

ئىزاھ:

تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، قۇجۇغا خان بولۇپ تۇرغان چۇي ۋېنتەي (خەنزۇ) جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن قۇتلۇقلايدۇ. چۇي ۋېنتەي ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردىن ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ماڭغان ئەلچىلەرنى بۇلايدۇ ھەمدە غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان ئىئۇرغول (قۇمۇل)، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ چۇي ۋېنتەينى ئوردىغا كېلىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، باھانە كۆرسىتىپ بارغىلى ئۇنىمايدۇ، ئېخى يەنە چوڭ گەپ قىلىپ سېپىل سوقۇپ جەڭگە تەييارلىنىدۇ. 640 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ خۇ جۇنجىنى يارغولغا باشبۇغ قىلىپ تەيىنلەپ غەربكە ئاتلاندۇرىدۇ. لەشكىرىي قوشۇن قۇجۇنىڭ چېگراسىغا كەلگەندە، چۇي ۋېنتەي كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلىدۇ. ئوغلى جىشىڭ

سېپىلدىن چىقىپ تەسلىم بولىدۇ. قۇجۇدىكى ھەر مىللەت خەلقى چۇي جەمەتىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن نارازى بولۇپ، بۇقىلا-رىدىكى قوشاقنى ئوقۇغاندا، چۇي ۋىنتەي بۇ قوشاقنى ئىپتىقانلار-نى ئىزدەيدۇ، لېكىن ئۇلارنى تۇتالمايدۇ. قوشاقتا چۇي جەمەتى-نىڭ ئوردا بىلەن قارشىلاشقانلىقى مەسخىرە قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار-نىڭ بىر مۇشتىقىمۇ يارىمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# شياۋ گوەنيىن

شياۋ گوەنيىن (مىلادىيە 1039 — 1075 ـ يىللار) لياۋ سۇلالىسى ياللۇغ خۇڭجىنىڭ خانىشى، ئۇيغۇر. ئەسلى شۇلۇي جەمەتىدىن. ئۇيغۇرلاردىكى نوسىنىڭ ئەۋلادى. تەيزۇڭ ياللۇغ دېگۇاڭ (قىتان) شۇلۇي جەمەتىدىكىلەردىن خانىش تاللىغاندىن باشلاپ، لياۋ سۇلالىسىدىكى شياۋ فامىلىلىك ئون نەپەر خانىشـ ـنىڭ توققۇزى شۇلۇي جەمەتىدىن بولغان. شياۋ گوەنيىن چىرايـ ـلىق، شېئىر يېزىشقا ماھىر، گەپ ـ سۆزى جايىدا، تېكىست يازالايدىغان، ناربىت چېلىشقا ئۇستا ئايال بولغان. تەيكاڭنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 1075 ـ يىلى) باشقىلار ئۇنى ئوردىدىكى رەققاس جاۋ ۋېيىي بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار دەپ قارا چاپلىغانـ ـلىقتىن، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان. ئۆلۈۋالغان چېغىدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭدىن تۆت پارچە شېئىر، ئون پارچە تېكىست، بىر پارچە ماقالە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## قۇخۇلىندا پەرمانغا بىنائەن يېزىلغان شېئىر

قۇدرىتىنىڭ تارقالدى ئون مىڭ يول جەنۇب ئەللەر تامان،
شەرققە بارساڭ يالۇجياڭمۇ قالمىدى جەڭدىن ئامان.
كۆللى ئالەم زىلزىلە ئىچرە بىراق بولدى بىھوش،
ۋەھشىي يولۋاس نەدە بار ئالدىڭدا تەسلىم بولمىغان.

ئىزاھ:

قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن، شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان،

تىلى پاساھەتلىك ۋە راۋان، كۆتۈرەڭگۈ، مەردانە يېزىلغان بۇ شېئىردا لياۋ سۇلالىسىدىكى خان جەمەتىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا جانپىدالىق كۆرسەتكەن باتۇرانە ھېسسىياتى بايان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرنى پەرمانغا بىنائەن دەرھال يېزىپ چىققانلىقىدىن ئۇنىڭ سەزگۈر ۋە تالانتلىق، نىسبەتەن يۇقىرى ئەدەبىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۆز ۋاقتىدىكى لياۋ سۇلالىسى سۇڭ خانىدانلىقىنى داۋاملىق بوزەك قىلغان. بىز بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىدىيە ـ مەزمۇن جەھەتتىكى چەكلىمىلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

## ئۆتكەن كۈنلەر

قەسىر قويىنىدا جاۋ فېييەن جىمىدىن ئەتىۋار بولغان،
ئۇنىڭ شۇم خۇلقىدىن پۇتمەس بالاغا قالدى چىڭدى خان.
تولۇن ئايلا خەۋەردار ھەممە ئىشتىن، چۈنكى ئۇ فېييەن —
كىرىپ جاۋيانغا خان بىرلە تېپىشقاننى كۆرۈپ قالغان.

ئىزاھ:

فېئودالىق جەمئىيەتتە، خانلارنىڭ شاللاقلىقى كۆپىنچە ھاللاردا توقال خانىشلاردىن دەپ قاراش ئادەتكە ئايلانغان. شياۋ گۇەنيىن خانىش بولغاچقا، ئۇمۇ مۇشۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي بولالمىغان، شۇڭا خەن چىڭدىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشىغا توقال خانىش جاۋ فېييەن سەۋەبچى دەپ قارىغان. لېكىن، بۇ شېئىر ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشىدا پىلىك بولۇپ قالغان. دېدەك قىز شەن دېڭ بىلەن زوراغا يالاغۇ يىشىڭ ئىككىسى بۇ شېئىردا (خەنزۇچىسىدە — تەرجىمان) رەققاس جاۋ ۋېيىيەننىڭ ئىسمى بار دەپ چىقىمخورلۇق قىلغان.

داۋزۇڭ قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ، جاۋ ۋېيىينى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. شياۋ گۇەنيىننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇغان.

## رايىنى قايتۇرۇش ھۆجرىسى

1

سۇپۇرۇپ يۇردۇم سارايىنى پاتمۇپات،
چىڭ تاقاق دەرۋازا، ئالتۇن ھالقا دات.
ھەممە يەرگە ئۆمۈچۈك تور باغلىغان، ئەخلەت ـ چاۋا،
نەچچە يىل ئوت ـ خەس پەلەمپەيلەرنى باسقان قاتمۇقات.
سۇپۇرۇپ يۇردۇم سارايىنى پاتمۇپات،
بىر كۈنى قىلغاي جاناب دەپ ئىلتىپات.

2

سازنى سازلايلى بۇ دەم ياپقۇچ ئېلىپ،
ياڭرىسا ساز قونغۇدەك بۇلبۇل كېلىپ.
ئۆيدىكى ئىشرەت كۆيىگە جور بولۇپ ئالسام خەۋەر،
تۇرسا روجەكتىن شامال ـ يامغۇر ساداسى ئاڭلىنىپ.
سازنى سازلايلى بۇ دەم ياپقۇچ ئېلىپ،
رايىڭىز قايتارمىكىن بەرسەم چېلىپ

ئىزاھ:

يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە شېئىر شۇ ناملىق شېئىرلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئونىنچىسى. لياۋ دەۋرىدىكى ۋاڭ دىڭ يازغان «مۆچ كۆيدۇرۇش خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا داۋزۇڭنىڭ ئوقيا بىلەن شىكار قىلىشقا ئامراقلىقى، ئاستىدىكى يۇگۇرۇك ئاتنىڭ «چاقـ ماق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە نەچچە يۈز

چاقىرىم باسىدىغانلىقى، شىكار جەرياندا ئۆزىنىڭ قونالغۇسىنى تاشلاپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقى، شياۋ خانىشنىڭ ئۇنىڭغا نامە يوللاپ نەسىھەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. داۋزۇڭ كۆرۈنۈشتە نەسىھەتنى قوبۇل قىلغاندەك بولسىمۇ، لېكىن «كۆڭلى يېرىم بولۇپ، رايى يېنىپ كەتكەن». شۇڭا، شياۋ خانىش «رايىنى قايتۇرۇش ھۇجرىسى» ناملىق ئون پارچە شېئىر يېزىپ، ئۇنى ناخشا قىلىپ ئېيتقان ۋە داۋزۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالماقچى بولغان.

## جۇدالىشىش خېتى

شور پېشانە ئىدىم، يەنە بەخت تاپتىم،
خانىش بولغىلى تاس قالدىم بىراق.
تېۋىنىپ تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە،
تۇرغۇم كەلدى كۈن بىلەن ئايغا يېقىنراق.
يۇلتۇزۇم كۆلدى، بېكىدى ئورنۇم،
ئوغلۇمغىمۇ چىراي ئاچتى ئىستىقبال.
پىتنىدىن كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈندۇم،
ھېچ ئىش يوق ئىدى مەندە يۇز كېتىدىغان.
يېنىڭىزدا پەرۋانە بولاي دېدىم،
ئۇچقۇم كەلدى نۇرىڭىزدىن كۆك تەرەپكە.
شەپىسىزلا يېتىپ كەلدى بالا ـ قازا،
قېشىڭىزدا يولۇقتۇم زىيانكەشلىككە.
يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسەتكۈم بار،
مەقسىتىم نىيىتىڭىزدىن ياندۇرۇش سىزنى.
ئاھانەتتىن سەھرالىق ئايال بولغۇم بار،
كۆتۈرەلمىگەچكە مۇنداق زەربىنى.
ئۆۋال بولدى ھەممىدىن پەرزەنتلىرىمگە،

ئەتراپىمدىكىلەرمۇ قالمىدى ئامان.
گويا پېتىۋاتقان شەپەق يەڭلىغ،
ئۆيدىن ئايرىلغىنىم بولدى بەك يامان.
تەڭرىگە نالە قىلىمەن ئازابلىرىمدىن،
تۈگىمەيدۇ ئۇنى سۆزلىسەم ئەبەد.
چوقۇم ئۆلۈشۈمنى بىلىمەن بۈدەم،
تارتىشقۇدەك نەرسە قالمىدى پەقەت.

ئىزاھ:

بۇ بىر پارچە جۇدالىشىش نەزمىسىدە، ئاپتور يۈرەكنى ئېزىدىغان ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى بايان قىلغان، ئالىي تەبىقىدىكى بىر ئايالنىڭ بېشىغا چۈشكەن يامان كۈنلەردىن زارلانغان. شېئىر ئوقۇغان ئادەمنى ناھايىتى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. شېئىردىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى بەكمۇ تېرەن. بۇ ئاپتورنىڭ ھەقىقەتەن بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شياۋ سىسى

شياۋ سىسى ( ? — 1121 ) ، ئۇيغۇر. لياۋ سۇلالىسى تيەنزۇخان ياللۇغ يەنشىنىڭ توقال خانىشى. بىر قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. ئەقىللىق، چوڭ سۈپەت، ھۆسنخەت ۋە رەسىمدە كامالەتكە يەتكەن، شېئىرغا ماھىر ئايال بولغان. خاننىڭ شىكارغا قىزىقىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغانلىقى ۋە سادىق ئەمەلدارلارنى چەتكە قاققانلىقىغا چىداپ تۇرالماي «ھەجۋىيات» ۋە «تارىختا مۇشائىرە» ناملىق شېئىرلارنى يېزىپ، خاننىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان. بۇ دەل جورجىتلار كۆتۈرۈلۈپ، لياۋ سۇلالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك زېمىنى قولدىن كەتكەن چاغ بولغاچقا، تيەنزۇ خان ئورنىنى بوشىتىپ، ئىستىپا بېرىش نىيىتىگە كەلگەن. ۋەلىئەھدىلەر ئىچىدە شياۋ سىسىدىن تۇغۇلغان ئاۋلۇۋۇ ئەقلى - ھوشى جايىدا بالا بولغاچقا، ئوردا ئەھلى ئۇنىڭغا بولغان مايىللىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئەھۋال باش خانىشنىڭ ئۇغىسىنى قايناتقان ۋە جەنۇبىي قوشۇنىنىڭ باش بۇغى يۇدۇ بىلەن توقال خانىش ئاۋلۇۋۇنى تەخت ۋارىسى قىلىشقا سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ دەپ بوھتان چاپلىغان. باۋدانىڭ بىرىنچى يىلى ( مىلادىيە 1121 ـ يىلى ) شياۋ سىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان.

### ھەجۋىيات

ئاھ ئۇرۇپ يۇرمە، زامان تەكتىگە يەت،
ئەنسىرەپ ياتتىن دىلىڭغا قىلما دەرد.
بەتنىيەتلەرنىڭ يولىنى توس، ئەقىللىقا ئىشەن،
جان پىدا قىلغان يىگىتلەرنى بىشىڭغا سايە ئەت.

شۇندا بارغايسەن سەھەر قۇملۇق ئارا،
قاش قارايغاندا يەنە يەنيۇن تەرەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شياۋ سىسىنىڭ تيەنزۇ خانغا تەپ تارتماستىن ئۇدۇلدىن ئۇدۇل قىلغان نەسىھىتى يېزىلغان. ئۇنىڭ پىكرى شۇ دەۋردىكى ئىللەتلەرنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەن. شېئىردا سەمىمىيلىك، شياۋ سىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە يۈكسەك سىياسىي قارىشى نامايان بولغان.

## تارىخقا مۇشائىرە

ئوردىغا كىرگەن ۋەزىرنىڭ بېلىدا خەنجەر ھامان،
كۆزى پەستە قازى - قۇززاتلار پەقەت سۇرمەس زۇۋان.
چېگرىغا يەتكەن بالا - ئاپەت بىلەن ھېچ كارى يوق،
قالمىدى سادىق ئەمەلدارلار نەسىھەتتىن ئامان.
ھەممە بەگلىك باشىدا مەنسەپ تۇتار جەددى - جەمەت،
يان - يېنىدا ئاقسۆڭەكلەر لەشكىرى ئىتتىن يامان.
بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولدى ۋەلىئەھدى ئۈچۈن،
كەلسە دەيمەن ئوردا ئىچرە ھۆر، ئاسايىش بىر زامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەزىر جاۋ گاۋنىڭ ۋەلىئەھدى خۇخەيگە قىلغان زىيانكەشلىكنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى زۇلمەتلىك سىياسىي ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان. تيەندى خاننىڭ تارىخىي ساۋاقنى قوبۇل قىلىشى لازىملىقى، چىن سۇلالىسىنىڭ ھالاكەتلىك يولىدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بويان

بويان (1237 — 1295 ـ يىللار)، موڭغۇل. دادىسى شو-كىتاي ھىلاكوغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا بېرىپ شۇ يەردە تۇر-غان. بويان غەربىي يۇرتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. قۇبلايخاننىڭ جىيۇەن 1 ـ يىلى بۇيرۇققا بىنائەن ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن. قۇب-لايخان ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنىڭ قاۋۇللۇقىنى، گەپ ـ سۆزلىرى-نىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئوردىدا قالدۇرغان. 2 ـ يىلى قارا دىۋاندا سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. جىيۇەننىڭ 7 ـ يىلى (1270 ـ يىلى) زوراغاللىق مەھكىمىسىگە يۆتكەل-گەن. 11 ـ يىلى قارا دىۋاندىكى سول قول ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە سۇڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا باش بۇغ بولغان. ياندۇرقى يىلى ئاستانىگە قايتىپ، قارا دىۋاندا ئوڭ قول ۋەزىر بولغان ۋە بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇننى قايتۇرۇپ كەل-گەن. جىيۇەننىڭ 13 ـ يىلى (1276 ـ يىلى) لىنئەن (خاڭجۇ) غا ھۇجۇم قىلغان. بويان جىمىكى جەڭلەردە زور تۆھپە ياراتقان. ئىككى يۈزمىڭ كىشلىك قوشۇنغا بىرلا ئادەمنى باشقۇرغاندەك قوماندانلىق قىلغان. جەڭنى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتقاندا، يۈك ـ تاقلى-رى پەقەت يوتقان ـ كۆرپىدىنلا ئىبارەت بولغان. كۆرسەتكەن خىزمىتى ھەققىدە ئىغىز ئاچمىغان. جىيۇەننىڭ 26 ـ يىلى (1289 ـ يىلى) ئالتۇن جۇلالىق كىڭەش بېگى، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قورۇم تىغىدا باسقاق سانغۇن بولغان. چىڭزۇڭ خان تىمۇر تەختكە چىقىپ (1295 ـ يىلى) ئۇنىڭغا قوشۇمچە مۇراسىم بېگى، زور ھەربىي ئىشلارنى خاتىرىلىگۈچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگەن. شۇ يىلى 59 يېشىدا ئالەمدىن

ئۆتكەن. خانلىق ئۇنىڭغا «ساداقەتمەن خۇيئەن خان» دەپ مەرتىۋە بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا بويان شېئىردا كامىل ئىدى دېيىلگەن. لېكىن، ناھايىتى ئاز ئەسەرلىرىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## پەرمانغا بىنائەن جياڭنەننى ئالغىنىم

مەن قىلىچىنى شىلتىسام تاغقا، يېرىلغاي تاغ شۇدەم،
گەر سۇغارسام ئاتنى چاڭجياڭدا قۇرۇر چاڭجياڭمۇ ھەم.
يۈز تۈمەنلەپ لەشكىرىم جياڭنەنگە ماڭدى سەپ تۈزۈپ،
نەيزە ـ توقماقتا بىھۇدە قان تۆكۈش يات مەن بىلەن.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ تاغنى تالقان قىلىۋېتىدىغان جاسارىتى، بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلماي قويمايدىغان شان ـ شەرىپى نامايان قىلىنغان. شۇنداقلا، ئاپتورنىڭ ئەمىر لەشكەر بولغان چاغدىكى بوراندەك ئەلپازى ۋە تەمتىرىمەي قوماندانلىق قىلىدىغان شىجائىتى ئىپادىلەنگەن. شېئىر ھەيۋەتلىك، راۋان، تەبىئىي يېزىلغان.

## قامچام

گاھ ئۇزۇن گاھىدا قىسقا گاھ ئېگىز گاھىدا پەس،
ئات مىنىپ ئايدىڭدا يانغان چاغلىرىم بىر رەت ئەمەس.
گەرچە ئۈچ گەزلا ئاران، يوق بولسىمۇ ئۆتكۈر بىسى،
يۈز تۈمەن لەشكەر ئۇنىڭغا بويسۇنادۇر بەسمۇبەس.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردىمۇ ئالدىنقى شېئىردىكىگە ئوخشاش ئاپتور ئەمىر

لەشكەر بولۇپ ھەربىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتقانلىقى، ئۇرغۇپ تۇرغان باتۇرانە شىجائىتى ئىپادىلەنگەن.

## مېيلىڭ دۆڭدىن ئۆتكەندە

ئات بىلەن مېيلىڭ دۆڭدىن ئۆيگە ياندىم بىمالال،
تىنچىتىپ خان لەشكىرى بارغان يېرىنى قىلدى لال.
ئەمما، جياڭنەندىن قۇرۇق ياندىم كۆتۈرمەي ھېچنېمە،
قىسىۋالدىم مەن پەقەت مېيخۇا گۈلىدىن ئىككى تال.

بويان بۇ شېئىرنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەننى ئالغاندىن كېيىن قوشۇننىڭ بېشىنى شىمالغا بۇراپ، جىنلىنىدىن ئۆتكەندە يازغان. ئۇنىڭدا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى مەدھىيىلەنگەن، ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكى، قۇرۇق قول قايتقانلىقى، پەقەت مېيخۇا گۈلىدىن ئىككى — ئۈچ تالنى ئۈزۈپ قىسىۋالغان ئالىيجانابلىقى ئىپادىلەنگەن. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي بولسىمۇ، پىكىر چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى نىسبەتەن يۇقىرى.

## نەغمە تېكستى

### 〔جۇڭلۈي〕 شى چۈنلەي

بەلۋېغىم ئالتۇن، تاۋار — دۇردۇن ئۈچامدا ئۈستىۋاش،
قارا رەڭ مەپەمدە شەلپەر تۇغ، ماڭا بەگلەر قاياش.
بۇ جاھان كىمگە قارام، چىققاي قەلەمدىنلا ھۆكۈم،
پەسلى كۈز شاھلار كۆزىدىن ئاقتۇرارمەن قانۇ ياش.

ئىزاھ:

نەغمە ( 小令 ) يۈەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئەركىن ئۆدارلىق يېڭى شېئىر شەكلىنىڭ بىر خىلى. ئۇ ھەجمى كىچىك يەككە ئاھاڭ بولۇپ، ئەركىن ۋە جۇشقۇن ئورۇندىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئاددىي، جانلىق، مەردانە يېزىلغان نەغمىدە بىر ئەمىر لەشكەرنىڭ ئالەمگە باتۇرلۇق بىلەن نەزەر سېلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە شىجائىتى ئىپادىلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

# ليەن شىشيەن

ليەن شىشيەن (1231 — 1280) ئۇيغۇر، دادىسى بۇرۇلقىيا يەننەندىكى ھەرقايسى جايلاردا تەپتىش بېگى بولغان. ليەن شىشيەن تارىخىي كىتابلارغا ئامراق، قولىدىن دەستۇر چۈشمەيدىغان بولغاچقا، قۇبلايخان ئۇنى مۇتەپەككۇر مېڭزىغا ئوخشىتىپ «ليەن مېڭزى» دەپ ئاتىغان. 1260 - يىلى جىڭجاۋ (بۈگۈنكى شىئەن) گە جارچى سىلاۋچى قىلىپ تەيىنلەنگەن. توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قارا دىۋاندا ۋەزىر بولغان. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن قارا دىۋاندا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. جىيۋەننىڭ 7 - يىلى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغان، 11 - يىلى يارلىق ئارقىلىق بېيجىڭ (بۈگۈنكى لياۋدۇڭ) دىكى ۋاقىتلىق ۋازارەتكە ۋازارەت مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلەنگەن، 12 - يىلى جىڭنەندىكى ۋاقىتلىق ۋازارەتكە ئەۋەتىلگەن. جىڭنەندىكى چېغىدا خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن، سودىنى يولغا قويغان، بوز يەر ئاچقان، مەكتەپ سالغان. 14 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئوردىغا قايتقان. شۇ چاغدا جياڭلىندىكى ئاۋام - پۇقرا ئۇنى كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يىغا - زار قىلىشقان، رەسىمىنى سىزىپ ئىبادەتخانا قۇرغان. ليەن شىشيەن جىيۋەننىڭ 17 - يىلى 50 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. دادېنىڭ 8 - يىلى دۆلەت ئەركانى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. ليەن شىشيەن ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگە پەقەت بىر پارچە شېئىرىلا يېتىپ كەلگەن.

## شۋيدياۋ گېتو

### كىتاب ئوقۇش قىياسى

شۇنچە ئۈز، شۇنچە گۈزەل دۇلىنىڭ يېرى،
ئەلمىساقتىن ئۆلىمالارغا ماكان.
ئاق بۇلۇت كۆكنىڭ يۈزىگە بەش غېرىچ،
ياسىداق شىپاڭ - راۋاقلار يانمۇيان.
دالىدا بەش مو يېرىم بار باغچىدەك،
ياپىپېشىللىق باغرىدا يۈز گەز قىيا.
مەن ئۇچۇن پەيدا گوياكى بۇ جاھان،
ئىلمى - تەھسىلگە مۇناسىپ نامى بار،
تا ئەزەل ئىنسان سىرىدىن ئەرمىغان.

مەۋج ئۇرار ئەنقا كۆلى،
زەرگە ئوخشاش دەل - دەرەخ،
چايكا ئۇچقان شۇ تامان.
ياش كېتىش ياكى قېرىش مەيلىڭ ئەمەس،
ھەرنىچان بايلىققا كۆڭلۈم دەرگۇمان.
ئويغىتاي دەيمەنكى جۇڭنەن روھىنى،
قىلىشىپ ئۆتكەنكى چاغلاردىن پاراڭ،
ئەسلىسەك كىم ئەۋلىيا، كىملەر يامان.
مەيلى ئۇ بەيلۇدىكى لۇشەن چۇشى،
كىرىمىز كۈز پەسلىگە قۇشتەك راۋان.

ئىزاھ:

بۇ بىر نىيەت - ئىقبال نەزمىسى بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان خىلۋەت ماكانىنى تارىختىكى

ھەشەمەتلىك گۈزەل جايلار بىلەن سىلىشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى راھەت - پاراغەتنى پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى، ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە بەل باغلىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن پۇتمەس - تۈگىمەس خۇشاللىق تاپالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن لىيەن شىشيەنىنىڭ ياش چېغىدىلا ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى، جاپالىق ئۆگىنىدىغان، مىللىي ئايرىمچىلىق قىلمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

# بوخۇم

بوخۇم (1255 — 1300) ، ئۇيغۇر، قاڭلى قەبىلىسىنىڭ
ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن. يۇەن دەۋرىدە قاڭلىلار جۇجىخانغا سۇ-
يۇرغال بولغان. دادىسى يەنجىن قۇبلايخانغا ئەگىشىپ نۇرغۇن
جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن، لېكىن بىرەر ۋەزى-
پىگە قويۇلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن. بوخۇم قەددى - قامەتى-
لىك، يۇرۇش - تۇرۇشى قاملاشقان يىگىت بولغاچقا، قۇبلايخان
ھەيران قېلىپ، ئۇنى شەرقىي سارايدا قېلىشقا بۇيرۇغان. بوخۇم
بۇ جايدا ۋەلىئەھدى ۋە خانزادىلەرگە خىزمەت قىلىپ نەچچە مىڭ
خەتلىك خاتىرە يازغان. جىيۇەنىنىڭ 14 - يىلى (1277 - يىلى)
مۇپەتتىشلەرنى باشقۇرۇش ئىشىغا قويۇلغان. 15 - يىلى يەننەن-
نىڭ خېيبېيدىكى زىندان - ئەدلىيە مەھكىمىسىگە مۇئاۋىن بەگ
قىلىپ ئەۋەتىلگەن. 21 - يىلى قارا دىۋان ۋازارىتىگە مەسلىھەت-
چى بولغان. مەنسەپدارلار، ھۈنەرۋەنلەر، سوراقچىلار توغرىسىدا
ئۈچ كىتاب يېزىشنى ئۇستىگە ئالغان بولسىمۇ، كېسەل بولۇپ
قېلىپ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاچقا ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغان. 27 - يىلى
دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا پۈتۈكچى دورغاپ ۋە يار-
لىقچى بولغان، قوشۇمچە دۆلەت تارىخى يېزىشقا قويۇلغان. ۋە-
زىرلىككە تەيىنلەنمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۆزى ماقۇل بولمى-
غاچقا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. چىڭ زۇڭ تەختكە
ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇلكىي ئەمەلدارلار مەھكىمىسىدە باش مۇ-
شاۋىر، ھەربىي ئىشلار ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. دادېنىڭ 2 -
يىلى (1298 - يىلى) پەۋقۇلئاددە پەرمان بىلەن ياردەمچى تەي-

www.uyghurkitap.com

تىشلىككە، قوشۇمچە ياساۋۇللار مۇراسىم بەگلىكىگە تەيىنلەن-
گەن. دادىسىنىڭ 4 - يىلى كېسەل بولۇپ قېلىپ 46 يېشىدا
ئالەمدىن ئۆتكەن. بوخۇم يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان بولسىمۇ،
ئاددىي - ساددا، پاك ياشىغان. كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسى-
مۇ، پەقەت گۇسىلى تۈزگەن «يۈەن شېئىرلىرىدىن تاللانما» دا
«ۋۇما تېغىدىكى بۇلاقتا مەدھىيە» ناملىق بىر پارچە شېئىرى،
بىر پارچە يۇرۇشلەشكەن كۇي نەزمىسىلا ساقلىنىپ قالغان. جۇڭ
سىچىڭ «ئەرۋاھلار خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا ئۇنى گۈەن يۈن-
شى، سەيدۇللا قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. بوخۇم-
نىڭ ئوغۇللىرىدىن خۇي خۇي، ناۋناۋلارمۇ داڭلىق شائىرلاردىن
بولۇپ قالغان.

## ۋۇما تېغىدىكى بۇلاقتا مەدھىيە

قارشى قىرغاق تاغ بۇلاقنىڭ مەنبەسى ئەسلىي سۇزۇك،
توپا باسقان لىپتىلىق بۆكنى يۇيادۇر بىر جاناب.
خۇددى سەيياھ بىرلە مۇڭداشقان كەبى سۇنىڭ ئۈنى،
تۇگىسە بۇگۇنكى گەپ، ئۆتكەننى سۆزلەر شارقىراپ.

ئىزاھ:

ئاپتور ۋۇما تېغىدىن ئۇتۇۋېتىپ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىنى
كۆرگەندىن كېيىن يازغان بۇ شېئىردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلە-
پىدىكى مالىمانچىلىقنىڭ تۈگىگەنلىكى، ئالەمنىڭ تىنچىغانلىقى
تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا بۇلاق سۈيىنىڭ كۆڭلىدىمۇ نۇرغۇن
گەپلەرنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئالەمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بۇ يەرگە
كەلگەنلەرگە قالدۇرماي سۆزلىگۈسى كېلىدىغانلىقى بايان قىلىن-
غان. شەيئىلەر ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن بۇ شېئىر
ناھايىتى سۇزۇك ۋە راۋان يېزىلغان.

# يۈرۈشلەشكەن كۆيلەرگە تېكىست

## ئوردىغا ئىستىپا

〔شەنلۈي〕 دېڭجياڭچۈن

مەيلى مەينەت دۆڭدە ياتسام بولسىمۇ ئاچچىق پۇراق،
باشقىلارنىڭ ئالقىنىدا تۇرغىنىمدىن تىنچ قولاق.
تېپىشىپ سىرداش بۇرادەر ھەمتاۋاق،
چىقىرىپ ئەستىن ئەلەمنى ئويناساق،
بىز گويا زاھىت بۇدەم پىنھان ئورۇن ئورمان، بۇلاق.

〔خۇنجياڭلۇڭ〕

كەڭ ـ كۇشادە خام چاپان،
بەل ئېگىپ قول قوشتۇرۇش يوق ئەمدى بەگلەرگە تامام.
ئالدىمىزدا لىققىدە مەي بىرلە جام،
غەم ـ ئەلەم، ئەندىشە پۈتكەي ۋەسسالام.
ئويناساق شاھماتنى، ئايدىڭ سۇ بويى، تاڭ ئاتقىچە،
ناخشا بىرلە كۈزگە يەتكەيمىز ئامان.
تاغ ئىچىدە نەقەدەر ئازادە جان،
دەل ـ دەرەخنىڭ سايىسى ئىزگۈ ماكان.
سۈپسۈزۈك سۇدا چۆمۈلسەك شادىمان،
جەننەتۇلمەئۋادا تۇرغاندەك ھامان.
بۇ تېتىقسىز پانىي ئالەم بىزگە بەش قولدەك ئايان.
گۈل ـ گىياھ نان بىزگە، ئوت ـ چۆپلەر كىيىم،
ئارغىماق ئاتتىنمۇ يەڭگىل قىيغىتارمىز ھەر تامان.

www.uyghurkitap.com

〔يوۋخۇلۇ〕

مال سۇغارمايمەن ئۆيۇم سۇنىڭ بويى ئەپلىك تۇرۇپ،
مەيلى كەتسەممۇ گادايلىقتا قۇرۇپ.
ئەسلىي ئەركىنلىك ئارام ئىنسان ئۇچۇن،
نە سەۋەب ماڭماق كېرەك مەنسەپ كويىدا قۇل بولۇپ.
كۆككە سۇنسام يەتكۇدەك پۇت ـ قوللىرىم بۇ دەم بىكار،
نەي چالۇر سۆزمەن لېۋىم مۇڭلۇق هاۋانى تولدۇرۇپ.
دەرد ـ ئەلەمدە ۋۇ زىشۇي ئۆرنەك ماڭا،
ئۇسسىسام شۇي يۇنى ئەسلەيمەن يېگانە ئولتۇرۇپ.
ئاي ـ دالا كەڭرى تېپىلغاي تاغ ئىچىدىن سەيلىگاھ،
ۋە لېكىن ئىزدەپ ئەمەل يانغان كىشىنى كۆرمىدىم،
يول يېرىملاشقاندا قولىنى قوشتۇرۇپ.

〔تيەنشيالي〕

پادىشاھلار خىزمىتىن، هەق گەپ، تۇگەتمەك بەكمۇ تەس،
بولدى قىلغىن، بولدى، بەس.
ئۇلگۇرەلمەيسەن تاسادىپ نەرسىگە،
ۋەج شۇ يەمچۇكنى ئىزدەيدۇ بېلىق،
تائەزەل قارماقنى ئۇ كۆرگەن ئەمەس.
شۆھرىتىڭ كەتكەي قولۇڭدىن بىر يولى،
سەن ئەگەر بولساڭ بىخەستە بىر نەپەس.
ۋاي ئىست دەپ قايرىلىپ باققان مەھەل،
كۇز كېلىپ چاچقا قىرو قونغان پەۋەس.

## 〔نا تولىڭ〕

كىم ئەگەر ئۆچقان چېچەكتەك تۆتسا ناكەس دوستۇ يار،
كىم ئەگەر ئىتتەك، مۈشۈكتەك، ئۆزئارا قىلسا ئازار،
پەش قېقىش ۋاقتى ئۆلارنىڭ كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە بار.
مەنپەئەت ـ نامغا ئېرىشكەن چاغلىرى
باغۇ بوستاندا ياشايدۇ بەختىيار.
ئاخىرىدا پىتىرىغان هايۋان كەبى،
هەممە نەرسە ئىز ـ دېرەكسىز يوق بولار.

## 〔چۆ تاجى〕

سۇ بويى شىپاڭغا كەلدىم مەست بولۇپ،
يېتىۋالدىم تاغ ـ ئېدىرلارغا تولۇپ.
ئاڭلىسام ساپلا قۇرۇق شۆھرەت گېپى،
نارەسىدە يۇرت سورارمىش بەگ بولۇپ.
نە كېرەك مەنسەپ يولىدا جان بېرىش،
بەلۋېغىم هەم توننى كۆمدۇم قەبرىگە،
خەنجىرىمنى چاڭ ـ توزان ئىچرە قويۇپ.

## 〔جىشىڭساۋ〕

شۇنچىلىك يۇمران پىشپىتۇ قىرغاۋۇل،
جامدا ئوبدان ئېچىتىلغان مەي يانا،
ئۆرۈلۈپ تام ۋە قاشا سۇ باسسا ئۆينى نە غېمىم.
پەنجىرەمدە ئاي نۇرى هۇجرامغا ئوت،
شال پالاقىنى سېلىپ قويدۇم، قېلىن سۇپام مانا.
سورىساڭ هالىمنى قورساق ئاچ شۇ دەم،

كىيىمىم كونا ردى بەكمۇ، ئۇستىۋاشتا يوق پانا.
مەيپۇرۇش ھۆردىن ئىچەرمەن نەچچە تۇلۇك،
ئۆلىمالار بەزمىسىدىن مۇشۇ تۇرمۇش خوپ ماڭا.

〔سۇنلى ياگۇ〕

تاشلىدىم قەسىر - سارايىنى بولسىمۇ توققۇز قەۋەت،
كۆللى ئالەم قويىنىغا ئالدى ئەبەد.
تاپمىقىم يارۇ بۇرادەر، نەزمىكەش بىرقانچە دوست،
پانىي دۇنيا كۇندۇزىنى ئۆتكۈزەيلى بىرگە دەپ.
بۇغا، مايمۇن ئىككى ياندا ھەمرىيىم،
قۇدرىتىم بار ئەجدىھادىن بىرلا سەكرەپ ئۆتكۈدەك.
تاغ گۈزەل ئۇندىنمۇ ئۈز سۇنىڭ ئۈنى،
قاشتېشى جامنى قۇچاقلاپ مەي ئىچىش،
خوپ ئەمەسمۇ ئۆتكىنىمدىن تىزلىنىپ ھەم ئەنسىرەپ.

〔يۈەن خېلىڭ〕

قالدى ئەمدى مەن پىقىرغا تاغدا ئەركىنلىك ياراپ.
ئۇشبۇ ھال ياخشى ئېرۇر ئوردىدا بولغاندىن خاراپ.
تاش قەسىر، كۆركەم راۋاق، ئالتۇن ئىشىكلەر سانى يوق،
ئۈنچە - مارجان پەردىلەرنى ئىلمىكى تۇرغان تاراپ.
خەستە كۆلبەمنىڭ تېشىدا تىلسىمات دۇنياسى بار،
يايرىغاي كۆڭلۈم پەرىشتەلەر ماكانىغا قاراپ.

〔شاڭ ماجياۋ〕

ئاي نۇرى چۈشتى قېيىق ئۈزرە تامام،
ئالدىمىزدا مەيگە تولغان نەچچە جام،



www.uyghurkitap.com

بولسا جان ئىچمەك كېرەك، كەيىپ يەتسە ھەممە ۋەسسالام.
توختىدى نەيىنىڭ ئۈنى، ئەلياتقۇدىن ئۆتتى ۋاقىت،
بولغۇدەك ئالساق ئارام.
تورنا ئاۋازىدا پەسلى كۈز ئايان.

〔يوسىمىن〕

جاھاننىڭ ئىشلىرى تەگدى يۈرەككە،
پەقەت مەي يەتكۈزەر ئارزۇ ـ تىلەككە.
پىقىر مەيخور ئەمەستۇر تا ئەزەلدىن،
كۆڭۈل بارمايدۇ ئار ـ نومۇس، ئەلدىن بۆلەككە.
بىردەم شانۇ شەۋكەت، بىردەم زاۋاللىق،
مەست بولساق چىدايمىز جىمىكى دەردكە.

〔خۇتىڭخۇا〕

تېپىپ تاغ باغرىدىن سەيلانە بوستاننى،
پەرىدىن مەي ئالايلى توشقۇزۇپ جامنى.
يىغىپ ئالەمدىكى ھۆرى ـ غىلماننى،
ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسەك ئەمەسمۇ خوپ،
زىياپەت بەرگۈچە چاقىرىپ غوجام ـ بەگ، شاھىمەرداننى.
سەۋەبىنى سورا مەندىن دىمەيمەن يار،
قويايلى ئۆز پېتىچە ھەممە پىنھاننى.
ئىدى كۆككە تەئەللۇق نەي ئۈنى ئەسلى،
ساداسىدىن سالايلى زىلزىلىگە بۇ خىياباننى.
پىقىرنى بىلمىگىل ھەرگىزمۇ سۆزمەن دەپ،
شاراب تولغان قاپاقلارنى ئېسىپ شاخقا،
قېيىقلارچۇن تاپايلى توختىماققا بىر پىرىستاننى.

〔ليۇ يېئېر〕

باراقسان تاغ، سۇزۇك سۇدىن يانارىم يوق.
بازارنىڭ شۇنچىلىك قايناقلىقى بىرلەنمۇ كارىم يوق.
قۇرۇپ كەتسۇن ئەمەل، پەيلىنى بىلمەك تەس،
قەپەس ئىچرە سائادەتكە تەمەيىم يوق.
يېرىمنى ھەيدىسەم ئوت - چۆپ يۇلۇپ مەيلى،
تېرىپ ئاشلىق كۆلۈپ يۇرسەم ھارارىم يوق.
مۇشۇنداق ئۆتمىكىم مۇتلەق ئەگەر بىلسەڭ،
يۇرىكىمدە ئەلەم - ھەسرەت، ساراسىم يوق.

〔خاتىمە〕

رىزادۇرمەن تەسەللى ئىچىدە ئۆتسەم ھاياتىمدىن،
شۇڭا، رازى ماڭا قىلغان تۇمەنىڭ ئىلتىپاتىڭدىن.
سەۋەب بەك قورقىمەن ئىچسەم نىچۇك ھالىم،
پىچەت چاپلاپ ئەۋەتكەن مەي - شارابىڭدىن.
ھاسامغا تايىنىپ كىيسەم چورۇق مەيلى،
تېپىلغاي سەيلىگاھ بوستان مېنىڭ سۆيگەن ماكانىمدىن.
تاڭ ئاتقاندا بۇلۇتلارنى قىلىپ ھەمراھ،
كېرەك يوق كۆزدە ئاھ ئۇرسام بىساتىمدىن.
ئىچەي مەي ھەممە ئايماقتىن قېيىقتا ئاي نۇرى بىرلە،
ئېقىپ تۇرسۇن سۈيى دەريا - دېڭىزنىڭ ئىككى يانىمدىن.
ئېقىن شىددەت قەيەردە مەن كىرەي شۇڭغۇپ،
مېنى ياڭجۇغا كەپتۇ دەپ بىلۇرسەن نەيدە زارىمدىن.

ئىزاھ:

يۇەن دەۋرىدىكى يۇرۇشلەشكەن كۇيلەر ئەركىن ئۇدارلىق

كۈي، نەغمە، چوڭ نەغمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تاڭ دەۋرىدىن بۇيانقى چوڭ كۈيلەرنى، ئوردا ئاھاڭلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئادەتتە ئوخشاش مېلودىيىدىكى نۇرغۇن كۈيلەر ئۇلانما ھالەتتە ئورۇنلىنىدۇ. يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر بىر - ئىككى كىچىك كۈيلەر بىلەن باشلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ بولىدىغان بىر قىسىم كۈيلەر تاللاپ كىرگۈزۈلىدۇ، خاتىمە ئورنىدا چۈشۈرگۈسى بولىدۇ. بۇ نەزمىدىكى «ئوردىغا ئىستىپا» نامى ئاستىدا يېزىلغان تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم نەغمە ئاھاڭلىرىغا لايىقلاشتۇرۇلغان. بۇ نەغمە ئاھاڭلىرىنىڭ ئىسمى يۈەن دەۋرىدىكى قېلىپلاشقان ئىسىملار بولغاچقا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىدى.

ئاپتور بۇ نەزمىدە ئوردىدىن ئىستىپا سوراپ، زاھىت بولۇپ كېتىشنى تەكرار تىلغا ئالىدۇ. بوخۇمنىڭ ئۆزى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى كاتتا ئەمەلدار، قۇبلايخان تەرىپىدىن «سول قولۇم» دەپ ئاتالغان ھوقۇقدار. ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا ئوردىدىن ئىستىپا بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان مۇنداق نەزمىنى يازدۇ؟ بىرسى، مۇنداق يېزىش شۇ چاغدىكى ئىجادىيەتتە مودا بولۇپ قالغان ئەھۋال. جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خورسىنىش، باش ئېلىپ يىراققا كېتىش يۈەن دەۋرىدىكى ئەركىن ئۇدارلىق كۈي تېكىستلىرىدىكى گەۋدىلىك تېمىلارنىڭ بىرى. داڭلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يېزىشقا ئادەتلەنگەن. يەنە بىرسى، بوخۇم ئۆزى ياشاپ تۇرغان شۇ مۇھىتتا ئىچكى نىزا - جاڭجاللارنىڭ ئىنتايىن قەبىھ ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئۇ: «مەينەت دۆڭ، ئوي - چوڭقۇرلاردا كۈن ئېلىش، خانلارنىڭ ئالقىنىدا تۇرغاندىن ياخشى»، «ھەق گەپنى قىلغاندا پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى، ئۆزئارا سۈيىقەست قىلىشلىرى ئىچىدە

ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن. قۇبلايخان بوخۇم
نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇنى ئەتىۋارلىغان بولسىمۇ،
چىڭگىزۇڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئەھۋال ئۆزگەرگەن. چىڭگىزۇڭ
بوخۇمنى چاقىرتىپ: «مەن سىزنىڭ نېمىشقا كېسەل بولۇپ
قالغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن. سىز باشقىلارغا ئەگەشمە-
گەندىكىن، باشقىلارمۇ سىزنى ئەتىۋارلىمايدۇ. ئورنىڭىزغا دۆەن-
جېنىنى قويساق بولار؟» دېگەن چاغدا، بوخۇم بۇ گەپنىڭ
تېگى - تەكتىنى چۈشەنگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىشەنچتىن مەھ-
رۇم بولغانلىقىنى بىلگەن. ئەلۋەتتە، رېئاللىقتىن قېچىپ، زا-
ھىتلىق يولىنى تۇتۇش دەۋرگە بولغان پاسسىپ پوزىتسىيە. لې-
كىن، نەزمىدە مۇشۇ ئارقىلىق يۈەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سى-
نىپلار ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەت پاش قىلىنغان. بولۇپمۇ نەزمە-
دىكى پادىشاھ - خانلارغا بولغان نارازىلىق ئارقىلىق پاك بىر
ئەمەلدارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن بىر يولدا ماڭال-
مايدىغانلىقىنى ھەم بىر يولدا مېڭىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىپا-
دىلىگەن. بۇ، ھوقۇق - مەنپەئەتنى جان تىكىپ تالىشىدىغان
رەزىل ئەمەلدارلارنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا توغرا ئىدى-
يە. بوخۇمنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان چوڭ
ئەمەلدار تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق پاساھەتلىك نەزمىنى يازغانلىقى، ئەر-
كىن ئۇدارلىق كۈي تېكىستلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى ھەقىقە-
تەن ئىنتايىن قىممەتلىك.

# خاۋ تيەنتىڭ

خاۋ تيەنتىڭ (1247 — 1313) ئۇيغۇر. ئۇنىڭ دادىسى
قوشان باتۇر قۇبلايخان ۋە شيەنزۇڭ دەۋرىدە خىزمەت كۆرسەتكەنـ
لىكى ئۈچۈن خېدۇڭدىكى ۋاقىتلىق ۋازارەتتە تۇمەنبېشى (ناـ
يۇن) بولغان. خاۋ تيەنتىڭ تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، كۆڭلى
تۇز يىگىت بولغاچقا، قۇبلايخان ئۇنى شەرقىي سارايدا قورۇقچى
ياساۋۇللۇققا قويغان. خاۋ تيەنتىڭ يۈەن دەۋرىدىكى داڭلىق شاـ
ئىر يۈەن خاۋۋېننى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن
بولغاچقا، مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىدە دىۋان بېگى، يۈنەن ۋاقىتلىق
دىۋان ۋازارىتىدە كېڭەش بېگى، مەمۇرىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى،
شەنشىنىڭ خەنجۇڭ دېگەن يېرىدە تەپتىش بېگى، شەنشى تەپتىش
بېگى مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى، قارا دىۋاندا ئوڭ قول
ۋەزىر، باش تەپتىش مەھكىمىسىدە ياردەمچى تەپتىش قاتارلىق
ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. ۋەزىرلەر بىلەن كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلغانـ
دا، ئوخشاشمايدىغان پىكىرلەرگە يۈز ـ خاتىر قىلماي رەددىيە بېرەـ
لىگەچكە، زېڭزۇڭ، ۋۇزۇڭ، رېنزۇڭلارنىڭ ھەممىسى ئەتىۋارلاپ
ئىشلەتكەن. بەش جىلدلىق «يۈنەن خاتىرىلىرى» نى يازغان.

## خانلىق مۇئەككىلى لى داۋفۇغا

مەسلىھەت بەرگەچ خاقانلار ئىشىغا ھەمدەم بولۇپ،
يان تاياق قىلدى ئۇلار سىزدەك پاراسەت ئەھلىنى.
ئەقلىڭىز شەنشىنى ئايرىپ ئىككىگە تاپتى شەرەپ،
ئۇتتىڭىز چىننى بۆلۈپ ئۇچكە ئاۋامنىڭ مەيلىنى.

چاك ـ توزاندىن خالىي بولدى، چىگرىدا يۈتتى ئۈرۈش،
كۆردى ئالەم خۇددى يامغۇرلۇق باھارنىڭ پەسلىنى.
مەن يىراقتىن زەر ئىشىكلىك ھۇجرىغا سالدىم نەزەر،
مەقسىتىم ئاڭلاپ بىيىت، كۆرمەك جانابىنىڭ ۋەسلىنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا پادىشاھلارنىڭ توغرا يول تۇتقانلىقى ۋە لى داۋفۇنىڭ تۆھپىسى مەدھىيىلەنگەن. شېئىرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى لى داۋفۇ ھەققىدە بولغان. ئاپتور لى داۋفۇ بىلەن ئوردىدا بىللە ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي قاراشلىرى ئوخشاش بولغان. ئاخىرقى ئىككى مىسرادا ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇق تىلغا ئېلىنغان.

## پەرىشتە قىز ماگۇنىڭ مېھرابىغا قەسىدە

يول بۇلۇتلۇق قاپقىدىن ئۆتكەندە بوستاننى كۆرۈڭ،
سېھرى بار ئوت ـ چۆپ، شەپەقنىڭ رەڭگى قاچقاننى كۆرۈڭ.
قالمىغان نوم ئۆگكۈردە ئول قەدىم رىتسىپ تامام،
كۇملاچتىن بىرسىمۇ يوق دورا داڭقاننى كۆرۈڭ.
خەت ئېلىپ كەلمەپتۇ ئەلچى قۇش ئومايدىن بۇ دەقىق،
جورىسىز ئەنقا ئىلاھى ئۆيگە يانغاننى كۆرۈڭ.
ھاڭ قىيا دەرۋازىسى ئالدىدا دائىم نەۋ باھار،
بەرگى قوش شاپتۇل چېچەكلەپ سايە سالغاننى كۆرۈڭ.

ئىزاھ:

ماگۇ رىۋايەتلەردىكى پەرىشتە قىز. شېئىردا رىۋايەتلەردىكى پەرىشتىلەر ماكانى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. شېئىر ناھايىتى راۋان، تەبىئىي، رەڭدار قاپىيىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. مەنزىرە تولىمۇ كۆركەم تەسۋىرلەنگەن.

# گاۋ كېگۆك

گاۋ كېگۆك (1248 — 1310) ئۇيغۇر، ئاتا - بوۋىلىرى
غەربىي يۇرتتىن، ئۆزى يەن بەگلىكىنىڭ فاڭشەن دېگەن يېرىدە
چوڭ بولغان. دادىسى تىرىشچان ۋە بىلىملىك ئادەم بولۇپ،
«پالنامە» ، «شېئىرنامە» ، «نەسرنامە» ، «چۇنچيۇ» قاتارلىق
كىتابلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. گاۋ كېگۆك دادىسىنىڭ تەلى-
مى بىلەن يۇقىرىدىكى كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. دەس-
لەپتە ۋازارەت مۇلازىمى بولغان، كېيىنچە جېجياڭدا مەھكىمە
كاتاۋۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن. چېڭزۇڭنىڭ دادې يىللىرى تەپتىش
بەگلىكىگە قويۇلغان. مەنسىپى زىندان پىرقىسىنىڭ يانداش بەگ-
لىكىگىچە كۆتۈرۈلگەن.

گاۋ كېگۆك ھەم شائىر، ھەم مەشھۇر رەسساملارنىڭ بىرى.
يۇەن دەۋرىدىكى خەتتات، رەسسام جاۋ مېڭجاۋ گاۋ كېگۆكنىڭ
رەسىملىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «بۇ زاماندا كىمنىڭ قەلىمى
بىرىنچى دېيىشكە توغرا كەلسە، نەسرنامىچىنىڭ كەيىپ بولغاز-
دىن كېيىنكى ماھارىتىگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ ياز-
غان. گاۋ كېگۆكنىڭ شېئىرلىرى ئىنتايىن سۇزۇك، ئىنچىكە
بولغاچقا ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب يارىتقان. يۇەن دەۋرىدىكى شائىر
ياڭ گۇەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بېرىپ: «گاۋ ھەزرىتىمنىڭ
شېئىرلىرى ۋەزىن جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، قاپىيىدىمۇ
ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. رەسىملىرى داڭلىق. خۇددى ۋاڭ
مۇجى (ۋاڭ ۋېي) جەنچۇەندە، لىۇ بوشى (لى گۇاڭلىن) ۋەنگو-
دىكى سالدا ئولتۇرۇپ يازغاندەك، تەسەۋۋۇر بىلەن مەنزىرىنى
بىرلەشتۈرگەن. ئاغزىدىن چىققان گەپنىڭ ئۆزىلا شېئىر. ئە-

سەرلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل پۆراق بار» دەپ تەرىپلىگەن. شا-
ئىرنىڭ «فاڭشەن توپلىمى» ناملىق شېئىرلىرى بار.

## يۆياڭ راۋىقى

مانا جىڭ، جۇ يېرى سانسىز ئېقىملارغا قۇچاق ئاچقان،
قەدىمدىن شۇڭغىچە مەشھۇر راۋاق ھۆسنىگە نۇر قوشقان.
قونۇپ نەنيۆ بىلەن خېڭشەن زېمىننى ئۇلىغان بىرگە،
ئېگىز تاغ ئاستىدا دۆڭنىڭ سۈيى قىرغاق تامان تاشقان.
كېلىپ قوينىغا ئازادە قونالغۇ ئىزدىگەن تۇرنا،
قېلىن ئورمان قېتىدا ئوينىشىپ مايمۇن دەرەخ ئاشقان.
سالاسۇندا تۇرۇپ ئاپئاق چېچىمنى سىلىدىم بىردەم،
كېتىپتۇ خان ئۇچۇن ئىشلەش چېغى، ماغدۇر - كۈچۈم قاچقان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىدا يۆياڭ راۋىقىنىڭ ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرە، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە بۇ راۋاقنىڭ نام - شۆھرىتى، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بايان قىلىنىغان. بەشىنچى، ئالتىنچى مىسرالىرىدا يېقىندىكى كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەنگەن. ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى مىسرادا قېرىپ نەزەردىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈشى يېزىلغان. پۈتكۈل مىسرالار زىچ ماسلىشىپ، راۋان مېلودىيە ھاسىل قىلغان.

## جۇڭبى راۋىقىدا سىزىلغان رەسىمگە

ئۆي قاراڭغۇ قارا يامغۇردىن مانا،
كەچتە كۈن كۆرسەتتى تاغنى، يوق مانان.



www.uyghurkitap.com

سال بىلەن كىرسەم قومۇشلۇق قويىنىغا،
ئۆرلىگەندەك بولدى سۈدىن ئىس - تۇمان.

ئىزاھ:
بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى سىزغان رەسىمگە يازغان شېئىر. شېئىر ناھايىتى ئىخچام، جانلىق يېزىلغان، ھەتتا رەسىمنى تىرىلدۈرگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئوقۇغان ئادەم ئۆزىنى رەسىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ.

## شىنجۇ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە

نەچچە مىڭ چاقىرىم تەبىئەت شۇنچە ياش،
خان يولى تاش ئالما قاسناق بىرتۇتاش.
يېتىلىسەم ئاتنى شامال تۆكتى چېچەك،
ئەتىياز مەندىن ئىكەن بەك ئالدىراش.

ئىزاھ:
شېئىردا يول بويىدىكى باھار مەنزىرىسى ئىنتايىن جۇشقۇن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يۈەن دەۋرىدىكى شائىر ۋاڭ شىشى «بۇ شېئىردا تاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ شىجائىتى بار» دەپ يېزىپ، ئۇنى تاڭ شېئىرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان.

## گېياڭدىن ئۆتكەندە

ھەيدىدى گۈلدۈرماما يامغۇرنى تاغنىڭ كەينىگە،
بولدى تۆپتۈز تاغ - بۇلۇت بەرداش بېرەلمەي زەربىگە.
كەچ كىرىپ چوپان تاپالماي قالدى قايتىشقا ئامال،
بىلمىدى تاشقان قىيان باقمايدىغاننى مەيلىگە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ سەپەر ئۈستىدە يامغۇردا قالغانلىقى يېزىلغان. يامغۇرنىڭ ئەلپازى ۋە تاغنىڭ قىياپىتى، كۈن كەچ بولۇپ ئۆيگە قايتالمايۋاتقان پادىچىنىڭ تىت - تىت بولغانلىقى ناھايىتى تەبىئىي تەسۋىرلەنگەن. ئاخىرقى مىسرادىكى ئەھۋال ئالدىنقى ئىككى مىسرادىن شەكىللەنگەن مۇقەررەرلىك. قىياڭ-نىڭ شىددەتلىك كەلگەنلىكى پادىچىنىڭ ئۆيگە قايتالمايۋات-قانلىقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان. شېئىردىكى ۋەقە ئادەمنى تە-سىرلەندۈرگىدەك سەمىمىي بايان قىلىنغان.

## جىڭكودىن ئۆتكەندە

مەن شىمالدا ئاشىنالىق تۇرىندەك دەپ ئويلىغان،
ئەمدى كەلسەم بىرسى مەغرىب، نەچچىسى مەشرىق تامان.
كونا شىپاڭدىن كۆرۈش ئەتراپىنى زىنھار تەس ئەمەس،
ئەمما، كۈن پاتقاندا يالغۇز ئولتۇرۇش بولدى يامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ سەپەر جەريانىدىكى زېرىككىشلىك كۈنلىرى، دوست - ئۆلپەتلىرىگە بولغان سېغىنىشى يېزىلغان. شىمالدىكى بۇرادەرلىرىنىڭ تۇرىنغا ئوخشاش يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ كېلىپ تۇرمىغانلىقى، تاماشا قىلىشقا ئەرزىيدىغان كونا شىپاڭ - راۋاقلارنى ئۆزى يالغۇز ئايلانغاچقا، ئېگىزرەك جايغا چىقىپ بېقىشقىمۇ كۆڭلى بارمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## مەنزىرە

دەرەخلىقنىڭ ئىچىدە ئاققىنە ئىس، جىم تۇرۇپ قالدىم،
تاسادىپ سەكرىگەن تاشقا سۇزۇك سۇنى كۆرۈپ قالدىم.

بولۇپ تاپماق بېشىنى ئەگىلىپ ماڭسام ئېرىقلاردىن،
قومۇشتىن چۆرگەن هويلا ـ قاشا ئۆيگە بېرىپ قالدىم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرە ئارقىلىق، شائىرنىڭ سەيلە ـ ساياھەتتىكى يېقىملىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، ئوي ـ خىياللار مەنزىرە ئىچىدىن ئورۇن ئالغان. شېئىر ئىنتايىن چىرايلىق يېزىلغان.

## قەيسەر راھىبقا

ئېتىكاپتا ئولتۇرالماسلىق ئىدى نەزمە ئىشى،
قايتتى تەيخۇغا بىلىق تۇتماققا سالدا ياز ـ قىشى.
باشقا چاغلاردا ئۇنى تاپماقچى بولساڭ سەن ئەگەر،
بار يېرى مېيخۇا تۈۋى يە بولمىسا سۇنىڭ بېشى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا مېيخۇا گۈلى ھۇپپىدە ئېچىلغان باغدا ياكى سۇنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ نەزم يېزىشقا ئامراق بىر راھىبنىڭ ئەھلى ـ جامائەتتىن يىراق جايدا ياشايدىغانلىقى، غەلۋە ـ غوۋغادىن نېرى بولۇپ، ئەركىن ـ ئازادە ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقى يېزىلغان. شېئىرنىڭ رىتمى راۋان، جۇشقۇن، ناھايىتى قىزىقارلىق.

## راھىب قورۇسىغا نەزىرە

يېشىللىق كۆپلۈكىنى كۆرگۈلۈك مۇخلارنى باسقاندىن،
ئۆزى تىككەن، گىياھلار ھۆسنىنى سۆيگەچكە ئۇ جاندىن.
ھاۋايى ـ نەپس يۇرەككە سالغۇدەكمىش داغ دېگەچ ئۇزات،
باھاردا تالى مەجنۇننى چۇشۇشكە قويمىغان تامدىن.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا تەقۋادار بىر راھىبنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ياشاشقا ئىنتىلگەنلىكى، ھەتتا بىھۇدە ئوي ـ خىياللارنى پەيدا قىلمىسۇن ئۈچۈن تامدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن مەجنۇنتاللارنىمۇ كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقى يېزىلغان. شېئىردىكى كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشتىن تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

# قاڭلى بەيخۇا

قاڭلى بەيخۇا، ئۇيغۇر. تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. ئىسـ-
مىدىن قارىغاندا قاڭلى قەبىلىسىدىن. بىر پارچە شېئىرى ساقلىـ-
نىپ قالغان.

## شيا يۈيۈ سىزغان «تۇمانلىق دەرىيادىكى قاتمۇقات تاغلار» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

بىر ئەزىم دەريا كېلۇر مىنشەن تېغىدىن ئاتلىنىپ،
گاھى چوڭقۇر، گاھ تېيىز مەشرىققە ماڭغان شادلىنىپ.
بىردە كەلكۈن، بىردە دولقۇن سوقۇلۇپ قىرغاق تامان،
مەۋج ئۇرۇپ• مەغرىب تەرەپتىن چوققىلارنى ئايلىنىپ.
قاتمۇقات تاغ قوينىدا لەيلەيدۇ گويا قاشتېشى،
چوڭ - كىچىك گۇشەن ياتار سۇنىڭ يۈزىگە باغلىنىپ.
كۆرۈنەر قەلئەگە ۋۇچاڭ سىپىلىدىن دەل - دەرەخ،
زەپىران ئوت - چۆپ تۇتاش شاتۇتى دۆڭگە قاقلىنىپ.
كەپە ئۆي، يالغۇز ئارال يوقسۇل كىشىلەرگە ماكان،
ئىت، توخۇ ئاۋازى يوق، ھېچكىم كېلەلمەيدۇ مېڭىپ.
تۇرنىلار ئاستانە ياقتىن ئۇچىدۇ رەت - رەت ناۋان،
يەككە يەلكەنلەر ئۈپۈققا كېتىدۇ بىر - بىر سىڭىپ.
توختىسا شياڭنەندە يامغۇر سوقىدۇ كۆز سەلكىنى،
چىرقىراپ مايمۇن، يوپۇرماق سۇغا چۈشكەن ئىلىنىشىپ.
ئۆرلىگەن جىڭمېندە ئاي چىققان مەھەل كەچكى ئېقىن،
ياپپېشىل جيۈيىدا كۆز، ياتقان بۇلۇتلار مىنگىشىپ.

www.uyghurkitap.com

مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان سەيياھ بولۇپ قىلدىم سەپەر،
ۋە لېكىن يۇرمەپتىمەن ھېچقانچە كۆپ يۇرتنى كېزىپ.
كىرسىچۇ چاڭجياڭ چۇشۇمگە دەر ئىدىم كۆپتىن بۇيان،
خۇشلۇقۇم كۆرسەتتىڭىز قەغەزدە ھۆسنىنى سىزىپ.
سىنچىلاپ تىكتىم كۆزۇم ھەرقانچە باقسام قانمىدىم،
شۇنچە گۇڭگا خۇددى قالغاندەك يۇزىگە ياغ تېمىپ.
قورقىمەن ئۇنى ئېلىپ قاچسا پەرىشتە نە ئامال،
راست ئاشۇنداق بولسا گوكەيجى قالارمۇ دەپ ئىست!

ئىزاھ:

رەسىمگە بېغىشلانغان بۇ شېئىر نۇقتىلىق ھالدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ھەيۋەتلىك، گۇزەل مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەن. دەسلەپكى ئىككى مىسرادا ئون مىڭ يوللۇق ئەزىم دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى، ئۇنىڭ قاتمۇقات تاغلاردىن ئايلىنىپ، شارقىرىغان پېتى دېڭىزغا قاراپ ئاقىدىغانلىقى، تاغلارنىڭ قاشتېشىغا ئوخشاش ھالىتى يېزىلىپ، شېئىر بارا - بارا يىراقتىكى تاغلاردىن رەسىمنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ - كىچىك گۇشەن تاغلىرىغا يېقىنلاشقان. ئومۇمەن، ئالدىنقى ئالتە مىسرادا رەسىمنىڭ تولۇق قىياپىتى، بولۇپمۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاغ تىزمىلىرى يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىسرالاردا ۋۇچاڭدىكى دەل - دەرەخلەر، شاتۇتى دۆڭلۈكى، ئارالدىكى كەپە ئۆيلەر تىلغا ئېلىنغان. بۇ پەۋقۇلئاددە كۆرۈنۈش رەسىمنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «تۇرنىلار» دىن باشلانغان مىسرالاردا ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەن يەلكەنلىك كېمىلەر، شياڭنەننىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى، جىڭمېندىكى ئاينىڭ يورۇقى يېزىلغان. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە رەسىمدىكى مۇكەممەل كۆرۈنۈش يىراقتىن يېقىنغا، دائىرىدىن نۇقتىغا، يەنە نۇقتىدىن دائىرىگە ئۆتۈپ، كۆز ئالدىمىزدا روشەن بىر دۇنيانى نامايان قىلغان. كېيىنكى

سەككىز مىسرادا شائىرنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنى چۈشىدىمۇ ئوي-
لايدىغانلىقى، هازىرغىچە ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە
ئاشمىغانلىقى، بۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تولىمۇ
خۇشال بولغانلىقى، رەسىمنى قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمىگەنلى-
كى يېزىلغان. شېئىر شائىرنىڭ ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىغا
بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. پۈتكۈل شېئىردىن
شائىرنىڭ رەسساملىقتىن خەۋىرى بارلىقى ۋە رەسىم ئەسەرلى-
رىدىن يۈكسەك دەرىجىدە هۇزۇرلىنالايدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# لي جي

لي جي، ئۇيغۇر. تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. بىر پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## سونەن سىزغان «لاۋزىنىڭ قومۇشلۇقى» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

چىڭقى ياز، سۆسۈن بۇلۇت، جۇشەندە بىردىن سوغ مانان،
قارا يامغۇرلۇق شامال شياگجياڭنى قىلدى قەھرىتان.
ھەر قەلەمنىڭ ئاستىدىن تاپتىم مەدەت ئالەمشۇمۇل،
قەددى تىك بامبۇك قومۇشلارنىڭ ئۈندە يەر - جاھان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا رەسسام سونەن (جېڭ سىشياۋ) سىزغان رەسىمدىكى مۇھىت تېخىمۇ جانلاندۇرۇلغان. گەرچە ياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسىمۇ، شىددەتلىك بوران - يامغۇردا جۇشەن تاغلىرى، شياگجياڭ سۇلىرىدا سوغۇق مانان لەيلەپ، يېشىل بامبۇك قومۇشلارنىڭ شارىلدىغان ئاۋازى ئەۋجىگە چىقىدۇ. شائىر مۇشۇنداق كۆرۈنۈش ئارقىلىق مۇقەددەس ئانا يۇرتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خەلقنىڭ قەبىھ شارائىتتىمۇ بامبۇك قومۇشقا ئوخشاش تىك تۇرغان مەردانە قىياپىتىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ دادىسى يۈەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلارغا ئەگىشىپ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇش جېڭىگە قاتناشقان. لېكىن، شائىردا

مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك بولمىغاچقا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى-
دىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ھەققانىي ئىرادىسى ۋە ئۇلار يازغان
ئەسەرلەرنى قەدىرلەپ كەلگەن. بۇ شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەر
مىللەت خەلقىگە بولغان ھۆرمىتىنى، ئۇلارغا بولغان چىن ئەقى-
دىسىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىسى
www.uyghurkitap.com

# جاۋ شىيەن

جاۋ شىيەن (1260 — 1336)، ئۇيغۇر. ئوڭغۇت قەبىلە-سىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن. بوۋىسى ئەنجۇر چىڭگىزخانغا ئەگە-شىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن موڭغۇل - خەنزۇ قوشۇن-لىرىغا ئەمىر ۋول ئومىرا بولغان. سىچۈەنگە باسقاق بولغان چاغدا، چېڭدۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دادىسى خېيزى ئەمىر ۋول ئومى-رالىقتا ۋارىسلىق قىلىپ ۋېنجۇ ئايمىقىدىكى تۇبۇتلارغا تۈمەن بېشى دارۇغاچ بولغان. جاۋ شىيەن ئەقىللىق، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن يىگىت بولغاچقا، يىگىرمە ياشقا كىرگەندە قۇبلايخان ئۇنى ھۆزۇرىدا قوبۇل قىلىپ زوراغاللىق مەھكىمىسىگە ئەۋەتكەن ۋە تەپتىش بېگى مەھكىمىسىدە پراكتىكانت ئەمەلدارلىقتا تەيىنلە-گەن، مىرزىبەگلىكتىن تەپتىش مەھكىمىسىدىكى دادخاھلىقتا، ئاندىن باش مۇپەتتىشلىككە ئۆستۈرۈلگەن. 27 يېشىدا كېڭەش ئۆلىماسى ۋە جياڭنەندىكى خۇبېي يولىدا مەمۇرىي باش تەپتىش بولغان. بۇ جەرياندا تەرىقەت ئىلمىنى يولغا قويغان، دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى قۇرغان، بىدئەت ئىبادەتخانىلارنى ئەمەلدىن قال-دۇرغان، سۇ ئامبارلىرىنى ياسىغان، ئادەم سېتىشنى چەكلە-گەن. دادېنىڭ 6 - يىلى شەندۇڭدىكى مەمۇرىي باش تەپتىشنىڭ ياردەمچىلىكىدىن جياڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە تەپتىشبەگ بول-غان. 10 - يىلى ئەنشى يولىغا باش بۇغ بولغان. چېڭزۇڭ، ۋۇزۇڭ، رېنزۇڭ، يىڭزۇڭ، تەيدىڭدى، مىڭزۇڭ، ۋېنزۇڭ، شۇندى قاتارلىق توققۇز خانلىقتا ئۆتكەن ئەللىك يىللىق ھاياتىدا زوراغاللىق مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، دانىش - ئۆلىما-لار كامالەتخانىسى، سىچۈەندىكى ۋاقىتلىق ۋازارەت قاتارلىق جاي-

لاردا ئىشلىگەن، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى، باش مۇشاۋىر، قارا دىۋاندا ۋازارەت مۇئەككىلى قاتارلىق ئەمەللەرنى تۇتقان، ئىلگىرى - كېيىن بىرنەچچە قېتىم تۆرە بولغان. ئوردىدىكى چېغىدا نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، سىرتتا ئىشلىگەندە زور تۆھپىلەرنى ياراتقان. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «يۈرت سوراش قامۇسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

## خېخشەن تېغىنىڭ جۇرۇك چوققىسىدا خانغا ۋاكالىتەن قىلىنغان دۇئا - تىلاۋەت

بۇلۇتنىڭ يىلتىزىغا دەسسىدىم سەلكىن بىلەن ئۆرلەپ،
تۆۋەندە تاغ چۇمۇلە ئۇۋىسىنىڭ ئۇستىدەك قالغان.
ئۆزۈم كۆكتە، ئادەملەرنىڭ سۆزىنى تەستە ئاڭلايمەن،
ئۇپۇقتىن ئەمدى چىققان كۈن نۇرىدا چايقىلار ئوكيان.
بېرىپ جىلڭ، ۋۇ كەبى يۇرتلار ئارا كۆپ رەت ئەمەل تۇتتۇم،
ئېقىپ يۈرگەن قەدىم روھتىن بىنا بۇ يەر بىلەن ئاسمان.
ئوقۇپ دەستۇر ئۆزۈمنىڭ كۈنىنى ئالسام ئەجەب ياخشى،
ماناندا ئولتۇرۇپ كۆرمەك قىيانى بارمىدۇ ئىمكان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا نەنيۈ تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا شائىرنىڭ راھىب بولۇپ كېتىش ئىدىيىسى ئاشكارىلانغان. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ شېئىر ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم جياڭنەنگە بېرىپ ئەمەل تۇتقان ۋاقتىدا يېزىلغاندەك قىلىدۇ. جاۋ شىيەن رېنزۇڭنىڭ يەنيو 3 - يىلى (1316 - يىلى) ئوڭ قول ۋەزىر تېمۇدىرنى ئەيىبلىگەن، تېمۇدىر ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغان. 1321 - يىلى رېنزۇڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تېمۇدىرنىڭ ۋەزىرلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. تېمۇدىر باشقىلارنى جاۋ شىيەنگە قارا چاپلاتقۇزۇپ، ئۇنى تۈرمىگە

ئالغۇزغان. تەيدىڭنىڭ 2 ـ يىلى (1325 ـ يىلى) جاۋشىيەن تۈرمىدىن چىقىپ، جياڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە تەپتىش بەگـ نىڭ ياردەمچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ- نىڭدا دەھشەتلىك سىياسىي كۈرەشلەردىن ئۆزىنى تارتىش كەيپىـ ياتى بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## خۇاياڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تاش شىپاڭ

نەقەدەر ھەيۋەت بۇ تاغ، چوڭقۇر جىرا، سۇ سۈپسۈزۈك،
كۆكنى سۆيگەن ئارچىلار، بامبۇك قوچاقىدا شىپاڭ.
باقىي ئالەمنى كۆرۈشكە بار ئىكەن مۇمكىنچىلىك،
خۇددى كەلگەندەك كۆچۈپ بۇ جايغا جەننەت بىر زامان.
چۈشلىرىمدە سەلتەنەت، ئاچسام كۆزۈم يوق تاجۇ تون،
تاش تۈۋرۈكلەر ئۆز پېتى، ئادەم كېتەركەن بەك ئاسان.
قەرز ئېلىپ مەشرىق تەرەپتىن بىر كىچىكرەك ھۇجرىنى،
ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ جىم، بولغۇدەك ئۆتسەم ئامان.

ئىزاھ:

شېئىردا دەسلەپىدە شىپاڭنىڭ يىراقتىكى مەنزىرىسى، ئان- دىن تۆت ئەتراپىدىكى كۆرۈنۈشلەر يېزىلغان. 3 ـ، 4 ـ مىسرا- لاردا ئىبادەتخانا جەننەتكە ئوخشىتىلغان. كېيىنكى مىسرالاردا ئۆزىنىڭ راھىب بولۇپ كېتىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بىر ئۆمۈر ئەمەل تۇتۇپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە تۆۋە ـ ئىستىغپار بىلەن ئۆتسە بولىدى- غانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئەلۋەتتە، بۇ شائىردىكى بىردەملىك قاراش، ئۇ راھىب بولۇپ كەتمىگەن. پەقەتلا دەھشەتلىك سىيا- سىي كۈرەشلەردىن زېرىككەنلىكىنى، پىنھان ماكان تېپىپ كۆڭ ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# جۇزىڭ سىزغان «كۆز پەسلىدىكى كۆل»
# ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

ئەجەب كۆركەم نىلۇپەر ھۆسنى كەچ سۇدىن قاراپ تۇرسا،
ئۇچار قۇش كۆزدىكى كۆلگە قونۇشقا ئالدىراپ تۇرسا.
ئېگىلگەن كۆك قومۇش بىرلە قۇرۇق لوتۇس جېنى باردەك،
سېرىق سەبدە ھىدى گۈللۈك ئارا ھەريان پۇراپ تۇرسا.

ئىزاھ:

بۇ بېغىشلىما رەسىمدىكى ئاساسلىق مەنزىرە كۆز پەسلىدىكى كۆل، ئۇنىڭدىكى قۇرۇپ كەتكەن لوتۇس، سۇنۇپ كەتكەن قومۇش ۋە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار. شائىر مۇشۇ مەنزىرىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك، ھەممە ئادەم بىلىدىغان نىلۇپەرنى سىزمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان.

www.uyghurkitap.com

# ما زۇچاڭ

ما زۇچاڭ (1279 — 1338) ، ئۇيغۇر، ئونگۇت قەبىلىسى-
دىن. ئۇلۇغ بوۋىسى ما چىڭشياڭ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى شىلد-
جى، جىن سۇلالىسى قوشۇنىدا دادخاھ بولغان. چوڭ بوۋىسى
قۇبلايخانغا ئەگىشىپ، سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى جەڭلەرگە قات-
ناشقان. بوۋىسى ما شىچاڭ داڭلىق زاتلار بىلەن ئارىلىشىمەن
دەپ قولىدىكى بىساتىنى تۈگىتىپ، نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قال-
غان. دادىسى مارۇن قەلەمدارلىق بىلەن ئەمەلدارلىق سەھنىسىگە
كىرىپ، گۇاڭجۇ ئايمىقى (بوگۇنكى خېنەن) دە قورۇل ساقلاپ،
شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ما زۇچاڭ يەتتە يېشىدىلا بىلىم ئېلىشقا كىرىشكەن. رېن-
زۇڭنىڭ يەنيو 2 - يىلى (1315 - يىلى) تەۋسىيەدارلىق
ئىمتىھانىغا قاتناشقان. يېشى قىرىققا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، مە-
ھەللىۋى ئىمتىھان ۋە ئومۇمىي ئىمتىھاندا بىرىنچى بولغان،
ئوردا ئىمتىھانىدا ئىككىنچى بولغان (ئۇ چاغلاردا بىرىنچىلىك
چوقۇم موڭغۇللارغا تەئەللۇق دەپ بېكىتىلگەن) ۋە دانىش -
ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا ۋەزىپىگە قويۇلغان، تەپتىش بەگلىكىگە
تەيىنلەنگەن. تېمودىرنىڭ ئون تۇرلۇك جىنايىتىنى خانغا يوللاپ،
ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان. تېمودىر مەنسىپى ئەسلىگە
كەلگەندىن كېيىن، ما زۇچاڭنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ،
كەيپىڭ دېگەن يەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. تېمودىر ئۆلگەن-
دىن كېيىن دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىغا قايتىپ بار-
غان، تەپتىش مەھكىمىسىدە ياردەمچى تەپتىش، زوراغاللىق مەھ-
كىمىسىدە مۇئاۋىن بەگ بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە، سالامەتلى-

كى ياخشى بولماي گۈاڭجوغا كەتكەن. ما زوچاڭ شېئىر ئىجادى-يىتىدە ناھايىتى داڭلىق بولغان. ئالدىنقى چىن ۋە ئىككى خەن دەۋرىدىكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ، مەزمۇنى چوڭقۇر شېئىرلارنى يازغان ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. شەرقىي جىجياڭنىڭ تەپتىش بېگى سۇ تيەنجۆ ئۇنىڭ ھەققىدە: «ھەزرەتلىرىنىڭ شېئىرى سۇي - تاڭغا يېقىن، تېخىمۇ يىراقتىن سۆزلىسەك خەن ۋە ۋېي سۇلالىسىغا ئۇلىشىدۇ. كېيىنكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىقىنى ئۆزگەرتكەن» دەپ يازغان. «تۆت يۇرۇش كىتابلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنى» ئۇنىڭ شېئىرى ھەققىدە «بۇ شېئىردىن يۇكسەك ئىقتىدار ۋە ساغلام كەيپىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ‹ئاستانە دەرۋازىسى›، ‹قىران چاغلاردىكى ساياھەت›، ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى چوڭ، كۆۋرەپ ئېقىۋاتقان دەريالاردەك جۇشقۇن، ھېچقانداق توسالغۇغا پەرۋا قىلماي ئىلگىرىلەيدىغان شىجائەت بار» دېگەن قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ما زوچاڭ ئەمەلدار بولۇشتىن ئىلگىرى مەشھۇر تاغ - دەريالارنى ساياھەت قىلغان. ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ جايلارنى كۆرگەن. بۇ ئۇنى مول ئىجادىيەت ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەن. ما زوچاڭ پۇقرالارنىڭ ئاھۇ زارىنى خېلى ئوبدان بىلگەن بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىدا ئىزىلگۈچىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن، سىنىپىي زىددىيەتنى پاش قىلغان، ئەمەلدارلىق مەيدانىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە زامانىنىڭ ئىللەتلىرىگە بولغان نارازىلىقىنى بايان قىلغان. «شتيەن توپلىمى» ناملىق ئون بەش جىلد ئەسەر يازغان.

## يۈەن بەيجاڭنى جېجياڭغا ئۇزاتقاندا

ھارۋىكەش بىرلە مۇلازىمغا دېدىم: تاڭدىن بۇرۇن
تەق قىلىڭلار يولدا لازىملىق يېمەكنىڭ بارىنى.

www.uyghurkitap.com

ئات بىلەن هارۋا چىرايلىق بولسىلا پۈتمەيدۇ ئىش،
يەنە قانداق ئېھتىياج، دەرھال بېرىڭلار سانىنى.
چۈنكى، سىزگە تۈنجى يول چىڭچى دالاسىدىن ئۆتۈش،
كۆرىسىز ئالۋان سەۋەب قاچقان يىگىتلەر هالىنى.
قېرىلارنى دورغا - يايى باغلىغان ئارقان بىلەن،
بىلگىلى بولمايدۇ باش - كۆز جىسمىنىڭ ساق جايىنى.
ئېھتىمال بەرگەن بولارسىز رەھمى ئەيلەپ بۇردا نان،
قۇتقۇزارسىز بىرلا جان، نە قىلغۇلۇق كۆپ ئاھىنى.
بەكمۇ تەستە خوشلىشىپ چىققاندىڭىز ئاستانىدىن،
تېز مېڭىڭ، تاپماق قىيىندۇر بۇندىن ئۆزگە چارىنى.

ئىزاھ:

بۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئۆزىتمىش شېئىرى. ئۇنىڭدا ئاپتور دوستىنىڭ ئىستىقباللىنىڭ-ياخشى - يامان بولۇشى ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ئەكسىچە يول بويى پۇقرالارنىڭ ھەر خىل ئاپەت تۈپەيلى دۇچار بولغان ئېغىر قىيىنچىلىقلىرىنى تەسۋىرلىگەن، ئۆزىنىڭ ۋە دوستىنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

## مەي ئىچكەن چاغلىرىم

قەدىم چاغدا مېنىڭ يەتتىنچى ئەجدادىم،
كېلىپ لىنتاۋ خۋاكخي غەربىدە ئات باققان.
چوغاي تاغقا كۆچۈپ ئالتىنچى ئەجدادىم،
ئۇرۇش - دۇمباق ئاۋازىغا قۇلاق قاققان.
بۇ جايىنى ئىلكىگە ئالغاندا جىن خانى،
بوۋاملار ھەممىدىن بالدۇرلا ئەل بولغان.
ياشاپ سادىق، تەمەگەر بولمىغان ھەرگىز،

يۈرەكىدە بىلىم ئالماق ئوتى يانغان.
قۇرۇلغان خەندە قاي خانلىق كۆرۈپ - ئاڭلاپ،
ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگىنىپ تاپقان.
بۈيۈك تاغدا ۋەزىر - ۋۇزرا قاتاردا،
كىچىك مىللەت تۇرۇپمۇ كۆپ بەدەل قاتقان.
ئەمىنلىك چاغلىرى بەگلەر كىرىلگەن بەك،
پىسەنت قىلماي كىتاب - دەستۇرگە مۇشت ئاتقان.
يېزىلغان چوڭ - كىچىك بۇ ئىش بولۇپ تارىخ،
يامانلار شۇ يامانلىقتىن زاۋال تاپقان.
تۇغۇلدۇممۇ ئۆزۈمنىڭ روھىنى پاكلاپ،
بولاي دەيمەن تەرىقەت يولىدا ياتقان.
زامانىنىڭ رايىغا دائىم بولۇپ ھەمدەم،
نۇرۇمنى قاشتېشىدەك ئەلگە تارقاتقان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۆھپىسى ۋە يۈز يىل مابەينىدىكى ۋەتەن مەدەنىيىتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرى، شۇنداقلا شائىرنىڭ تەرىقەت ئىلمى ئۇستىدىكى تەتقىقاتى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ تەلىمى ئارقىلىق زامانغا ھەمدەم بولۇش ئىرادىسى يېزىلغان. تېخىمۇ قىممەتلىكى، شېئىردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئورتاق شەكىللەنگەنلىكى، مەيلى خەن سۇلالىسى بولسۇن، مەيلى تاڭ سۇلالىسى بولسۇن، بۇ گۈللەنگەن ئىككى ئىمپېرىيىگە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئورتاق كۈچ چىقارغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چوقۇم بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشى لازىملىقى، دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى، بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىقى كۆرسىتىلگەن. تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن خا-

لىي بولغان مۇنداق قاراش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بولغان تونۇشنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش.

www.uyghurkitap.com

## كۆرگۈچى بىلەن تېرىغۇچىنىڭ سۆزلىرى

كۆپىيىپتۇ يېڭى ئېتىز مۇندا خېلى،
ئەمدى يۇقىرا ئاچ ئۆتمەيدۇ ئاش - نان يوق دەپ.
تولۇۋەتسە ئالدى بىلەن باج - خىراجنى،
كۆنى كېتەر ئۆزلىرىگە ئاشقاننى يەپ.
دېسەم، بوۋام سۆزلەپ كەتتى تەزىم بىلەن،
بىر يىللىق ھوسۇل دېگەن شۇنچىلىك گەپ.
ئەمەلدارلار بۇرۇن ھەمدەم ئىدى بىزگە،
ياردەملەشكەن ئۇلاغ بېرىپ، يەرنى ھەيدەپ.
بۈگۈنمۇ ھەم ياردەم ئۈچۈن كەلگەنلەر بار،
ئەمما، ئاتلىق چېپىپ يۈرەر يەرنى چەيلەپ.
بارغىنىڭدا تۆرلەرگە ئېيتىپ قويغىن،
كەلمىسىمۇ ياشاۋېرىمىز ئەپلەپ - سەپلەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتور بىلەن دېھقاننىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق، يۇەن دەۋرىدىكى تېرىقچىلىققا مەسئۇل بەزى ئەمەلدارلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى، نامدا دېھقانلارغا ياردەم بېرىمىز دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا زىيان سالىدىغانلىقى، يۇقىرالارنى بىزار قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شېئىر ئاددىي تىل بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن پىكىر ناھايىتى ئۆتكۈر قويۇلغان.

## شاپتۇل

نەنشەن ئېتىكىگە شاپتۇل تىكسەم،
ئۈچ يىل ئۆتكەندىمۇ ھوسۇل ئالمىدىم.
شەرقتىكى پاسىلغا كاۋا تېرىسام،
يۈز كۈن بولغاندا يىغىپ ھارمىدىم.
كېيىن پىشىدىغاننى بىلمىدىم بولغاي،
دەرھال يەيدىغاننى ھارماي تاللىدىم.
جەننەت گىياھىنى تېرىسام دەيمەن،
مىڭ يىل ساقلارمەنمۇ، بولدى شاللىدىم.

ئىزاھ:
بۇ بىر پارچە پەلسەپىۋى شېئىر. ئۇنىڭدا زىرائەتنى بالدۇر – كېيىنلىكىگە قاراپلا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، قانچىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ شۇنچە تەستە قولغا كېلىدىغانلىقى شەرھلەنگەن.

## لىخجۇ ئايمىقى

دەريانىڭ غەربىگە ئەمدىلا يەتسەم،
سېغىنىش بىلىندى خۇددى چۇشۇمدەك.
پايانسىز ئۈزۈمزار رەڭدار شاراب – مەي،
بېدىلەر دۆۋىلەنگەن ئېتىزغا رەت – رەت.
ياپياش قىز – چوكانلار مىنىدىكەن ئات،
لېكىن، قېرى – چۈرىلەر بىلمەيدىكەن خەت.
چوكانتال مەزگىلى ئېتىزنىڭ ئىشى
يەر ھەيدەش، ئوت يۇلۇش بولۇپتۇ ئادەت.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ لىڭجۇ ئايمىقىغا بارغاندىن كېيىن كۆرگەنلىرى ۋە ھېس قىلغانلىرى يېزىلغان، بۇ يەردىن ئۈزۈم چىقىدىغانلىقى، بېدە تېرىلىدىغانلىقى، مەي ـ شارابلىرىنىڭ داڭ-لىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، ئادەملىرىنىڭ قاۋۇل ئىكەنلى-كى، ھەتتا قىز ـ ئاياللىرىنىڭمۇ ئات مىنىشكە ماھىرلىقى، لېكىن ياشانغان ئادەملەرنىڭ خەت تونۇمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. شۇن-داقلا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ گەرچە ھەم دېھقانچىلىق، ھەم چارۋى-چىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن تېرىقچىلىقتا تازا ئەستايى-دىل ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن. شېئىردا ۋەكىللىك خاراكتېر-دىكى زىرائەت ۋە شۇ چاغدىكى تۇرمۇش ئادىتى نامايان قىلىنغان.

## خۇاڭخې ۋە خۇاڭشۇي دەريالىرى بويىدا

1

چەۋەندازلار ئېسىپ يانى چوغاي تاغىغا ماڭغاندۇر،
شىكار ئەيلەپ كىرىپ جىلغا ئارا ئاق بۆرە ئاتقاندۇر.
باھاردا تۇرنىلار كەپتۇ، لېكىن كۆكنۇردا دولقۇن يوق،
گىياھ ئۈنگەن ئاناسايغا كالا ـ قويلار ياراشقاندۇر.

2

پىرسىيىلىك سودىگەرلەر ئاتتا قوملۇقتىن ئۆتەر،
كەچلىرى كولدۇرما ئاۋازى بىلەن يول پەرق ئېتەر.
تەرسە مەغرىب سۇلىرىدىن ئۈنچە ـ مارجان ھەر كۈنى،
شەرق ئېلىدىن تۆگىگە ئارتىپ يىپەكنى ئېپ كېتەر.

ئىزاھ:

خۇاڭخې ۋە خۇاڭشۇي دەريا بويلىرى يۇەن دەۋرىدە گەنسۇدى- كى ۋاقىتلىق ۋازارەتكە قاراشلىق شىنىڭ ئايمىقى. ئالدىنقى شېئىردا شۇ جايلارنىڭ مەنزىرىسى، چەۋەندازلارنىڭ قەھرىمانلى- قى تەسۋىرلەنگەن. كېيىنكى شېئىردا پىرسىيىلىك سودىگەرلەر- نىڭ يىپەك يولىدا ئېلىمىز بىلەن ئېلىپ بارغان سودا ئىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## پارچە

### 1

ئولتۇرادۇر نارەسىدە ناخشىچى بەرباب بىلەن،
پۇلى بار بەگزادىلەرنى ئوينىتىپ ھەرباب بىلەن.
چالغىنى كەيىۇەن يىلى روياپقا چىققان نەغمىلەر،
پۇل بۇ يەردە تەڭ گويا ئاسماندا ئۇچقان چاڭ بىلەن.

### 2

ھەم فىرۇزە، ھەم جاۋاھىر بىرلە لىق تولغان كېمە،
بەلۋېغى ئالتۇن، قۇلاقتا ھالقا ئاسقان ھەر كىشى.
دەيدۇ ئۇلار بىز ياشاپ تۇرغان يىراق يۇرت پىرسىيە،
ھەممىمىز مارجان تېرىيمىز، يوق ئېتىزدا ھېچ كىشى.

ئىزاھ:

بۇ ئەسلىي يەتتە پارچە شېئىر بولۇپ، بۇ يەردە ئىككىسىلا تاللانغان. ئالدىنقىسىدا ئاقسۆڭەك بەگزادىلەرنىڭ ئەيش - ئىش-

ـرەتلىك تۆرمۆشى يېزىلغان ۋە ئاپتورنىڭ پۈلنى غازاڭنىڭ ئۇرنىـ
ـدا خەجلەيدىغانلارغا بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى
شېئىردا پىرسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ سودا
بىلەن شۇغۇللانغانلىقى يېزىلغان. ئاخىرقى مىسرادا ئۇلارنىڭ
قۇلۇلە ـ مارجانلارنى يەر تېرىغاندەك تېرىيىمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ
بايلىقى بىلەن ماختانغانلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

## دۆك رىنپۇنى شيەنشى تەپتىش
## مەھكىمىسىگە ئۇزىتىش

راستلا ئون مىڭ يول ئۇزۇن، مەغرىب جەنۇبى كەڭرى يۇرت،
پادىشاھنىڭ يارلىقىدا كاتتا تەپتىشكە قارام.
كۆككە بوي تارتقان كەبى چىنلىندىكى ئورمان ـ دەرەخ،
كېلىدۇ باجياڭ سۈيى قارلىق ئېگىز تاغدىن تامام.
ئەل ئاسايىش، خەۋپ ـ خەتەر كەلمەسكە كەتكەن بۇ دەقىق،
ئەمما، دۆلەت ئۆلىماغا تەلمۈرەدۇر ھەر زامان.
يارۇ دوستلار سىزنى ھۆرمەت بىرلە ئوبدان كۆتكۆسى،
بارسىڭىز بىر ئالدىراشلىق كۆتىدۇ سىزنى ھامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا دوستى بارىدىغان يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى،
پايانسىزلىقى، ئۇ يەردە نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىـ
قى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئاقىل ـ ئۆلىمالار
بولمىسا بولمايدىغانلىقى يېزىلغان. ئاخىرىدا دۆك رىنپۇنىڭ تالانـ
تى، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئولتۇرغاندىن كېيىن راۋۇرۇس بىر ئىش
قىلىشى لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان. شېئىردىكى پىكرىي مەنزىرە
كەڭ، شېئىر تەبىئىي، راۋان يېزىلغان.

# تاش ئېتىزلىق كۆلىدە تۇرغان چاغلىرىم

## 1

كۆك يېغىن تاشلىغۇەتتى بىزنى غەمگە،
بوغدايلار سېسىدى پايلىماي نەمگە.
يىل يامان، ئاچلىقتىن بولدى ئۆلگەنلەر،
ئىلاھتىن سادا يوق، چەككەن ئەلەمگە.
بەگزادە - بايلارنىڭ يېمەكلىرى تەل،
ھاللىقلار مەي ئىچىپ خەجلەيدۇ تەڭگە.
ماغدۇرسىز پۇقرانى ھەيدەيدۇ تېخى،
ساقلايسەن چېگرا دەپ ساڭگەندەك يەرگە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئۆز زامانىسىدىكى سىنىپىي قارشىلىق چوڭقۇر پاش قىلىنغان، قەھەتچىلىك يىللىرى دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، تىرىك قالغانلارنىڭ نادامەتى يەتمىگەندەك، يىراق چېگرا جايلارغا ھەيدەلگەنلىكى، ئاقسۆڭەك - پۇلدارلارنىڭ ئەيش - ئىشرەت بىلەن ياشاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

## 2

يامغۇر تولا يېغىپ كىيىم - كېچەك ھۆل،
بوغداينى يىغالماي يۈرەكلەر زېدە.
ئاتلارنى چۆكتۈرۈپ كېتىدۇ پاتقاق،
بۇركۇتمۇ ئۇچالماي ياتىدۇ يەردە.
ھارۋا ياغىچىنى قالايمۇ بولدۇم،
يامغۇر سۈيى ئۆتۈپ تېشىلدى ئۆگزەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تام تۇۋىدە سازاڭ، پاقىنىڭ ئۈنى،
بولمىدى قېيىقتا يىراق كەتمىسەم.

ئىزاھ:

بۇنىڭدا ئاساسلىقى يۇرت ــ مەھەللىلەردىكى يامغۇر ئاپىتى، ھەتتا خېلى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشكەنلىكى، دېھقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېخىمۇ بەتتەر ھالەتتە قالغانلىقى يېزىلغان.

3

بەك گاداي خۇەينەن دېگەن بۇ چەت يۇرت،
ئورماندا ئۆيۈم بار دادامدىن مىراس.
ھەرياندا قۇش ئۈنى، گۈللەر ئېچىلغان،
بېلىقلار سەكرەيدۇ ئەتىيازغا ماس.
قولۇمدا مېۋىلىك دەرەخ دەستۇرى،
چالغۇدا پەرىلەر رەتلىگەن ئاھاڭ.
قەدىناسلار مەندىن خاپا بولۇشۇپ،
يىراقتا قالدى دەپ سۆزلەمدىكىن، تاڭ!

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ خىلۋەت ماكانغا يوشۇرۇنۇپ، پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى، گىياھلاردىن ھوزۇرلىنىپ، ساز چېلىپ، ئازادە ياشاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئوردىدا ئەمەل تۇتقاندىن مۇشۇنداق ئۆتكەن ياخشى دېمەكچى بولغانلىقى يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە چەتكە قېقىلغانلىقى ۋە بۇ ئىشقا بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن.

# چىغرىق دەسسەپ سۇ چىقىرىش

دۆپ ياغاچتىن ئوق ياساپ، قارىغايدىن نور چاپقان،
ئايلانغاندا چىغرىق توختىمايدۇ غىچىلداپ.
دەسسەۋەرگەچ يۇرتداشلار قاداق بولغان پۇتلىرى،
چۈش بولغاندا قورساق ئاچ يىغلىشىدۇ مىشىلداپ.
يېرىلغان يەر تاشتەك چىڭ، قۇرۇپ قالغان مايسىلار،
كۆك ئاسماندىن چۈشمەيدۇ بىر تال يامغۇر تامچىسى.
پۇلى بارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئېتىزلار،
قىممەت ئاشلىق ساتىدۇ بازارلاردا قانچىسى.
قارىماققا تەس ئىكەن دېھقان بولۇپ ياشىماق،
غالچا بولسا بايلارغا تۇرمۇش ياخشى ئۆتكۈدەك.
ئاجىزلارنىڭ رىزقىغا ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپ،
پارا بېرىپ بەگلەرگە ئويناۋەرسە يەتكۈدەك.
خەت تونۇغان ئادەم مەن يېشىم قىرىققا ئۇلاشقان،
چىغرىقنى دەسسەشكە پۇت - قولۇمدا يوق مادار.
بۇ دەردلەرگە پايلىماي نەزمە تۈزسەم ئېتىزدا،
ئاڭلىغانلار ئىسەدەپ كۆزلىرىدىن ياش تامار.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا چىغرىق دەسسەپ سۇ چىقىرىۋاتقان بىر قېرى دېھقاننىڭ ئاھۇ زارى ئارقىلىق تەبىئىي ئاپەت، يەر ئىگىسى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇق - زومبۇلۇقى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر چىلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئاپتورنىڭ جاپاكەش دېھقانلارغا بولغان ھېسداشلىقى ئىپادىلەنگەن، «قارىماققا تەس ئىكەن دېھقان بولۇپ ياشىماق» دېگەن مىسرادىن باشلاپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە باي - تۆرىلەر مەسخىرە قىلىنغان.

## يىپەك تارتقۇچىلار

غوزىدىن يىپەك تارتىمىز غۇيۇلدايدۇ چاق،
ئوت يېقىپ، قايناتمىساق ئەھۋال چاتاق.
ئاق يىپەك، سېرىق يىپەك تاۋلىنار شۇنچە،
غوزىدىكى ئۆلگەن قۇرت ئاچلارغا تاماق.
دېھقان ئايالىنىڭ يۈزىدە شادلىق،
يىپەك سېتىپ بىر رومال ئالارمەن دەپ.
قېيناتا ـ قېينانا سىلكىپلا كەتتى:
ئوغلىمىز ھاشاردا ئويلىمامسەن، — دەپ.
كەچ كۈز، كىيىم يېلىڭ، چۈشمەمدۇ قىرو،
چاقنى ئېگىرمەي نېمە تۇرىسەن؟ »
گېپى ئۇلارنىڭ تېخى تۈگىمەستىنلا،
« ھاكىم كەلدى، — دېدى بىرسى، — غەزەپ بىلەن. »
قامچىغا لازىم بولغان ئىكەن يىپەك يىپ،
ئايال بىرىۋەتتى ئۇنى چاقتىن ئېلىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بەتنىيەتلىكى ئېچىپ تاشلانغان. دېھقان ئايالىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، يىپەكتىن مول ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالارمەن دېگەن خىيالى، قېيناتىنىڭ ھاشاردىكى ئوغلىغا قىشلىق كىيىم ئېلىپ بېرىشكە ئالدىرىغانلىقى، ئاخىرىدا ھاكىمنىڭ قامچىسىغا يىپ لازىم بولۇپ، چاقتىكى يىپەكنى قويماي ئېلىپ كەتكەنلىكى، بىر ئۆيلۈك كىشىلەردىكى ئارزۇنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقى ناھايىتى ئاددىي يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن پېرسوناژلارنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئوبرازى مۇكەممەل سۈرەتلەنگەن.

# بىر ئايالنىڭ زارى

كۆن ئۆزۈن، يولنىڭ جەنۇبى، ئىدى ئاز قالغان باھار،
بىر ئايال توڭغانمۇ سالقىندا ۋە ياكى دىل ئازار.
مەن دېدىم: «سىزگە نېمە ئىش بولدى مۇنچە مۆڭلىنىپ،
كىيگۈدەك ھەم يېگۈدەك ئۆيدە يوقمۇ روزىغار.
توق يۈرۈپ ئىسسىق ماكاندا ئۆتكۈلۈك غەمسىز خۇشال،
خورسىنىپ ئۇھ تارتىسىز يا سىز بىرىگە ئىنتىزار؟»
بۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ بەردى ماڭا تەستە جاۋاب:
«مەن ئىچىپ، كىيسەم كىيىم ئۆتكەن بولامدىم بەختىيار.
قۇتقۇزۇشقا كەمبەغەلنى كەلسىمۇ يارلىق يەنە،
يۈز بېرىپ شىۋۇڭ، باۋدا ئاپەت بولدى كۆپلەر نانغا زار.
قېيناتام بىلەن ئانامنى باغلىدى لەشكەر كېلىپ،
ئايرىلىپ ئەرلەر ئايالدىن، نارەسىدە بولدى خار.
بىز سويۇپ يېگەچ دەرەخنىڭ پوستىنى ئۆلدى دەرەخ،
كۆرمىسە چاشقان كېپەكنى چىدىمايدۇ ئاچ يېتىپ.
تۇل خوتۇنلارنى تىزىملاڭلار دېگەنمىش ناھىيە،
يا ئۇلارنى قۇل قىلارمىش، پۇل تاپارمىش يا سېتىپ.
بىزگە ئاش بەرسە يەنە بىزدىن ئالارمىش ھەققىنى،
يازدۇرۇپ ھۆججەت گۆرۈكەشكە بېرەرمىش يەرنى ھەم.
بۇ قەدەر مۇشكۇل ھاياتتىن كىمگە دەۋا قىلغۇلۇق،
بىزنى بۇ كۈنلەرگە قويغان ئېيتىڭا قايسى ئىگەم!»
ۋادەرىخ! تۇتتۇم ياقامنى، دەرد ـ ئەلەمگە قاپتۇ ئەل،
قالسىمۇ ئاچ ـ يالىڭاچ ئوغرى، قاراقچى بولمىغان.
قۇش بىلەن يولۋاس قەيەرگە بارسا تەييار يېمىكى،
نە سەۋەب بىزلەرگە تەقدىر قىلدى ھەسرەت ئەرمىغان؟

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا بىر ئائىلە ئايلىنىڭ شىكايىتى ئارقىلىق يۈەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان دەھ- شەتلىك زىيانكەشلىكى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان. بۇ شېئىر ما زۇچاڭنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يازغان شېئىرلار ئىچىدى- كى نىسبەتەن ئۆتكۈر يېزىلغان شېئىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئېزىلگەن، خارلانغان مېھنەتكەشلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئى- پادىلىگەن، ھۆكۈمرانلارنى قامچىلىغان. شۇنداقلا، يۈەن سۇلا- لىسىدىكى سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى، دەھشەتلىك مىللىي زۇ- لۇمنى ۋە زامانىنىڭ جاھالىتىنى ئېچىپ تاشلىغان.

## ئاستانە دەرۋازىسى

سەددىچىن سېپىلى قەدىمنى ئەسلەيدىغان جاي،
تۇرىمەن مەشرىقتىن نۇرغا پۈركىنىپ.
لۇلۇڭ قەلئەسىدىن ئېقىپ چىققان سۇ،
تۆۋرۈك تاغ سارايغا تۇرار ئۇلىنىپ.

بوينى ئاق چايكىلار ئۇچقان بۇ تەرەپ،
قىرودا كۆرۈنەر ياپراق ھال بولۇپ.
بۇلۇت دېڭىزىدا ئالەم قاراڭغۇ،
ماناندا قايىندۇ يەلكەن تولغىنىپ.

ئىزاھ:

بۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاستانىدىن چىقىپ، سەددىچىن ئۈستىدە تۇرغان چاغدىكى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شېئىر جانلىق، لې- كىن گۆڭگا يېزىلغان. قەدىمنى ئەسلىسىمۇ ئازابلانمايدىغان كەي-

پىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. گۈزەل مەنزىرە رەسىمگە ئوخشاش ئىپادىلەنگەن. شېئىرنىڭ سىغىمچانلىقى كەڭ، ئوقۇرمەنىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ.

## تەيدىخنىڭ 4 - يىلى ئاستانىگە بارغاندا

1

خان سارايدىن چىقسا كۆز پەسلى گىياھلار يەلپۈنەر،
قىلسا ئوۋ چاڭياڭدا ئوقنى كۆتۈرەر ئەئيانلىرى.
يول بويى ئاپئاق قىرو بەيىەن سۆيگە بارغۇچە،
ناخشا توۋلاپ ئەگىشەر ئات ئۈستىدە غەمخانلىرى.

2

مىنگىنى ۋۇۋادىكى ئالەمگە داڭلىق ئارغىماق،
قولدا قۇشلاپ تۇرغىنى لاچىن ئەمەس شۇڭقار ھامان.
تىنچ ۋاقىتتا پۇلنى خەجلەيدۇ غازاڭدەك ھەر تەرەپ،
مەقسىتى شۇ يات قەبىلە بولسا ئەل خانلار تامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا تەيدىڭ خان يوسۇن تېمۇرنىڭ ئوۋغا چىققان چاغلىرى، كۈز پەسلىدىكى يايلاق مەنزىرىسى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەممە يەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان شانۇ شەۋكىتى يېزىلغان.

## ئاستانىدىكى دارىلئولۇمدا ئويلىغانلىرىم

ئوت - چۆپ شالاڭ، تاغ - ئېدىر پەس، تورغاينىڭ ئۈنى،
ئارچىزاردا يامغۇر بىلەن شاخلار ياشاردى.

كېسەك ھۇجرا، سەندەل ئوچاق، كاڭلىرى ئۇزۇن،
سالقىن بولسۇن چېدىر ئۆي دەپ تۈڭلۈك ياسالدى.
ئالتىنچى ئاي يانتاق يېگەن تۆگىلەردە سۈت،
كۈز پەسلىدە ئاسمان جىمجىت، يەرلەر تاتاردى.
تاشپاقىلىق پەلەمپەيدە خاننى كۆرەي دەپ،
سوغقا چىداپ ساقلاپ شۇنچە چىكەم ئاقاردى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاستانىنىڭ كۆرۈنۈشى، ئۆزىنىڭ دارىلئۇلۇمغا يەنە بىر قېتىم كەلگەنلىكى، گۈللەپ - ياشنىغان مەنزىرە، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي قېرىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان.

تۇۋرۇك تاغنىڭ مەغرىب يېقى ئون مىڭ چاقىرىم قۇم،
يىراقلاردىن يىراق باقساڭ پەسلىگەن قوياش.
ئىس - تۈتەكلىك شەپەق نۇرى، جىرادا يىلقا،
شىمالدىكى ئېگىز دۆڭلەر تەيشەنگە ئوخشاش.
سېۋەتلەردە سۆسەر تېرە ئاستىدا ئالتۇن،
قاشتېشىدىن لاي يۇغۇرۇپ ياسالغان چاقچۇق.
ئاستانىنىڭ قەسرى ئالدى مەڭگۈلۈك دەرەخ،
بىلەلمىدىم ئەنقا قونسا بولامدىكىن - يوق؟

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شىمالنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، ئوردىنىڭ ئاسايىشلىق مەنزىرىسى، شائىرنىڭ دۆلەت ئۈچۈن بىر ئىش قىلسام دەيدىغان ئارزۇسى، ئوردا قايتا ئىشقا قويسىدى دەيدىغان ئارمانلىرى يېزىلغان.

## يەنىلىندە جەنۇبتىن كەلگەن مېھماننى ئۇزىتىش

دەل ـ دەرەخنى پەستە قويغان شۇنچە ھەيۋەت ئاق مۇنار،
ئۇل قەدىم قەلئە ئىچىدە ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرار.
بۇندا يامغۇر بىرلە بۇغداينىڭ چىرايى شۇنچە ئۇز،
سىز بارار جايلار بۇ دەم بىر تامچە سۇغا ئىنتىزار.
كىم شىمالغا بولسا سەيياھ قۇمدىكى تۇرنا سۇپەت،
گەر جەنۇبقا كەتسىڭىز سۇ قۇشلىرى بوستانغا زار.
ئالدىمىز جىن، ۋېي گويا گۇللەرگە تولغان باغ كەبى،
ئادىمى كۆپ كۇن ئالالماي شوينا باغلاپ ئىشىك باقار.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا يۇەن سۇلالىسى جورجىتلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىنكى يۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۇرۇلمىگەنلىكى، تەرەققىي قىلمىغانلىقى، پۇقرالار-نىڭ يەنىلا نامراتلىقتا ياشاۋاتقانلىقى يېزىلغان. مىسرالاردىن ئاپ-تورنىڭ نارازىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ ئوردىدىن قايتقاندىن كېيىن قايتا ئەمەل تۇتۇشقا ئۇنىمىغانلىقى-نىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

## كاتاۋۇل جى شۆ بىلەن بىرلىكتە دوستلارنى فۇجيەنگە ئۇزاتقاندا

جىمېندىن شەرققە باقسام تىپتىنچ ئوكيان،
پەرىشتە بەردىمۇ سىزگە ئەنجۈرلۈك بوستان.
رەڭدار كېمە قارلىغاچتىن باھار ئاۋازى،
ئاق توندا ئاق قۇ بوپسىز ئاسماندا ئۇچقان.

جىنشۈيدە دولقۇن ئۆرلەپ ئۇزەر قولۇلە،
جيەنخۇدا ئوت - چۆپ تولا، ئېلۇپەر سۈنغان.
ئاستانە چاڭلىرىدا يۈزۈم كۆرۈمسىز،
جۇۋامنى جەندىگە تېگىشكەن بولسام.

ئىزاھ:

شېئىردا ئاپتورنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ، زاھىتلىق يولىنى تۇتۇش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دوستلىرىنى زاھىتلىقتا ئۆزاتقان چاغدىكى تەسەۋۋۇرى، ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەردەك بولۇپ كەتكەنلىكى تولىمۇ ئوبرازلىق يېزىلغان، شۇنداقلا ئاپتورنىڭمۇ زاھىتلىققا ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. شېئىر راۋان، مەزمۇنلۇق چىققان.

## تۆت ئاقساقالغا بېغىشلىما

قىلسىمۇ يارلىق ليۇ باڭ سۆزلىرى كەتتى بىكار،
قويدىڭىز ئەمدى قەدەم شاھزادىنىڭ قەسرى تامان.
بىر موماي بۇزدى نىيەت، ئادەمنى ھايۋان ئەيلىدى،
ئەلگە دۈشمەن بولدىڭىز، لەنەت ئوقۇيمەن ھەر زامان.

ئىزاھ:

قەدىمكىلەر شاڭشەن تېغىدىكى تۆت ئاقساقالنىڭ ياخشى گېپىنى كۆپ قىلغان بولسىمۇ، ئاپتور بۇ شېئىردا ئۇلارنىڭ لۈي خانىشقا ھەمدەم بولۇپ، خەن سۇلالىسىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن. يۈەن دەۋرىدىكى خان جەمەتىدىمۇ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان. ئاپتور بۇ شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى توقال خانىشلارغا ۋە مەسلەھەتچىلەرگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## تاغ ـ دەريالار رەسىمگە

قىيادا بۇلۇتنىڭ قوينىدا دەرەخ،
گىرىمسەن يامغۇردىن، كىمە نائىلاج.
رەسىمدىكى ئادەم بەلكى پەرىشتە،
ئۇ يىلدىن ـ بۇ يىلغا تۆلىمەيدۇ باج.

ئىزاھ:

تاغ ـ دەريالار رەسىمگە بېغىشلانغان بۇ شېئىر ئاددىي يېزىلغان بولسىمۇ، مەزمۇنى چوڭقۇر. ئۇنىڭدا پەقەت رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭلا ئالۋان ـ ياساقتىن ئامان قالىدىغانلىقى يېزىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق يۈەن دەۋرىدىكى پۇقرالارنىڭ چىدىغۇسىز ئېزىلىش ئىچىدە ياشايدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## خۇاڭخې دەرياسى

ھاك ـ توپا مەشرىق جەنۇبىغا قىلۇر تىنماي سەپەر،
تاغ ـ بۇلۇت كۆكنى تىرەپ مەغرىب شىمالىدا ياتار.
ساپسېرىق لاي ـ لاتقا قايناپ تاشىدۇ قاشقا بەدەر،
ئۆشنىسىدە بىر تۈمەن چاقىرىم ئېغىر دولقۇن ئاقار.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا خۇاڭخې دەريا ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن. بولۇپمۇ خۇاڭخېنىڭ ئۆشنىسىگە لاي ـ لاتقا ئارتىپ، گۆلدۈرلەپ ئېقىشلىرى بەكمۇ جانلىق يېزىلغان. ئۇنىڭ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ، نائىلاج مېڭىشى، ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ئالغا سىلجىشلى-

ـرى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىلغان.

## خانلىق ئېرىق بويىدا باھار

تاڭ سەھەر خانلىق ئېرىقتىن سۇ ئاقار شىر ـ شىر قىلىپ،
ئەگرى ماڭغان چاغدا ھالقا، تۇزلۇكى چاقماق سۇپەت.
قەسىرىگە ئەمدى كىرە ـ كىرمەي تۇرۇپلا بىر غېرىچ،
ئايرىلۇر جەننەت بىلەن ئىنساندىكى ئالەمچە پەرق.

ئىزاھ:

مەنزىرە ئىلھامىدىن ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن بۇ شېئىردا ئادەملەرنىڭ، شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ قىممىتى، ئورۇن ـ مەرتىۋە ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرق ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. شېئىرنىڭ سۆزلىرى راۋان، تەبىئىي، جانلىق چىققان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ما شىدې

ما شىدې، ئۇيغۇر، ما زۇچاڭىنىڭ تاغىسى. خانزادىلىكتىن تۆرىلىككە ئۆستۈرۈلگەن. دارىلئولۇمدا كاتىپ، باش مۇپەتتىش، زىندان پىرقىسىدە دىۋان بېگى، قارا دىۋاندا تەپتىش قىلغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئېتىز - ئېرىقلارنى ھۆججەتلەش-تۈرۈشكە مەسئۇل بولغان. گۇسۇ قەلئەسى (بۇگۇنكى سۇجۇ شەھىرى) نى ياسىغان. كېيىنچە خۇەينەنگە بېرىپ تەپتىش مەھ-كىمىسىدە مۆھۈردار بولغان. خې فېي قەلئەسىنى ياساشقا قاتناش-قان. بۇ چۆ يازغان «چىڭ ياڭ توپلىمى» نىڭ «خې فېي قەلئەسى-نى ياساش خاتىرىلىرى» دە ئۇنىڭ تۆھپىسى تىلغا ئېلىنغان. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا ئۈچ پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## لىكچۈەنسى ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتكەندە

ھويلا ئالدىدا قارا ئارچا بويى يۈز گەزچە بار،
ئۇۋا ساپتۇ تۇرنا ئۇنىڭ ئۇستىگە قالغاچ ياراپ.
ئۇچسا - قونسا مەيلى ھەرگىزمۇ مالامەت يوق ئۇڭا،
سايرىشى ئۆگەنگىنىدەك خۇددى بۇددادىن سوراپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا قارىماققا ئارچا ئۇستىگە ئۇۋا سالغان تۇرنا يېزىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە راھىبلارنىڭ ئەركىن تۇرمۇ-شى، پانىي دۇنيادىن ھالقىغان ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قۇشلارنىڭمۇ ئۆلاردىن سوراپ ئۆگەنگىنىدىن، بۇ راھىبلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## يولۋاس دۆڭلۈككە بېغىشلىما

بىلمىدىم ئوكيان ئىچىدىن ئۇشبۇ دۆڭ چىققان قاچان،
قاشتېشى لوتۇسقا ئوخشايدۇ سىياقى بەك راۋان.
پەس - ئېگىز شىپاڭ - راۋاق راھىب ئۇچۇن ھۇجرا بۇ دەم،
تۆت تەرەپ تەيبەيگە ۋەخپە دەپ بېرىلگەن بىر زامان.
سېھرىي شەمشەرنىڭ كۈچى يولۋاسقا تەمسىل شۇ دەقىق،
ئۇ كۆمۈلگەن يەرنى بىر چاغ ئەجدىھا قىلغان ماكان.
مەن چىقىپ ۋۇشۇەنگە ئۇستۈندىن تۆۋەن باققان چېغىم،
كۆككە ئۆرلەپ نەرە تارتقۇم كېلىدۇ بۇندا ھامان.

ئىزاھ:

ئېگىز جايلارغا چىقىپ ئۆتكەن ئىشلارغا نەزەر سالغان بۇ شېئىردا يولۋاس دۆڭلۈكىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، ۋۇ بەگلىكىدىكى خېلۈينىڭ رىۋايىتى ئەسكە ئېلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەرشىئەغا چىقىقۇدەك غەيرەت - شىجائىتى ئىپادىلەنگەن.

# شىڭ ۋېنفاڭ

شىڭ ۋېنفاڭ، ئۇيغۇر، ئوردىدا ۋازارەت مۇلازىمى بولغان. «قۇمغا چۆمۈلۈش توپلىمى» نى تۈزگەن بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. «يۈەن ماقالىلىرى» دە ئىككى پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ما زۇچاڭ تۈزگەن «شىتيەن توپلىمى» دا شىڭ ۋېنفاڭنىڭ «قۇمغا چۆمۈلۈش توپلىمى» بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنى يىنكېڭ، خېسۇنلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. لۇ يۈرېن «شىمالىي قوۋمدىكى ئەبجەش خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا شىڭ ۋېنفاڭنى شېئىرنى ياخشى يازاتتى دەپ تىلغا ئالغان ۋە ئۇنى ۋاڭ جىچيەن بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. شىڭ ۋېنفاڭ «تاڭ دەۋرىدىكى كامىللار» ناملىق ئون جىلدلىق ئەسەردە 397 ئادەمنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان. «تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى» دا، شىڭ ۋېنفاڭنىڭ بۇ كىتابى جيۇ گۇڭئەن يازغان «تاڭ شېئىرلىرى ھەققىدە خاتىرە» گە قارىغاندا رەتلىك ۋە يېڭى، قەلىمىمۇ پاساھەتلىك دەپ تەرىپلەنگەن.

## سۇ شياۋشياۋغا بىر غەزەل

ئاقسا سۇ مەشرىققە سەكرەيدۇ بىلىق مەغرىب تامان،
كەلمىگەچ خەتكە جاۋاب چيەنتاڭدا ھالىم بەك يامان.
مەن خاتا بەردىممۇ بىرسىگە كۆڭۈلنى دوست بىلىپ،
ھارۋىلىق ماڭدىم تاپاي دەپ، قاتىردىم، رەڭگىم سامان.
مەي ئىچىپ باقسام دەرەخكە سايىدىن گۈڭگا باھار،
يوتقىنىم مۇزدەك، كېچە ـ تۈن كارىۋىتىم يالغۇز ھامان.

نېلۇپەرنى نەگە تىكسە تۇتىدۇ دەيدۇ، لېكىن
تەلمۈرۈپ ھەردەم بۇ يولغا بولمىقىم تەستۇر ئامان.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا سۇ شياۋشياۋنىڭ نامى ئارقىلىق، خارلىقتا قالغان پاھىشە ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، يازغان خەتلىرىگە جاۋاب كەلمىگەنلىكى، ھەر كۈنى يولغا تەلمۈرۈپ، خاتا كۆڭۈل بەردىمۇ دەپ خورسىنىشلىرى، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، ئىچىملىككە بېرىلىپ، يالغۇز يۈرگەنلىكىدىن ئاغرىنغانلىقى، ئۆزىنىڭ يەنىلا ھېلىقى ئىز ـ دېرەكسىز كەتكەن بىرسىگە كۆڭلى بارلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان.

## چوكانتالدا ۋەزىر شىپاڭدىكى سەيلە

قارشى قىرغاق باغچە ئىچرە ۋەزىر ئەزىمەم ھويلىسى،
گۈل ـ گىياھ تىككەن ۋاقىتنى ئۇنتۇمايدۇ ھېچ كىشى.
ۋاي ئىسسىت، سوققان شامالدىن توزىدى بەرگى تامام،
سۇندۇرۇپ قىسماققا بار دەمسەن ئادەمنىڭ مىڭ بېشى؟

ئىزاھ:

بۇ چوكانتال بايرىمىدا يېزىلغان شېئىر. ئۇنىڭدا ۋەزىر ئەزىمەمنىڭ ھويلىسىغا ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچ چىقارغانلىقى، پۈتكەندىن كېيىن ئۇ يەرگە يىراقتىن قاراشقىلا بولىدىغانلىقى، ھويلىغا كىرىپ بىر تال گۈل ئۈزۈۋېلىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان. ئاپتور ئەمەلدار بولغاچقا، بۇ ھويلىغا كىرىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

# گوەن يۈنشى

گوەن يۈنشى (1286 — 1324)، ئۇيغۇر، ئەسلىي ئىسمى كىچىك يۈنشى قىيا، تەخەللۇسى تاڭسۇق، لەقىمى قومۇشلۇقتىكى راھىب. ئاتا ـ بوۋىلىرى غەربىي يۇرت بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمىسار ناھىيە ئەتراپى) دىن. بوۋىسى ئەلى قىيا سۇڭ سۇلالىسىنى تىنچىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن ئەمەلدار بولغاچقا، خۇگۇاڭ ۋازارىتىدە سول قول ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، چۇ بەگلىكىنىڭ تۆرىسى دېگەن نام ئۇتۇغات قىلىنغان. جىجىڭنىڭ 8 ـ يىلى جياڭلىن بېگى دەپ ئەنگە ئېلىنغان. دادىسى گوەن جىگې جياڭشىدىكى ۋاقىتلىق ۋازارەتتە ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان، چۇ بەگلىكىدىكى ساداقەتمەن تۆرە دېگەن نام ئۇتۇغات قىلىنغان. كىچىك يۈنشى قىيا يۈز ـ كۆزىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، تەقى ـ تۇرقى قاۋۇل بالا بولۇپ ئۆسكەن. 12 ياشلارغا كىرگەندە قولىغا ئۆزۈن دەستىلىك نەيزە ئېلىپ، كۆزنى دۈرۈلىگەن توسۇن ئاتقا مىنىپ، خەتەرلىك تاغ ـ جىلغىلارنى ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقىنى كۆرسەتكەن. ئېغىر يا، ئۆتكۈر ئوقلارنى ئېلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغان ۋە ئۆزىدە ھەربىي سەركەردىنىڭ ئالامەتلىرى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە خۇەينەن بىلەن خۇەيبېيدىكى ئون مىڭ تۈتۈنلۈك مەھكىمىدە داروغاچ بولغان. ئۆزۈن ئۆتمەيلا «ئەمەلدار بولۇشقا ئەزەلدىن رايىم يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ، يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تەمتەكنى ئىنىسى قوتو قىياغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ۋە شۇ چاغدىكى داڭلىق ئەدىب ياۋ سۈيگە

شاگىرت بولغان. ياۋ سۆي ئۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا ئۆزگىچە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ناخشا ۋە قەدىمكى ئورda مۇزىكىلىرىنى تولىمۇ مەردانە ئورۇندايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. پادىشاھ رېنزۇڭنىڭ خۇاڭچىڭ 2 ـ يىلى (1313 ـ يىلى) دارىلئۇلۇمدا پۈتۈكچى دورغاپلىقتا، ئىشىك ئاغىلىق مەنسىپىگە ۋە يارلىقچىلىقتا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا «مەن بۇ مەرتىۋىگە لايىق ئەمەس. بۇرۇنقى دانىشمەنلەردىن ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك» دەپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. جياڭنەنگە بېرىپ بەزىدە قاسساپ، مەيپۇرۇشلار بىلەن، بەزىدە ئوتۇنچى ـ پادىچىلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئاردا خاڭجۇغا بېرىپ دورىگەرلىك قىلىپ جان باقان. 39 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

گۇەن يۈنشى شېئىر، نەزم، يۈرۈشلەشكەن ئەركىن ئۇدارلىق كۈي تېكىستلىرى، نەسر قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە، سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن خەۋىرى بار تالانت ئىگىسى. مۇزىكا، خەتتاتلىق، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن شەخس. شۇي خۇيمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «گۇەن يۈنشى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ» ناملىق كىتابقا گۇەن يۈنشى يازغان 88 پارچە نەغمە تېكىستى، ئون پارچە يۈرۈشلەشكەن كۈي تېكىستى، 38 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى پارچە نەزم، ئۈچ پارچە نەسرىي ئەسىرى بار. گۇەن يۈنشى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەر ئۇ يازغان ئەركىن ئۇدارلىق كۈي تېكىستلىرىنىڭ راۋانلىقىغا قاراپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ گۈلتاجىسى، يالغۇز غەربىي يۇرتىلا داڭلىق بولۇپ قالماي، خەنزۇلار ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق دەپ تەرىپلىگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى جۇ چۈەن «تەيخې يىللىرىدىكى رەسمىي ئاھاڭلار» دېگەن كىتابتا يازغان «تاڭسۇق

راھىبنىڭ نەزملىرى يۈگەن سىيرىپ ماڭغان دۈلدۈلغا ئوخشاش ئەركىن» دېگەن سۆزلەرمۇ ئۇ ئىجاد قىلغان ئاھاڭ ۋە نەغمىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەردانە، راۋان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. گۇەن يۈنشى ئاھاڭ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق بىلگەن. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن خەيىەن ئاھاڭى گۇەن يۈنشىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «تاڭسۇق راھىب توپلىمى»، شۇي زەيسى (تاتلىق) بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «تاڭسۇق بىلەن تاتلىقنىڭ نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىدىكى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابلار بار. گۇەن يۈنشى يازغان شېئىر، نەزملەرنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن تار، رېئاللىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلىرى كۆپ ئەمەس.

## تاشچى ناخشىسى

تاش قازار تاغ ئۈستىدە كۆن ئولتۇرۇپتۇ رەڭ كېتىپ،
تاش قازار تاغ ئاستىدا دەريا ئاقار دولقۇن ئېتىپ.
ئۆتمىگەي لى بەي بۇ يەردىن، ئەمدى يوق سۇدا ئىزى،
ۋادەرىخ! تەستۇر ماڭا دەرقەم بولۇش ئىزدەپ تېپىپ.
يوق مېنىڭمۇ بۇ دەقىق دارىلئولۇمدا قالمىقىم،
بولدى ئاستانە ھارام، خۇشخۇي ياشاي دۇنيا كېزىپ.
يېڭى شىپاڭدا كېچە يامغۇردا چۈش كۆردۈم نىتەي،
تا ئەزەل ئۇچراشمىغان ئۇل زاتنى يىغلاپ ياد ئېتىپ.

ئىزاھ:

بۇ، ئاپتور تاش كولايدىغان تاغدا يۈرۈپ، لى بەيگە ئاتاپ يازغان مەرسىيە. شېئىردا ئاپتورنىڭ لى بەيگە بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشى، لى بەيگە ئەگىشىپ، ئاشۇ زاتتەك ئىرادە بىلەن ياشىغۇسى بارلىقى ئىپادىلەنگەن.

# قومۇش يوتقان ۋە ئۇنىڭغا كىرىش سۆز

پېقىر لياڭشەن كۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قومۇشتا يوت-
قان توقۇۋاتقان بېلىقچى بوۋاينى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ دۇرۇس
ئادەملىكىگە كۆزۈم يېتىپ، توقۇۋاتقان يوتقاننى ئۆزۈمدىكى تاۋار
يوتقانغا تېگىشكۈم كەلدى. بېلىقچى بوۋاي ماڭا: «ئەگەر جانابلى-
رى بۇ يوتقانغا قىزىقىپ قالغان بولسىلا، شېئىر بىلەن تېگىش-
سەكمۇ بولىدۇ» دېدى. دەرھال نەزم يازدىم. بوۋاي تاۋار يوتقان-
نى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

بېرىپ كەستىم قومۇش، ئۇنىڭ يۈزىگە قونمىغان كىر - چاڭ،
ئويۇم: ئۇنى يېيىپ چىم ئۈستىگە ئەپلەپ توقۇش يوتقان.
تولۇن ئايلىق كېچە، رەڭگى گويا ئاق قار، ھىدى خۇشبۇي،
چىداپ مەغرىب شامالىغا يېپىنسام نەقەدەر ئوبدان.
تېنىم ئاسمان - زېمىنغا ئەگىشىپ كەتتى مادارىدىن،
كېرەك يوق ياشىسام نامىم، غۇرۇرۇمنى قىلىپ پىنھان.
تاۋار - دۇردۇن گىياھلار پەردىسىگە قىلمىسۇن تارلىق،
قېيىققا ئولتۇرۇپ ئۆزگە باھارغا يەتمىكىم ئىمكان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا قومۇش يوتقان بىلەن بېلىقچى بوۋايغا مەدھىيە
ئوقۇش ئارقىلىق، شائىرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، پانىي دۇنيا-
دىكى چاكىنىلىق بىلەن ئۈلپەت بولۇشنى خالىمايدىغان ئىرادىسى
ۋە زاھىت بولۇپ كېتىش خىيالى ئىپادىلەنگەن. گۆەن يۈنشىنىڭ
قومۇش يوتقاننى تاۋار يوتقانغا تېگىشمەكچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ
تەخەللۇسىنىڭمۇ قومۇشلۇقتىكى راھىب ئىكەنلىكى ئەدەبىيات
مۇنبىرىدىكى ئەتىۋارلىق سۆز بولۇپ قالغان. بۇ شېئىر ئۆز
زامانىسىدىدا كەڭ تارقالغان، ھەتتا مىڭ، چىڭ سۇلالىسىدىمۇ

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ شېئىرغا مۇشائىرە يازغان.

## ئېگىر

ئۆزى ئۈچ گەز، يېشىل ئەگنى قەدىم خەنجەر،
شامالدا سىلكىنىپ دولقۇن كېسەر قانماي.
ئېقىن سۇ كۈن ۋە تۈن ئۈنسىز بىلەي گويا،
بىسىنى كۆرسە تۇرمايدۇ لەھەڭ قاچماي.
تۇمانلىق ئىككى قىرغاقتا ئۆلۈم خەۋپى،
سەھەر پەيتى غەزەل، يامغۇر ياغار هارماي.
شامال سوقسا كېلىپ كۈز پەسلى مەغرىبتىن،
ئەمەس مۇمكىن بۇ خەنجەرنىڭ بىسى يانماي.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى ئېگىر ئەسكى ئادەملەر قاراپلا ئەيمىنىدىغان خەنجەرگە ئوخشىتىلغان: ئېقىن سۇنىڭ ئۈنى ئۈنسىز هالدا بىلەپ تۇرىدىغانلىقى، بېلىقچىلارنىڭ ناخشىسىنىڭ كېچىلەردە ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئاپتور ئادەملەرنى يامان كۆزدىن ساقلايدىغان خەنجەرنىڭ بۇ ئالەمدە مەڭگۈ بولۇشى لازىملىقىنى ئۈمىد قىلغان. شېئىر مەردانە، راۋان يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «تۇمانلىق ئىككى قىرغاقتا ئۆلۈم خەۋپى، سەھەر پەيتى غەزەل، يامغۇر ياغار هارماي» دېگەن مىسرالار تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ چىققان.

## ئاستانىدا يۈرۈپ دوستلارنى سېغىنىش

يىراق سەن، بەكمۇ مۇڭداشقۇم كېلۇر بۇ پانىي ئالەمدە،
سېغىنسا يازمىغان نەزمە كىشى بارمۇ كۆزى نەمدە.

www.uyghurkitap.com

جۇدالىق دەردى ساق ئون يىل، تۇغۇلسام ئۈچ قېتىم شۇ دەرد،
سەۋەب ئىقبال ـ نىيەت ئوخشاش ئىدى سەرسانە يۈرگەندە.
تۇتۇپ خەنجەر چىراغىنىڭ ئاستىدا، ياش كۆزدىكى سۈدەك
باھار سەلكىن ئارا باربىت چالۇرمەن ئولتۇرۇپ غەمدە.
خىجالەتمەن يېشىم تۇرسا تېخى ياش، قاپقارا چاچىم،
كامالەتتىن ھەۋەس قوزغامدىغان دارىلئولۇم مەندە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى كونا بۇرادەرلىرىنى ئەسلىگەنلىكى، ئۆزئارا دوستلۇق ـ مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق يولىغا مېڭىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقى يېزىلغان.

## ئانامنى ئەسلەپ

لىڭشىتۇر باش شۇنچە لەرزان ئايدالادا گۈل ـ چېچەك،
بولدۇم ئەمدى ئۇشبۇ تايىنلىق ئەمەلدىن كەچكۇدەك.
ئويلىسام ئون يىل ئۆتۈپتۇ، پەشلىرىمدە ياش دېغى،
يىغىنىڭىزنىڭ ئىزلىرى يېشىمنى ھەيران ئەتكۇدەك.

ئىزاھ:

گۇەن يۈنشى ئانىسىغا ئىنتايىن مېھرىبان ئىدى. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن. گۇەن يۈنشى ئەمەلىيەتتە كىچىك ئەمەل تۇتمىغان. تۇمەن تۇتۇدلۇك مەھكىمىدە داروغاچ، دانىشمەن ـ ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا يۇتۇكچى دورغاپ بولغان. لېكىن، ئۇ «تايىنلىق» دېگەن بىر سۆز بىلەن مەنسەپ يولىدىن كۆڭلى سوۋۇغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# چىن بېيشەننىڭ يەلپۈگۈچىگە بېغىشلىما

1

تاۋلىنىپ كۈننىڭ نۇرى تاڭ پەيتى ئوكياندىن كېلۇر،
سۈر قارامتۇل كۆك مانان جەننەتۇ رىزۋاندىن كېلۇر.
تۈن ـ كېچە مەشرىق شامالىنىڭ ھىدى مەيدىن بەلەن،
ھۆپپىدە كۈلگەن چېچەك شاپتۇل گۈلىستاندىن كېلۇر.

2

پەردە ئۆزرە ئاي نۇرى، پەشتاقتا كۆرگەن باشقىچە،
كۈللى ئالەم پەيزىنى ئاخشامدا كۆرگەن باشقىچە.
ئولتۇرۇپ پەرى ئەۋەتكەن سال بىلەن ئاسمانغا چىق،
سۈ ئىچىپ پەتنۇستا مىس، ئاسماندا يۇرگەن باشقىچە.

3

تىلسىماتتىن دورا يەپ بولماق پەرىشتە بى كېرەك،
گەر شەپەق قونسا بۇلۇتقا ئۆي شۇ دەپ بىلمەك كېرەك.
سۈبھىدەم تاغنىڭ ئىچىدە ئۈچ غېرىچ ئاپئاق لىباس،
كى شىجائەتنىڭ يولى راھىب ئۇچۇن مېيخۇا كېرەك.

ئىزاھ:

بۇ ئەسلىدىكى بەش پارچە شېئىرنىڭ ئىككىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچىسى. ھەربىرىدە يەلپۈگۈچتىكى بىردىن مەنزىرە سۈرەتلەنگەن. بىرىسىدە باش باھاردا يىراقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش، غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان پەرىشتىلەر ماكانى؛ بىرىسىدە يېقىندىن كۆرۈنۈۋاتقان شاپتۇللۇق ۋە شاپتۇل چېچەكلىرى؛ يەنە بىرىسىدە ئاي-

دىڭدىكى ئاينىڭ نۇرى، كېچە مەنزىرىسى، سالاسۇنغا يۆلىنىپ، پايانسىز دېڭىزغا تەلمۈرگەن هالدا خىيال سۈرۈۋاتقان ئادەم، قەھرىتان سوغۇق، ئاپئاق قار، شەپەققە ئورالغان بۇلۇت، ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان مېيخۇا گۈلى، ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ يۈرگەن پەرىشتە. شېئىر ئىنتايىن ئوبرازلىق، جانلىق، كۆركەم يېزىلغان.

## يۆياڭ راۋىقى

ماڭا مەغرىبتىن شامال پەشتاقتا ئىمكان ئەيلىدى،
كۆلدە خەنجەرنىڭ نۇرى ئالەمنى جەۋلان ئەيلىدى.
هالىدىن كەتكەن گىياھ، تاغدا ئورۇقلاپ قالدى شاخ،
كونۇ تۈن خانىنىڭ غېمى جىسمىمنى نىمجان ئەيلىدى.
تۈن يېرىم ناخشا ئاۋازى قاشنى تەۋرەتتى مۇدام،
بىر زېمىندا پەسلى كۈز قۇدرەت نامايان ئەيلىدى.

ئىزاھ:

شېئىردا يۆياڭ راۋىقى، كۈز پەسلىدىكى دۇڭتىڭخۇ كۆلى، سەلتەنەتلىك تەبىئەت، ئەلنىڭ غەم - قايغۇسى گۈزەل مەنزىرە ئىچىگە جەم بولغان. شېئىر ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان.

## جياڭنەندىكى ئەنقا تاغ ئارامگاھى

تاغقا ماڭدىم يەتمىدىم ماڭسامۇ شۇنچە ئالدىراپ،
ئۇقچىشى گۈلدەك يېنىمدا قاشتېشى يەڭلىغ بولاق.
ئەجدىھا سىلكىنسە قايىنامدىن دېرىزەم ھۆل تامام،
بىلمىدىم قورقۇپ سوغۇقتىن پاشىلار كەتكەن قاياق.
ئۇيقۇدا كۈز يامغۇرى، ئۆرلەپ كېتىپتۇ كۆز سۈيى،
ئىشىكنى ئاچسام ئاتلىنىپتۇ كېمە كەچ شەرققە قاراپ.

بەلكى ھالىمنى مېنىڭ پۈتكۈل تەبىئەت ئۇنتۇدى،
ۋە لېكىن باقسام شىمالغا دىلدا تاتلىق ئىشتىياق.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا خاڭجۇدىكى ئەتقا تاغ ئارامگاھىدا ئۆتكەن كۈنلەر ۋە ئاپتورنىڭ خانلىقنى ئەستىن چىقىرالمايۋاتقان روھىي كەيپىياتى يېزىلغان. «بەلكى ھالىمنى مېنىڭ پۈتكۈل تەبىئەت ئۇنتۇدى» دېگەن مىسرادا ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ پانىي ئالەمدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشاۋاتقانلىقى، لېكىن يەنىلا ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغانلىقى، شىمالىي ئاستانىغا ئاسايىشلىق تىلەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شېئىرنى ئوقۇغان ئادەم ئۆزىنى مۇشۇ مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

## لى چېڭ سىزغان «قەھرىتاندىكى قاغا» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

سايرىشىڭدا بار سېنىڭ ئاچلىق ـ سوغۇق ئىچرە نىدا،
بىر قاراپ ھالىڭغا بولدۇمدىكى خۇشاللىقتىن جۇدا.
يىل ئۆتۈپ ئىللىق باھار كەلگەندە تۈكمە يېمىكىڭ،
كۆك تامان پەرۋاز ئۇرۇپ دەردكە دېگەيسەن ئەلۋىدا.

ئىزاھ:
يۈەن سۇلالىسى رېنزۇڭنىڭ خۇاڭىمىڭ، يەنيو يىللىرى قەھەتچىلىك ئېغىرلىشىپ، ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلىغان. شېئىردا ئاپتورنىڭ رەسىمدىكى ئاچ قالغان قاغىغا قاراپ، ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار بولغان پۇقرانى ئويلىغانلىقى، ئۇلار ئۈچۈن ئازابلانغانلىقى، مول ھوسۇللۇق كۈنلەرگە ئىنتىزار بولغانلىقى يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، ھېسسىيات سەمىمىي، ئاچارچىلىقتا قالغان پۇقرالارغا تەسەللى ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى

## جۇدالىق

تاغ ـ دالا، گۈللەر بىلەن دوستانە ئۆتتۇم بىر زامان،
ئەمما، قىرىق يىل بولمىدىم دائىم گۈزەل، پاكىز ھامان.
ئەمدى قالماق ـ كەتمىكىمدىن قىلچە يوقتۇر خورسىنىش،
مەيلى ئاسمان يا دېڭىز قىلغاي قۇچاقىدا ئامان.

ئىزاھ:

بۇ شائىر ئالەمدىن ئۆتۈشكە ئاز قالغان چاغدا يازغان شې‌ئىر. ئۆزىنىڭ ئۆزۈنغا قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن شائىر، مۇشۇ شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتلىققا بولغان قارىشىنى ئىپادىلىگەن. شائىر بۇددا دىنىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئەقىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمنى تەبىئىي ئەھۋال دەپ قارىغان، ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئۆكۈنمە‌گەن، ئۆلۈمنى مەردانە ھالدا قوبۇل قىلىشقا تەييارلانغان.

〔شۈي لۇڭيىن〕

## ياڭجۇدىكى تولۇن ئاي راۋىقى

كەچقۇرۇن كۆپكۆك دېڭىز، ئۇچقۇر شامال،
ئاي تولۇن بولدى راۋاقتىن ھېچ كىشى كەتمەيدىغان.
تارقىدى كۈجە ھىدى ئۈي سىرتىغا،
ئاڭلىنىپ كەلدى يىراقتىن نەي ئۈنى،
كۆزدە مەستلىك نازىنىدىن باشقىنى كۆرمەيدىغان.
ئالتە جۇپ ۋادەك كېلىپ توستى يولۇم،
ئايرىۋەتتى مەيلىچە توپتىن مېنى،

قىلدى گويا ئەيش ـ ئىشرەت، بەزمىدە يۈرمەيدىغان.
سەپسېلىپ باقتىم تۈۋرۈكلەردە نەقىش،
گۈل يۈزىدە كۈللى ئالەم ئىسسىقى،
ئويغىتىپ قويدى خىيالىمنى ئېگىز ئۆرلەيدىغان.

قايرىلىپ مەغرىب تېغى كۆردۈم، جەنۇبتا سۇ راۋان.
سورىدىم كۆكتىن: دېگىن ئۇسسۇلنى كىمگە ئوينىغان؟
نە زۆرۈر تۈرنا مىنىپ پەرى بولۇش،
گاھ كېلىپ، گاھى كېتىپ تىنمايدىغان،
تۇرسا شۇنچە تەخدىشى يوق ئۇز ماكان.
ئولتۇرۇپ ئاي تىنچىدى كۆلنىڭ يۈزى،
ئويغىنىپ كەتتىم كېلىپ يوتقان نېپىز،
تۈنۈگۈن كۆرگەنلىرىمدىن بىرسى قالماپتۇ ئامان.
بولدىلا، تولدۇر قەدەھنى مەي ئىچەي،
شايى قەغەزگە تۆكۈپ ئىپار سۈيى،
ئىشقى زوقۇمدىن يازاي پىغشەنگە نەزمە بىر زامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا تولۇن ئاي راۋىقىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى ۋە بۇ ئارقىلىق پەيدا بولغان پانىي ئالەمدىن كېتىش خىيالى سۈرەتلەندۈ. گەن. چۈشتىن ئويغىنىپ، ھەممە نەرسىنىڭ كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوۋ ياخشەنىنىڭ پىغشەن سارد. يى ھەققىدىكى شېئىرلىرىدىن ئۆگىنىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنى. غان. شېئىردىكى كەيپىيات بەكمۇ چۈشكۈن، لېكىن شېئىردىكى مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئىدىيىسى ئوۋياڭ. شەنىنىڭ نەزملىرىگە يېقىنلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# نەغمە تېكىستلىرى

## (جېڭگوڭ) شياۋ لياڭجۇ

### باھار

باھارنىڭ سەلكىنى خۇش ھىد ئەۋەتتى گۇل - گۇلىستانغا،
ئېتىمنى باغلىدىم مەجنۇن تېرەك تالغا.
بولۇپتۇ ئۇز بۇ كۆل شاپتۇل - سۆگەتلەر سايە سالغاندا.
كېلىپتۇرمىز تاماشا قىلغۇدەك جايغا.
نېمە يەتكەي گويا سوقسۇر بولۇپ جۈپ قومدا ياتقانغا.

يېغىن - يامغۇر كېچە - كۈندۈز ياراشقان بەكمۇ ئاسمانغا،
تەبىئىي ھۆسنى، پەرداز يوق، ئەجەب ئوخشايدۇ جانانغا.
مۇغەننى قىز قولى سۇتتەك،
ئاۋازى زىلزىلە قانغا.
بېرىپ كۆلنىڭ ئىچى تاغدا ئىچەيلى مەي،
قىلىپ قالساق ئەگەر مەستلىك تېتىيمىز مەردۇ مەردانغا.

### ياز

ئالدى قولۋاقنى قوچاقتا تالى مەجنۇن سەلكىنى،
نەدىندۇر كەلدى يېتىپ نەينىڭ ئۇنى.
نىلۇپەر ئۇزگەن يىگىتتە نىلۇپەردەك بىر ئاھاڭ،
ناخشىسى تىترەتتى كۆكنىڭ قەھرىنى.
چۆچىدى سوقسۇر چۇشىدىن چىققۇدەك بولدى جېنى.

ئۆز كېلىشكەن قىز ـ يىگىتلەر سەيلە بۇندا ھەر كۈنى،
كۆلكە ـ چاقچاق كەيپچىلىك مەي بىرلە جام ئىككى يېنى.
چۈشتى گۈگۈم ئۆيگە قايتىپ كەتكۈلۈك،
ئۇينىدى كەچكى شەپەقتە نۇرلىنىپ كۆل دولقۇنى.
ئەينى ئورغاقتەك ھىلال ئاي ئاچتى يۈز،
قىلدى خۇشبۇي نىلۇپەر ھىدلاپ ئۈنى.

## كۈز

نىلۇپەرنىڭ سۇدا ئەكسى، ياندا جۈيخۇا زەپىران،
كۈللى ئالەم ھۆسنىدە كۈزدىن پىغان.
قۇرۇدى لوتۇس، غازاڭنىڭ ئاستى سوقسۇرغا ماكان.
زەرسىمان سەلكىندە قالدى ھەممە جان،
بىلمىدىم گۈيخۇا شېخىنىڭ خۇش ھىدى قاچتى قايان.

قارىسام لېيفىڭ مۇنارىدىن كۆرۈندى يەر ـ جاھان.
بىر ئەزىم دەريا كەبى چيەنتاڭ ئاقار مەشرىق تامان.
سۇپسۈزۈك كۆلنىڭ سۈيىدە ئەسلىمە،
مەۋج ئۇرۇپ ئۆرلەيدۇ دولقۇنلار راۋان.
ساقىغان كۆكنىڭ لېۋىگە ئاي نۇرى،
تۇرنىلار توپ ـ توپ بولۇپ ئىزدەيدۇ مەنزىلنى ھامان.

## قىش

ئۇپۇقنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ بۇلۇت توستى ئېگىز تاغنى،
ئېلىپ كەلدى پەسىل چىللاپ زىمىستاننى.
سامان دەرياسىدىن ئاق ئۈنچىلەر بەند قىلدى ئاسماننى.
ئوراپ مۇز قوينىغا مېيخۇادىكى جاننى.
يېپىلدى قار، يوقاتتى يولغا ئىمكاننى.

كۆزۈمگە ئالتە كۆۋرۈك ئەگمىسى كۆرسەتتى ئاق رامنى،
يېپىپ لىباس بېشىغا رەڭ بېرىپ پەردازلىدى تالنى.
قەدەھنى كەلتۈرۈڭلار كۆتۈرۈپ جامنى.
بەئەينى قاشتېشىدەك بولدى قولۋاقلار،
ماكان قىلغان كەبى بۇدەم خرۇستال قەسىر - ئايۋاننى.

ئىزاھ:

«يۈەن دەۋرى ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە تېكىستلىرى» گە گۇەن يۈنشىنىڭ «جېڭگۇڭ: شياۋلياڭجۇ» قاتارلىق سەككىز پارچە نەغمە تېكىستى كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرىدىكى تېكىستلەردە تۆت پەسىل ئارقىلىق شىخۇ كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىنتايىن جانلىق، خۇددى سۈرەتتەك چىرايلىق ئىپادىلەنگەن.

## 〔جېڭگۇڭ〕 سەي خۇڭچيۇ

### باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن

پىسەنت قىلماي شامالنى تۈرنىلار غەربتىن كېلىپ قالدى،
نىچۈنكى ئالتە خانلىقنىڭ غېمى ئەسكە چۈشۈپ قالدى.
يېيىپ قەغەز يازاي كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېدىم بىر قۇر،
تاپالماي جۈملە - سۆز ئەقلىم، قەلەم ماڭماي تۇرۇپ قالدى.
قاچانكى خۇشلۇقۇم تۇتقان مىنۇتلاردا،
يازاتتىم بەك راۋان، ھەرگىز دېمەيتتىم قوللىرىم تالدى.
بىلەلمەيمەن بۇگۈن روھىم سۇنۇق بەكمۇ،
«سېغىندىم» لا دېگەن بىر خەت بىلەن پىكرىم قۇرۇپ قالدى.

ئىزاھ:

ئاپتور گەرچە بۇ تېكىستنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن بېرىلدى دەپ ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زادى كىملىكىنى ئې-



www.uyghurkitap.com

ىنقلىماق تەس. شېئىر ئۆتمۈشنى ئەسلەش بىلەن رېئاللىقتىن ئاغرىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ قالايمىقان، گۈللىنىش بىلەن زاۋاللىق ئۇزۇلمەي ئالمىشىپ تۇرغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى پادىشاھلار ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى قولدىن بې- رىپ قويغان دەۋر. يۈەن سۇلالىسىدىمۇ رېنزۇڭ خاندىن كېيىن، خان جەمەتى ئىچىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقىپ، كەسكىنلەشكەن. ئاپتور يۇقىرىدىكى تارىخىي ساۋاقلارغا ئاساسەن «كۆڭلىدىكى گەپ - سۆزلەرنى يازماقچى بولغان» بول- سىمۇ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىگەن. تارىختىن خورسى- نىش، رېئاللىقتىن ئەنسىرەش كەيپىياتىنى پەقەت «سېغىنىش» دېگەن سۆزگىلا يىغىپ بولدى قىلغان. تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى ئەپچىل، يەكۈنى كۈچلۈك، مەزمۇنى ئىخچام ۋە چوڭقۇر.

## 〔جۇڭخلۇي〕 خۇڭ شيۇشيې

سىغدىشىپ ھەم قىستىلىشىپ بىز ئىشىك تۈۋىدە يانمۇيان،
ناخشا توۋلاپ ھەم قۇچاقلاشتۇق قوشۇپ جانلارغا جان.
غەم بىلەن، چۆچۈش بىلەن بىر - بىر ساناپ سالساق قۇلاق،
بەك يېقىنلاپ قاپتۇ تاڭ.
بەك يېقىنلاپ قاپتۇ تاڭ، ھېچ بىلمىدۇق قاندۇقمۇ تاڭ!
قاندۇقمۇ تاڭ، قانداق ئۆتۈپ كەتتى كېچە بىز دەرگۇمان.
ۋادەرىخ!
ئازراق ئۇزارسا بۇ ۋاقىت كىمگە يامان.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە قىز - ئوغۇللارنىڭ خۇشاللىقى ئىنتايىن ئەت- راپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھېسسىيات ناھايىتى قىزغىن، جۈملىلەر ناھايىتى پاكىز، بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى مىسرا ئوقۇر-

مەنگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

## 〔شۇاڭدياۋ〕 چىك جياڭىين

قولۇڭ ئۈز، ئەرزىمەس مەنسەپ، ساڭا شادلىق ساداسى بار،
كۆلۈپ يۈر، ئايدالالارنىڭ ۋاپاسى بار.
تېپىپ دىلكەش بۇرادەر تۆت كىشى بىرلە،
قېنىپ ئىچسەڭ، ئۇنىڭ قانداق خاتاسى بار.
تۇرۇپ دەس ئويىنساق ئۇسسۇل كېلۇر تار يەر بىلەن ئاسمان،
يۇرەكنىڭ شۇنچىلىك چەكسىز لاۋاسى بار.

تالاشساڭ نام ئېگىزدىن پەسكە چۈشمەكتەك قازاسى بار،
تېگىگە يەتمىسەڭ خەۋپنىڭ بالاسى بار.
تۈنۈگۈن تەخت يېنىدا كىرىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ،
بۈگۈن بىلمەي تۇرۇپ تارتار جازاسى بار.
مېنىڭدەك كەت نېرى ئۇشبۇ مالامەتتىن،
ناۋايۇ بەزمىدە جاننىڭ داۋاسى بار.

مالامەتتىن نېرى كەت، بەزمىدە جاننىڭ داۋاسى بار،
مەگەر دەرۋىش ساڭا تاڭنىڭ ساباسى بار.
يېشىلسە مەستلىكىڭ قايتا بولۇپ يۈر مەست،
يېتىشنى ئىزدىسەڭ ياتقىن ئېلىڭنىڭ كەڭ دالاسى بار.
ئارامگاھ، سەيلىدىن كىمنىڭ ماڭا ئوخشاش تاماسى بار.

ئىزاھ:

يۇقىرىدىكى ئۈچ تېكىستتە ئاپتورنىڭ شان ــ شۆھرەتنى مەنسىتمەسلىك ئىدىيىسى ۋە ئەمەل ــ مەنسەپتىن ۋاز كېچىش سەۋەبلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن. «تۈنۈگۈن تەخت يېنىدا كىرىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ، بۈگۈن بىلمەي تۇرۇپ تارتار جازاسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار» دېگەن مىسرالاردا بوۋىسى ئەلى قىيانىڭ باشقىلارنىڭ زىيانـ
كەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان
ۋە بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوـ
قۇق تالىشىش كۈرەشلىرى، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشتەك
رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ زاھىتلىق يولىنى تۇتۇـ
شى «مالامەتتىن قېچىش» . ئەلەمدە ھەم قەلەمدە ئىقتىدارلىق
بولغان ئاپتور ئەگەر «خەۋپىنىڭ بالا - قازالىرىنىڭ» تېگىگە
يەتمىگەن بولسا، ئۆزىنى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرمىغان بولاتتى.

## 〔شۋاڭدياۋ〕 دېگەن چيەنخۈەن

خۇشاللىق كۆپ خىياباندا.
باھار چاغى راۋاق - شىپاڭ تېپىلماس دەمسەن ماڭدامدا.
ئامالىم يوق نىيەت - ئىقبال كۆۋرەپ تۇرسىمۇ قاندا.
ئېچىپ قويدۇم جاھانغا كۆكسى - قارنىمنى،
بولۇپ تاۋچيەن كۈلۈپ ئوينايمەن ھەر ياندا.
قىلىپمۇ يۇرمىسۇن تۇرنا، ئۇچار قۇشلار تاپا - تەنە،
سوراپ مەندىن ئەمەل - شۆھرەت گېپىنى ھەر كىچە - تاڭدا.
سەۋەب مەن بەكمۇ تاڭسۇق ئەر،
سەۋەب تاڭسۇقلۇقۇم جاندا.

ئىزاھ:
بۇ تېكىستتە ئاپتورنىڭ ئەمەل - مەنسەپتىن ۋاز كەچكەن
دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئەمەل - مەنسەپكە
پىسەنت قىلمايدىغان پوزىتسىيىسى ئىپادىلەنگەن.

قاچانكى ئۆتتى چۇخۇەي ۋاڭ،
ئىدى چۇ بەگلىكىدە بىر ئۆزى بەگ - خان.

ساداقەتمەن تۇرۇپ بىرسى چۆكۈپ مىلودا بەردى جان.
«جۇدالىق نەزمىسى» نى ھەر ئوقۇپ كۆڭلۈمدە مىڭ ئەپغان
سەۋەب ۋەزىندە ئاي ـ كۈننىڭ نۇرى جەۋلان.
لېكىن، زەرداپ تۇرۇپ قەلبىم كۆلۈر ھەرئان.
سورايمەن: بۇ ئەمەل بەرگەن ئۈنىڭغا قانچىلىك دەرمان؟
مەگەر كۆكسىنى كەڭ تۇتسا تاپاتتى ھەممىگە ئىمكان.
دېگىنىچۇ قىلدىمۇ مەينەت سېنى دەريا،
ۋە يا دەريانى سەن بۇزغان؟

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە چۇ خوەي ۋاڭنىڭ ئەقىلسىزلىقى مەسخىرە قىلىنغان، چۇ يۈەننىڭ ساداقىتى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا چۇ يۈەننىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭ ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ بىر خىل يېڭى قاراش. چۇ يۈەندەك سادىق ۋەزىرنىڭ، ئۇ يازغان «جۇدالىق نەزمىسى» دەك شانلىق ئەسەرنىڭمۇ چۇ خوەي ۋاڭنى تەسىرلەندۈرەلمىگەنلىكى ئوقۇرمەنلەرنى چۈيۈەن ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. «جۇدالىق نەزمىسى» كۆن بىلەن ئايدىن نۇر تالىشالايدىغان شانلىق ئەسەر. لېكىن، بۇ ئەسەر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ، كىشىلەرنى چۇ يۈەن نېمىشقا مۇنچە جاھىل، ئۇ ئۆزىنى مىلوجياڭ دەرياسىغا تاشلىغان بىلەنمۇ نېمە قىلالايتتى دەپ ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەلۋەتتە، ئاپتور بۇ تېكىستتە چۇ يۈەندىن كۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ چۇ يۈەننىڭ ئويلىغانلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. چۈنكى، ئاپتور بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭلىكىنى، دەرياغا سەكرىمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ھۆكۈمران سىنىپلارنى قوللىمايدىغان پوزىتسىيىسىدە بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

# يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستلىرى

## 〔داشدياۋ〕 خاۋ گۈەنيىن

### يار، سېنىڭ دەردىڭ

قاچان كۆردۈم سېنى ئويناپ يۇرۇپلا جۈپ بولۇپ قالدۇق،
گوياكى قارلىغاچ، بۇلبۇل غەرەرسىز خوپ بولۇپ قالدۇق.
تۇتۇپ قول ياندىشىپ تەڭ ئولتۇرۇپ قالدۇق.
ماڭا سەن، مەن ساڭا بىر ئوت بولۇپ قالدۇق،
گويا ئاشىق بىلەن مەشۇق بولۇپ قالدۇق.

بىرگە مەي تۇتۇپ كۆيگەنلىكىڭ كىردى قۇلاقىمغا.
ئۇنىڭ غىلجىڭلىقى ساپتۇ قولىنى ئىشتىياقىڭغا،
قەدىناستىن كېچىپ تاپماق يېڭىنى تا ئەزەلدىن بار،
ئىكەنسەن تاش يۈرەك بەكمۇ،
قاراپمۇ قويمىدىڭ كونا پىراقىڭغا.

مېنى قىيناپ نادامەت دامىغا قويدۇڭ ۋاپاسىز يار.
ئېسىمدە سەن بىلەن مۇڭداش بولۇپ ياتقان،
چىرايلىق كۈنلىرىم تاتلىق مىنۇت ھەر بار.
بۇزۇق دەپ تىللىسام كەتكەي ساڭا ئارتۇق،
لېكىن، قارغاي دېسەم كۆڭلۈمدە ئورنۇڭ بار.

ئىزاھ:
بۇ ئەڭ قىسقا يېزىلغان ئەركىن ئۇدارلىق كۈي تېكىستى. لېكىن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ھەم چوڭقۇر. ئۇنىڭدا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى پۇلدار بايۋەچچىلەرنىڭ ئەيش - ئىش-

رەتكە بېرىلىپ، ئەتىگەندە بىرسىنى ياخشى كۆرسە، كەچتە يەنە بىرسىگە تەلمۈرىدىغان، كونىسىدىن ۋاز كېچىپ يېڭىسىغا ئىنتىلىدىغان، شىلتىلىك ئاتىدىغان، ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن قىزلارغا ئازار بېرىدىغان قىلىقلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. قىزلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچەلمىگەنلىكى، خارلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئالدىنىپ ئۆزىنى بەزلەيدىغانلىقى، ئۇنى تىللاشقا ياكى قارغاشقا كۆڭلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ بىچارە ھالەتتە ياشايدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

## 〔شۇئاڭدىياۋ〕 زوي دۇڭفېڭ

قاشلىرىمغا سۈرمىدىم مەن سۈرمىنى،
قىلمىدىم پار ـ پۇر كىيىملەرگە ھەۋەس.
نەبالالىق كۈن ئىدى تاپتىم مۇھەببەتتىن كېسەل،
ئۇشبۇ سۆيگۈم بولدى بەربات، باستى نەس.
قالمىدى ھۆسنى ـ جامالىم ئۆز پېتى،
تەقى ـ تۇرقۇم باشتىكى چاغدەك ئەمەس.

نە قىلاي، ئەركەمدە جۈرئەت بولمىدى،
دادىسى بىرلە ئانا چىقتى ئەجەبمۇ تاش يۈرەك.
مەقسىتى بىر كۈنلىرى قول ئىلكى قالسا قۇپقۇرۇق،
ئوغلىنى قىلماق ئىكەن يالغۇز ئۆزىگە يار ـ يۆلەك.

ئەسلىي غەمكىن بۇ دىلىمغا ھەسسىلەپ چۈشتى يارا،
بەرمىدى ئىسسىق قۇياشمۇ ئەمدى پەسلى كۈز ئارا.
كۆزلىرىم ھەر سۈبھىدە سىرتتا مېنىڭ،
بۇرغا ئاۋازى كېلەرمۇ دەپ قوۋۇق ياقتىن ئۇچۇپ،
قورقىمەن ئاخشاملىرى بولغاندا ئاسمان قاپقارا.

باغچىغا كىرگەن چېغىمدا ھەر كۈنى،
ئايرىلىشنىڭ دەردى قىينايدۇ مېنى.
كۆكتە تۇرنا، يەردە قۇرت - قوڭغۇز ئۈنى.
كۈجىداندا كۈجىلەر ئۆچتى نىتەي،
ياندۇرارغا ئۇ كۈمۈش شامدان قېنى؟
ئۇيقۇغا يۇمسام كۆزۈمنى ئەمدىلا،
پەردىدىن ئاينىڭ سوغۇق رۇخسارى ئىزدەيدۇ مېنى.

شايى پەردە تەۋرىتىپ كۆڭلۈمنى ئويغاتتى شۇ دەم،
ئامرىقىم بىرلە تۇتۇپ قول ھۇجرىغا ئالدىم قەدەم.
دەرد تۆكۈپ مۇڭداش بولاي دەپ ئويلىسام،
توخۇ چىللاپ تاڭ ئېتىپ قالدى، بىراق
ئويغىنىپ باقسام يۈزۈمدە نەم ئىزى،
ياستۇقۇم ئۈستى تامام قايغۇ - ئەلەم.

ئىزاھ:
بۇ بىر پارچە يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستىدە مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتەنگەن پاھىشە قىزنىڭ ھىجران ئازابى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ قىز نورمال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش كويىدا پۇللۇق ئائىلىدىكى بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئۇ يىگىتمۇ بۇ قىزنى ياقتۇرغان. لېكىن، قۇرقۇنچاق بولغىنى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي، قىز بىلەن ئادا - جۇدا بولغان. قىز دەرد - ئەلەمگە پايلىماي، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۇرۇشنىمۇ ئەستىن چىقارغان؛ كۈندۈزلىرى ئىشىككە يۆلىنىپ، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي، تولا يىغلاپ ياستۇقلىرىنى ھۆل قىلغان؛ چۈشىدە يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، تۈزۈكرەك ھال - مۇڭ بولغىچە توخۇ چىللاپ تاڭ ئېتىپ كەتكەن. شېئىر ناھايىتى راۋان، جۇشقۇن ۋە تەسىرلىك يېزىلغان، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ بۇ بەختسىز قىزلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

www.uyghurkitap.com

# ئەلى ياۋچىڭ

ئەلى ياۋچىڭ، ئۇيغۇر، غەربىي يۇرتتىن، پۇتۇكچى دورغاپچى بولغان. ئۇمۇمىي تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. بىر پارچە نەغمە تېكىستىلا ساقلىنىپ قالغان.

## نەغمە تېكىستى

### 〔جىڭگۇڭ〕 زۇي تەيپىڭ

قاشتېشى چەينەك سوغۇق،
كۇجە كۆيدى كۇجىدانىدا ئىزتىراپ.
كەچ بولۇپ باغدىن يىراقلاشتى جىمىكى مەنزىرە،
ئالدى ۋادەكلىك راۋاقنى غەم ئوراپ.
كېپىنەكلەر چۇشتە ئۆستەڭنىڭ بويىدىن چەتنىدى،
سايرىدى كاككۇك تېرەكنىڭ شاخىدا يالغۇزسىراپ.
نازىنىننىڭ كۆزلىرىدىن ئاقتى ياش مارجان كەبى،
ھۆسنى يامغۇردا توزۇپ كەتكەن چېچەكتىنمۇ خاراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ ھوجرىسىدىن چىقالمايدىغان بىر قىزنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقى، يالغۇز قالغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇنى بەك ئېچىنىشلىق تەسۋىرلىمىگەن. قىزنىڭ ياسىداق ئۆيلەردە تۇرىدىغانلىقى،

تۆكۈلگەن ياشلىرىنىڭ مارجانغا ئوخشايدىغانلىقى، چىرايىنىڭ ئالما ـ ئاناردەك رەڭدار ئىكەنلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە تەسەللى بەرمەكچى بولغان. قارىغاندا ئاپتور يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان، ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇ قىزلارنىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتمىگەن.

www.uyghurkitap.com

# ئەلى شىيىڭ

ئەلى شىيىڭ، ئۇيغۇر، غەربىي يۇرتتىن. پۇتۇكچى دورغاپچى ئەلى ياۋ چىڭنىڭ ئوغلى. گوۋەن يۈنشى بىلەن دەۋرداش. «تېرىقچىلىقتىن توختاش خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 11 ـ جىلدىدە: مۇبارەكنىڭ يەنە بىر ئىسمى شىيىڭ، غەربىي يۇرتتىن، تەقى ـ تۇرقى قامەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئۇزۇنتۇرا شىيىڭ دەيتتى دەپ يېزىلغان. تۇرالغۇ جايىنىڭ نامى «خۇرۇنباغ» بولۇپ، «دېيەن چيەنخۇەن» نەغمە تېكىستىدە بۇ جايىنى مەدھىيىلىگەنلىكى ئۇچۇن، داڭلىق ئەدىبلەردىن تاڭسۇق راھىب گوۋەن يۈنشى، چياۋ مېڭفۇ، ۋېي لىجوڭ، ۋۇ شىيى قاتارلىقلار بۇ نەغمە تېكىستىگە مۇشائىرە يازغان. شىيىڭ بالىمان چېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، گوۋەن يۈنشى «جانابىي شىيىڭنىڭ بالىمان نەغمىسىگە» ناملىق نەزم يازغان. شىيىڭ ئاتاقلىق راھىب ۋېيزى بىلەن، شۇنداقلا گوۋەن يۈنشى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، بىرلىكتە تاغ ـ دەريالارنى ساياھەت قىلىپ، ئۆزئارا مۇشائىرە يېزىشقان.

## نەغمە تېكىستلىرى

### 〔شاڭدياۋ〕 لياڭ تىڭلى

#### خورسىنىش

ئاي بىلەن كۈن مۇكىدەك ئۆتىدۇ ياندىن.
ئادەملەر كېتىدۇ قېرىپ جاھاندىن.

نادانلار بىلمەيدۇ قانداق ياشاشنى،
پۇشمان يەپ پۇرسەتنى ئويلايدۇ ئاندىن.
قاراپ باق ئىنئامنىڭ پەشتاقلىرىغا،
ئىسمىڭ يېزىلىپتىمۇ شۆھرەتتىن - نامدىن.
ئىچ شاراب، ئېيت ناخشا دەپ يۈرگەن ياخشى،
ئارامگاھتا شادلىق تېپىپ زاماندىن.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە ۋاقىتنىڭ بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، نام - شۆھرەتكە يەتمەكنىڭ تەسلىكى، ئەڭ ياخشىسى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خۇشال - خۇرام ياشاش لازىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن. ئەمەلدارلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەلى شىيىڭنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى گۇەن يۈنشى بىلەن ئوخشاش. گەرچە بۇ بىر خىل پاسسىپ قاراش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاچ كۆز، زالىم ئەمەلدار-لارنىڭ ئاۋام - پۇقراغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئەۋزەل. ئەلى شىيىڭ نەغمە - ناۋا تېكىستلىرىگە ماھىر بولغاچقا، بۇ تېكىستنى دادىسى يازغان تېكىستكە قارىغاندا چىرايلىق يازغان.

## 〔شۇاڭدياۋ〕 دېيەن چيەنخۇەن

### ھۇرۇنباغ

ياتىمەن ھۇرۇنباغدا تەييارنى يەپ،
مەست بولسام ناخشا توۋلاپ، ئويغانسام سۆزلەپ.
كارىم يوق چالغۇ يا كىتابلار بىلەن،
چۈشەكەپ يۈرمەيمەن مەنسەپ - ئەمەل دەپ.
بىكار چاغلىرىمدا ئويۇن - تاماشا،

ئاي ـ كۆڭلىرىم ئۆتەر مۇكىدەك،
بايلىق دېگەن چىچەكتەكلا گەپ.
ياشلىق باھار تۈگەپ كېتىدۇ،
شاد ياشايلى يۈرمەي ئەزۋەيلەپ.

ياتىمەن ھۇرۇنباغدا تەييارنى يەپ،
مەست بولسام ناخشا توۋلاپ، ئويغانسام سۆزلەپ.
كارىم يوق چالغۇ يا كىتابلار بىلەن،
كۆڭۈمنى ئالىمەن ئەپلەپ ۋە سەپلەپ.
نېمە كەپتۇ ئويلاپ ھاياتنى،
بايلىق دېگەن چىچەكتەكلا گەپ.
لايغەزەللىك مەندىن كۆلىدۇ،
مەن كۆلىمەن لايغەزەللەردەك.

ياتىمەن ھۇرۇنباغدا تەييارنى يەپ،
مېھمان كەلسە كۆتەي نېمە دەپ.
ئۇخلاپ قالىمەن كىيىم بىلەنلا،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئەۋلىيالاردەك.
ھاياتلىقنى ئويلاش ھاجەتسىز،
بايلىق بەلكى مەندىن ئېگىزرەك.
مەرتىۋىمۇ بىردەملىكلا گەپ.
لايغەزەللىك مەندىن كۆلىدۇ،
مەن كۆلىمەن لايغەزەللەردەك.

ئىزاھ:

بۇ ئۈچ پارچە نەغمە تېكىستىدە ئاپتور ئويۇن ـ تاماشا، بىكار تەلەپلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئۆزىنىڭ ئۆمرى بىلەن ئوينىشىدىغان بىر خىل پوزىتسىيىنى يازغان. تېكىستتىكى پېر-

سوناژ ئەمەل ـ مەنسەپنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىش ـ ئوقەت قىلىشنى خالىمايدۇ، لاغايلاپلا يۈرىدۇ، ھەتتا چالغۇلارغىمۇ قول ئۇزاتمايدۇ، كىتابمۇ كۆرمەيدۇ، ھايات ياشىغاننىڭ مەنىسى يوق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مىسرالاردىن ئۇنىڭ چىقىش يولى تاپال- ماي قىينالغان روھىي كەيپىياتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ تې- كىستلەر ئارقىلىق 14 ـ ئەسىردىكى «ئارتۇقچە ئادەم» لەرنىڭ ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# شيې ۋېنجى قىيا

شيې ۋېنجى قىيا، ئۇيغۇر، شەرقىي جېجياڭدا تەپتىش بېگى-نىڭ ياردەمچىسى بولغان. چېن يەن تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن خاتىرە» ناملىق كىتابقا بىر پارچە شېئى-رى كىرگۈزۈلگەن. «ۋۇ بەگلىكى ئىشقاۋۇل پىرقىسىدىكى شې-ئىرىي سۆزلەر» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ مەيگە ئامراقلىقى، راھىب-لارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

## مەيخانا تېمىغا يېزىلغان شېئىر

بۇلۇت سۇس، تاغ قاپتىلى سۇ بويىدىن
تۇغ ـ ئەلەملىك مەيخانىنى نىشان ئەتتىم.
مېيخۇا گۈلى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان چاغ،
ئاي نۇرىدا قولۋاق بىلەن مېڭىپ كەتتىم.

ئىزاھ:

بۇ ئاپتور كەيىپچىلىكتە يازغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئەت دۇنياسى ئىنتايىن جانلىق، ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تىلى راۋان ۋە سۈزۈك، ھېسسىياتى سەممىي، ئوقۇغان ئادەمنى چوڭقۇر تەسىراتلارغا يېتەكلەيدۇ.

# لیەن پۇكۇي

لیەن پۇكۇي، ئۇيغۇر. ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەتىۋارلىق ئەمەلـ
ـدارلاردىن بولۇپ، ئۆزى ھۇدەيچى، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى
لیەن شىشیەنىڭ جىيەنى. شیەنشى مەھكىمىسىدە مۇپەتتىش بېگى
بولغان. بىر پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## خۇاچىڭ كۆلچىكى

قەسرى خۇاچىڭ كۆلچىكىنىڭ سۈيىنى دەيدۇ سۈزۈك،
يۇيغىلى بۆك لېنتىسىنى چامدىدىم ئارشاڭ تامان.
لېنتىدىن چاڭ كەتتى، سەكسىپ تەنلىرىم بولدى يېنىك،
ئىككى يانىمدىن ئۇچۇپ چىقتى گويا سالقىن شامال.
ئۆرلىدىم قۇشتەك بۇدەم لى شەن تېغىنىڭ ئۇستىگە،
گۈللىنىش ھەمدە زاۋاللىق ئەسكە چۈشتى شۇ زامان.
كۇلدۇرۇشكە بىرسىنى تۇرنىڭ بېشىدا ئىس ـ تۈتەك،
پەستىكى ئارشاڭدا بىرسى چۆمۈلەدۇر بىمالال.
ئوتمۇ كۆيدى، قاينىدى سۇ، كەلدى ئەلگە خەۋپ ـ خەتەر،
جەڭ ـ جىدەل باشلاندى بەگلىكلەر ئارا سەل بولدى قان.
ۋادەرىخ! ئىككى ئايالنى بۇزدى ئارشاڭنىڭ سۈيى،
كى يۇيالماي ئار ـ نومۇسنى نامى قالدى بەك يامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر لىشەن تېغىدا ئۆتمۈشكە يېزىلغان مەرسىيە. ئاپـ
ـتور خۇاچىڭ كۆلچىكىدە يۇيۇنۇپ بولۇپ لىشەن تېغىغا چىققاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، تەبىئىي رەۋشتە بۇ جايىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇ ۋاڭنى ۋە ئۇنىڭ خانىشى باۋ سىنى، شۇەنزۇڭنى ۋە خانىشى ياڭ فېينى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن دۆلەتنى ۋەيران قىلغان نومۇسسىز ئىشلىرىنى تەنقىد قىلغان. شېئىر ناھايىتى تەبىئىي ۋە سالماق يېزىلغان.

# ئىنەن قىيا

ئىنەن قىيا، ئۇيغۇر. تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. «ۋۇيىـ
شەن تەزكىرىسى» ناملىق كىتابقا «ۋۇيىشەن» دېگەن بىر پارچە
شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

## ۋۇيىشەن تېغى

يەككە مەشرىقنىڭ جەنۇبىدا بۇ تاغنىڭ ئۈزلۈقى،
سەيلە قىلغانلار ئۇڭا بەرگەي سالام ھۆرمەت بىلەن.
نەچچە ئون مىڭ جۈملە سۆز تەرىپىگە يەتمەس پەقەت،
قارىساڭ قات ـ قات چوققا كۆزگە چۈشەر ھەيۋەت بىلەن.
ياپيېشىل ئارچا، قورام تاش تۇرقىدىن بىر روھ ئايان،
ھاڭ ـ قىيا خۇددى ئېلىشقان ئۆزئارا شىددەت بىلەن.
قوينىدا زاھىت بولۇپ ياتقان كىشىلەر كۆڭلى بار،
تۇرغىنىدەك مۇڭدىشىپ ئاچماي ئېغىز سۆھبەت بىلەن.
ۋە لېكىن بۇندا پەرىشتەلەرنى تاپماق بەك قىيىن،
يەتكىلى بولماس ئۇلارغا ئەجرىسىز مېھنەت بىلەن.
شەيئىلەرنىڭ ئەڭنىدە تۇرلۇك ـ تۇمەن ئالەم ئىشى،
بولغۇدەك تۇتماي ئەمەل يۇرسەم ئوتۇنچى مەرد بىلەن.
تاڭ سەھەردە بۇغىلارغا ئەگىشىپ قىلسام سەپەر،
تۈن كېچە سۇنىڭ بويىدا مەي ئىچىپ ئىشرەت بىلەن.
ھاسىنى تۇتقان پېتى تارتىپ چورۇق يۇرسەم بىكار
ۋارقىراپ ـ توۋلاپ غەزەلنى خوشلىشىپ كۈلپەت بىلەن.
ئاچ قورساققا ياۋا ئەنجۈر مېۋىسى مېھرىگىياھ،

www.uyghurkitap.com

ئۇسسىغان چاغدا بۇلاقنىڭ سۈيى تەڭ شەربەت بىلەن.
كەپتىمەن ۋۇيى تېغىغا بەك ئۇزاقتىن تەلمۈرۈپ،
بىر قاناي ھۆسنى - جامالىغا ئۇنىڭ غەيرەت بىلەن.
توققۇز ئەگىمگە باراي دەيمەن، بۇڭا بارمۇ جاۋاب،
ياكى جۇڭنەندە قالارمەنمۇ ئۇنى كۆرمەك بىلەن.

ئىزاھ:

شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ ئەمەلدار ئىدكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلدارلىق تۇرمۇشتىن زېرىككەن؛ ۋۇيىشەن تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوق؛ ئوتتۇنچىلار بىلەن دەرقەم بولۇپ، ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ، مۇشۇ تاغنىڭ ئىچىدە قالغۇسى بار. شېئىر ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك يېزىلغان. ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئېلىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

# دەرۋىش

دەرۋىش، ئۇيغۇر، قارائون قەبىلىسىدىن. دارىلئۇلۇمدا تام-
غاچ مۇدەررىس، لياۋياڭ مەھكىمىسىدە مەسلىھەتچى بولغان.
«باۋدىڭ يامۇل تەزكىرىسى» دە بىر پارچە شېئىرى خاتىرىلەنگەن.

## ۋاڭخۇۋشەن تېغى

سۇبھىدەم قىلغانىدىم بۇ تاغقا چىقماقنى نىيەت،
يامىشىپ كۆرسەم بۇلۇت ئاسماننى تاشلاپتۇ بېزەپ.
پەرى بولماق ئىزدىگەن راھىب قەيەردە بىلمىدىم،
كەتتىمۇ مېھرىگىياھ تاپماق ئۈچۈن پەرى تەرەپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ دوستلىرى بىلەن ۋاڭخۇۋشەن تېغىغا
چىقىشقا ۋەدىلەشكەنلىكى، ئۇ يەردە ئۆزى ئىزدىگەن راھىبنى
تاپالمىغانلىقى، ئۇنى پەرىلەرنىڭ قېشىغا كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ
ئويلىغانلىقى يېزىلغان. شېئىردا يەنە ھۆر - پەرىلەرگە يېقىن
بۇ ئادەملەر ئارقىلىق، تاغلارنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

# نىي گۇبەي

نىي گۇبەي، غەربىي يۇرتتىن. مىللىتى ئىنىق ئەمەس. شىغاۋۇل پىرقىسىدە يانداش بەگ بولغان. لى زې يازغان «ئەننەن تەزكىرىسى» دە: جىدانىڭ تۆتىنچى يىلى (1311 - يىلى) شىغاۋۇل پىرقىسىدىكى نەي مادەي، مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىدىكى يانداش بەگ نىي گۇبەي، لەشكىرىي پىرقىدىكى كاتاۋۇل دۇ يۇكې ئۇچەيلەن پەرمانغا بىنائەن ئەننەنگە ئەۋەتىلدى. پادىشاھ رېنزۇڭنىڭ يارلىقى بويىچە مەنسەپكە تەيىنلەندى، دەپ خاتىرىلەنگەن. نىي گۇبەينىڭ شېئىر توپلىمى يوقىلىپ كەتكەن. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» نىڭ ئۈچىنچى توپلىمىغا ئۇنىڭ «ياندىش بەگ توپلىمى» كىرگۈزۈلگەن. بوشى تۈزگەن «يۈەن نەزمىلىرى» دە يەتتە پارچە شېئىرى خاتىرىلەنگەن.

## جىۇخۇاشەن تېغى

تاغ - دەريالار يېشىل نىلۇپەر بۇ دەم،
يىراقتىن چىۋپۇ سۈيى كۆرۈنۈپ تۇرغان.
چوققىلاردا سوغۇق شامال ۋە شەبنەم،
ھاڭلارنىڭ قوينىغا مانان تەخت قۇرغان.
چىڭقى چۇش، قەددى تىك قارىغايلارنىڭ،
مېھرىگىياھ ھىدىنى دىماغقا ئۇرغان.
بولسام دەيمەن بىر تۇتام پاخال تېپىپ،
بۇلۇتلۇق جىلغىدا ئۆي تۇتۇپ تۇرغان.

ئىزاھ:

ئاپتور گۈيچى ناھىيىسىدىن جيۇخۋاشەن تېغىغا بارغاندا، تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولغان، ھەتتا مۇشۇ تاغدا ماكانلىشىپ قېلىش نىيىتىگە كەلگەن. مۇشۇنداق ھېسسىيات ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

## تاش قازار تاغدىن ئۆتكەندە

تاش قازار تاغ سۇ بويىدا پەسلى كۈز ئاينىڭ نۇرى،
ئاڭلىنۇر ئېمبې شىپاڭىغا بۇ سۇدىن دەرد - ئەلەم.
كەشتە تىككەن تون كىيىپ ئايپالتىلىق يۈرگەن كىشى،
ئەسلىي بىر يۇرت ئادىمى، ئەمما بېشىدا غەم تۇمەن.
چۈنكى، مەي شاھى كېتىپ ئوكيانىنى باستى چاڭ - توزان،
بىر غۇلاچ يەرلىكتىندۇر كىيگەن كىيىم بىرلە بەدەن.
ۋادەرىخ! شۇندىن بېرى بولماپتۇ بۇندا نەۋ باھار،
قۇش ئۇچۇپ ئاسماندا، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بىلەن.
ئولتۇرۇپ سەلكىنىگە كۆرگۈم كېلىدۇ يۇرتنى تۈگەل،
مەست بولۇپ پەرى ئارالى ئىچرە يۈرگۈم دەمبۇدەم.
ۋە لېكىن كۆك قەرىگە چىقماق ماڭا مۇمكىن ئەمەس،
قايرىلىپ باقسام بۇ جياڭنەن تاغلىرى تەڭ دۆڭ بىلەن.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ تاش قازار تاغقا چىققانلىقى، ئۇ يەردە لى بەيگە ھازا تۇتقانلىقى، ئۆتمۈشنى ۋە بۈگۈننى ئويلاپ چەكسىز خىياللار ئىچىگە غەرق بولغانلىقى يېزىلغان. مەي شاھى ۋە شېئىر ئەۋلىياسى ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، ھەممە نەرسە زۇلمەت ئىچىگە چۆككەندەك بولۇپ، ئاپتور سەلكىنىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنداق يۈكسەكلىككە

يېتىشكە جۇرئەت قىلالمىغان. شېئىردا لى بەيگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت - ئېتىقاد ئىپادىلەنگەن.

## مەسلىھەتچى گاۋ تۆرەمنىڭ قەھەتچىلىك يىللىرىدىكى تۆھپىسىگە تىكلەنگەن ئابىدە تاشقا بېغىشلىما

مىڭ غۇلاچ لۇشەن تېغىنىڭ چوققىسىدىن كۆك ئېگىز،
سىزدىكى ئالىيجاناب خىسلەت ئېگىز كۆكتىن ھامان.
ئاي سوغۇق، شىجياڭ سۈيىنىڭ پەسلى كۆزدە يوق چېكى،
قەلبىڭىز ئالەمشۇمۇل كەڭ بىر سۈزۈكلۈك بىگۇمان.
بولسىمۇ گەر يول بويى چىلبۆرە - ئىبلىس بىھېساب،
نەيزە ياكى يانى ئالمايلا قىلۇرسىز بى ئامان.
ئاڭلىسام ئاچارچىلىقتا قاپتۇ ئۆتكەن يىل جەنۇب،
نېنى يوقتا نان بېرىپسىز، جېنى يوق ياتقانغا جان.
بوپتۇ جەم ھەممە كىشى خۇڭجۇدا يولنى توشقۇزۇپ،
قالدۇرۇشقا سىزنى دائىم ياش تۆكۈپتۇ بىر زامان.
ئەلگە قىلغان تۆھپىڭىزنى خەت بىلەن تاشقا ئويۇپ،
مېھرىڭىزنى دىلدا تۇرسۇن دەپتۇ شەربەتتەك ھامان.
ئاڭلىدىم ئۇشبۇ خەۋەرنى نەزمە توپلاپ يۇرت ئارا،
كۆرمىسەممۇ ئۈچتى قەلبىم خۇددى قۇشتەك سىز تامان.
بولسا دەيمەن ئورنىڭىز ئوردا ئىچىدە مەڭگۈلۈك،
روھىڭىزدىن ياغسا يامغۇر پانىي ئالەمگە راۋان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ئاۋام پۇقرانىڭ مەسلىھەتچى گاۋ تۆرە جانابلىرىنىڭ غەمخورلىقى ھەققىدىكى ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن گاۋ تۆرە جانابلىرىنىڭ قەھەتچىلىك يىللاردىكى تۆھپىسىگە ئاتاپ تىكلەنگەن ئابىدە تاشنى كۆرگەندىن كېيىن يېزىلـ

غان. شېئىردا مەسلىھەتچى گاۋ تۆرە جانابلىرىنىڭ ئاقىل سىيا-
سىتى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى
ۋە ئەقىدىسى، ئاپەتكە دۇچار بولغان خەلققە ھېسداشلىقى ئىپادىلەنگەن.

## پۇياڭ يولىدا

سۇ يۈزىدە تۇرنا يالغۇز، كۆز شامالى دەمبۇدەم،
سۇ بېشى لوتۇس ئېچىلغان ھەممە ياقنى تەڭ ئوراپ.
دەل - دەرەخ شەلپەرسىمان، ئاستى قاشالىق ھويلىلار،
جىلغىلاردا لەيلىشۇر كەچكى شەپەق تاغنى ئوراپ.
خۇددى مەي ئىچكەن كەبى كۆرسەم جەنۇبنىڭ چېھرىنى،
شۇ سەۋەب ماڭغۇم كېلۇر يۇرتقا چۇشۇمدە ئالدىراپ.
قەسىر - ئايۋانلار بۇلۇتنىڭ قوينىدا تىلسىم ماكا،
كۆككە باقسام كۆن يېقىن، چاڭئەن بۇ يەردىن بەك يىراق.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا جەنۇبىي ئۆلكىلەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چى-
رايلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزچىلىك، قەدى-
ناس يۇرتىغا بولغان سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن. شېئىردىكى
«خۇددى مەي ئىچكەن كەبى كۆرسەم جەنۇبنىڭ چېھرىنى، شۇ
سەۋەب ماڭغۇم كېلۇر يۇرتقا چۇشۇمدە ئالدىراپ» دېگەن مىسرالار
ئىنتايىن تەبىئىي، راۋان چىققان.

## پەنيۈ يولىدا

قاشتېشى ئۆزرە قىرودەك نۇرلىنۇر يۇنەن تەرەپ،
يۇيىدۇ ئارچا يۈزىنى ئاق بۇلۇتلار بەسمۇبەس.
چوققىلار مىختەك قادالغان كۆككە، كەڭرى يەر - زېمىن،
ھاۋارەڭ دەريا سۈيىگە ئاي نۇرى تولغان پەۋەس.

www.uyghurkitap.com

پالمىدىن ئىچسەم يۇتۇم شەربەت، ئۇنىڭ تەمى ھەسەل،
سەن تاپالمايسەن جاھاندىن مۇنچە تاتلىق تامچە، بەس.
مۇڭدىشاي دەپ باشلىسام ئەمدى قەدىناسلارغا سۆز،
خۇدى قۇشقاچتەك ۋىچىرلايدۇ، چۈشەنمەك بولدى تەس.

ئىزاھ:

بۇ ئاپتور دايۇ تېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتكەندە يازغان شېئىر. ئۇنىڭدا شۇ يەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرىدىكى گۈزەللىك، مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللۇقى مەدھىيىلەنگەن. يەرلىك سۆزلەرنى ئۇبدان چۈشىنەلمىگەچكە، ئۇلارنى «قۇشقاچتەك ۋىچىرلايدۇ» دېگەن، لېكىن مىسرادا كەمسىتىش ئالامەتلىرى يوق.

## باربىت ئايمىقى

بۇتخانا چاڭگۇدىكى، شاخ ياپرىقىدا پەسلى كۈز،
باربىت ئايماق ساھىلى، كەچكى بۇلۇت ھۆسنىدە غەم.
قومدا ئاق بۇزغۇن ئىپسەدەيدۇ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ،
كەتمىگەندەك خۇددى شۇنياڭ سۇلىرىدىن دەرد ـ ئەلەم.

ئىزاھ:

ئاپتور چاڭگو ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىرەن شىخىغا ياماشقان كۈز پەسلىنى ۋە كۆكۈمدىكى بولۇتلارنى كۆرۈپ مۇڭلىنىپ قالغان. قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇن ئاۋازىنى تاڭ دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر بەي جۈيىنىڭ باربىت چېلىپ تۇرۇپ دوستلىرىنى ئۇزاتقان چاغدىكى كۆز يېشىغا ئوخشاتقان. باربىت ئايمىقى ئارقىلىق بەي جۈيى يازغان «باربىت چېلىپ خوشلىشىش»نى تەسۋۋۇر قىلىش، دولقۇن ئاۋازى ئارقىلىق شۇنياڭ دەرياسىنىڭ ھەسرىتىنى ئويلاش، ئاپتوردا بەي جۈيىگە ئوخشاپ قالدىمۇ نېمە دەيدىغان سەرگەردانلىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغان.

# شيپ يۆلى

شيپ يۆلى، ئۆيغۆر. شيپ فاملىلىك ئاھالە تۆركۆمى تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئۆيغۆر ئىدىقۆت خانلىقىدا ۋەزىر بولغان ئۆيغۆرلارنىڭ جەمەتى. بۆ جەمەت ئۆلۆغ بوۋىلىرىدىن تارتىپ شيپنيەن دەرياسى بويىدا ياشىغان بولغاچقا، «شيپ» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىگە فاملە ئورنىدا قوللانغان. شيپ يۆلىنىڭ بوۋىسى قارا بۆقا قۆبلايخاننىڭ جيۆەن يىللىرىدا گۆاڭدۆڭغا بېرىپ تۆز يۆتكەش مەھكىمىسىدە بەگ بولۆپ، ياقا يۆرتلاردىن كېلىدىغان كېمىلەرنى باشقۆرغان. ئۆ تەمىناتنى قوغداش ئۆچۆن بۆلاڭچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۆپ كەتكەندىن كېيىن «ئىدىقۆت ۋالىيسى» دېگەن نام ئۆتۆغات قىلىنغان. دادىسى شيپ ۋېنجى ئەدلى - ئادالەت مەھكىمىسىدە تۆرە، جىئەن يولىدا دارۆغاچ بولغان. شيپ يۆلى تەرىقەتچىلىك يولىنى تۆتۆپ، رېنزۆڭ خاننىڭ يەنيۆ 5 - يىلى (1318 - يىلى) ئۆلىما بولغان، دارىلئولۆمنىڭ دۆلەت تارىخىنى يېزىش ئورنىدا مۆھەررىرلىك قىلغان. شۆندى خاننىڭ جىجىڭ يىللىرى چۆەنجۆ يولىدا دارۆغاچ بولغان. كېيىنچە خۆگۆاڭ مەھكىمىسىدە مۆھۆردار، خەيبېي، خەينەن مۆپەتتىش مەھكىمىسىدە مۆپەتتىش بېگى بولغان. «شىيۆ توپلىمى» نى قالدۆرغان بولسىمۆ، ئون نەچچە پارچە شېئىرىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئاكا - ئۆكا ئالتەيلەن ۋە جيەنلىرىدىن ئۆچەيلەن تەشرىپدار بولغان.

## جىنشى دەرياسىغا ساياھەت

كۆرۆشكە جىنشىدىكى ئىبادەتخانىنى،  
فېنشۆي كۆۋرۆكىگە باردىم تاڭ سەھەر.

سامان يولىدىن يۇلتۇز بىر - بىر ئۆچتى،
ئېنىق كۆرۈندى ماڭا پىڭياۋ شۇ قەدەر.
چۇرۇقلاپ سايرايتتى شاختىكى قۇشلار،
كىشنەپ تۇختىمايتتى ئاستىمدىكى ئات.
يارىيار ھارۋىنىڭ ئۈستى سايىۋەن،
ئىچىم تىت - تىت ئىدى تويغا ئالدىراپ.
شەھەر ئاستا - ئاستا ئارقىدا قالدى،
تاغلار تۇۋلىغاندەك بولاتتى مېنى.
پېشىم يەلپۈنەتتى تاغ - ئېدىرلاردا،
شەبنەم باساتتى چاڭنى - توپىنى.
جىلغا ئىچى يېشىل تۈپتۈز قارىغاي،
تۈزلەڭدە شاپتۇلنىڭ چېچىكى قىزىل.
كەڭ قورۇلاردا نەزىر نېمىتى،
پەي قادىغان تۇغلار سارايدا ۋىل - ۋىل.
ئەگىم يول يېنىدا مۇزلىغان ئايۋان،
پەرىشتە ماكانى شىپالىق بۇلاق.
مەنزىرە كۆركەم، تۇپراقلار مۇنبەت،
كۆڭلۈمدە خۇشاللىق تەنلىرىم يايراپ.
دۇمباقنىڭ ئۈنىدىن تىترەيتتى چوققا،
ئىلاھلار تۇرار جاي ئىدى ئاق بۇلۇت.
تۇتۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئۇلارنى
ئەرشكە چىقار بولسا تۇرنىغا قونۇپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شەنشى ئۆلكىسىدىكى تەيىۋەن قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى باھار سەيلىسى يېزىلغان. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ موللۇقى ئاپتورنى پەرىشتىلەر ماكانىغا



www.uyghurkitap.com

بىرىپ قالغاندەك شادلىققا چۆمۈلدۈرگەن. شېئىردا ۋەتىنىمىز-نىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن. شېئىر تەبىئىي، راۋان چىققان.

## فەن ۋېنجېڭ ھەزرەتلىرى كۆچۈرۈپ يازغان «بويىغا مەدھىيە» نىڭ ئاخىرىغا بېغىشلىما

ۋېنجېڭ ھەزرەت ئەبەدلىك ئىنسان،
ساداقىتى قەلبىمگە ئەينەك.
نام ـ شەرىپى تاغلاردىن ئېگىز،
يازغانلىرى كۈنىنىڭ نۇرىدەك.
دەرەخلەر بار مەڭگۈ ياپيېشىل،
گۈل ـ گىياھ بار قەدىرلىگۈدەك.
قەبرىسىگە ئەگدىم بېشىمنى،
دولقۇنىدا پاكىزلىناي دەپ.

ئىزاھ:
ئاپتور بويىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلىشقا بارغاندا فەن ۋېنجېڭ (فەن جۇڭيەن) كۆچۈرۈپ يازغان «بويىغا مەدھى-يە» ناملىق نەزمىنى كۆرۈپ، «ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ غېمىنى ئۆزىنىڭ غېمى دەپ بىلىش، ئالدى بىلەن ئەلنى خۇشال قىلىپ، ئاندىن ئۆزى خۇشال بولۇش» ئەقىدىسىدە تۇرغان سۈڭ دەۋرىدى-كى داڭلىق ئەدىب فەن ۋېنجېڭغا بولغان ھۆرمىتى بىلەن ئۇنى مەدھىيىلىگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئاقىل ـ دانالارنى ئۈرنەك قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىكى داغ ـ نۇقسانلارنى يۇيىدىغان-لىقىنى بىلدۈرگەن.

## چىڭيۈەن غارىغا

غاردا بىر تەخت ھۆر - غىلمان بارسا ياناماس بىر ماكان،
تاغ بېشىدا خورمارەڭ ئوردا، لېكىن سوغ بەك يامان.
گەرچە بۇددا يۇرتى بۇ سۇنىڭ جەنۇبىدىن يىراق،
ئەمما فۇجيەن باغرىدا جەننەت كەبى باغ بار ھامان.
كېچە ئايدىڭدا گىرىمسەن ئاڭلىنۇر نەينىڭ ئۈنى،
كۆز شامالى ئىچرە تۇرنا سايرىشىدا مۇڭ - پىغان.
ئادەمىزاتنىڭ يولىنى تىلسىمات توسقان ئەمەس،
ئەڭ ئېگىز جايدا پەرىشتىلەر ياشايدۇ ھەر زامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چۈەنجۇ ئايمىقىدىكى چىڭيۈەن تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. خۇددى پەرىشتىلەر ماكانىغا ئوخشايدىغان بۇ جاي ئارقىلىق، ئاپتورنىڭ خۇشاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## ئىلاھىي قەسىرگە زىيارەت

تاغنى ھەيران قىلدى دەۋرەپ ئارغىماق، شەلپەر ئەلەم،
يوپيورۇق بولدى قوۋۇق كۆكتىن ئىلاھىي نۇر بىلەن.
ھۆر - پەرىلەر بۇ زېمىندا ياكى مەۋجۇت، ياكى يوق،
ئەكسىچە، سەيياھ، ئەمەلدارلار يۈزىدە دەردۇ غەم.
تاشلىنىپ قالغان قەسىرنىڭ ئالدى مىڭ يىللىق دەرەخ،
ئورۇۋالغان قاتمۇقات دۈڭ، ئاق بۇلۇت كۆلنى بۇ دەم.
گۈل - گىياھلار شىخىدا شەبنەمگە ئوخشاپ قاپتۇ مۇز،
ياغسا قار، يىل ئايلىنىپ ئەل - يۇرت باياشات بولغۇدەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئالدى بىلەن ئىلاھىي قەسىرنىڭ ئورنى، ئاندىن پەرىشتىلەر ۋە ئادەملەر، ئىلاھ - پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى يېزىلغان. دەل - دەرەخلەر، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار، شاخلاردا مۇزلاپ قالغان شەبنەملەر تەسۋىرلەنگەن. ئېھتىمال شۇ يىل ھوسۇل ياخشى بولمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئاخىرقى مىسرالاردا كېلەر يىللىق مول ھوسۇلغا بولغان ئارزۇ - تىلەكلەر تىلغا ئېلىنغان.

## جىجۇ ئايمىقى يولىدا يېزىلغان ئۈچ شېئىر

1

قار، بۇلۇتلۇق چوققىلاردىن قارىسام جىجۇ تەرەپ،
قاشتېشى ياكى قىرودەك سۈپسۈزۈك سۆيگەن ماكان.
نەچچە پاتمان مۇز ئېرىپ ئەگىز بولۇپتۇ ھەممە يەر،
ئاڭلىسام ئەسلىي دالادىن ياڭرىغان مۇڭلۇق ئاھاڭ.

2

ھەر ئېگىز تاغدىن ئېشىپ، سۇدىن ئۆتۈپ قىلدىم سەپەر،
تاڭ نۇرىدا ھۆر - غىلمانلار چىرايى گۇڭگا بەك.
قامچا ئۇردۇم ئاتقا، تاۋۇيۈەن بولدى يەتمەككە نىشان،
ماڭمىدىم قولۋاقتا يولنى توسمىسۇن دەپ گۈل - چېچەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

### 3

يايپېشىل ئارچا جىرادا قەھرىمانلىقتىن دېرەك،
كۆكتىكى شاۋقۇن ماڭا بويى جانابىنىڭ بەلگىسى.
مەرد كۆڭۈل، پاكىز ۋۇجۇدىن بۇ زاماندا كىم بىلۇر،
قار ـ بوران بۇ دەم مېنىڭ جىسمىمغا غەيرەت بەرگۈسى.

ئىزاھ:

يۇقىرىدىكى بىرىنچى شېئىردا جىجۇ ئايمىقىدىكى قىرولار قاشتېشىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۈز پەسلى، شارقىراپ چۇشۇۋاتقان بۇلاق سۇلىرى، چالغۇلاردىكى ئاھاڭدەك ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلار تەسۋىرلەنگەن. ئىككىنچى شېئىردا تاغ ـ داۋانلاردىكى سەپەر، پەرىشتە ماكانىدەك مەنزىرىلەر، تاۋيۈەندىكى شاپتۇللۇققا بېرىش ئارزۇسى يېزىلغان. ئۈچىنچى شېئىردا جىلغىدىكى يېشىل قارىغايلاردا پەزىلەت ئىگىسى بويىنىڭ قەيسەرلىكى نامايان بولىدىغانلىقى، بۇ خىل شانۇ شەۋكەتنىڭ ئىنسانغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى، ئۆزى گەرچە كىچىككىنە بىر ئەمەلنى تۇتقان بولسىمۇ، يەنىلا جانپىدالىق بىلەن ئىشلىشى لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان.

## تەڭرى راۋىقى

قاپلىدى تاغنى بۇلۇت، ئالدىم داۋان، ماڭسام چاتاق،
كىمگە لازىم ۋاقتى قىسقا يا ئۇزۇن شۆھرەت ـ ئاتاق.
كۆللى ئالەم چەت ـ چېتى يوق شۇنچە رەڭدار مەنزىرە،
بۇ ئېگىز جايدا جاھان كۆرسەم ئەمەسمۇ ياخشىراق!

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ تەڭرى راۋىقىدا كۆرگەنلىرى ۋە ئويـ-
لىغانلىرى، راۋاق گەرچە بەك چەتتە، شۇنداقلا ئوڭاي بارغىلى
بولمايدىغان بىر جايدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پايانسىز گۈزەل
مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئاپتور بۇ ئېگىز
راۋاقتا چىقىپ كۆڭلى ئېچىلغانلىقىنى، شۆھرەت ـ ئاتاق دېگەنـ-
لەرنى كىمگە لازىم بولسا شۇنىڭغا بېرىۋەتكۈسى بارلىقىنى ئىپادىـ-
لىگەن. شىي يۈلىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا تەركىدۇنيالىق
يولىنى تۇتماقچى بولىدىغان پاسسىپ كەيپىيات يوق.

www.uyghurkitap.com

# شىيې جىدۇ

شىيې جىدۇ، ئۇيغۇر، شىيې يۇلىنىڭ ئىنىسى. رېنزۇڭ خانىنىڭ يەنيۇ 2 ـ يىلى (1315 ـ يىلى) تەشرىپدار، گاۋيۇ (بۇگۇنكى جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ گاۋيۇ ناھىيىسى) دە ھاكىم بولغان. ئىنتائەتمەن ئۇلىما سۇپىتى بىلەن گۇاڭدۇڭدىكى تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىش بىجىرگۇچى بولغان. ئەيىبلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن لىياڭ (بۇگۇنكى جىياڭسۇ ئۆلكىسى) دا ئولتۇراقلاشقان، يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىپ، مۇئەللىم بولغان. ئاخىرىدا ھۇنەر ـ كەسىپ مەھكىمىسىدە دىۋان بېگى، مەسلىھەتچى بولغان. ئۈچ پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## جاۋ چيەنلى سىزغان «كېچىدىكى دولقۇن»غا بېغىشلىما

شامالنىڭ ئەۋجى دولقۇندىن ياساپ قار قۇچتى ھەريانىنى،
يىقىتقاندەك كۇچى گويا كۇمۇش رەڭ قەسىر ـ ئايۋانىنى.
پايانسىز پەسلى كۇز سۇنىڭ يۇزىدىن چۆچۇدى تۇرنا،
يورۇق قىلدى تولۇن ئاي نۇرلىنىپ ئازادە ئاسمانىنى.

ئىزاھ:

شېئىردا جاۋ چيەنلى سىزغان رەسىم ئارقىلىق چيۇ جياڭ دەرياسىنىڭ كېچىدىكى مەنزىرىسى، دولقۇنلارنىڭ ھەيۋىتى، يىراقتىكى كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى رەڭدار، جانلىق ئىپادىلەنگەن.

# شاڭ دېفۇ، لى زۇنداۋ سىزغان «بامبۇك دەرىخى» رەسىمگە بېغىشلىما

ئېگىز - پەس، ياپيېشىل بامبۇك، كىرىشكەن يىلتىزى تاشقا،
باراقسان شاخلىرى گويا يارالغان مۇخنى ئاسراشقا.
تېنى پاكىز، ئۆزى سىرلىق، تېپىلماس تەڭدىشى ئۈنىڭ،
بۇ يەڭلىغ خاسىيەتلىك قول گۇمانىم يوق ئىرۇر باشقا.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاساسلىقى ئىككى رەسسامنىڭ تەڭداشسىز ماھارىتى تەسۋىرلەنگەن.

# سەيدۇللا

سەيدۇللا (1272 — ؟) لەقىمى تيەنشى، تەخەللۇسى جى-
جەي، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر. يۈەن سۇلالىسىدىكى شىغاۋۇل
پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى گەن ۋېنچۈەن سەيدۇللانىڭ شېئىر
توپلىمى «يەنمىن توپلىمى» غا يازغان كىرىش سۆزىدە: «دوستۇم
سەيدۇللا جانابلىرى غەربىي شىماللىق ئىدى» دېگەن. يۈەن دەۋ-
رىدىكى شائىر دەي لياڭ خېنيەننىڭ شېئىر توپلىمىغا يازغان
كىرىش سۆزىدە سەيدۇللانى ئۇيغۇر دېگەن. «مىڭ سۇلالىسى
تارىخى» دىكى سەيدۇللانىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ساچى ھەققىدىكى
خاتىرىدە «ئۇنىڭ ئەجدادى غەربىي يۇرتلۇق» ئىدى دەپ يېزىل-
غان. سەيدۇللانىڭ ئەۋلادىدىن سا لۇڭگۇاڭ چىڭ سۇلالىسى جيا-
چىڭنىڭ 12 ـ يىلى (1807 ـ يىلى) يازغان «يەنمىن توپلىمىغا
مۇشائىرە» نىڭ خاتىمىسىدە «ھەزرىتىم (سەيدۇللا) ئۇيغۇر ئى-
دى» دېيىلگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسى-
نىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەدىب تاۋ زۇڭيى «كىتابلار تارىخىدىن
مۇھىم خاتىرە» ناملىق ئەسەردە «سەيدۇللا، لەقىمى تيەنشى،
ئۇيغۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

قۇبلايخان جىيۈەننىڭ 9 ـ يىلى (1272 ـ يىلى) سەيدۇللا
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى شەنشى يولىنىڭ دەيجۇ ئايمىقى-
دىكى يەنمېن دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن. گەن ۋېنچۈەن يازغان
«يەنمېن توپلىمىغا كىرىش سۆز» دە: ئۇنىڭ بوۋىسى سالابۇقا،
دادىسى ئابلاجى كۇچتۇڭگۇر ئادەملەردىن بولغاچقا، كۆپ قېتىم
خىزمەت كۆرسىتىپ، قۇبلايخان، يىگزۇڭ خان زامانىسىدا ئەتى-
ۋارلانغان؛ يۈنجۇ، دەيجۇ ئايماقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋە-

تىلگەچكە يەنمپنلىك بولۇپ قالغان، دەپ كۆرسىتىلگەن. سەيـ ـدۇللا ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن بولۇپ، ئىككىنچى ئىنىسى يېجى جياڭشىنىڭ جيەنچاڭ يولىدا باش بۆغ بولغان. ئۈچىنچى ئىنىسى لاۋۇدۇن جىجىڭنىڭ 7 ـ يىلى (1347 ـ يىلى) مەھەللە خەلپىـ ـتى بولغان. سەيدۇللا كىچىكىدىن تارتىپ تىرىشچان بالا بولسىـ ـمۇ، قۇرامىغا يەتكەن چاغلاردا ئائىلىسى خارابلىشىپ ياخشى ئوقۇيالماي قالغان. دادېنىڭ 6 ـ يىلى (1302 ـ يىلى) ئائىلىـ ـسىنى بېقىش ئۈچۈن ۋۇ، چۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن، سودىنىڭ يولىنى بىلمىگەچكە تولا زىيان تارتىپ، دادېنىڭ 10 ـ يىلى (1306 ـ يىلى) ئائىلىسىگە قايتقان ۋە دوستلىرى بىلەن قەلەمنىڭ يولىنى تۇتۇشقا مەسلىھەتـ ـلەشكەن. رېنزۇڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تەۋسىيەدارلىق تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەنلىكتىن، 56 ياشقا كىرىپ قالغان سەيىدۇللا تەيدىڭـنىڭ 4 ـ يىلى (1327 ـ يىلى) تەشرىپىدار بولغان، جېنجياڭ پۇتۇكچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچىلىققا تەيىنلەنگەن. كېـ ـيىنچە جياڭنەن تەپتىش بېگى مەھكىمىسىگە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈـ ـچى بولغان. يەننەندىكى خېبېي يولىدا تەپتىش بېگىنىڭ ئىجراچىـ ـسى، فۇجيەن تەپتىش مەھكىمىسىدە ياردەمچى، خېنەندىكى جياڭبېي يولىدا تەپتىش بېگىنىڭ كاتىپى، دانىشمەن ـ ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدىكى دۆلەت تارىخى يېزىش ئورنىدا يېزىقچى قاتارـ ـلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شۇندى خاننىڭ جىجىڭ 3 ـ يىلى (1343 ـ يىلى) جياڭجې ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە كاتاۋۇل بولغان. جىجىڭنىڭ 6 ـ يىلى جياڭنەن تەپتىش مەھكىمىسىدە تەپتىش بېگى بولغان. 78 ياشقا كىرگەندە ھوقۇقدارلارنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن خۇەيشىدىكى جياڭبېي تەپتىش مەھكىمىسىگە كاتىپ قىلىـ ـنىپ ئەۋەتىلگەن. تەخمىنەن 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەيدۇللا يۈەن سۇلالىسىدىكى ئاتاقلىق شائىر. ئۇنىڭ ئىجاـ ـدىيىتى شۇ زامانلاردىلا باشقىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان.

www.uyghurkitap.com

گەن ۋېنچۇەن «يەنمېن توپلىمىغا كىرىش سۆز»دە ئۇنىڭ شېئىر-
لىرىنى «گۈركىرەپ سوققان بوراندەك، خۇددى لەھەڭ، ئەجدىھا-
لار ئېتىلىپ چىققىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ھەيۋەتلىك؛ تىپ-
شەن، خۇاشەن تاغلىرىدىن بۇلۇتلارنى يېرىپ كۆرۈنىدىغان ياپيې-
شىل قارىغايلاردەك دەبدەبىلىك؛ خۇددى خۇەيىيىندىن ئاتلىنىپ
چىقسا غەلىبە قىلماي قويمايدىغان لەشكىرىي قوشۇندەك مەردانە
ۋە جانلىق ...؛ سۆڭ دەۋرىدىكى يىگلەپ قالغان خۇي - مىجەزنى
بىر يولى سۆپۈرۈپ تاشلىدى» دەپ تەرىپلىگەن. يۈەن سۇلالىسى-
دىكى شائىر يۈجى سەيدۇللا توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ ئۇنى
«لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا ئەڭ ماھىر، يازغان شېئىرلىرى
راۋان، جەزبىدارلىقى كۈچلۈك» دەپ تەسۋىرلىگەن. يۈەن دەۋرى-
دىكى يەنە بىر شائىر ياڭ ۋېيجېن «سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى
جۇشقۇن ۋە مەردانە، مۇشۇ خانلىقنىڭ ئۆلگىسى بولۇشقا لايىق.
ئوردا نەزمىلىرى ۋە ‹نىلۇپەر كۈيلىرى›، گە ۋاڭ جيەن بىلەن جاڭ
جىمۇ يېتەلمەيدۇ» دەپ باھا بەرگەن. سەيدۇللا ھەققانىيلىقنى
قوللايدىغان شائىر ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يۈەن دەۋ-
رىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. رېئال-
لىقنى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بەزى شېئىرلىرىدا، مەسىلەن،
«تىلەمچى قىز قوشىقى»، «چۈيىۈڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە»،
«تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» قاتارلىق شېئىرلى-
رىدا ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرى پاش
قىلىنغان، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىكلىكى، ئۇرۇشخۇمار-
لىقى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى
ئېچىپ تاشلانغان، خەلقنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ھېس-
داشلىق بىلدۈرگەن، شائىرنىڭ دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى
يەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئوردا نەزمىلىرى بەدىئىي جە-
ھەتتە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ساياھەت خاتىرىلى-
رى، ئۆتمۈشنى ئەسلەش شېئىرلىرى ناھايىتى سۈزۈك، راۋان،

ناھايىتى سالماق يېزىلغان. بۇرۇنقىلار ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەق-
قىدە سۆزلەپ كېلىپ، بەزىدە لى چاڭجى (لى خې) نىڭ ئۇسلۇبى
بار دېسە، بەزىدە لى يىشەن (لى شاڭيىن) دىن ئۆگەنگەنلىكى
چىقىپ تۇرىدۇ، دېگەن. يەنە بەزىلەر «لى بەيىنىڭ ئۇسۇلىدىن
تەلىم ئالغان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئەھۋاللار سەيدۇللانىڭ ھەر
تەرەپلىمە ئۆگەنگەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئۆزىگە خاس مەردانە، كۆتۈ-
رەڭگۈ، يېڭى ۋە تەبىئىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرگەنلى-
كىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سەيدۇللانىڭ «يەنمېن توپلىمى» غا
كىرگەن ۋە كېيىن تولۇقلانغان شېئىرلىرىدىن 798 پارچە شې-
ئىر، 14 پارچە نەزم ۋە يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستلىرى ھازىرغا
قەدەر يېتىپ كەلگەن.

## چۇڭيىاڭ بايرىمى مەزگىلىدە ياقا يۇرتلاردا
## يۈرۈپ يېزىلغان ئىككى شېئىر

بولۇپ سەرسان، ياشاشىنىڭ تەسلىكىدە مەنچە ئىنسان يوق،
كېلىپ چۇڭيىاڭ يۇرتۇمنى ئويلىسام جىسمىمدە دەرمان يوق.
قولۇم قىسقا، يېقىن مەيخانىمۇ شۇ ۋەج يىراق بولدى،
دېرىزەمنى ئېچىپ گۈل كۆرگۈدەك ھەتتاكى ئىمكان يوق.

ئىدى چۇڭيىاڭ كېتىپ يۇرتتىن نېرى سودا - بازار قىلدىم،
كۆرۈپ جۇيخۇا گۈلى، يەنمېندە مەن دەپ ئىپتىخار قىلدىم.
قولۇم قىسقا، يېقىن مەيخانىمۇ شۇ ۋەج يىراق بولدى،
ئۆزۈم يالغۇز ئوقۇپ نەزمە دىلىمغا بەك ئازار قىلدىم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ ياقا يۇرتلارغا بېرىپ سودا بىلەن
شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىمسىرەپ قالغانلىقى، چۇڭيىاڭ بايرى-
مىنى كەمبەغەلچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن چاغدىكى كۆڭلى غەش-

لىكى يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، لېكىن ناھايىتى ئۇ-
چۇق، ھېسسىيات سەممىي ۋە چوڭقۇر. ئىككىلا شېئىردىكى
«قولۇم قىسقا، يېقىن مەيخانىمۇ شۇ ۋەج يىراق بولدى» دېگەن
مىسرالار ئاپتورنىڭ شۇ چاغدىكى كۆڭلىنىڭ تەسلىكىنى ناھايىتى
روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

## تاغدا يۈرۈپ دوستلارنى ئەسلەش

زاتى سۈمۈرغ، شۇ سەۋەب ئەلدە ھەۋەس،
ۋە لېكىن ياتقان يېرى ئوت بىرلە خەس.
ئولتۇراق ئۆيىنىڭ جەنۇبى قار تامام،
كالتە كۆڭلەك، شۇرغان تەسكەي پەۋەس.
يىل تۈگەپ تاغلار، دەرەخلەر داق سۆڭەك،
تەڭرىدىن كەلمەيدۇ شەپقەت بىر نەپەس.
مەيلىلا ئەرلىك ۋۇجۇد ئۇ بىرسىنىڭ —
رەھنەمالىق كۆڭلىگە ھاجەت ئەمەس.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ خەن فامىلىلىك دوستىنىڭ نامرات بولسىمۇ، ئەقىدىسىگە ئاسىيلىق قىلماي ياشاۋاتقانلىقى يېزىلغان، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭ قابىلىيەتلىك ئادەملەر بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىغا بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىردىكى «ئولتۇراق ئۆي»، «كالتە كۆڭلەك» دېگەن سۆزلەردىن شۇ چاغدىكىلەر بەك رازى بولغان. مىڭ دەۋرىدىكى خۇيىڭلىن بۇ شېئىرنى «ۋەزنى رەتلىك، دالى ۋە يوەنخې يىللىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان ياخشى شېئىر» دەپ ماختىغان ھەمدە تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ بۇ شېئىر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغانلىرى ئاز ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن.

## سۈن خۇچېن باغچىسىدىن ئۆتكەندە

قېنى ئۆتمۈش شەپەقتەك رەڭمۇرەڭ لوياڭدىكى بوستان،
هالا ئەمدى جۇدۇن - يامغۇر بىلەن ئۈستىنى قۇم باسقان.
ئىچۇككى تاشلىنىپ جىنگۇ بېغىدا خۇش پۇراق گۈللەر،
يېشىللىق يوق، تېرەكنىڭ پوتلىسىغا رازى كۆك ئاسمان.
كېتىپ بۇلبۇل، راۋاق - شىپاڭ گىياھلار قوينىدا ئەرۋاھ،
قەدىناس قارلىغاچ - قۇشلار ماكانسىز ھەر تەرەپ سەرسان.
ئىدى چىڭياڭ سارايى نەزمە بابىدا ئەجەب ئاۋات،
قۇرت - قوڭغۇز، پاقا بۇ دەم سىيسىق سۇدا سۇرەر دەۋران.

ئىزاھ:
شېئىردا سۈن خۇچېن باغچىسىنىڭ خارابلاشقانلىقى يېزىلـ-
غان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، يۈەن
دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرگە كۆڭۈل بۆلـ-
مىگەن. شائىر شېئىردا بۇ ئەھۋالدىن خورسىنىپلا قالماستىن،
بەلكى يۈەن سۇلالىسىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن چوڭ سانغۇن سۈن
خۇچېنغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ھۆكۈمران سىـ-
نىپلارنىڭ بىر ئەزاسى تۇرۇقلۇق، تار ۋە بىر تەرەپلىمە مىللىي
قاراشتا بولمىغان. شائىر بۇ شېئىرنى يازغاندا 56 ياشقا كىرگەن
ۋە تەشرىپدار بولغان ۋاقتى ئىدى.

## سوغۇق كېچىدىكى بۇرغا ئاۋازى

ئايدالادا ئۇخلىيالماي قىينىلىپ يۈرگەن بىمار،
بۇرغا ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنادۇر زارۇ زار.
ئاي خىرە، سىپىل شىمالىدا سېرىق رەڭلىك بۇلۇت،
ئۇل جەنۇب ئاق تۇرنا ئۈستىگە ماناندىن تون ياپار.

تاغدىكى قەلئە سوغۇق، قالدى تۇگەي دەپ كونا يىل،
چايقىلۇر ئۆستەڭ، گىلاس شاخى چېچەكتىن خۇددى قار،
بولدى شىنفېڭ قىسمىتىدەك، نەۋقىرانلار ئاز ئەجەب،
خورسىنار چاڭمىندىكى ساھىبجامال يوق دەپ باھار.
سەلتەنەتلىك بىر سادا، ئەلياتقۇدا تىترەيدۇ كۆك،
ئاي نۇرىدا زەپىران كاھىش، گىياھ ئۇستى ناھار.
كى بىمار چۇش كۆردى بۇ كەچ، قويدى قەلئەگە قەدەم،
بوغما ـ بوغماق قامچا تۇتقان، ئاتتا جەڭگە ئىنتىزار.
ئىچتى مەي ئۇ ياۋ بېشىدىن شەمشىرىدە جام ياساپ،
ئەزىمەتلەر چۇشتى ئۇسسۇلغا قىلىبان جان نىسار.
ئويغىنىپ چۇشتىن بىمار سەزدى ئۆزىنى خۇددى شىر،
بىر سوئال قويدى: بۇ دەم ئاستانە كىمگە بىقارار؟

ئىزاھ:

شېئىردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانلار جەمەتىدىكى ئىچكى نىزا ـ جاڭجاللارنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملاشقانلىقى يېزىلغان. تەيدىڭ خان ئۆلگەندىن كېيىن، شائىر سەيدۇللا ۋەلىئەھدى تەرەپتە تۇرغان. لېكىن، ئۇنىڭمۇ ئىشلىتىشكە لايىق ئادەملەرنى ئىشلەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىنقى سۇلالىدە ياشىغان شائىر لۈيۇدەك چۇش كۆرسىمۇ دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىدىغان روھىي ھالەتنى، «كى بىمار چۇش كۆردى بۇ كەچ، قويدى قەلئەگە قەدەم» دېگەن مىسرالاردىن باشلاپ بىر خىل مەردانىلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى نامايان قىلغان. شېئىرنىڭ ئۇسلۇبىدىن لۈيۇنىڭ قەلىمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## تىلەمچى قىز قوشىقى

ياسىداق ئايۋان ـ سارايدا شۇنچە ئۇز ياڭجۇ قىزى،
قولى نازۇك، چالسا گۇجېڭ ئۇنىدە يامغۇر ـ بوران.

كەشتىلەنگەن تون بىلەن سۆسەر تۇماق كىيگەن يىگىت،
قولىدا رەڭلىك قەپەس، قۇشقاچلىرى سايرار راۋان.
ئەملى پەس، سۇ بىلەن خۇاڭنى ياراتمايدۇ تېخى،
گاھى گەپ، گاھى قەلەمدە ئەردى ئۇلار قەھرىمان.
ئەركە ـ نايناق بەچچىغەرلەردىن بىزار ھەربىر نەپەس،
نازىنىنلار ھۇجرىسىغا تا ئەزەلدىن ماڭمىغان.
يولدا كۆردۇم خارلىنىپ تۇپراق كەبى ياتقان ئايال،
خۇددى كۆكتىن قەھرىتان ئۇچتى كۆزۇمچە شۇ تامان.
ھە، دېمەك، ئاۋات مەھەللە، يۇرت خاراب بولغان بۈگۈن،
ئۆرۈلۈپ ئۆيلەر، گۈگۈمدا تۈلكە ـ بۆرە ھۇۋلىغان.
ئېھتىمال ئۇشبۇ ئايالمۇ ئەسلىدە بولغان گۈزەل،
يىغنە بىرلە گۈل تىكىپ، غەمسىز ـ ئەلەمسىز ئوينىغان.
ئېھتىمال ھۆسنى ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە بەرگۈسىز،
مانا ئەمدى ئاچ ـ زېرىنلىك دەستىدىن زار ئىڭرىغان.
گەر خۇاڭخې بولسا ياش ئۇمۇ قۇرۇيتتى ئۇشبۇ دەم،
يۈزى يوق يامۇل بۇ ئىشلارغا نەزەرنى سالمىغان.
كۆزى ئاچ ھاكىم جانابلارنىڭ بېلىدە زەر كەمەر،
ئۆزى توق، يۇقىرا نە كويدا قىلچە ئويلاپ قويمىغان.
ئاڭلىسام گۇەن شيەن تەرەپ ئاچلىق ئازابى بەك ئېغىر،
يەنە مەشرىقنىڭ جەنۇبىنى مالامەت قاپلىغان.
تۇرنىلار سازلىق تاپالماي، سۇ تۈگەپ ئۆلگەن بېلىق،
يېگۈدەك يەم يوق، نىدا ـ ھەسرەت ئاۋازى ياڭرىغان.
ۋادەرىخا، ئوردىلارنىڭ ھۆر ـ غىلمان قىزلىرى،
ۋە لېكىن يارلىق تۇتۇپ كەلمەككە بىرسى چىقمىغان.
نىلۇپەر رەڭ پەردە ئىچرە كىچە ـ كۈندۈز نەۋ باھار،
قاشتېشى ئەينەكتە ئۇلارنىڭ چىرايى سولمىغان.
پادىشاھلار ھىممىتىدىن مەيدە خانىش خۇشال،
كىم بىلۇر يول ئۆزرە بىرسى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلىغان.

ئۆتسە دەيمەن خەلقىمىزنى بىر ئاسايىش كۈن كۆرۈپ،
بالىلارمۇ ناخشا توۋلاپ، ئايدالادا قايىنىغان.

ئىزاھ:

يۈەن دەۋرىدە جەمئىيەتنى زۇلمەت قاپلىغان، سىنىپىي زىد- دىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن. خەلق ئازابتا قالغان، قەھەتچىلىك يىللىرى ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ياشاش ئىمكانىيىتى بولمىغان. كىشىلەر بالىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. «ئاۋات مەھەللىلەر خارابىلىشىپ، قۇرۇق قالغان كونا ئۆيلەردە بۆرىلەر ھۇۋلايدىغان» ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت شە- كىللەنگەن. لېكىن، پۇلدارلار، ھاللىق ئادەملەر ئەيش - ئىش- رەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. خانىشلار ھۆر - غىلمانلاردەك باياشاتلىقتا ياشىغان. ئاپتور بۇ شېئىردا ئاچارچىلىقتىن ئىگىر- غان پۇقرالارغا بولغان ھېسداشلىقىنى، بۇزۇقچىلىق ۋە پەسكەش- لىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھۆكۈمرانلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، يامۇل ئەمەلدارلىرى ۋە ھاكىملارنىڭ «ئۆزى توق يۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان» لىقىنى ئەيىبلىگەن، ئۇلارنى يۈزسىز دەپ تىللىغان. گەرچە پادىشاھقا تىل تەگكۈزۈش- كە جۈرئەت قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھلارنىڭ پۇقرا- نىڭ دەردىنى بىلمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بىر ئاسايىش زاما- نىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شېئىردا سەيدۇللا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تەكرار قوللانغان: دەسلەپىدە ئايۋان - سارايلاردىكى نازىنىنلار، بايۋەچچە - بەگزادىلەر بىلەن تاشلىنىپ خار بولغان سەھرالىق ئايالنى، ئاندىن سەھرالىق ئايال- نىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنىنى، ئايماق - ناھىيە ئەمەلدارلىرى، ئور- دىدىكى خانىشلار بىلەن تىلەمچى قىزنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇر- غان ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنى يورۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

www.uyghurkitap.com

# جياڭچېڭدىكى قار تاماشاسى

ئاق لىباستەك ئاق توزان كۆردۈم سالاسۇندا تۇرۇپ،
قار ـ بوران چاڭجياڭدا قۇترايدۇ قوۋۇقتا ئاھ ئۇرۇپ.
قاتمۇقات قەلئە تۆمۈر رەڭ بولدى بىردەمدە كۈمۈش،
قالدى كەچ ئالتۇن كەبى تاغ ئۆزگىرىپ قاشتاش بولۇپ.
قارشى قىرغاق بەك سوغۇق، يەتمەي قېيىقچى ئازدى يول،
قېرى راھىب دەرگۇمان كەتتى بۇلۇتقا ئۇلتۇرۇپ.
تاڭ ئېتىپ كۈننىڭ نۇرى چۈشكەندە ئورمان ئۈستىگە،
بىر گۈزەللىكتىن ئېچىلدى يۈز ـ كۆزۈم، كۆڭلۈم يورۇپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جياڭنەندىكى قار مەنزىرىسى ناھايىتى جانلىق يېزىلغان. كۈمۈش رەڭ بولۇپ قالغان قەلئە، قاشتېشى بولۇپ كەتكەن تاغ، يولدىن ئېزىپ قالغان قېيىقچى،، قېرى راھىبنىڭ بۇلۇت قوينىغا كىرىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق مىسرالار ئادەمنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

## ئارىيە

جەڭ بىلەن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى تامام،
يامرىدى ئاپەت بۇ دەم ھەربىر تامان.
ياندى مەغرىبتىن زەپەردە ئارغىماق،
ئەل بىساتتىن ئايرىلىپ ھالى يامان.
ئىش بىلەر ۋۇزرا ـ ۋەزىرلەر بارمىكىن،
غەمدە يالغۇزلۇق يېتىپ رەڭگىم سامان.
ئىزغىرىندا كالتە چاچىم يەلپۈنەر،
قاش قارايدى، دەردكە ھەقدا يەر ـ جاھان.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

شېئىردا شائىرنىڭ تەبىئىي ئاپەت ۋە زاماننىڭ ئەسكىلىكى تۈپەيلى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەمگە بولغان ئاغرىنىشى، دۆلەت ۋە پۇقرالارغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

## بېيگودو راۋىقىدا تۇرۇپ جىشيۇ راھىبقا يېزىلغان شېئىر

كەيىپ بولۇپ ئۇردۇم سالاسۇنغا ئۇچۇرتتۇم ئاققۇتان،
كۆككە باقتىم، ئۆرلىدى قەلبىمدە مىڭ پاتمان تۇمان.
ئالتە خانلىق سۇ كەبى نەلەرگە كەتتى بىلمىدىم،
پادىشاھلىقتىن ئۈچى قىپتۇ ئەلەمنى ئەرمىغان.
ھەم ئېتىلگەن ئىشىك ـ دېرىزە كۈنمۇ ئولتۇرغان مەھەل،
سوغ شامال قايرىيدۇ چاچىمنى، غازاڭلار زەپىران.
يوق پاراغەت يا ھالاكەت بىرلە خەيىبىنىڭ ئىشى،
تاشقا ئۇقچۇيدۇ باھارنىڭ دولقۇنى ياشىدا قان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ تارىختىكى گۈللەنگەن ياكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرلەرگە بولغان ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شېئىر ناھايىتى جانلىق يېزىلغان. ئاخىرقى ئىككى مىسرادىكى كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## تۆت پەسىلگە يېزىلغان ئوردا نەزمىسى

1

خانلىق ئۆستەڭ قوينى ئەگىزدە سۇزۇك سۇنىڭ ئۈنى،
ئاڭلىنۇر سەلكىن ئارا ھالقا ئاۋازى ھەر كۈنى.

ياپيېشىل گۈللۈك ھەرەمنىڭ قۇلۇپى مەھكەم ئېتىك،
ئۆي قاراڭغۇ پەردىدىن، ھېچكىم ئاچالمايدۇ ئۇنى.
ئويغىنىپ بۇلبۇل ئاۋازىغا قۇلاق سالغان گۈزەل،
ئۆتىدۇ شىپاڭدا قۇشلارغا قاراش بىرلە كۈنى.
گۈل ـ گىياھ سولغاندا بۇ جايدا ئېچىنماس بىرمۇ جان،
كېتىدۇ بوشقا قەلەمقاشنىڭ باھارسىز ئارمىنى.

2

كۈن ئۇزۇن، كىيگەن كىيىم كىمخاپ ـ دۇخاۋا تون ھامان،
سۇرمە تارتقان قاشىغا مەيتۇن شامالالار ھەر زامان.
قىلغىلى ئىش يوق راۋاقتا رەڭمۇرەڭلىك يەلپۈگۈچ،
كۈلكە ئاۋازى، مۇغەننىلەرگە تولغان قوشنا تام.
ۋاقتى كەلسە قۇم باسادۇر خان ـ غوجاملار مېھرىنى،
ئىلتىپات كۆتكەن دېدەكلەرنىڭ كۈنى ئۇندىن يامان.
كەچقۇرۇن سەلكىندە يۈيساڭمۇ غېمىڭنى تەلتۆكۈس،
ياڭرىغان باربىت ئۇنى ھالىڭنى قىلغاي بىئامان.

3

بۇ تېپىز شاھانە سۇ باغرىدا دولقۇن ئوقچۇماس،
تاشتا شەبنەم، كۈن نۇرىدىن چاچتا زىنهار توختىماس.
پەيتى گۈگۈم يوق ئەجەب ئالتۇن قاداقنىڭ شىلدىرى،
ئاي تولۇن، كىمدۇر چېلىپ نەي كوچا ـ كويدا ئۇخلىماس.
تۇن كېچە خان مەپىسى ماڭدى يېگانە قەسىرگە،
ۋەدىلەشكەن جايدا ئەركىنلىك ئەدەپكە ئوخشىماش.
كۆكتە بىر قىز تەلمۈرەر، چوپان يىگىت ئىزدەر ئۇنى،
بولسا كۆۋرۈك قۇش قاناتى كىممۇ يارنى يوقلىماس.

# 4

ئەجەب جىمجىت ساراي ـ ئوردا ئىچى، گويا تىرىك جان يوق،
ئىشىكتە ئەجدىھا يالغۇز، كۆرەرگە بىرمۇ ئىنسان يوق.
چىمىلدىقنىڭ ئىچى مۇز، غەم بىلەن پۈتمەس ئۇزۇن ئاخشام،
باھار ئىزدەپ فىرۇزە پەردىنى قايرىيدىغان خان يوق.
يىراق ئاسمان، پەرىشتە كەلمىكى مۇشكۈل ئىلىپ نامە،
سوغۇق كاھىشقا ئاق لىباس، گىياھلار ھۆسنىدە قان يوق.
كېلەرمۇ مەيە دەپ تاتلىق سىزىملار ئىچرە بىر تەشۋىش،
ئىلىپ پانۇس كۆزەتسەڭ قار تۇزاندىن ئۆزگە پىنھان يوق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا باھار، ياز، كۈز، قىش پەسلى ئارقىلىق ھەرەمدىكى قىزلارنىڭ ئىچىنىشلىق تۇرمۇشى بايان قىلىنغان، چوڭقۇر ھوجرىلارغا بەند قىلىنغان قىزلارنىڭ روھىي ئازابى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سەيدۇللانىڭ ئوردا نەزمىلىرى ئىنتايىن ياخشى يېزىلغان بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسىدىكى چوي يو «چىمەنزارلىقتىكى گەپ ـ سۆزلەر» دە: «سەيدۇللا ئوردا نەزمىلىرى بىلەن داڭلىق، بۇ نەزمىلەر ھەم گۈزەل، ھەم يېڭى، ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن» دەپ يازغان. يۇقىرىدىكى نەزمىلەر ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى راۋان، تەبىئىي، چىرايلىق يېزىلغان.

## كۈز

سوغ كېچە، بەگ مەيىسى چىقتى ئاۋايلاپ ئوردىدىن،
تۇردى تون كىيگەن ياساۋۇللار تىزىلىپ سەپ ئورنىدىن.
تاش سالاسۇنلارنى بويلاپ ئۆتتى پانۇس بىرقاتار،
كۆزگە چۈشتى ئاق قىرو سولغۇن گىياھلار قوينىدىن.

ئىزاھ:

بۇ نەزمىدىكى پىكرىي مەنزىرە تېخىمۇ پىنھان، تېخىمۇ تەبىئىي ۋە يېڭى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان يەن شىڭسۇن: «ۋاڭ شۇن يازغان ‹ئوردا نەزمىسى› دىكى: جەنۇبتىن ئۆرلىگەن سەلكىن نېلۇپەر كۆيىنى ئۈزدى/كېچە يامغۇر بىلەن كۆلنىڭ چىرايى ئۆزگە رەڭ تۈزدى/بۇلۇت ئاستىدىكى ئايۋان يولى ئۇتتۇز يەنە ئالتە/تولۇن ئاينىڭ نۇرىنى بىلمىدىم قايسىسى كۆپ سۈزدى، دېگەن مىسرالارنى قالتىس يېزىلغان دېگىلى بولىسىمۇ، يەنىلا سەيدۇللانىڭكىگە يەتمەيدۇ» دېگەن.

## ئوردا نەزمىسى

تالى مەجنۇن، ئاي راۋاقتىن ئاقتى ئايۋانغا قاراپ،
كەچ دىماغىغا ئۇرۇلدى ئەتىر يوتقاندىن تاراپ.
بىلگىلى بولمايدۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا قانداق باھار،
جىنچىراغتا گۈل كۆرۈشتىن بارمۇ ئۆزگە ئىزتىراپ.

ئىزاھ:

بۇ ئوردا نەزمىسىدە ئۆزى يالغۇز زېرىككەن، لېكىن قاراڭغۇ ئۆيدە ياشلىق باھارىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئامال تاپالمىغان بىر قىزنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. شېئىر ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان.

## ئوردا نەزمىسى

قامچا ئۇرغۇزماي ئۆزگە ماڭغىنىدا ئارغىماق،
ئىدى سوغ، كەچ، ياندا ھەيۋەتلىك ئېگىز خانلىق راۋاق.
ئىشىك ئاغاسىنى كېنىزەك كۆرمىگەچكە تا ئەزەل،
«قايسى ئۆينىڭ يىگىتىسىز» دەپ تۇرۇپ كەتتى قاراپ.

ئىزاھ:

تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ۋەلىئەھدى ئىشىك ئاغالىق مەنسا-
پىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئاتنى ئوينىتقانچە خانلىق راۋاقنىڭ
ئالدىدىن ئۆتكەن. ھەرەمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىككەن كېنىزەك
ئۇنى قايسى ئۆيدىكى يىگىتتۇ دەپ خىيالغا چۆمگەن. شېئىر
ئىنتايىن راۋان، قىزىقارلىق ۋە يەڭگىل يېزىلغان، ھەرەمدىكى
قىزلارنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلىقىغا
بولغان نارازىلىقىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. يۇقىرىدىكى ئوردا نەزمە-
لىرى ۋېنزۇڭنىڭ تيەنلى يىللىرى (1328 — 1330) يېزىل-
غان. يۇەن دەۋرىدىكى شائىر ياڭ ۋېيجېن «ئوردا نەزملىرىگە
كىرىش سۆز» دە: «تيەنلى يىللىرى، مەن بىلەن قۇرداش سەي-
دۇللا ئوردا نەزملىرىنى يېزىشقا ھەممىدىن ماھىر ئىدى» دەپ
كۆرسەتكەن.

## سۇمۇرغ راۋىقىدا

سۇمۇرغ راۋاق تۆۋىنىدە دەريا سۈيى ساپسېرىق،
سۇمۇرغ راۋاق ئۈستىدىكى گۈل - گىياھلار ياپيېشىل.
كۆۋەرگەن خۋاڭخېنىڭ ئۆركەشلىرى كېچە - كۈن،
تال - چىۋىقلار كۆكىرىدۇ باھار بىلەن يىلمۇيىل.
ليۇباڭ خان بولۇپ تەختكە چىققان چاغلار بەك ئۇزاق،
مىسران قىلىچ لۇڭچۇەننىڭ بىسلىرىدا نۇر - زىيا.
بايلىق توپلاپ خۇشال بولۇپ ئۆز يۇرتىغا بارغان ئۇ،
ئات ئۈستىدە بەش يىل يۈرۈپ ئىگە بولغاچ جاھانغا.
ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار سالام بەرگەن تىزلىنىپ،
يىرتىق ئاياغ، ھاسا بىلەن تەگرىقۇتنى كۆرۈشكە.
چىرايىغا مەمنۇنىيەت ياماشقانۇ غەم باسقان،
چۈنكى بۇيرۇق مەجبۇر قىلغان يېرىمنى ئۆلۈشكە.

ئويلاپ باقسام شۇ زامانلار ئون چاقىرىمدا بىر ئۆتەڭ،
يارلىق ئېلىپ ئەمەلدارلار كېچە ـ كۈندۈز ئات چاپقان.
گەر پايانسىز زېمىن كەڭرى سوزۇلسىمۇ ھەر ياققا،
ئۆز جايىدىن باشقا يۇرتنى باشقۇرالماي باش قاتقان.
تۇركۇم ـ تۇركۇم لەشكەر ـ چېرىك قوغدايمىز دەپ خانلىقنى،
تۇرالمىغان مەلىسىدە بىردەمگىمۇ كۆڭلى خۇش.
تاپقىنىنى ئەۋلادىغا تۇتقۇزماقچى بولغان شاھ
ئاخىر بېرىپ ھوقۇقىنى لۇي خانىشقا بەردى قوش.
خۇەيىينلىق قىران يىگىت خەن شىن دېگەن ياش سانغۇن،
چەۋەندازلىق قىلىپ جەڭدە قالتىس تۆھپە ياراتقان.
لېكىن، ليۇباڭ كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ،
جاپا قىلدى ۋاپاغا دەپ يالغان گەپنى تاراتقان.
نەتىجىدە باتۇر خەن شىن مەھبۇس بولۇپ خانىشقا،
جان ھەلقۇمغا يەتكەن مىنۇت شېرىكنى پاش قىلغان.
نەزەربەندكە چۈشكەن شياۋخې، زىفاڭ ماڭغان دالىدىغا،
ھەمدەم سادىق ۋەزىرلەرنىڭ كۆزلىرىنى ياش قىلغان.
گەرچە ليۇباڭ توقۇسىمۇ سۇمۇرغ ئۈچۈن قەسىدە،
ئۆلۈپ كەتكەن شۇ چاغدىكى يارانلارنىڭ تولىسى.
ئوردا شيەنياڭ كۆيگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆز بىلەن،
تەگمەي قالغان ئۆز ھالىنى ئوڭشاشقىمۇ چولىسى.
ئەمدى راۋاق مەراسىدا ياشانغانلار يۈزى نەم،
دەيدۇ: مۇنداق يامان كۈنلەر ليۇباڭ بىلەن تۈگىمەس.
تا قەدىمدىن ھازىرغىچە سائىتى بار ھەر ئىشنىڭ،
ھاللانغاندا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇپ قالغان تېگى پەس.
ۋەيران بولغان قەبرىستانلىق راۋاق بىلەن يانمۇيان،
بۇرۇنقىلار تۈگەپ كېتىپ، ساق قالغانلار ئەلەمدە.
ۋۇجۇدۇمدىن پىغان ئۆرلەپ پەسكە چۈشتۇم راۋاقتىن،
يامغۇر سۈيى گۆرىستانغا مۇخ ئۆستۈرگەن قەدەمدە.

ئىزاھ:

شائىر ۋېنزۋڭنىڭ جىشۈن 3 ـ يىلى (1332 ـ يىلى) دانىشمەن ـ ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدىكى تارىخ يېزىش ئورنىدىن جىياڭنەن تەپتىش مەھكىمىسىگە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەندە خېشىيەن ناھىيىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ سۇمۇرغ راۋىقىغا چىققان ۋە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۇگۈنگە نەزەر سېلىپ كۆڭلى يېرىم بولغان. مۇشۇ نەزمىنى يېزىپ، لىيۇباڭ قاتارلىق ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، مەككارلىقى ۋە تۆھپە كۆرسەتكەن كىشىلەرنى ۋەھشىيلىك بىلەن باستۇرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خىل ئىشلارنىڭ «لىيۇباڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمەيدىغانلىقى» نى، ئەھۋالنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداقلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تىغ ئۇچىنى يۈەن سۇلالىسىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلارغا قاراتقان. قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنىڭ خاراباشلاشقانلىقى، سۇنغان قەبرە تاشلىرىنى ئوت ـ خەس بېسىپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلار ئارقىلىق تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ تارىخنىڭ ئەخلىتىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

## لىن شياۋ راۋىقىغا مۇشائىرە

ئەجدىھادەك يۆگىشىپ ياتقان بۇ تاغلار رەتمۇرەت،
ئاق بۇلۇت، زاغزاق ئېگىز پەشتاق چىرايىغا مەدەت.
ئول قەدىم لىگۇڭ سارايى ئۈستىدە ئاينىڭ نۇرى،
پادىشاھ ئۆتكەن چىغىر يول قاپتۇ بۇ دەم چۆلدەرەپ.
كى ھالاكەت بولسا خانلىقتا باھار ئوخشاش يەنە،
گۈل ـ گىياھ ئەينەن شۇ چاغدەك يۈز ئېچىپ تۇرغاي ئەبەت.
قەبرىلەر خۇددى گۆرىستان، بىر جەزىرە، ۋادەرىخ،
ھەر يىلى ھەمراھ بوران ـ يامغۇرغا نامسىز خەس پەقەت.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا لىن شياۋ راۋىقىنىڭ شۇ چاغدىكى خارابلاشقان مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. شېئىرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، مىسرالاردىن قەدىمكى پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ.

## جۇييۇڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە

جۇييۇڭگۇەن، جۇييۇڭگۇەن تاغلىرى بوستان،
شىمالى بەك سوغۇق، جەنۇب ساراتان.
كىرسەڭلا تۇگۇلۇپ ياتقان بىر يولۋاس،
سوقۇلسا تاشلىرى تىترەيدۇ ھەريان.
ئەزەلدىن بۇ يەردە شىجەت باتۇر كۆپ،
تۆمۈر دەرۋازىسى كۆككە تاقاشقان.
گىياھلار تۈۋىدە تاشلاندۇق سۆڭەك،
يامغۇردا ئەرۋاھلار روھى ئىڭرىغان.
يولنىڭ ياقىسىدا سەكسەن ياشلىق چال،
كالتە تون، ئاپئاق چاچ، قولىدا ساپان.
سورىدىم ئۆنىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى
ئۇ دېدى: ئۆتمۈشتىن مۇشۇ گۆرىستان.
بىر ئاخشام ئۇچرىدى ئىلمەكلىك نەيزە،
سۇنغان يېرىمىنى قارا دات باسقان.
رەڭسىز بىسلىرىدا تۇپراقنىڭ ھىدى،
ئەينى سانغۇنلاردىن جەڭدە ئاققان قان.
ئۇزاقى يىل ياسالدى يەنە دەرۋازا،
ئەزىمەت لەشكەرلەر بولدى توپلاشقان.
يەڭگەنلەر قولىدا قاشتېشى تامغا،
يەر چىشلىگەنلەرنىڭ قالغىنى قالغان.
جۇييۇڭگۇەن، جۇييۇڭگۇەن ئالامەت قوۋۇق،

ئۇنىڭ قوچىقىدا قانچە شەرەپشان.
بولسىدى تەڭرىنىڭ رەھمىتى يېغىپ،
ئۇنى بۇ زېمىندىن مەڭگۈ يوقاتقان.
جاھان تىپتىنچ ئۆتسە، ئەر - ئايالار شاد،
ئۇرۇش تۈگەپ كەتسە، ياشىساق ئامان!

ئىزاھ:

شۇندى خاننىڭ يۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1333 - يىلى) ئاپتور مازۇڭچاڭنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئاستانىگە كېتىپ بېرىپ جۈيېيۇڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە، قەدىمىي ئۇرۇش مەيدانى ھەققىدە بۇ شېئىرنى يازغان. شېئىردا ئالدى بىلەن جۈيېيۇڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەنلىكى، بۇ جايدا قەدىمدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكى، سەكسەن ياشلىق تېرىقچى بوۋاينىڭلا قالغانلىقى يېزىلغان. ئاندىن بوۋاينىڭ ئاغزى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش نىزا - جاڭجاللىرى تۈپەيلى، جۈيېيۇڭ قوۋۇقىنىڭ خەلققە تىنچلىق ئېلىپ كېلىدىغان جاي بولۇشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان جاي بولۇپ قالغانلىقى، ناۋادا تەڭرى ئۇنى كۆزدىن يوقاتسا، ئالەم ئاسايىش تاپىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شېئىر ناھايىتى ھېسسىياتلىق، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن يېزىلغان، شۇنداقلا خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشقا بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىگەن.

## يايلاقتىكى ئاستانىغا بەش شېئىر

### 1

جەزىرە تاغ بىلەن ياندىش، بەھەيۋەت قۇملىرى بارخان،
كۆزۈڭنى چاقنىتار قەترە، لېكىن تۇزدە راۋاق پىنھان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تورى

ياسالغان سۈنئىي ئوتلاقتا قەدەم قويماق گۇناھ مۇندا،
توسوقتىن ئەگىلىپ يولغا چىقىش لازىم جىمى ئىنسان.

2

ئايدالاغا مەي چېچىش تەڭرى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ،
ئۈچۈرۈپ كەلسە شامال قۇمنى يەنە چۆپ خۇش پۇراق.
ئاق بۇلۇتتەك يىلقا چاپقان توختىماي مەغرىب تامان،
تۆگە تارتقان مەينى ئىچمەك بەگ - غوجامدا ئىشتىياق.

3

كالا - قويلار شەپەق مەزگىل دالا ئۆزرە چېچىلغاندۇر،
گىياھلار قوينىدا ئەتىر ھىدىگە سۈت قېتىلغاندۇر.
شىمالدىن شۇۋىرغان سوقسا پايانسىز قۇم گويا ئاق قار،
كۆچۈپ يۈرگەن چېدىر ئۆي پەردىسى مەھكەم ئېتىلگەندۇر.

4

باغ كەبى سېپىل، شامالدا يانى تارتماق بەك يامان،
ئوۋ ئۈچۈن بەگزادىلەر ئات چاپتۇرار چۆللۈك تامان.
قولدا بۈركۈت، ياندا ئوق، كۈن ئولتۇرار يانغان چېغى،
يوق بىرىمۇ بۆرىنى قوشلاپ ئېگەرگە ئاسمىغان.

5

يۇڭ كىيىم، تاڭدا جۇدۇننىڭ پەيلىدىن قاقشايدۇ جان،
كەچتە ئىچكەن مەي خارامۇش قىلدى باشنى شۇ زامان.
ئۆرلىدى نەيزە بويى كۈن، ئاچمىدى ئاسمان چىراي،
ئىس - تۈتەك قەلئە ئىچى جىياڭنەنگە ئوخشايدۇ تۇمان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ئاستانە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جېڭلەنچى قوشۇنىدىكى شىيېدىيەنخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جاينى كۆزدە تۇتىدۇ. يۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (1333 ـ يىلى) ئاپتور نەنتەيگە ياردەمچى تەپتىش بولۇپ ماڭغان مازۇچاڭنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن. لېكىن، مازۇچاڭ باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ جەنۇب تەرەپكە بارمىغان. ئاپتور ئاستانىدىكى ئوردا مۇراسىملىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىغا ۋە يايلاق مەنزىرىسىگە ئاساسەن يۇقىرىدىكى شېئىرلارنى يازغان. شېئىردا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## كېچىدە بەيماخۇ كۆلىدىن ئۆتۈش

باھارنىڭ سۇلىرى لىق كۆل، قومۇشلۇق ياپپېشىل بۇ دەم،
بېلىقلار ئوينىسا دولقۇن شامال دولقۇن بىلەن ھەمدەم.
قېيىق ئۆزرە تېخىچە كۆرگىلى بولماس ھىلال ئاينى،
ۋە لېكىن قارشى قىرغاقتا چىراغنىڭ يورۇقى دەم ـ دەم.

ئىزاھ:

شۇندى خاننىڭ جىيۈەن 2 ـ يىلى (1336 ـ يىلى) ئاپتور فۇجيەندىكى مىنخەي تەپتىش مەھكىمىسىگە كېتىپ بېرىپ بەيماخۇ كۆلىدىن ئۆتكەندە، جەنۇبنىڭ بۈك ـ باراقسان مەھەللىلىرىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن.

## يۆتەيدە ئۆتمۈشنى ئەسلەش

قەدىمىي يۆ بەگلىكى بۇ، تۆت تەرەپ تاغلار ئېگىز،
يول خەتەر ياتقان كەبى يولۋاس، بۆلۈتلار قاتمۇقات.

ياندا ھايۋان ھەيكىلىنىڭ پەسلى كۆز شەبنەم يېشى،
كونا پاتار چاغ چايكىلار گۇلدۇرلىشىپ ئۇرغان قانات.
بىر مەھەل دەۋران سۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەر يوق بۇ دەم،
دىلدا داستان قەھرىمان ئوت - خەس ئىچىدە خۇددى يات.
چۈشتى گۇگۇم، قۇغىنەكلەر ئۇۋا ئىزدەيدۇ قىچىپ،
چۆلدەرەپ قالغان گىياھلارنىڭ يۈزى يامغۇردا دات.

ئىزاھ:

شۈندى خان جىيۇەنىنىڭ 2 - يىلى (1337 - يىلى) ئاپتور فۇجيەنگە ئەۋەتىلگەندە، يۆ بەگلىكىنىڭ خانلىرىنى ۋە قەدىمكى دەۋردىكى قەھرىمانلارنى ئەسكە ئېلىپ بۇ شېئىرنى يازغان ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شېئىردا ئاپتورنىڭ قەلبى كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە بىلەن گىرەلەشكەن، ئوي - پىكرى چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك يېزىلغان.

## شىشۈلىدىكى مېھمانخانىدا تۇرۇپ قارلىق تاغدىكى مەنزىرىگە مۇشائىرە

بىر يىلى جىنجياڭدا تۇرغان چاغلىرىم،
پەسلى قىش ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتا ئاپئاق ياغدى قار.
ئات ئورۇق، يالغۇز ئۆزۈم، نەگە بارارىم نا ئېنىق،
ئاق بولۇت ئاستىدا تاغ گويا دېرىزە - ئىشىك قاتار.
بىر ئەزىم دەريا ئاۋازسىز ئاقىدۇ مەشرىق تامان،
ئوڭ ۋە سولدا ئىككى چوققا ھۆسنى سۇدەك يالتىرار.
ھېچ كىشى ئۆتمەس كېچىك ئالدى گۇاجۇ ئايمىقى،
ۋادەرىخ، يامغۇردا قالغان كېمىلەرنىڭ يولى تار.

بىر يىلى جيەنيېدە بولغان چاغلىرىم،
تون يېپىپ مېيخۋا يۈزىگە توختىماستىن چۈشتى قار.
سۇبھىدەم قەلئەنى توڭلاتتى سوغۇقنىڭ پەيلى چىڭ،

شىۋىرغان چىللاپ زىمىستان مۇزنى قىلدى پارە ـ پارە،
ئۇن قەۋەتلىك مەيخانا چىنخۇەيدە ھەيۋەت شۇنچىلىك،
ياندىكى جۇڭشەن كۇمۇش لىبىنتا كەبى كۆزنى چاقار.
ئاققۇتان ئايماقى ئىچرە ھېچ كۆرۈنمەس قوش ئىقىن،
ئۇچ ئىبدىرنىڭ قوينىدىن كەتكەن يىراقلاپ نەۋ باھار.

بىر يىلى جىنياڭدا ئۆتكەن چاغلىرىم،
قار قىلىن يەنشەن تىغىدىن ئۇچتى تەيخاڭشەن تامان.
فۇتۇ دەرياسىدا مۇزنىڭ ئۇستىدىن ماڭماس كىشى،
بارغىچە جىڭشىڭغا يوق ماڭغان يولىدىن ئازمىغان.
يا كۆرۈنمەيدۇ پايانسىز كۆكتە ئۇچقان بىرمۇ قۇش،
چاپسا ئات قۇتراپ قۇيۇن قويماس ئۇنى ھەرگىز ئامان.
جۇۋا كىيگەنلەر جەنۇبىدا قوۋۇقنىڭ ئوۋ بىلەن،
مەيپۇرۇشنىڭ تۇغلىرى شاختا لەپىلدەر ھەرقاچان.

ئەمدى فۇجيەنگە قاراپ قىلدىم سەپەر،
ئارغىماق ئاشتى داۋان ـ دۆڭلەرنى ئاتلاپ بىخەتەر.
ساپ ھاۋا يوق، ئەتە ـ كەچ ھەربىر قەدەمدە ئىس ـ تۇتەك،
كىچە ـ كۇندۇز سۇ ئاۋازى مىنى ئويغا غەرق ئېتەر.
يەرگە چۇشمەيلا يىرىم يولدا ئېرىيدۇ ئاق لىباس،
كۇن چاراقلاپ ياپيېشىللىق ھەممە يەر.
كەڭ دېڭىز بۇرغا ئۇنى چېكرا شەھەرگە بەك يېقىن،
دەل ـ دەرەخلەردىن راۋاق راھىب ماكانى ئەكس ئېتەر.
كىمدۇر ئۇ ئاجىز ئېشەككە مىنگىشىپ قۇم دەسسىگەن،
نەگە باقساڭ گۇل ـ گىياھ شاد يەلپۇنەر.
ئىنتىلەر دولقۇن سىپىلغا، كېمىلەر سانسىز ئەجەب،
كىم بىلىق تۇتماقچى بولسا ئارىسىزلا ئىش پۇتەر.
قايسى ئۇستاز سىزدىكىن قارلىق دىۋارلارغا رەسىم،
بىر كۆرۈپلا ھەر كىشى جەنۇب ـ شىمالنى پەرق ئېتەر.

مەيلى ئوردا مەيلى ئاستانە بولۇتتەك رەڭمۇرەڭ،
قەدىم ئەتقا كۆلگە قايسى چاغلار يېتەر؟

ئىزاھ:

شائىر شىشۇلى مېھمانخانىسىغا ئېسىقلىق قارلىق تاغ رەسىمگە قاراپ، جېنجياڭ، جيەنيې، جېنياڭ قاتارلىق جايلاردا كۆرگەن قار مەنزىرىسىنى يادىغا ئېلىپ بۇ شېئىرنى يازغان. ھەرقايسى جايلارنىڭ قار ياغقان چاغدىكى كۆرۈنۈشى بۇ شېئىردا ناھايىتى ئەينەن، ھەيۋەتلىك تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا گەرچە قەھرىتان سوغۇق قىش پەسلى سۈرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مىسرالار ئادەمگە ھاياجانلىق تەسىرات ئاتا قىلىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. شائىر ئەڭ ئاخىرىدا ئاستانىنى ئەسكە ئېلىپ، پۇرسەت بولسا ئۇ يەرگىمۇ بارغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شېئىر شائىرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىنى چۈشىنىشتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

## كۈز پەسلىدىكى ئاي تاماشاسى

## — كىرىش سۆز

مەن سا فامىلىلىكلەرنىڭ جەمەتى، تېرىيدىغانغا، خەجلەيدىغانغا پۇلىمىز بولمىغاچقا، دەسلىپىدە تەشرىپدار بولۇپ ئوردىغا كىردىم؛ جىڭگۇ (بوگۇڭكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنجياڭ شەھىرى) دە دارۇغاچىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىم؛ جياڭنەن تەپتىش مەھكىمىسىدە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى بولدۇم. ئارقىدىنلا تەپتىش بېگى مېنى يەننەندىكى ئالاقە ئارخىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋەزىپىگە قويدى. بىر يىل ئۆتۈپلا مىنخەي (بوگۇڭكى فۇجيەن ئۆلكىسى) دىكى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەل غەمخانى قىلىپ يۆتكىدى. يەنە بىر يىلدەك ئۆتۈپ خېبېيدىكى تەپتىش مەھكىمىسىگە باش كاتىپ بولۇپ باردىم. مۇشۇ جەرياندا دائىم دېگۈدەك ئانامنى

www.uyghurkitap.com

يېنىمدا بىللە ئېلىپ يۈردۈم. ئۆزۈمنىڭ ئىش ھەققىگە تايىنىپ ئۆتۈش
ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. جىيۇەننىڭ 3 - يىلى (1337 - يىلى)
8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەنپىڭجىن (بۇگۇنكى فۇجيەن ئۆلكىسى-
نىڭ گاۋپىڭ شەھىرىنىڭ شەرقى) گە يۆتكىلىپ، كېمە بىلەن
يولغا چىقتىم. كەچ بولغانىدى. سامان يولىدىكى يۇلتۇزلار جى-
مىرلايتتى. ئاسمان بۇلۇتسىز ئىدى. ئاي نۇرى بەئەينى قۇياش-
تەك چاقنايتتى. سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى مۇزىكا ئاھاڭلىرى-
دەك يېقىملىق ئىدى. تۆت تەرىپىمىزدىكى تاغلارنىڭ بەزىسى قول
قوشتۇرۇپ سالام بېرىۋاتقاندەك، بەزىسى ئۆرە تۇرغاندەك ئىدى.
بەزىدە ئۆڭ ياكى سول تەرىپىمدە چۆرگىلەپ تىنىم تاپمىغان
خىزمەتكارلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئانا - بالا ئىككىيلەن بىر
يەردە ئىدۇق. ئايالىم مەي - شاراب، قورۇمىلارنى كەلتۈرگەن-
دىن كېيىن، ئانامغا چاي تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلە-
دىم. ئارقىدىنلا سىڭىللىرىم، كۈيئوغۇللار، دېدەك قىزلار،
خىزمەتكارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار
بىر - بىرىدىن ئەدەپلىك، مۇلايىم بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە
يېغىپ تۇراتتى. ئاي نۇرى مەي ئۇستىدە تەۋرىنەتتى، سۇلار
كۈلۈۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. ئانام تولىمۇ خۇش ئىدى. كې-
مىدىكىلەر مەست بولۇشتى بولغاي، پالاقلارغا ئۇرۇپ تۇرۇپ،
جەنۇبنىڭ ناخشىلىرىنى توۋلىغىلى تۇردى. بۇگۇنكى ئاخشامنىڭ
نەدە ئۆتۈۋاتقانلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. قېرىن-
داشلارنىڭ جەم بولۇشى خۇددى ئۆز يۇرتىدىكى مەرىكىگە ئوخشاپ
قالغانىدى. دەرىخا، قەدىمكىلەرنىڭ ئەمەل تەمەسىدە سوكۇلداپ
يۈرۈپ تاپقان خۇشاللىقتىن يار - بۇرادەر، قان - قېرىنداشلار
جەم بولۇپ تاپقان خۇشاللىق ئەۋزەل دېگەنلىرى مۇشۇ ئىدى. بۇ
ئىنساندىكى تەبىئىي شادلىق ئىدى. پېقىر ئايالىمغا قەدەھنى
تولدۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئانامغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، ئۇنىڭغا يەنە
بىر قېتىم تەزىم قىلدىم - دە، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدۇم.

لۈگجىندىكى كۆز سۈيىدە ئايان تەبىئەت،
بۈگۈن ئاخشام توّت ئەتراپىم بوّلەكچە ھەيۋەت.
ئاينىڭ يۈزى ئەينەك كەبى، يۇلتۇزلار مارجان،
سامان يولى يېقىۋاپتۇ زېمىنغا كوّكرەك.
سىلكىنىدۇ دولقۇن نازۇك، شامالّلار غۇر - غۇر،
ئۇچۇپ كەلگەن سەلكىنلەردىن قايرىلۇر ئېتەك.
ئانام گەرچە سەكسەن ياشقا بېرىپ قالسىمۇ،
سۈبھى مەھەل تارىغان چاچ بۇلۇت گوياكى،
يۇرسە - تۇرسا سالاپەتلىك پەرىشتىلەردەك.
تەرىقەتنىڭ يولى بىلەن ئەمەلدار بولدۇم،
يىراقلاردا قالدۇرمىدىم ئانامنى پەقەت.
مەيلى سەھەر، مەيلى كەچتە كەتمىدىم نېرى،
قەيەردىلا بولاي ئاسرىدىم بىردەك.

نەنخەيدىكى ۋەزىپەمدىن ئايرىلىپ بۈگۈن،
ئاستانىگە ماڭماقتىمەن شىمالغا قاراپ.
غىچىلدايدۇ ياغاچ كېمە هارۋىغا ئوخشاش،
ئەس - يادىم، ئوي - خىيالىم ئانامدا شۇ تاپ.
تاڭ ئاتماستا قوزغىلىمىز، توختايمىز كەچتە،
ئانام ياتار يۈت - قولىنى يوتقانغا ئوراپ.
سۇ يۈزىدە نېلۇپەرلەر گىلەم بەئەينى،
جامنى ئاچساق توّكۈلىدۇ مەيلەر بۇلۇقلاپ.
يامغۇر قونغان كوّكتاتلارنى ئېلىپ كېلىمىز،
ئاشخانىدىن تائام ھىدى كېلىدۇ پۇراپ.
ئوّردەك - توخۇ شۇنچە پاكىز، شۇنچىكى سېمىز،
بېلىقلارنىڭ قورۇمىسى، يەيمىز ئالدىراپ.
قەدەھ تۇتۇپ يۈكۈنىمىز ئانام ئالدىغا،
ئاينىڭ نۇرى مەي يۈزىدە تۇرغان لىغىلداپ.

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەت قىلىپ كېلىن ئەرگە، ئوغۇل ئانىغا،
ھەدە ـ سىڭىل رېتى بىلەن تۇتىدۇ شاراپ.
خىزمەتكارلار، دېدەكلەرمۇ شۇنچە مۇلايىم،
ئايرىماق تەس كىملەر تۇغقان ياكى كىملەر يات.
ئەدەپ ـ ئەخلاق، شاد ـ خۇراملىق جىمىگە ھەمدەم،
ئانامۇ ھەم كۆرسىتىدۇ كۈلۈپ ئىلتىپات.
ئوك ـ سولىدىن تەڭلا تۇرۇپ يۆلەيمىز ئۇنى،
كەيىپ بولغانلار ناخشا ئېيتار ئاۋازى ياڭراپ.
تەڭكەش قىلىپ ئالىقىنىنى بولىدۇ چاپ ـ چاپ.

ئەتراپىمىز قاتمۇقات تاغ، يېشىل مەنزىرە،
سۇنىڭ تاشقا تەگكەن ئۇنى كېتەر تۆت تامان.
كوزىلاردا مەي تۇگىسە مەيخانا يېقىن،
يېمەكلەرنى يەپ تۈگەتسەك بېلىق بار تامام.
ئىنسان دېگەن ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتسە ھاياتتىن،
ياقا يۇرتمۇ بىلىنىدۇ تۇغۇلغان ماكان.
بىر ئارزۇيۇم: ئانام كۆرسە ئۇزۇنىراق ئۆمۈر،
قۇشقاچلاردەك يەمتۈك توشۇپ بولسام شادىمان.
يازغىنىمدا يوق بىر ئېغىز زىيادە گەپ ـ سۆز،
قىلدىم ئۇنى كۈز پەسلىدە سىزگە ئەرمىغان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر شائىر سەيدۇللا فۇجيەندىن شىمالغا ماڭغاندا كېيىمدە ئولتۇرۇپ تاۋۇز چاغىنى ئۆتكۈزگەن چاغدىكى خۇشال كۆرۈنۈشنى يازغان بولۇپ، ئۇ سەيدۇللانىڭ ھاياتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شېئىردا ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى، كۆيۈمچانلىقى ئادەمنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ئىپادىلەنگەن. شېئىردا ھەممە مىسرالار بىر خىل قاپىيە بىلەن چۈشۈرۈلگەن. مۇنداق ئەھۋال قەدىمىي خەنزۇ شېئىرىدىكى «چىلۈي»

بەھرىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

## قەدىناس دوستۇم سانغۇن يۇنجۇك بىلەن بىللە بولغان مىنۇتلار
## — كىرىش سۆز

ۋەزىپەم يۆتكىلىپ فۇجيەندىن يولغا چىققاندىن كېيىن كې- مىگە ئولتۇرۇپ شىڭتيەن ئۆتىڭىگە قاراپ ماڭدىم. يىگىرمە چاقىرىمچە يول قالغاندا داقا - دۇمباق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، تاغ جىلغىلىرى جاراڭلاپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا تۇغ - ئەلەملەر- نى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭغانلارنى، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى مۇھاپى- زەتچى لەشكەرلەرنى، زەرياقلىق تون كىيىپ، بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چىگىۋالغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ بارغان بىر ئاتلىقنى كۆردۈم. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن ئولتۇر- غان كېمىگە قارىغاندەك قىلاتتى. ئۇزۇندىن بۇيان ساقسىز بول- غاچقا، تۈزۈكرەك مادارىم يوق ئىدى. ئەنسىرىمەيمۇ قالمىدىم. بىردەمدىن كېيىن، شىڭتيەن ئۆتىڭىدىكى خىزمەتكارلار ئاسما كۆۋرۈكنى چۇشۇرۇپ مېنى كۈتۈۋالدى. كېمىدىن چۈشۈپ ھار- ۋىغا ئولتۇردۇم. تۇغ - ئەلەملىك لەشكەرلەر بىلەن يانمۇيان مېڭىشقا توغرا كەلدى. ھېلىقى ئاتلىق كىشى ھارۋىنىڭ ئارقىسى- دا ئىدى. ئاتنىڭ پۇرقۇشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. لېكىن، ئۇ كىشى بىلەن يول بويى بىرەر قېتىم سۆزلىشىشكىمۇ بولمىدى. كەچ كىرىپ، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم. چىراغ يېقىلغاندا، زەر ياقلىق تون كىيگەن ھېلىقى كىشى كىرىپ كەلدى - دە: «مەن مۇشۇ يەردىكى سەييارە چارلىغۇچى ئامبال، جانابىڭىزنى كېلىدۇ دەپ ئاڭلاپ مۇشۇ جايدا ساقلاپ تۇرغىنىمغا بىر ئاي بولدى. بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇچ قېتىم كۆرۈشكەن ئىدۇق. ئۇنىڭغا ھازىر بەش يىل بولدى. ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشىمامدى-

مەن» دىدى. مەن ھەيرانلىق ھىس قىلىپ: «سانغۇن كىم بولى-
دىكىن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەن جانابىڭىزنىڭ قەدىناس
دوستى يۇنجۇڭ بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. سەپسىلىپ قاراپ،
چۈشۈمدىن ئويغانغاندەك بولدۇم. يۇنجۇڭ مىنىڭ شۇ چاغدىكى
قەددى ـ قامىتىمنى قانداقلارچە ئىسىدە تۇتقاندۇ، دەپ ئويلاپ
قالدىم. بىز ئۆتكەن قوۋۇقىلار، گۇرۇلدەپ ئىقىپ تۇرغان دەريا-
لار، بىللە يۈرگەن جايلار كۆز ئالدىمغا ئۆتكەن زامانىنىڭ ئىشلى-
رىدەك بىر ـ بىرلەپ كىلىشكە باشلىدى. چىراغ يورۇقىدا ئول-
تۇرۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە مۇڭداشتۇق. ئەتىسى
ۋۇيىشەن تىغىدىكى توققۇز ئەگىمنى بىللە ئايلاندۇق، چاي ئىچ-
تۇق، مەي ـ شارابقا ئىغىز تەگكۈزدۇق، رەڭلىك قىيالارغا،
ياپيىشىل چوققىلارغا چىقتۇق. ھىسسىياتىمىز گۈزەل مەنزىرە
بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. قىلىشىمىغان گەپلەر قالمى-
دى، توۋلىمىغان ناخشىمۇ قالمىدى. قانغۇدەك خۇش بولدۇق.
يەيدىغانىنى يەپ، ئىچىدىغانىنى ئىچىپ بولغاندەك ئىدۇق. كۆز
شامىلى غۇيۇلداپ، يامغۇر تامچىپ قالدى. مىنگۇەن قوۋۇقىغا
يەنە خىلى بار ئىدى، يولغا چىقمىساق بولمايتتى. مەن دەسلىپىدە
يۇنجۇڭدىن قورقۇپتىمەن. بىلىشكەندىن كىيىن خۇش بوپتىمەن.
ھال ـ مۇڭ بولغاندىن كىيىن شادلىققا چۆمۈلۈپتىمەن. تاغ
قاپتاللىرىدا، سۇنىڭ بويلىرىدا يۈرۈپ بەش يىلدىن بۇيانقى گەپ-
لىرىمنى دەۋاپتىمەن. ئادەم دىگەن دىدارلاشقاندىن كىيىن يەنە
ئايرىلىدىغان گەپكەن. ئايرىلغاندا كۆڭۈل بۇزۇلىدىكەن، كۆڭۈل
بۇزۇلغاندىن كىيىن ئويلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ۋادەرىخا،
ئادەملەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولمىقى ۋە تارقالمىقى بۇلۇتقا ئوخ-
شايدىكەن. مەيلى جەنۇبتا، مەيلى شىمالدا بولسۇن، كۆرۈشىدى-
غان كۈنلەر كىلەرمۇ دەپ بىر ـ بىرىمىزنى سىغىنىپ يۈرىدىكەن-
مىز. مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ «بىللە بولغان چاغلار» تىمىسىدا
نەزم يازغۇم كەلدى.

قويدى تەقدىر بىزنى جىڭكۇدا شۇ يىل ئۇچراشتۇرۇپ،
مۇڭدىشىپ، خەنجەر ئۇچۇن ئىچتۇق قەدەھ ئالماشتۇرۇپ.
نەۋباھار، قەلئە تىشى، شاپتۇل - ئۆرۈك ئاچقان چېچەك،
ئەمدىلا تۇتقان ئەمەل چاغ، ئاتقا مىنگەن ياش تۇرۇپ.

يۈز كۆرۈشتۇق بىر يىلى بەيشىيا قوۋۇقىنىڭ ئالدىدا،
ئۇستىۋاشتىن تونۇۋالغان سىزنى مەن بىر دالدىدا.
سۇبھىدەم يەنجاۋدا بولسام، كەچقۇرۇن ۋۇ، چۇ تەرەپ،
ئەل ئىشى، يۇقىراغا قىلغان كۇنلىرىم جاننى پىدا.

يىل ئۆتۈپ ئاستانىدا بولدۇق يەنە بىر جايدا بىز،
مىنگىنىم قوشنام بىرىپ تۇرغان ئېشەك يۇرمەيتتى تېز.
بىر زامان ماڭغان ئىكەن دۇفۇمۇ شۇنداق ئوردىغا،
يول تېپىلغاق، قارىسام ئوخشايدىكەن تەقدىرىمىز.

ھە دېمەك، بەش يىل بولۇپتۇ يۈز كۆرۈشكەنگە مانا،
قول ئېلىشتۇق كۆرۈشۈپ ساھىل بويىدا تىنچ - ئامان.
دەل - دەرەخنىڭ ياپرىقى گوياكى يامغۇر بۇ دەقىق،
پەسلى كۇزدە تۇرنىلار ئەنسىز ئۇچار ئىزدەپ ماكان.

تون كىيىپسىز ياندا ئوق مەن سىزنى كۆرگەن شۇ مىنۇت،
تۇغ - ئەلەم، ئات ئەكس ئېتەتتى سۇ يۇزىدە تولغىنىپ.
مەن ئورۇق بولغاچ پەرىشان قايسى سانغۇن بۇ دېدىم،
گەر بىتاپ بەرمەك سالام چۇشتۇم قېيىقتىن ئوڭلىنىپ.

سىز بىلەن دەرقەم بولۇش زىنھار خىيالغا كەلمىگەن،
ئۇۋۇلىدىم خۇنسىز كۆزۈمنى زەن سېلىپ ئاتلار تامان.
ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلار ئەسكە چۇشتى بىرمۇبىر،
ياد ئېتىپ تۇرغاچقا سىزنى دوست قاتارى ھەر زامان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

شۇ قېتىمقى خوشلىشتىن سۆڭ كېتىپسىز بەك ياداپ،
مەنمۇ ھەم نەزمە توقۇپ ھالىمنى قىلدىم بەك يامان.
ئايمۇ ئولتۇردى، مېڭىپ كەتتۇق قونالغۇ جاي تەرەپ،
ئىككىمىزگە نەچچە كۈن ۋۇيى تېغى بولدى ماكان.

ئۆڭكۈر ئالدىدا دەرەخكە يا بىلەن شەمشەر ئېسىپ،
نەزمە پۈتتۇق بىزنى كۈتكەن باللار سۇنغاندا چاي.
تاغ ئىلاھىغا ئېگىلدۇق باش ئۇرۇپ،
رەھمەت ئېيتىپ چوقىدىن بەرگەنگە جاي.
بىز قىلىپ رەڭدار ئېرىقلارنى قەدەھ،
قانغۇدەك ئىچتۇق كېچىچە توختىماي.
ئوڭ تەرەپتە ئەۋلىيالاردىن مەدەت،
سول تەرەپتە ھۆر - پەرىشتە خۇددى ئاي.
مەي ئۇزاتساق چۈشىدۇ يۇلتۇز كۆلۈپ،
ئىككى ياندىن ئاڭلىنۇر نەينىڭ ئۈنى.
مەي تۇتۇپ ئايقىزغا شۇدەم بىر قەدەھ،
ئۇندىدىم بىر ئىشقا ئەسكەرتىپ ئۈنى:

سەن دىدارلاشقانغا چاچ ئالتۇن نۇرۇڭنى زەر قىلىپ،
يۇم كۆزۈڭ ھىجران ئۇلارنى ئايرىسا قىيناپ ئەگەر.
توختىدى نەينىڭ ساداسى ئاخىرى پۈتمەي تۇرۇپ،
يەلپۈنۈپ سوقتى شامال، تاڭ پەيتىدىن كەلدى خەۋەر.
بولدى شۇ گەپ، بەزمىدىن ياندۇق، يۈرەكتە قالدى داغ،
ئايرىدى بىزنى تۇمەن يول، قايتا باشلاندى سەپەر.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ فۇجيەندىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ شىمالغا قاراپ ماڭغاندا قەدىناس دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ۋۇيى تېغىدا سەيلە - ساياھەتتە بولغانلىقى يېزىلغان.

شېئىرنىڭ كىرىش سۆزىنى ناھايىتى چىرايلىق نەسر دېيىشكە بولىدۇ. شېئىرنىڭ ئۆزىمۇ شېئىري ژانىرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان. لىرىك ھېسسىيات بىلەن بايان ئۆزئارا گىرەلەشكەن. شېئىرنىڭ قىممەتلىك يېرىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

## خۇاڭخېدا قېيىقتا ئۆتكەن ئايدىڭ كېچە

غۇلاچ يەلكەن بۇ دەم يۇلتۇز سېپىغا باغلىنىپ قالدى،
سامان يولى قۇچاقلاپ سۇ دېڭىزغا ئايلىنىپ قالدى.
سوغۇق شەبنەم قېيىققا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق ساما ئۆزرە،
گۇزەل قىزنىڭ ئېگىرگەن چاق ئاۋاز، ئاڭلىنىپ قالدى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا رومانتىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق خۇاڭخېنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدىكى ھېسسىيات يېزىلغان. شائىرنىڭ خىيالى ئەپچىل مۇبالىغە قىلىنغان. تەسەۋۋۇرى ھەم تەبىئىي، ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق، چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

## نېلۇپەر كۈيلىرى

پايانسىز سۇ نېلۇپەرنىڭ يۇزىنى خۇش پۇراق ئەتتى،
زامانە قىز ـ ئوغۇلنى يىغلىتىپ جانىنى جاق ئەتتى.
كېلىپ كۈز، رەڭگىدىن كەتكەن گىياھ ھەقدارلىرى غەمدە،
پېتىپ كۈن، غۇرقىراپ سەلكىن ئاسايىش ئىزتىراپ ئەتتى.
بېلىقلار سەكرىشىپ دولقۇن قېتىنى بويىدى ئاققا،
قىرو دۈڭتىڭدا ياپراقنى قۇرۇتتى، زەپىران ئەتتى.
نېلۇپەر ئۇزگىلى ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ قېيىنق بىرلە،
دېمەك، بىركىم ئۇنى ئاسراپ يامان كۆزدىن يىراق ئەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا دېيىلىۋاتقان سۆزلەر بەك ئاددىي، ئىپادىلىنىۋاتقان مەزمۇن بەك چوڭقۇر بولغاچقا، ئەسىرلەردىن بۇيان ناھايىتى يۇكسەك باھاغا ئېرىشكەن. يۈەن دەۋرىدىكى شائىر ياڭ ۋېيجېن بۇ شېئىرنى «ۋاڭ جيەن بىلەن جاڭجىمۇ يازالمايدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەن.

## گاۋتاڭ ئايمىقىدىن ئۆتكەندە

ياپيېشىل ئوت - چۆپنى باستى سوڭغى قار،
شىۋىرغاننىڭ ھەر تەرەپتە قەھرى بار.
كەتتى شاھزادە يېنىپ كەلمەس بولۇپ،
روھىنى توۋلايدىغانغا كىم چىقار؟
ئەتىيازنىڭ چۈشلىرىدەك ئۆتتى كۈن،
كىم تىنىپ قويسا ئۇنىڭ بويىنىدا دار.
ئايدالادا قالدى يالغۇز بىر لەھەت،
كەچقۇرۇن يىغلايدۇ ئارچا زارۇ زار.

ئىزاھ:

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھاكىمىيەت چىرىكلىشىپ، ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىققان. شۈندى خان جيۇەننىڭ 6 - يىلى 6 - ئايدا ۋەلىئەھدى يەن توگۇس كورىيە تەرەپكە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە ئارا يولدا ئۆلتۈرۈلگەن. شۈندىنىڭ تەزكىرىسىدە ۋەلىئەھدى كورىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، يولدا ئۆلۈپ كەتكەن دېيىلگەن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ گاۋتاڭ ئايمىقىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە شۇ يەرگە كۆمۈلگەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەھۋال رەسمىي تارىخقا تولۇقلىما بولالايدۇ. شېئىردىكى «سوڭغى قار»، «شى-

ۋىرغان» ، «ئايدالا» دېگەن سۆزلەردە شائىرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ئىپادىلەنگەن.

## شۆ ئاڭفۇ بىلەن راۋاقتا چىققاندا

ئەسلىدۇق ئۆتكەن كەچۈرمىشنى سالاسۇندا تۇرۇپ،
ئالتە خانلىقنىڭ بىساتى بىر يولى كەتكەن قۇرۇپ.
قالغىنى سۆيگەن ماكان، گويا سۇرەتتەك يۈز - كۆزى،
ئىنتىلەر چاڭجياڭ سۈيى ئاسمان يۈزىگە ئاھ ئۇرۇپ.
رەستىلەردە نەي ئۈنى، ناخشا ئاۋازى قاپتۇ ئاز،
بەگ - غوجاملار كوچىسىدا تۇرىدۇ پانۇس يورۇپ.
ئىشىك تېشىدا تالى مەجنۇن، ياپپېشىل چىنخۇەي سۈيى،
يول تىلەيمەن سىزگە ئاق ئۇچقان چېچەكتىن گۇل تۇتۇپ.

ئىزاھ:
بۇ شۆ ئاڭفۇ راۋاقتا چىقىپ يازغان شېئىرغا مۇشائىرە. لېكىن، شۆ ئاڭفۇنىڭ شېئىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. بۇ شېئىردا تارىختىكى داڭلىق شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكى سۈرەتلەنگەن؛ تاغ - دەريالار ئۆز پېتى قالغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدىكىلەرنىڭ كەلسە كەلمەسكە كەتكەنلىكى، كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭمۇ ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## لۇگاڭ ئۆتىكىدە تاڭسۇق شائىرغا مۇشائىرە

يېڭى ناخشا ئېلىپ سىزدىن ئاھاڭ ۋۇدا قارار تاپتى،
مىنىپ ئات ئۆتسىڭىز يولدىن دالالار ئىپتىخار تاپتى.
دېڭىز - دەريا كەبى جۇشقۇن ياشايسىز خالىغان يەردە،
قەيەرگە بارسىڭىز ئوت - چۆپ يېشىللىقتىن باھار تاپتى.

تۇرۇپ قىرغاق بويى شىپاڭ، ئىچىپ مەي يازسىڭىز نەزمە،
ئۇچۇپ يۈرگەن سىياھ يامغۇر كەبى دەريا ـ ناھار تاپتى.
شىجائەتتىن شامال سوقسا خىجىل ئېمپېيدىكى ئايمۇ،
پېقىر سىزدەك ياشاش ئىمكانىنى بەك ئىنتىزار تاپتى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ تاڭسۇق شائىر گۇەن يۈنشىگە ئىنتايىن قايىل ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ شىجائىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ گۇەن يۈنشىگە ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە ياشاش خىيالىنىڭ بارلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ چاغدا گۇەن يۈنشى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم

تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر، قويدۇم قەدەم دەريا تامان،
نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئويىنشاتتى شادىمان.
كۆزلىرىم كۆردى يىراقتىن دەل ـ دەرەخلەر سايىسىن،
تارقىدى ئاستا ۋە ئاستا پەيگە ئوخشاش ئاق تۇمان.
ئاڭلىنۇر ئىشت ھاۋشىشى ۋەيرانە، مىسكىن يۇرت ئارا،
كوچا بويلاپ قوي ـ كالا ئۆتمەكتە قوزغاپ چاڭ ـ توزان.
كۆزگى شال قىردا ئۆرە، چەشلەر تېخى خاماندىدۇر،
كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ تۇتۇن تىنماس ھامان.
ئاغزىمىزغا سالمىدۇق بىز يېڭى ئاشتىن بىر چوكا،
تۆرىلەر ئالۋاڭ يىغادۇر، زورلۇقى شۇنچە يامان.
ئوغرى ـ يالغان ئەلنى بۇلاپ ئۆتمىدۇ ئەنسىز كېچە،
كۈندۈزى دەريا تېشىپ ئەلنى باسار كەلكۈن ـ توپان.
ئەيش ـ ئىشرەتتە ياشار چاڭئەندىكى بەگزادىلەر،
ئۆمرىدە كۆرمەيدۇ ئۇلار قىلچىلىكمۇ دەرد ـ پىغان.
قاتمۇقات تونىنى كىيىپ، يەشكەن ئۇنى ئاخشامدىلا،

ئەتىگەندە رەڭمۇرەڭ ئات بىرلە قاتراپ تىنىمىغان.
هەر كۈنى ئادەم تولا يەردە سوقۇشتۇرماق توخۇ،
مەست بولۇپ كەچتە راۋاقتا توۋلىشۇر ناخشا راۋان.
كېچىلەر ئۆتمەيدۇ مەيسىز زەر تۇشەكلەر قوينىدا،
قارىغا ئوخشاش نازىنىنلارنى قۇچاقلاپ يانمۇيان.
هېچ كىشى بىلمەيدۇ دېھقان ئەر ـ يىگىتنىڭ هالىنى،
بۇ پېقىرلار تەلمۈرۈپ كۆزگە كۆزىدە ياش ۋە قان.
تىزىدىن ئاشمايدۇ كىيگەن كىيىمىنىڭ پەشلىرى،
يېگىنى گەرچە كېپەك، ئۇمۇ يېتىشمەي قاقشىغان.
هەم ئېتىز، هەم ئۆي ئىشىدا ئالدىراش دېھقان قىزى،
گاهى يامغۇر، گاه بوراندا يۈز ـ چىرايى زەپىران.
تاپقىنىنىڭ تولىسىنى سەيسە ـ ئالۋانغا بېرىپ،
پۇل تاپالمايدۇ نىگاهان تەڭرىگە ياقماققا شام.
گاهى ئۆستەڭ، گاهى دەرياغا هاشارغا هەيدىگەن،
ئەر ـ يىگىتلەر خۇددى مەهبۇس، قالمىغان پۇت ـ قولدا جان.
تاشلىنىپ قالغان ئېتىز، ئۆيلەردە چاق ۋە دەستىگاه،
قايغۇدا دۇڭجۇ يېرى چۆلدەرىگەن ئاجىز ماكان.
ئاچ قورساقتا جان تالاشماقتىن بۆلەك هېچ چارە يوق،
بىگۇناهلارنى ئەزىم دەرياغا تاشلاپ قىينىغان.
مەۋج ئۇرۇپ ئاققان ئېقىنىنىڭ سۇلىرى كۆكتىن چۈشەر،
مەيلى ئاقسۇن، توختىسۇن خۇلقى ئۆزىگە خوپ ئايان.
كونىلار ئېيتقان ئىكەن بىزلەرگە ئۆرنەك قالدۇرۇپ،
پەس ئادەملەردە پاراسەتتىن زىغىرچە قالمىغان.
ئىككى دەريا ساھىلىدا توۋلىسام ناخشامنى مەن،
تۆرە ـ بەگلەر قۇلىقىغا يەتسە دەيمەن شۇ زامان.
ئىزغىرىن قاقشال كۆتەكلەر روهىغا هەمدەم بۇگۈن،
چاچلىرىم غۇر ـ غۇر شامالدا يەلپۈنەر ئوقياسىمان.

ئىزاھ:

ئاپتور بۇ شېئىردا خۇاڭخې دەرياسىدا كېمە بىلەن كېتىپ
بېرىپ كۆرگەن ئىشلاردىن باشلاپ، ئالدى بىلەن شۇ چاغدىكى
دېھقانلارنىڭ بېشىدىكى غەللە - پاراق، سۇ ئاپىتى، ئوغرىلىق
ۋە بۇلاڭچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېغىر كۈن-
لەرنى يازىدۇ، ئاندىن چاڭئەندىكى بەگزادىلەرنىڭ ئەيش - ئىش-
رەتلىك تۇرمۇشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاچ - يالىڭاچ ئۆتۈۋاتقان
ئەھۋالىنى سېلىشتۇرىدۇ. ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ پاراسەتسىز
ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىز-
لىككە ھېچقانداق چارە - تەدبىر قوللانمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ
كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاپەت رايونىدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاپتور شېئىردا شۇ زامانىنىڭ
ئىللەتلىرىنى رېئال يوسۇندا، بىۋاسىتە پاش قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ
خەلقنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى
ئىپادىلەيدۇ. بۇ شېئىر شائىرنىڭ «يەنمېن توپلىمى» غا كىرگۈ-
زۈلگەن شېئىرلىرى ئىچىدىكى ئىدىيۋىلىكى ئەڭ يۇقىرى
شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

## مەنجياڭخۇڭ

### جىنلىندىن ئۆتمۈشكە نەزەر

ئالتە خانلىق گۈللىگەن روناق تېپىپ،
كەتتىكىن نەلەرگە ئۇز ھۆسنى ئۇنىڭ،
ھېچ خەۋەر يوق، بولدى غايىپ قاي تامان.
ئۆرتىنەر غەم - قايغۇدا قەلبىم مېنىڭ،
تاغ - دالالارنىڭ يۈزى ئوخشاش يەنە،
قالمىغان ئادەملىرى بىرسى ئامان.
تىڭشىسام گۈگۈم تىنچ،

شەپىسىز قەلئەگە ھەمراھ دەرد ـ ئەلەم،
نەۋ باھارنىڭ دولقۇنى ئىچرە پىغان.

ئويلىسام ئۆتكەن زامان،
بولغۇدەك ھالىم يامان.
چۈشسە ئەسكە ئول قەدىم شانلىق زېمىن،
يۈرىكىمگە ئار ـ نومۇسلار ئەرمىغان.
ھەر تەرەپتە ئىس ـ تۈتەك، سولغان گىياھ،
ساقىغان كۈننىڭ نۇرىدا ئۈچىدۇ زاغلار ھامان.
شاۋقۇنى يوق دەل ـ دەرەخنىڭ، پەسلى كۈز، شەبنەم سوغۇق،
كىم پاناھلاناماق بولۇپ سۇنىڭ تېگىدە باغرى قان.
مانا ئەمدى تاشلىسام ئەلگە نەزەر،
ياپيېشىللىق بىرلا جۇڭشەندە پەقەت،
ياز كېلىپ چىنخۇەينى گۈللەر قاپلىغان.

ئىزاھ:
جىنلىن (بۈگۈنكى نەنجىڭ) تارىختا شەرقىي ۋۇ خانلىقىغا، شەرقىي جىن خانلىقىغا، سۇڭ سۇلالىسىغا، چى، لياڭ، چېن خانلىقلىرىغا پايتەخت بولغان. ئاپتور بۇ شېئىرنى ئاشۇ خانلىقلارنى ئەسكە ئېلىپ تۇرۇپ يازغان. مىسرالار ناھايىتى جانلىق، ھېسسىيات تولىمۇ چوڭقۇر، پىكرى مەنزىرە ئىنتايىن كەڭ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ مىسرالىرىدىن ئۆرنەك ئالغان جايلار ناھايىتى مۇۋاپىق. شېئىرنىڭ تىلى ئىخچام، مەزمۇنى مول.

## نيەننۇجياۋ

### تاش قەلئە

مانا تاش بىرلە قۇرۇلغان چوڭ شەھەر،
ۋۇ بىلەن چۇنىڭ ئۇپۇقتىن پەس بېشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هېچنېمە ئالدىمدا يوق سالسام نەزەر.
شۇنچە مەزمۇت ئالتە خانلىق يېرىدىن،
قاپتۇ بىرلا ياپيېپىشىل تام بىخەتەر.
قېنى ئۇ توسقان قۇياشنى تۇغ ـ ئەلەم،
كېمىنىڭ كۆككە تاقاشقان ماچىتىسى،
ئۇۋۇلۇپ كەتكەن سۆڭەكتىن قار بۇ يەر.
بىر ئەزىم دەريا جەنۇبىي ۋە شىمال،
ۋادەرىخ، ئەل ـ يۇرتنى دەپ كەچكەن جېنىدىن قانچە ئەر.

نى ئارامگاھ، ئوردا ـ ئايۋان بۇ دەقىق گۆردەك تىنچ،
شەرق شامالى ئوينىغان شاھانە يول
چۈمكىنىپتۇ خەس بىلەن چۆلدىن بەتەر.
قاش قارايغاندا دەرەخلىكتىن ئۆتەرگە يوق ئادەم،
تىنچىماس ئەرۋاھ جېنىدىن ھەر قەدەمدە ئوت كۆيەر.
ئەيش ـ ئىشرەت، مەي ـ شارابتىن كەچمىسەڭ،
شەۋكىتىڭ ئەينەكتە كۆرگەندەك پەقەت،
قاپقارا چاچىڭغا بىلدۈرمەي.نۇر ۋۇپلا ئاق كىرەر.
ئويلىسام، ئەپسۇس، بۇ ئىش تارىخقا داغ،
بىرلا چىنخۇەي ئاسمىنىدا ئاي نۇرى دەۋران سۈرەر.

ئىزاھ:

تاش قەلئە (بۇگۇنكى نەنجىڭ) ئالتە خانلىقتا پايتەخت بول- غان جاي. ئاپتور شېئىرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئارقىلىق، ئۇرۇشنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى يازغان. كې- يىنكى بۆلىكىدە ۋەيران بولغان، خارابلاشقان كۆرۈنۈشلەر ئارقى- لىق ئېچىنىشلىق ھېسسىياتنى بايان قىلغان. ئۆزىنىڭمۇ ياشى- نىپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، چىنخۇەي ئاسمىنىدىكى تولۇن ئاي ئارقىلىق ئۆتمۈشكە بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. شې- ئىردىكى «ۋۇ بىلەن چۇنىڭ ئۇيۇقتىن پەس بېشى، ھېچنېمە

ئالدىمدا يوق سالسام نەزەر» دېگەن مىسرالارنى ماۋ زېدۇڭ ئۆزد-
نىڭ «پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نىمە ئۈچۈن يەنە
‹ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق› دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ؟» دېگەن
ماقالىسىدە ئىشلىتىپ، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
ئازادلىق ھارپىسىدىكى پارە - پارە بولۇپ كېتىپ بارغان ئەھۋالد-
نى سۈرەتلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# خۇي خۇي

خۇي خۇي (1283 — ؟) ئۇيغۇر، قاڭلى قەبىلىسىدىن، داڭلىق شائىر بوخۇمنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاز كەپ قىلىدىغان، تەمكىن، شۇنداقلا بىلىملىك، يېزىق ئىشلىرىدا ئىقتىدارلىق بولغاچقا چېڭزۇڭ، ۋۇزۇڭ، رېنزۇڭ، يىڭزۇڭ، تەيدىڭ ۋە ۋېنزۇڭ خان زامانىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مۇراسىم بېگى مەھكىمىسىدە ئەمەلدار بولغان. ئەمىر ھەرەستە ئەركان بولغان. شەننەندە تەپتىش بېگى، جياڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە ئەدىب - ئۆلىما تەپتىش بېگى، خۇەيشى بىلەن خېنەندە تەپتىش بېگى، نوپۇس پىرقىسىدە دىۋان بېگى، دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا پۇتۇكچى دورغاپ، جياڭجې ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە ئوڭ قول ۋەزىر قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن. ۋېنزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندا پەرمان مەھكىمىسىدە پەرمانبەگ، قارا دىۋاندا ئوڭ قول ۋەزىرلىككە قويۇلغان بولسىمۇ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قىلغىلى ئۇنىمىغان. ۋېنزۇڭ خاننىڭ ئىنىسى مىڭزۇڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ ئاش - تاماقتىن قالغان، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. خۇي خۇي ئىنىسى ناۋ ناۋ بىلەن شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق شائىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا ئۇنىڭ ئىككى پارچىلا شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. خەتتاتلىقتا يەن جېڭچىڭنى ئۇستاز تۇتقان. يازغان خەتلىرى شۇ چاغلاردا ئالاھىدە باھاغا سازاۋەر بولغان.

# جياگۇڭ ھەزرەتلىرىگە ئىككى شېئىر

1

چىڭقى چۇش كۈننىڭ نۇرىدا كۆيسىگىزمۇ ئۆز پېتى،
قىش - قىرودا تۇردىڭىز ساقلاپ ساداقەتنى يانا.
بىر شىجائەت بەرق ئۇرادۇر جىسمىڭىزدىن بۇ دەقىق،
نامىڭىز چاقنايدۇ نۇردەك ئايلىنىپ كۆكتە مانا.

2

بىلمىدىم پۇقرا ياساپ قويغانمۇ سىزگە قەبرىنى،
ئەستە تۇتقاچ بىر زامان يۈنيۇدا چەككەن جەبرىنى.
يوق بۇ دۇنيادا بىرەرمۇ تۇغۇلۇپ ئۆلمەيدىغان،
ئۇنتۇمايدۇ ئەل جاھان سىزدەك جامائەت ئەھلىنى.
تۈز كۆڭۈل، گەپنى ئۇدۇل سۆزلەيدىغانلار بەكمۇ ئاز،
تىنچ يېتىڭ، ئەتراپىڭىزدا بار پەرىشتە ھەر كۈنى.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا سۇڭ سۇلالىسى جېنزۇڭ خان زامانىدا يۈەن يۇ گۇرۇھى دەپ قارىلانغان جيا ھەزرەتلىرىنىڭ ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىش قىلغانلىقى ۋە خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى مەدھىيىلەنگەن، ئۇنىڭ شەنىگە ئىبادەتخانا سېلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا شېئىردا ئاپتورنىڭ مۇداق سادىق زاتلارغا بولغان ھۆرمىتى ئىپادىلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

# ناۋ ناۋ

ناۋ ناۋ (1295 — 1345) ئۇيغۇر. بوخۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۆسمۈر چېغىدىلا خانزادىلەر مەكتىپىدە ئوقۇغان. كې- يىنچە ئاقسۆڭەك بەگزادە مەرتىۋىسى بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بولغان. دانىشمەنلەر مەھكىمىسىدە مىرزىبەگلىككە قويۇلغان. لەشكىرىي پىرقىدە كاتاۋۇل بولۇپ ئىشلەپ، مۇنشىلىقتا يۆتكەل- گەن. مۇراسىم دىۋانىنىڭ قائىدە - يوسۇن مەھكىمىسىدە ئىش بېجىرگەن. باش مۇپەتتىشلىككە تەيىنلەنگەن. دانىشمەنلەر مەھ- كىمىسىدە پۈتۈكچى دورغاپ، جىياڭنەن ۋاقتىلىق ۋازارىتىدە تەپ- تىش بەگ، شىغاۋۇل پىرقىسىدە دىۋان بېگى، ئۆلىمالار مەھكى- مىسىدە باش مۇشاۋىر، دارىلئۇلۇمدا پۈتۈكچى دورغاپ، يارلىق- چى، قوشۇمچە تارىخ رەتلىگۈچى بولغان. شۇندى خاننىڭ جىجىڭ 4 - يىلى (1344 - يىلى) جېجياڭدا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. ئىككىنچى يىلى يەنە دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانى- سىغا چاقىرتىلغان. لېكىن، ئاستانىغا كېلىپلا ئالەمدىن ئۆت- كەن. شۇ چاغدا 51 ياشتا ئىدى. ئائىلىسىدە ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، كېپەنلەشكىمۇ پۇل چىقمىغان.

ناۋ ناۋ خۇشچاقچاق، مۇلايىم ئادەم بولۇپ، تارىخىي بىلىم- لەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. دائىم خەت بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇستا خەتتاتلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. يۇ يۆگشىڭ بىلەن ۋاڭ شىجېنى ئۇستاز تۇتقان. شۇ دەۋردە جاۋ مىڭجاۋدىن قالسىلا ئۇنىڭغا يېتىشكۈدەك خەتتات بولمىغان. ھەتتا، شىمالدا ناۋ ناۋ، جەنۇبتا جاۋ مىڭجاۋ دەيدىغان گەپلەر تارقالغان.

## چىڭفېڭ نەزمىسى

سوقىدۇ چىڭفېڭ دۆڭىدە پاكىزە ـ لەرزان شامال،
ھەقنى سۆزلەپ سۇغا چۆككەن ئۇندا بىر ساھىبجامال.
ھەممە نەرسە ئېتىقادنىڭ ئالدىدا قۇشنىڭ پېيى،
شۆھرىتى سەلكىنگە يۈك، تارىخقا ئۆرنەك بىمالال.
ئاشۇ چاغ ۋالىي بولۇپ خۇيجىغا كەلگەن بىر يىگىت،
بولمىغان ئۇندىن ئېشىپ كەتمەككە ھېچكىمدە ئامال.
ئويغىتىپ پۇقرا ـ ئاۋام قەلبىدە بىر ئارزۇ ـ ئۈمىد،
ئەيلىگەن جاننى پىدا قۇرماققا ئادىل ھۆر زامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ۋاپادار قىز ساۋئېي بىلەن پاك ئەمەلدار تەي بۇقا يېزىلغان. ئاپتور ساۋئېينىڭ تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر ئېتىقادىنى، ئۇنىڭ تارىختا ئۆرنەك بولۇپ قالىدىغان پەزىلىتىنى، تەي بۇقادەك پاك ئەمەلدارلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىققا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. شېئىر ئاددىي تىل بىلەن تەبىئىي، ئىخچام، جۇشقۇن ئۇسلۇبنى نامايان قىلغان.

## لى جىڭشەننىڭ يۈننەندىن قايتىپ كېلىپ، دىيەنساڭشەن تېغى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا بىر شېئىر

ھېلىلا خېجى تەرەپتىن كەلدى بىر مېھمان يېتىپ،
دەيدۇ ۋۇخۇا راۋىقىدا ئوينىدىم ئويغا پېتىپ.
ئىشىك تېشىدا ياپيېشىللىق ياز تۇرۇپ تاغلاردا قار،

باغرىدا ئاپئاق بۇلۇت سەكرەيدۇ ۋادەكتە يېتىپ.
دەل ـ دەرەخلىك دۆڭگە دەۋرىشلەر خىيالى مەھلىيا،
بۇ گۈزەللىكنى پەقەت لى بەي يازالايدۇ تېپىپ.
خۇش پۇراقلىق گۈل ـ گىياھ بەگزادىلەرگە ھۆر ماكان،
يۇرمىكىم لازىم ئىكەن كۆپرەك جىنىمغا جان قىتىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتور دوستى لى جىڭشەننىڭ يۇننەندىكى دىيەن-ساڭشەن تېغىدا كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن، يۇننەننىڭ گۈزەل مەن-زىرىسىنى تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇ جايلارغا بارغۇسى كېلىدى-غانلىقىنى ۋە دوستىغا بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن.

## گاۋ تەيتشنى نەنتەيدىن ئۆزىتىش

تۇتقۇش ئايماقىدا كۆك ئۆزرە ئاينىڭ شولىسى،
قىقنۇس پەشتاقى پەستە، سوقىدۇ غۇر ـ غۇر شامال.
مەيلى ئادەم، مەيلى يەر ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ ئەمەس،
ئەلىيۇلئەلا تۇرۇپ سىغمايدۇ ئەلگە نە ئامال.

ئىزاھ:

شېئىردىكى تۇتقۇش ئايمىقى بىلەن قىقنۇس پەشتىقى بىز-گە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ۋە ساۋ ساۋغا يارىماي ئۆلۈپ كەتكەن تالانت ئىگىسى مى خېڭ بىلەن، تاڭ دەۋرىدە غۇربەتچىلىكتە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن لى بەيدىن بېشا-رەت بېرىدۇ. ئېھتىمال، گاۋ تەيتشىمۇ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلان-غان بولۇشى مۇمكىن. ئاپتور بۇ شېئىردا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىملىك ئادەملەر تۇرۇپ، ئەلگە سىغمىغان دەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.



www.uyghurkitap.com

# ياخۇ

ياخۇ، ئۇيغۇر، ئېركېئون قەبىلىسىدىن ئىبراھىمنىڭ نەۋ-
رىسى. دەسلەپكى ئىسمى ياقۇپ. تەشرىپدار بولغان. ۋېنزۇڭ
خان ئۇنىڭغا ياخۇ دېگەن ئىسىمنى بېرىپ، دانىشمەنلەر مەھكىمى-
سىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇندى خاننىڭ جىيۇەن (1335 —
1340) يىللىرى قارا دىۋاندا ئىشلىگەن. كېيىنچە گۇاڭشى جېجياڭ
مەھكىمىسىگە ياردەمچىلىككە ئەۋەتىلگەن. بۇ چاغلاردا گۇاڭشىدا
قالايمىقانچىلىق چىققانلىقى ئۈچۈن، قارا دىۋان ئۇنى گاۋيۇ (ھا-
زىرقى جياڭسۇ) غا يۆتكىگەن. قارا دىۋاندا ئىشلەۋاتقان مازۇچاڭ
ئۇنى ئۈزىتىپ چىققان. ياخۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە فۇجيەندە تۇزچى-
لىق مەھكىمىسىگە بېرىپ ياردەمچى بولغان.

ياخۇ شېئىر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى داڭلىق بولغاچقا، مىڭ
سۇلالىسىدىكى ئەدىب چۇي يو، خۇ يىڭلىن قاتارلىقلار ئۇنىڭغا
يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ شېئىرنى ھەقىقەتەن ئىنتايىن راۋان،
جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن يازغان. مىڭ سۇلالىسىدىكى جاڭ شى،
چىڭ سۇلالىسىدىكى گۇ سىلى قاتارلىقلار ئۇنى نەي شيەن، تەي
بۇقا، يۇ چۆ بىلەن بىللە ئۆز زامانىسىدىكى قالتىس شائىرلاردىن
ئىدى دەپ تەرىپلىگەن.

### جۇفاڭ سىزغان «پادىشاھ تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ «سۇدا تۇرۇپ بۇغا ئوۋلىشى» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

يېڭى دەۋر ئاچتى بۇ تەڭرى نامايان ئەتتى قۇدرەتنى،
كۇچەپلا بىر قېتىم تاپتى زەپەر، تىنچىتتى دۆلەتنى.

www.uyghurkitap.com

چەۋەندازلار ئىچىدە رەزگىسى يەر چىشلىدى ئاخىر،
گويا يامغۇر كەبى تۆكتى جىمى شەيتانۇ نامەردنى.
مانا ئەمدى قىلىشچۇن ئوۋ شەھەرنىڭ شەرقىدە قورشاۋ،
ۋەزىر ياۋ جۇڭ تېپىپ ئىز بەلگىلەيدۇ ھەر تەرەپ سەپنى.
تۇرۇپ ئات ئالدىدا خانغا ئىزاھلايدۇ تۇمەن چارە،
شۇئان خان ھەم ئۇنىڭغا ياغدۇرار ماختايدىغان گەپنى.
قاراشقا ئەجدىھا دولقۇن ئارا بولغان مىنۇت ئۆرە،
ئۆزىگە قىلىدۇ ھەمراھ يېتىپ مەقسەتكە يەتمەكنى.
رەسىم سىزغان كىشىنىڭ پەلكۇچىدىن بىر ئىلاھ پەيدا،
ياراتقاندەك قىلىپ مىڭ يىل سۇرەر دەۋران قىياپەتنى.
دەرىخا، بۇ دەقىق ناھەقچىلىقنى كۆرمىگەن كىم بار،
قەسىر كۇندۇز - كېچە تاپتى ئۆزىگە قانچە ئىللەتنى.
ياۋايى بىر بۇغا[1] چىشلەپ ئەتىرنى ئەيلىدى پايمال،
تۈگەتتى خان ئويۇن - بەزمە ئىچىدە بارچە ئىززەتنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى لۇڭجىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى باتۇرلۇقى، ئۇنىڭ ھەم ئوردىدىكى ئىسيانىنى باستۇرغانلىقى، ھەم تالانتلىق شەخسلەرنى ئىشقا قويغانلىقى، شۇنداقلا دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. لېكىن، ئاخىرىغا كەلگەندە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، بالا - قازا كېلىۋاتقان چاغدىمۇ ئويۇن - تاماشىدىن ئۆزىنى تارتمىغانلىقى سۆرەتلەنگەن.

① بۇ يەردىكى بۇغا ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۆڭلۈكنى (ئەنلۇشەننى) كۆرسىتىدۇ.

## تەپتىش بېگى ۋاڭ بوشۇننى ئۇزىتىش

يىل تۇگەپ ئاستانە قويىندا كۆپەيدى قار ـ بوران،
ئۇزىتىپ قويماقتا سىزنى ئۇندى كۆڭلۇم ئاران.
ۋە لېكىن ئادەت بويىچە سۇندۇرۇپ گۇل ئۇزمىدىم،
قەرز ئېلىپ ئىچتۇق شاراب گەر ئۇستىمىزدە زەر چاپان.
كۇنقوۋۇقتىن ئايرىلىشنىڭ ناخشىسى ئېيتىلمىدى،
ماڭغۇڭىز كەلمەي جۇدالىق دەردنى قىلدى ئەرمىغان.
شادلىقىم سىز نەۋقىران مەقسەت ـ مۇرادقا يول ئوچۇق،
نەزمە ـ ئەخلاق بابىدا ئەجدادىڭىز ئۇستاز هامان.
ئايدالا، گۇلگۇن گىياهلار قەلبىدە هەردەم باهار،
تون كىيىپ، ئات ئوينىتىڭ، بولسۇن جەنۇب سىزگە ماكان.

ئىزاھ:

دوستلار بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشقاندا، ئايرىلىشقا هەر ئىككىسىنىڭ كۆزى قىيمايدۇ. لېكىن، ۋاڭ بوشۇن ياش بولغاچ- قا، شائىر ئۇنىڭغا پارلاق ئىستىقبال تىلەيدۇ، ئۇنىڭ يىراق كەتكەنلىكىدىن ئازابلانمايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ هېسسىياتى ساغلام، مىسرالاردىكى ئوي ـ پىكىر ئۇمىدۋارلىق بىلەن تولغان.

## ۋاڭ جىشۆنىڭ جۇ بىڭخۇ سىزغان «تۆت ساھىبجامال» ناملىق رەسىمگە يازغان بېغىشلىمىسىغا مۇشائىرە

ئەجىر قىلغاچ قىپقىزىل ياپراقتا دەردلىك موي قەلەم،
سۇ ئاقار ياپراقنى قولتۇقلاپ شەرققە دەممۇدەم.
نامە يوللاشقا بۇ يەردە تۇرنا يوق ياكى بېلىق،

كەلمسۈن يولۋاس دىگەندەك چىلك تاقاقتۇر ھەردەم.
پەسلى كۇز ئۆتتى كۆڭۈلسىز تۇگۇلۇپ قوڭغۇز ـ قۇرت،
نەۋ باھارنىڭ ھىسلىرى كەتكەچكە زايە كۆزدە نەم.
مەيلى ئاغرىنمايلى يوق دەپ كۆكتە بۇلتۇردىن خەۋەر،
سوقسا مەغرىبتىن شامال ياپراققا تەييار بۇ قەلەم.

ئىزاھ:

شائىر رەسمگە بىغىشلىما تەرتىسىدە يازغان بۇ شېئىردا ھەرەمگە سولىنىپ، يىگانە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئوردا قىزلىرىنىڭ تەقدىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نائىلاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا تەسەللى بەرگەن.

## تاڭ ئوردىسىدىكى ياپراققا يېزىلغان بېغىشلىما

ئەجرى كەتكەچ قىپقىزىل ياپراققا دەردلىك موي قەلەم،
سۇ ئاقار ياپراقنى قولتۇقلاپ شەرققە دەمۇدەم.
نامە يوللاشقا بۇ يەردە تۇرنا يوق ياكى بېلىق،
كەلمسۈن يولۋاس دىگەندەك چىلك تاقاقلىقتۇر ھەرەم.
پەسلى كۇز ئۆتتى كۆڭۈلسىز تۇگۇلۇپ قوڭغۇز ۋە قۇرت،
نەۋ باھارنىڭ ھىسلىرى كەتكەچكە زايە كۆزدە نەم.
مەيلى ئاغرىنمايلى يوق دەپ كۆكتە يۇلتۇزنى خەۋەر،
سوقسا مەغرىپتىن شامال ياپراققا تەييار مۆھتەرەم.

شائىر رەسمگە بىغىشلىما تەرتىسىدە يازغان. بۇ شېئىردا ھەرەمگە سولىنىپ، يىگانە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نائىلاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۇلارغا تەسەللى ئېيتىدۇ.

## سۆي خۆي قىزنىڭ پورترېتى

تەلمۈرۈپ ئەنقا سۈرەت ئەينەكتە ئەڭلىك سۈرتىمەن،
موي قەلەم رەڭدار شەپەقنى يۈز - كۆزۈمگە يايغۇدەك.
ئاي تالاشسا تۈن - كېچە ھۆسنى جامالىمدىن چىراي،
نەۋ باھاردا كۈن خىجىل، گۈللەرمۇ ھەيران قالغۇدەك.
چۈشلىرىم قۇشتەك ئۇچۇپ سىزنى پاناھ ئەتتى نىتەي،
غەم - ئەلەملىك خەتلىرىم دەرگاھىڭىزدا قالغۇدەك.
مەن ئېلىپ كەتمەيمەن روھىمنى نادان پەرى كەبى،
زەپىران جىسمىم بۇ روھتىن سىزگە بالدۇر بارغۇدەك.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا سۆي خۆينىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشى مەدھىيىلەنگەن، سۆي خۆينىڭ چىن ھېسسىياتى، مۇھەببەتكە بولغان ئېتىقادى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ ئاخىرقى ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر.

## لوشۆي دەرياسىدىكى ئىلاھە

قەسىرنىڭ كاھىشلىرى دەل روبىرو سوقسۇر كەبى،
ئاڭلىنۇر دەريا بويىدا خان ئېتىدىن قوڭغۇراق.
قالسا ياستۇق يادىكار جانغا ئۇنىڭ نە پايدىسى،
تۇرغىنىدا پەرى بىرلە نەي ئۇنى شۇنچە يىراق.
چۆچۈگەن تۇرنا فرۇزە كۆكتە غايىب ھەر مەھەل،
ياپپېشىل دولقۇن، لەھەڭ سالماس نىدالارغا قۇلاق.
سۇدا ئاققان ھۆر ئىلاھە كېتىدۇ مەشرىق تامان،
ئايدالانىڭ شاۋقۇنىدىن دىلدا سۆيگۈ، غەم - پىراق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ۋېي خانىدانلىقىدىكى ساۋ جىنىنىڭ لوشۇي دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن خانىش مى فېيغا بولغان سېغىنىشى بايان قىلىنغان.

## چياۋ تۆرىنىڭ ئىككى قىزى

بىرسى گۆھەر شۇنچە ئۈز، بىرسى چىرايلىق قاشتېشى،
ئەمما، كاككۇك بىرلە زەينەپتەك ئىكەن ھەربىر كىشى.
گەرچە خەنىنىڭ ئالىمىنى ئويلىدۇق، ئۆتتى ۋاقىت،
ئۈچرىتىپ ۋۇ قىزلىرىنى بارچىنىڭ قايدى بېشى.
لو ئىلاھە قەسرى پۈتمەي لياڭ بېغىنى باستى خەس،
سەددىچىنىنىڭ ئۇ يېقىدا چۆرىنىڭ ئاقتى يېشى.
ۋادەرىغ، ئىنساندا سەرسانلىق ئەجەب ئوخشاش بۇ دەم،
خۇددى تۆرنا يىغلىغاندەك ئاخشىمى، يازۇ قىشى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مالىمانچىلىق، ئەمىرلەشكەر چياۋ شۇەنىڭ ئىككى قىزىنىڭ ئەل ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى قىز ئۇ چاغلاردا سۈن سې بىلەن جۇيۈگە ياتلىق بولمىغان. ساۋ ساۋمۇ كەيفېڭ شەھىرىدىكى مىس تورغاي راۋىقىنى تېخى ياساپ پۈتتۈرمىگەن. ساۋ جىمۇ «لوشۇي دەرياسىدىكى ئىلاھەگە مەرسىيە» نى يازمىغان. يۇقىرىدىكى رەسىمگە بېغىشلانغان تۆت شېئىر رەسىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھەم رەسىمدىكى مەزمۇندىنمۇ يىراقلاشمىغان. ئىنتايىن تەبىئىي، راۋان، چوڭقۇر يېزىلغان. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ پاساھىتى ۋە ماھىرلىقى نامايان بولغان.

www.uyghurkitap.com

## تەپتىش بېگى سۇ بوشيۇنى جەنۇبقا ئۇزىتىش

نەزمىكەشتىن ئۇشبۇ ئالەمدە پەقەت سىز بىر ئاران،
ئات مىنىپ شاھانە ماڭماقچى جەنۇب ئەللەر تامان.
بۇ سەپەر مېيخۇا ئېچىلغان، يول يېقىن، تاغلاردا قار،
بارسىڭىز تاۋيېدە دولقۇن تېپتىنچ ئۆتمەك ئاسان.
نەچچە مىڭ چاقىرىم ئاۋامنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت بۇ دەم،
تۇغ - ئەلەمنى كۆرسە ئون ئايماق ئېگىلگەي يانمۇيان.
گەر بۇرادەر - ئاشنالار سورىسا سىزدىن مېنى،
دەپ قويۇڭ دارىلئولۇمدا سارغىيىپ رەڭگى سامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا يوەن سۇلالىسىدىكى داڭلىق ئالىم، دارىلئولۇمدا دۆلەت تارىخىنى تىزىملىغۇچى، جياڭنەندە باش مۇپەتتىش، خۇەيدۇڭ تەپتىش مەھكىمىسىدە تەپتىش بېگى، مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىدە دىۋان بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان شائىر سۇ بوشۇنى ئۇزىتىشنىڭ جەريانى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئاۋام ئۇچۇن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىكارچىلىقتا زېرىككەنلىكى، قارىغاندا دارىلئولۇمدىن قېرىپ ئۆلگىچە قۇتۇلالمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شېئىرنىڭ 3 -، 4 - مىسرالىرى قۇرۇلما جەھەتتە بىر - بىرىگە ماسلاشقان. تىلى پاساھەتلىك بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسىدىكى ئەدىب خۇ يىڭلىن بۇ شېئىرغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

## جاۋ بىڭنى جياڭشيادىكى تويدىن كېيىن لىنچۈەنگە ئۇزىتىش

زەپ ياراشىپتۇ بۇ قىزنىڭ ھۆسنىگە كىمخاپ - تاۋار،
شۇنچە ئۇز، شۇنچە چىرايلىق كەچتە دۇڭخۇدىن ماڭار.

بىر تۇمەن چاقىرىم شامالدا كېمىلەرنىڭ يەلكىنى،
نەي ئۇنىدىن ئويغىنىپ كۆكتە تولۇن ئاي نۇر چاچار.
كۇيئوغۇل تاۋۇس سىزىلغان پەردىدە تەزىم بىلەن،
ھەممە جانلىق ئەلگە قىلغان تۆھپىسىدىن سۆز ئاچار.
بىر شىجائەت نۇرلىنىپ تۇرغان سىياداندا بۇ دەم،
بۈك - باراقسان پەسلى نورۇزدا يېڭى نەزمە يازار.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ تويى يېزىلغان. مىسرالار تولىمۇ لەرزان، تولىمۇ رەڭدار، شادلىق ھېسسىيات بىلەن تولۇپ - تاشقان. بولۇپمۇ 3 -، 4 - مىسرالاردىكى پايانسىزلىق، ئىچكى مەزمۇندىكى كەڭلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

## ئاستاندىكى پانۇس كېچىسى

ئاي تولۇن، ئالەم يورۇق، تاپتى تۇمان كەچ جايىنى،
نەچچە مىڭ پانۇس نۇرىدا كۆرگۈلۈك ئاستانىنى.
قەسىر، ئايۋان، ئادەمىزات بىر تۇتاش ئاسمان بىلەن،
ئوردا قىلغاندەك چىقىپ كۆككە سامان دەرياسىنى.
ئات مىنىپ ھەيۋەت، ئېگەرلىك ماڭىدۇ بەگزادىلەر،
ئارقا ھويلا ئۇنچە - مارجانلىق بېزەپتۇ خانىنى.
يول يېنىدا نەزمىكەش ياڭ شيۇڭ جانابىنىڭ ھۇجرىسى،
شاد - خۇراملىقتىن ئەسەر يوق، كىم چۈشەنگەي ھالىنى.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا پانۇس بايرىمى كېچىسىدىكى ئاستانىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى يېزىلغان. تۇمەن مىڭلىغان پانۇس، مىغ - مىغ ئادەم، يەر بىلەن ئاسماننىڭ بىرىكىپ كېتىشلىرى ئىنتايىن

ھەيۋەتلىك. لېكىن، ئەدىب ـ ئۆلىمالارنىڭ قورۇسى كۆز پەسلىدەك جىمجىت. شائىر ئاستانىدىكى سەلتەنەت بىلەن غۇربەتچىلىكنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، بىلىملىك ئادەملەرنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان مىسكىن ھاياتىغا بولغان ئېچىنىشلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

## ئۆلىما كەيلىباش بىلەن خوشلىشىش

بولدىڭىز ئاستانىدا ئون يىل، شەرەپ تاپتى ھايات،
كىم بىلۇر ئەمدى بۇ باشقا قانچە شادلىق، قانچە داد.
سىز يېزىپ بامبۇك پۈتۈكنى بولدىڭىز سالنامىچى،
بەلكى قالدۇرالمايسىز ئۆچۈپ يامغۇر كەبى تارىختا ئات.
پەسلى كۆز سەلكىندە خۇەيخەي دولقۇنى ئاپئاق ئەجەب،
گۈل ـ گىياھ شياڭجياڭدا ئاخشام شۇنچە خۇشبۇي كائىنات.
ئەرتەتاڭ قولۋاق بىلەن خوش دەپ جەنۇبقا ماڭسىڭىز،
ئويلىماڭ قىلماسمىكىن دەپ بۇ يىراق جايلاردا ياد.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ كەيلىباش بىللە بىلەن ئىشلىگەن ئون يىل جەريانىدىكى دوستلۇقى، خوشلاشقاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان سېغىنىشى تەسۋىرلەنگەن.

## ليۇ ئامبالنى شەنشىدىكى بەيدىڭ ناھىيىسىگە ئۇزىتىش

مانا قۇملۇق تەرەپنى باشقۇرۇش ھەزرەت ئۈچۈن پەرمان،
پايانسىز گۈل ـ گىياھ، يايلاق جىمسى سىز ياشار دەۋران.
باھار كەلدى دېگەن بىلەن ئېرىق ـ ئۆستەڭدە ئاپئاق قار،
ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ ئۈچ ئاي ئېچىلماي گۈل چېكەر ئەفغان.

www.uyghurkitap.com

قاچانكى تۇردا يانغان ئىس ئىدى چىن خانىغا تەۋە،
بۇگۇن ناخشا ـ قوشاقنىڭ ھەممىسى يۇەنگە قارام بولغان.
مۇقەددەس بۇ دەۋر جوماۋ كەبى ئەللامىغا ئاشىق،
قىرىپ قالدىم دىمەڭ ھەرگىز، بىھۇدە كەتمىسۇن ئارمان.

ئىزاھ:

ليۇ ئامبالنى ئۇزىتىش يۇزىسىدىن يېزىلغان بۇ شېئىردا ئۇنىڭغا بەيدىڭ ناھىيىسىنى قاقاس، ياقا ـ يۇرت دىمەي ئىشلەشكە ئىلھام بېرىلگەن؛ ئالەم ئاسايىش تاپقان بۇ كۇنلەرنىڭ ئەلگە تۆھپە تەقدىم قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكى، خەن سۇلا- لىسىدىكى جوماۋدەك كىشىلەردىن ئۆگىنىش كېرەكلىكى تەكىت- لەنگەن؛ موڭغۇللار قۇرغان يۇەن سۇلالىسىنىڭ يەنىلا جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئاپتورنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى كۆزدە تۇتى- دىغان شىجائىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

# كەيلىباش

كەيلىباش، ئۇيغۇر. ئون يىل پۇتۇكچى دورغاپ، سالنامە-
چى بولغان. ياخۇ بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن. باشقا ئەھۋاللىرى
ئېنىق ئەمەس. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا بەش
پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## يۈەنفۇ تېغىدىكى تالىپلار
## ھۇجرىسى

يايپېشىل قات - قات چوققا ئالدىم تەرەپ،
دەل - دەرەخلەر سانى يوق، بىر يەرگە جەم.
ئاڭلىغان تاشنىڭ قېتىدا جۇپ قىلىچ،
ئەجرى قىلسا پەرى بولغايمىش ئادەم.
سوغ ھاۋادا شۇمشىيىپتۇ گۈل - گىياھ،
پەسلىسە كۆكتىن بۇلۇت ھۇجرامدا نەم.
غەرىزىمنى بىلدى قۇشلار ئېھتىمال،
چۆرىدەپ ئۇچقانىدا كەتتى دەردۇ غەم.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا تاغدىكى ئىبادەتخانا ۋە ئاپتورنىڭ ساياھىتى يې-
زىلغان. مىسرالاردا تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، تالىپلارنىڭ
تۇرمۇشى، قۇشلارنىڭ پەرۋازى ئاپتورنى مۇشۇ يەردە قېلىشقا
ئۈندەۋاتقان ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## چۈەنچىلك شىپىڭى

تاش بىلەن ھەمدەم بۇ شىپاڭنىڭ يولى بەكمۇ ئۇزۇن،
لەمپىدىن شىلدىرلىغان بامبۇك ئۈنى جانغا ئارام.
بولدى خۇاياڭشەن شارابىدىن قەدەھلەر ياپيېشىل،
كۆرمىسەك تاغ مەيلى ئىچ مەستلىك سىنى قىلغاي قارام.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ چۈەنچىلك شىپىڭىدا ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى تاماشا قىلغاچ شاراب ئىچكەنلىكى، پىنھان مەنزىرە بىلەن تاغدىكى شارابنىڭ ئادەمنى ئوخشاشلا مەست قىلىدىغانلىقى يېزىلغان.

## جىشۇي راھىب كالانغا بېغىشلىما

ئەگىشىپ خۇاياڭ سۈيىگە چامدىدىم، كۆردۈم بىرىپ
قاشتېشى ئاسقان؛ بۇلۇتتىن تونى بار راھىب كالان.
غار ئىچى پىنھان، دەرەخلەر، ئىككى يان شاپتۇل گۈلى،
سايىسىدا ئارچىنىڭ ئۆرلەيدۇ سۆسۈن ئىس ـ مانان.
ئەھلى ئىنسانلار ئىچىدىن كەلگىنىم راست ۋە لېكىن
يوق ئىدى تۇتماق پەرى تۇرغان بۇ تاغلاردىن ماكان.
ئويىنىغاچ قەلبىم، مىنىپ ماۋجۇڭگە ھەمراھ تۇرنىغا
كىرىپ باققۇم كەلدى بىر رەت قاتمۇقات چوڭقۇر تامان.

ئىزاھ:

راھىب كالانغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا ئۇ تۇرۇۋاتقان تاغدىكى مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. ئۆزى گەرچە پانىي دۇنيادىكى ئادەم بولسىمۇ، شۇنداقلا پەرى بولۇش مەقسىتى بولمىسىمۇ، لېكىن

بۇ تاغنىڭ ئىچىگە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ باققۇسى بارلىقى بىلىنىپ قالغان. ئاپتورنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بەش پارچە شېئىرىنىڭ تۆت پارچىسىدا پىنهان تاغلار ۋە راھىبلارنىڭ تۇرمۇشى بېرىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ، غەمدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن زاھىتلىق يولىنى تۇتۇش خىيالىدا بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تادرىسى
www.uyghurkitap.com

# شۆ ئاڭفۇ

شۆ ئاڭفۇ (1275 — 1345)، ئىسمى چاۋۋۇ، تەخەللۇسى جيۇ گاۋ، مائاڭفۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلۇغ بوۋىلىرى بۇرۇنلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ خۇەيمىڭ تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان. بوۋىسى تەپتىش بېگى، دادىسى تەپتىش ياردەمچىسى بولغان. ھەر ئىككىيلەنگە تيەنگو تۆرە دېگەن مەرتىۋە ئۇتۇغات قىلىنغان. شۆ ئاڭفۇ ياش چاغلىرىدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن داڭلىق شائىر ليۇ جىنۋېڭنى ئۇستاز تۇتقان. دەسلەپكى مەزگىللەردە جياڭشىدىكى قارا دىۋاندا پەرمان مۇئەررىخ بېگى، كېيىنچە مىرزا نازارىتىدە مۇلازىم بولغان. غەربىي جەنۇبتىكى مەلۇم رايوندا ۋە تەيپىڭ يولىدا باش بوغ، شۇندى خاننىڭ يۈەنتۇڭ (1333 — 1335) يىللىرى چۈيجۇ ئايمىقىدا باش بوغ بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شىخۇ كۆلى بويىدا ماكانلاشقان. 1345 - يىلى تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا يەتمىش نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

شۆ ئاڭفۇ 31 يېشىدا «جيۇگاۋ توپلىمى» نى تۈزگەن. ئۇستاز شائىرلاردىن ۋاڭ دېيۈەن، مېڭجاۋ ھەمدە ئۇستازى ليۇ جىنۋېڭنىڭ ئوغلى ليۇ جياڭسۇن قاتارلىقلار بۇ توپلامغا كىرىش سۆز يازغان. ئۇلار بۇ «بەگزادە» «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالارنىڭ ئۆرنەك كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق»، «قابىلىيەت ۋە ئىرادە جەھەتتە ئەھلى زامان ئەدىبلەردىن ھالقىپ كەتكەن» كىشى ئىدى دەپ يازغان. شۇ چاغدىكى داڭلىق شائىرلاردىن يۈجى، ياڭ زەي، سەيدۇللا قاتارلىقلار شۆ ئاڭفۇغا ئاتاپ

مۇشائىرە يازغان. جاۋ مېڭجاۋ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «جۇشقۇن ۋە مەردانە، راۋان ۋە يەڭگىل، ھازىرغىچە ئۆتكەن تەرىقەتچىلەر-نىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدەك يازمىغان» دەپ ماختىغان. ۋاڭ دېيوەن ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى يېڭى، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، لەرزان ۋە يېقىملىق، مىسرالىرى خۇددى دۇلدۇلدەك چاپچىپ تۇرىدۇ. ئوقۇغان كىشىگە بەئەينى سەككىز ئات قوشۇلغان ھارۋا بىر كۇندە مىڭ چاقىرىم يىراققا كەتكەندەك تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىدۇ» دېگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ «جيۇگاۋ توپلىمى» بىزگىچە يېتىپ كەلمە-گەن. «يوەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» غا راھىبلار ئۇ-چۇن يازغان بىر شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. مىڭ سۇلالىسىدىكى تيەن رۇچېڭ «شىخۇ كۆلىدىكى سەيلە - ساياھەتتە ئۇچراتقانلى-رىم» ناملىق كىتابقا ئۇنىڭ «جيۇگاۋ توپلىمى» دىكى ناخشىچى لو شىڭغا ئاتاپ يازغان بىر شېئىرىنى ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى نەزمىسى ساقلىنىپ قالغان. شۆ ئاڭفۇ نەغمە ئاھاڭلى-رىغا تېكىست يېزىشتا داڭلىق. ئۇ يوەن سۇلالىسىدىكى ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە ئاھاڭلىرىغا تېكىست يېزىشتا ئەلىيۇلئەلا ھېساب-لىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر، نەغمە ئاھاڭلىرىغا يېزىلغان 65 تېكىس-تى بىلەن يۇرۇشلەشكەن كۇيلەرگە يېزىلغان ئۈچ پارچە تېكىستى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بۇ تېكىستلەر يۇقىرىدا ئېيت-تىلغاندەك راۋان، لەرزان، يەڭگىل، يېڭى ھەمدە قۇرۇلمىسى مۇكەممەل. «تەيخېدىكى رەسمىي ئاھاڭلار» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ تېكىستلىرىگە «قارىغاي سايىسىدىكى سايراۋاتقان تۇرنىلارغا» ، «كۆز پەسلىدە پورەكلەپ ئېچىلغان جۇخار گۇللىرىگە ئوخشايدۇ» دەپ باھا بېرىلگەن. شۆ ئاڭفۇ شىخۇ كۆلى بويىدا ئولتۇراقلاشقان چاغلىرىدا «قولۋاقتىكى نەزملەر» ناملىق بىر كىتاب يازغان، لېكىن ئۇمۇ يوقىلىپ كەتكەن. شۆ ئاڭفۇنىڭ نەغمە تېكىستلىرى

گۈەن يۈنشىنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس. گۈەن يۈنشى مەردانە، لەرزان ئۇسلۇب بىلەن لى بەيگە ئوخشىسا، شۆ ئاڭنۇ راۋانلىق، كەڭلىك جەھەتتە سۇشىغا ئوخشايدۇ.

## راھىب كالانغا بىر شېئىر

مەن ساياھەت قىلمىغان لۇشەندە ھېچ يەر قالمىدى،
پەرى يەڭلىغ ئاق بۇلۇت لەيلەپتۇ جىجياڭ شەرقىگە.
نەۋ باھارنىڭ ئۈچ ئېيىدا گۈل ـ گۈلىستان ھەممە ياق،
قويمىدى قات ـ قات داۋان كېيگەن ئاياغنى مەيلىگە.
ئوي ـ خىيالدىن شاد كۆڭۈل، ئەمما خىيالسىز ئۆتكۈلۈك،
كى شىجائەتنى دېسەڭ پىنھان ئاساستۇر شەرھىگە.
سورىدىم راھىب كالاندىن، كەتسىڭىز مەنزىل قايان؟
كۆلگىنىچە قىلدى شەرەت ئاي بىلەن كۆن قەرىگە.

ئىزاھ:
راھىب كالانغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا يىراق جايلارغا كەتمەكچى بولغان راھىب كالاننىڭ پەرىشتىگە ئوخشاش بىر جايدا تۇرمايدىغان ھاياتى، رېئاللىقتىن سىرتقى خىيابانلاردا ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ ئاپتورنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلار ئېيتقان «راۋانلىق، لەرزانلىق، يېڭى مەزمۇن ۋە مۇكەممەللىك» ئىپادىلەنگەن.

## چيەنتاڭدا ئۆتكەن ناخشىچى لوشىڭغا

لوشىڭنىڭ ئائىلىسى ئىدى چيەنتاڭدا،
سۇ شياۋشياۋنىڭ قەبرىسىگە يېقىن جايدا.
ئەما تۇغۇلغان، لېكىن ناخشىغا ئامراق،
ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى كىچىك چېغىدا.



www.uyghurkitap.com

ئېسىمدە كۆي - ناۋا مەھكىمىسىدە
يېڭى كۆيلەر نوتىغا ئېلىنىپ تۇرغان.
ماھادۇر يېتىپ كەلگەن غەربىي يۇرتتىن،
ۋۇ نەغمىسى ۋۇنىڭ ئۆزىدىن بولغان.

لوشىڭ بىر ناخشا ئېيتسا بوران چىقىپ،
ئىككى ناخشا ئېيتسا پەسلىگەن بۇلۇت.
ئۈچ - تۆت ناخشا ئېيتسا تاشلار يېرىلىپ،
جىن - شەيتانلار قاچقان قوزغىلىپ.

مەن دەريا بويىدا ئۇچراتتىم ئۇنى،
ئۇمۇ ئاياغ ئاۋازىدىن تونۇدى مېنى.
دېدى مېنى قوشاقچى، مۇغەننى - شائىر،
مەن دېدىم: نائۇمىد قويمەن سېنى.

گۈل توزۇپ، باھار پەسلى تۈگىگەن چاغ،
يەنە باردىم كۆرۈشمەككە، تاقەت قىلالماي.
مۆخلۇق بىر ئاھاڭغا توۋلىغان مەھەل،
تەبىئەت ئويغاندى جىمجىت تۇرالماي.

مەن ئەسلىي ھەر تەرەپ سەرسان بىر ئادەم،
زېمىننى قاپلىغان ئىدى چاڭ - توزان.
لوشىڭنىڭ ناخشىسى ئەزدى دىلىمنى،
يېشىم تاراملاپ ئاقتى، چىدىدىم ئاران.

لوشىڭ، مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە يەتتى،
ئۆتكەن كۈننى قايتا سۆزلەش نەھاجەت.
جىسمىم ئۇچۇپ كېتىشكە ئازلا قالدى،
يېڭى قوشاق تۈزسەك ئۆزىمىزگە دەرد.

سازىڭنى سازلىماي سورايسەن ناخشا،
ناخشامدا مەرسىيە تولىدىن تولا.
يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن كىشى كۆپ ئەمەس،
يەنە دېسەم شۇ، لوشاڭ مېنى قىينىما!

ئىزاھ:

ئاپتور بۇ شېئىردا لوشىڭنىڭ ناخشىلىرىنى ماختاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئۆتكەن يىللىرىدىن ئەپسۇسلانغان. مىسرالاردىكى «بوران چىقىپ»، «بۇلۇت پەسلەپ»، «تاشلار يېرىلىپ»، «جىن - شەيتانلار قېچىپ» قاتارلىق ئوبرازلىق ۋە سىرلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ناخشىلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە بولغان تونۇشىنى ئىپادىلىگەن. ئاپتورنىڭ بىر ئەما سەنئەتكارنى مۇنداق مەدھىيىلىشى كلاسسىك شېئىرلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال.

زوي گاۋلو

## ئاخىرقى باھار

كەلسە گۈللەرنى ئېچىلدى دەپ خەۋەر،
غەملىرىمنىڭ كۆپلۈكى زىرۇ زەۋەر،
سۈبھىدەم يامغۇر - بوران ئۈندىن بەتەر.
ھەر قەدەم ئوت - خەس، ئاياغتا سۇ كېچىپ پايپاقمۇ ھۆل،
پەشلىرىمدىن بىر چېلەك سۇ چىققۇدەك سىقسام ئەگەر.
ھېچ كىشى كەلمەس دېرىزەم ئالدىغا،
چۈش كۆرۈپ ئۆتكەن كەبى ھەربىر كۈنۈم،
قۇش ئاۋازىدىن كۆڭۈلگە مۈڭ تېگەر.

ئالمەن چالغۇ قولۇمغا شۇ دەقىق،

چالىمەن يارنى سىغىنغان پەدىنى.
يازغىنىم ئىشقى - مۇھەببەتتىن غەزەل،
دىلكىشىم ئاز، كىم بىلۇر بۇ دەم پىقىرنىڭ دەردىنى.
مەن ئېلىپ بېشىمنى نەلەرگە كېتەي،
خالىغان يەردە يۈرۈشكە كىشىنىڭ ئونمۇ جېنى؟
بىر قېتىم كۆرسەملا مەجنۇنتالنى بىر رەت خورسىنىش،
ئۈچ ئۇلۇش بولسا باھار ئويناپ تۈگەتتىم ئىككىنى.
مەيلى گۈل بەرگى سولۇپ بولسۇن خازان،
مەيلى ئاقسۇن سۇدا لەيلەپ يا چۆكۈپ،
قىلمىقى غەمدىن خالاس بەك تەس مېنى.

ئىزاھ:
شېئىرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا باھارنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى، يوپۇرماقلار يېشىللىقنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، گۈللەرنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقى يېزىلغان. ئىككىنچى قىسمىدا چالغۇ چېلىش، نەزمە توقۇش، ھەسرەت چېكىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ يالغۇزلۇقى ئىپادىلەنگەن. شېئىردا مەنزىرە ئارقىلىق لىرىك ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىسرالار ناھايىتى راۋان، تەبىئىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تەيچاڭىن

## چاۋزۇڭ شىياڭدا مېڭ بونى تېزرەك قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ بىر نەزم

ئىس - مانان مۇزلاپ نامايان قىلدى سوغىنىڭ پەيلىنى،
تاڭ قىروسىدىن ئېغىرلاپ كەتتى ئالغان كىيگىنى.
توختىغان بولسا بولاتتى قار بۇ دەم،
چۈنكى دوستلار قايتمىغان،
شۇڭغىچە بولدى قىلالماي سەيلىنى.

مانا يىلنىڭ ئاخىرى دەريا قۇرۇق،
پەسلى كۈز، خۇددى ياشانغاندەك بۇ يۇرت،
ۋە لېكىن ئۇنتۇش يامان دەسلەپتە قىلغان ۋەدىنى.
ئۇچرىششقا بىر ۋاقىتنى كېلىششىپ قويغان ئىدۇق،
ئول جەنۇب ئۆستەڭلىرىدە سۇ راۋان،
ساقلىماقتا گۈل - گىياھ بۇ دەم سىنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىرنىڭ باش قىسمىدا سەيلە - ساياھەتكە كەلگەن دوستىنىڭ تېخىچە قايتمىغانلىقى، ھاۋانىڭ سوۋۇپ كېتىپ بارغانلىقى، قار ياغمىسا ياخشى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئاخىرقى قىسمىدا دوستى بىلەن كۈزدە كۆرۈشىمىز دەپ ۋەدىلەشكەنلىكى، كېچىكىپ قالسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شېئىردىكى ھېسسىيات ناھايىتى سەمىمىي ئىپادىلەنگەن.

## نەغمە تېكىستلىرى

(ئۈچ شېئىر)

### [جيېڭگۇڭ] سەي خۇڭچيۇ

ئىزدىدىڭ مەنسەپ گويا قۇش ئۇچقىنىدەك داننى دەپ،
ئاشۇ ۋەج يازغانلىرىڭدىن زىلزىلە كەتتى تۆگەپ.
بىلمىدىڭمۇ ھەر سېكۇنتنىڭ ئۆمرىگە چاقماق مىسال،
كەچمىشىڭ تارتىپتىغۇ ئىككى چېكەڭگە ئاق يېپەك.
بولدىلا كەچتىم ئۇنىڭدىن دېيسەڭمۇ،
كۆرمىدۇق ئەمما سېنىڭ باغلاردا ھۆسنۇڭنى پەقەت.
ئويلىساڭ پىغزىدا تاۋچيەنىنىڭ ئۆيى
ئۆزگە ھەمراھ تاپالماي بوش - بىكارلا تۇرغۇدەك.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئەمەل ـ مەنسەپنى دەپ سوكۇلداپ يۈرگەنلەر، قېرىغىچە نام ـ شۆھرەتتىن ئۈمىد ئۈزەلمىگەنلەر مەسخىرە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مودا قوغلىشىپ ئاغزىدا ئەمدى دەم ئېلىشقا چىقىمەن دېيىشى، ئەمەلىيەتتە ئۆز ئورنىدىن ۋاز كېچەلمىگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. شېئىر ئوبرازلىق يېزىلغان، مەنسەپپەرەس ئادەملەرنىڭ نۇقسانلىرى شەپقەتسىز رەۋىشتە ئېچىپ تاشلانغان.

## لى بەي ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى شې تۆرەمىنىڭ كۆلچىكىدىن ئۆتكەندە

ئەۋلىيا ـ ئەزەم مازارىدا شېئىردىن سۆز ئېچىپ،
شې تۆرەمىنىڭ كۆلچىكىگە ئويلىنىپ قالدىم قاراپ.
سۇندۇرۇپ ئارچا شېخى بەيىۇندە چۆگۈن قاينىتىپ،
ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئالدىم بازاردىن مەي ـ شاراب.
بىرسى نەي چالغان كەبى ئەتراپتا قۇشلارنىڭ ئۈنى،
ئايدالادا قېرى چال بىرلە كۆرۈشتۇم ھال سوراپ.
راستىلا بەك گالۋاڭ ئىكەنمەن، ۋادەرىخ!
ئەل ئىشى پۈتكەندە سەيلە قىلمىساڭ ھالىڭ خاراب.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جامائەتنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولغاندا تاغ ـ دالالارغا بېرىپ سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇش، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ئەسلەش، چاي ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. ئاخىرقى مىسرالار خۇاڭ تىڭجيەن يازغان شېئىرغا تەقلىد قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خۇاڭ تىڭجيەننىڭ ئەمەلى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىچ پۇشۇقى تارتقاندەك ئازابلىنىش ئالا-

مەتلىرى ئىپادىلەنمىگەن.

## لىنشياۋ شىپىڭدىكى ئەسلىمە

مانا لىنشياۋ شىپىڭى خۇاڭشەن تۈۋىدە بىر دۆكان،
ئەيش - ئىشرەت ۋەجىدىن دۆلەت ھالاك بولغان ماكان.
باغرىدا ۋاڭفۇ تېغىنىڭ بىر كىچىك ۋۆجياڭ سۈيى،
تاكى سەككىز مىڭ چىرىك يۆرتىنى ئويلاپ بەردى جان.
ئەمدى دەريا شەرقىدە گۈگۈم، بۇلۇتنىڭ ھالى پەس،
نەۋ باھار، ۋېيخې شىمالىدا دەرەخلەر شادىمان.
ياپپېشىل تاغ ئۆزرە لى بەيىنىڭ مازارى بار ئامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ خۇاڭشەن تېغىدىكى لىنشياۋ شىپىڭغا چىقىپ، مۇشۇ جاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلىگەنلىكى يېزىلغان. «ئالەمنى مالەم قىلالايدىغان يولۋاس سۈپەت» لىيۇيۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۈچ مىڭ رەققاس بىلەن نەغمە - ناۋا قىلىپ، دۆلەتنى تۈگەشتۈرگەن. تاغنى تالقان قىلالايدىغان تەڭداشسىز باتۇر شياڭ يۈ بىلەرمەنلىك قىلىپ، مەغلۇپ بولغان. ئاي بىلەن كۆندەك جەۋلان قىلىدىغان ئىككى شائىرنىڭ بىرى (دۇفۇ) ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا، يەنە بىرى (لى بەي) چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىدە مەڭگۈلۈك ئۇيۇقۇغا كەتكەن. تاغ - دەريالار، كۆركەم مەنزىرىلەر ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىغان. گەرچە ئۇ شېئىردا بۇلارنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى يوشۇرۇن بايان قىلغان.

www.uyghurkitap.com

# 〔جۇڭگلۇي〕 چاۋ تيەنزى

## تارىختىن نەزمىلەر

### (تۆت شېئىر)

### 1

دەسلىپى پىي ئايمىقىدا بولدى لىۇ باڭ ئاقساقال،
تۇزدى نەزمە، نامىنى قويدى بوران.
يەتتى مەقسەتكە جىمى باتۇرنى مەھبۇس ئەيلىدى،
چۇشكە ئوخشاش ئۆتتى بىر - بىرلەپ زامان.
قولىدا بولدى ساناقسىز قەھرىمان،
گاھ قويۇپ بوش، گاھى قىلدى ناتىۋان،
ھەممىسى بەردى قەپەس - زىنداندا جان.
بىر تەرەپ خانىش قولىدا بار ھوقۇق،
ئوردا چۇشتى يات جەمەتنىڭ ئىلكىگە،
بەكمۇ تەستە لىۇ بېگىم قالدى ئامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لىۇ باڭنىڭ ھىيلە - مىكىر ۋە سۈيىقەست ئارقىلىق ھاكىمىيەت تۇتقانلىقى، تۆھپىكار شەخسلەرنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلىقنى خانىش لۈي جىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقى، لۈي جىنىڭ تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن يۇرت سورىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

### 2

ئۆتتى بيەنخي دەپ بىر كىشى،

تېپىۋالغان تاغ ئىچىدىن قاشتېشى،
جىڭشەندە ئۇلتۇرغان تۇتۇپ يوقتەك ئىشى.
پۇتمىدى قىلغان گېپىگە ئۇچ قېتىملىق بەگ ئۆنىڭ،
كېسىلىپ ئىككى پۇتى ئاقتى يېشى.
بىر دەۋردىن بىر دەۋرگە تامغا بولدى تارقىلىپ،
پەمى يوقلار ئالدىدا يۇردى ئۆزىنى خار قىلىپ.
زادى كىمنىڭ گېپىدىن قايغان بيەنخېنىڭ بېشى!
بىرلىرى كۆردى پىچاق بىرلە يونۇپ،
بىرلىرى سىلىقلىدى ئېكەك سىيلىپ،
ئوغرىدەك ئەردى ئۇلارنىڭ قىلمىشى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا بيەنخې دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى تېپىۋالغان قاشتېشىنى تەقدىم قىلىشى ئارقىلىق، ئالىي ھۆكۈمران تەبىقىلەردىنىڭ دۆتلۈكى ۋە ۋەھشىيلىكى پاش قىلىنغان. ئاپتور مۇنداقلارغا يېقىنلىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى، قاشتېشىنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىش كېرەكلىكىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

## 3

بىگجى ۋەزىر بولدى مانا،
ھەممە ئېيتتى ئەل ئىشىغا باشپاناھ.
قىلغىنى ئەمما مۇنەججىملىك ۋە يا سۇلھى سالا.
جانغا زامىن بولغۇدەك ئىش كۆرسىمۇ،
سورىماستىن بىر ئېغىز گەپ كەتكىنى بەكمۇ تولا.

ئۇچرىدى ئۇنىڭغا بىر رەت ھالىدىن كەتكەن كالا،
دېدى ئۇ ھاجەت ئەمەس ئىچ ئاغرىتىش،



www.uyghurkitap.com

بەك سېمىز باققاچقا كەلگەن بۇ بالا.
ئۆلتۈرۈش لازىم ئىدى بالدۇر ئۇنى،
ياخشى گۆشنى ماڭا تۆھپە قىلمىغان كۆڭلى قارا.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ۋەزىر بىگجىنىڭ جاھىللىقى، خۇراپىيلىقى، ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان خۇي ـ پەيلى، چوڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، كىچىك ئىشلارغا ئېسىلىۋالىدىغانلىقى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ كالىنىڭ بولالماي قېلىشى سېمىزلىكتىن، بالدۇرراق ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ماڭا بېرىۋەتسەڭلار مۇشۇ ئىش يوق، دېيىشلىرى ئارقىلىق نائەھلى ئەمەلدارلار مەسخىرە قىلىنغان. شېئىر ناھايىتى قىزىقارلىق يېزىلغان.

4

بىر قېرى لاۋسەي ئېتى،
بەتقىلىقلىقتىن بۆلەك ھېچ يوق دىتى،
يېشى يەتمىشتە، ئېگىلگەن قامىتى.
تاپىسىدا دوراپ بوۋاقنى ئۆمىلەپ،
دادا بىلەن ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئالماق ئادىتى.

گاھى ئوڭغا، گاھى سولغا تەمتىلەپ،
قوينى دورايدۇ تېخى ياتقان پېتى.
مېھرىبان پەرزەنت ئىمىش نامى ئۇنىڭ،
گەر ئۇ پەشتاققا چىقىپ ياكى چۈشۈپ،
ئۆلسە خوپ دەيمىز بۇ ۋاقتى ـ سائىتى.

ئىزاھ:

ئاپتور تەرىقەتچىلەر ھەدەپ بازارغا سالىدىغان لاۋسەيدەك

ۋاپادارلاردىن يىرگىنىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قائىدە - يوسۇنلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاتالمىش مېھرىبان - ۋاپادار شەخسلەرنىڭ ساختا قىلمىشىنى پاش قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 〔جوڭلۇي〕 شەنپوياڭ

بۇ ئەزىم دەريا ئاقار مەشرىق تەرەپ،
سورىساڭ چاڭئەنىنى ئۇنىڭ ئورنى غەرب.
بىر ئۆمۈر ماڭدىم تىنىم تاپماي خىيالىم شان - شەرەپ.
ھارۋا - قولۋاقتىن بىزار ئەمدى كۆڭۈل،
ساز بىلەن دەستۇردا قالدى ھەممە گەپ.

چۈشتى ئاق چاچقا، سىلىش لازىم ئىكەن سەھراغا سەپ،
بولسا توق قەلبى كىشىنىڭ نىمە ئۇ مەنسەپ دىمەك.
يامىشاي دەيمەن ئىگىزگە،
يامىشىشنىڭ ئەجرى دەرد.
مەيلى چۈشسەم پەسكە دەيمەن،
پەسمۇ ئوخشاش غەم پەقەت.

ئىزاھ:

بۇ تېكستتە ئاپتورنىڭ مەنسەپ - ئەمەل، شان - شۆھرەتتىن زېرىككەنلىكى، تاۋيۈەنمىڭ ياكى شىياۋپىڭغا ئوخشاش چىمەنزارلاردا ئەركىن ياشاشنىڭ مەنىلىك ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئاخىرىدا، ئورنى ئۈستۈنلۈكنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا دەردى بارلىقى، ئورنى تۆۋەندە بولۇشنىڭمۇ ئادەمنى قىيناپ قويىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. قارىغاندا، ئاپتور ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئوبدان چۈشەنگەن.

## 〔جۇڭلۇي〕 شەنپوياڭ

## شىخۇ كۆلىدىكى ئەبجەش نەزملەر

### باھار

تاغ ياتار رەڭدار بوياققا چۆلغىنىپ،
كۆل سۈيى ئوينار يىپەكتەك تولغىنىپ.
ھەر قەدەمنى بىر رەسىم دەپ جەزم قىلدىم ئويلىنىپ.
توۋلىسام لىن پۇ ئىكەن پەرى بۇ دەم،
ئىزلىسەم سۇشى بولۇپتۇ ئەۋلىيا.
ئايلىنىپ شىخۇ كۆلىنى سەيلى قىلدىم روھلىنىپ.
ئاي تولۇن بولسا نېمە، ھۇجرام يىراق بولسا نېمە،
تۇرىدۇ قولۋاق بىكار،
يۇرمە بېشىنى ياندۇرۇپ.
سەن ئېلىپ قولغا قەدەھ،
قۇيغىن شارابنى تولدۇرۇپ.

### ياز

تەۋرىنەر ئاپئاق بۇلۇت كۆكتە راۋان،
دولقۇنى يوق سۇدا سەلكىندىن مانان.
سايە جايدا بەسلىشىپ ئىچسەك تاپالايمىز ئارام.
پارقىرايدۇ كۆل يۈزى نۇردىن بۇ دەم،
قىلغىنىدەك يېڭى پەرداز شاد - خۇرام.
نەي ئۈنىدىن قاينىغان نەنخۇ تامام.

بۇ كېچە ھاجەت ئەمەس قولۋاققا قايتىپ كەتمىكىم،
سوغدا توڭساقمۇ بولايلى تىنچ - ئامان.

نىلۇپەرنى قويۇۋەتكىن مەيلىگە،
چۈشلىرى تاتلىق ئۇنىڭكى ھەر زامان.

## كۈز

قىپقىزىل ياپراق شالاڭ شاخلار ئارا،
نىلۇپەرنىڭ سولغىنىدىن دىل يارا.
پەسلى كۈزنىڭ پەردىسى بوپتۇ تەبىئەتتىن ئالا.
تۈگىدى كەچكى شەپەق بىر - بىر ئۆچۈپ،
غەربكە قىڭغايدى قۇياش، ئاسمان قارا.
تاغ ئېتەكىدە شىپاڭدىن چاقنىغان نۇرلار تالا.

ئاستا ماڭماقتا قېيىقنى دەپ قويۇشقا ئالدىرا.
ناخشا توۋلا زوق بىلەن،
ئەمما، ئۈنۈڭنى بەك ئايا.
چىڭ تۇتۇپ پۇرسەتنى ياز نەزمە، قوشاق،
شادلىق تۈگەپ كەتمەستىلا.

## قىش

توپلىشىپ كەلدى بۇلۇتلار قار چېچىپ،
يەر - زېمىن ئۆزرە يېپەكتىن تون پىچىپ.
كۆل يۈزى سۈتتەك بۇ دەم يۇلتۇز قولىدىن نۇر ئىچىپ.
تۇت قەدەھنى، قۇي شاراب،
چۆچۈمە نە بولدى دەپ ھەريان قاراپ،
شى شىدەك بىر نازىنىنىڭ كەلگىنى بۇ يۈز ئېچىپ.

بىر ئۆمۈردە بىر خۇشاللىق بولىدۇ تەستە نېسىپ.
كۆرگىنە مېيخۇا گۈلىنىڭ
كۈلگىنىنى بەسلىشىپ.

نەدە قالغان تۇرنا بۇ،
كەلسە كەلسۇن، يۇرمىسۇن يالغۇز قېچىپ.

## كۆك يامغۇر

دەل ـ دەرەخلەردە بۇلۇت، تاغ قالدى يالغۇز ناتىۋان،
ئالتە كۆۋرۈك ئاستى ـ ئۈستى غەرق تۇمان.
كۆك يېغىنىنىڭ پەيلى دەريا دولقۇنىدىنمۇ يامان.
يەر يۈزىدە ئۆپا ـ ئەڭلىك سۇس ئەجەب،
پەردىزىدىن ئاندا ساندا ئىز پەقەت،
بولدى شى شىدا ھەسەت شىخۇ كۆلگە باغرى قان،
ۋە لېكىن ئۇنىڭغا ئاسمانمۇ تاقابىل تۇرغۇدەك.
قارىمامسەن كۆن ئوچۇق بولسا ئەگەر،
بۇ مەھەل سىزماق رەسىمنى بەك ئاسان.
تۇتۇلۇپ قالسا چىرايى گەر ئۇنىڭ،
موي قەلەمنىڭ مېڭىشى ئوخشاش راۋان.

ئىزاھ:
«شىخۇ كۆلىدىكى ئەبجەش نەزمىلەر» دىن ئىبارەت بۇ بەش پارچە شېئىردا شىخۇ كۆلىنىڭ مەنزىرىسى مەدھىيىلەنگەن ھەمدە ئاپتورنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان مۇھەببىتى سەمىمىي ئىزھار قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ شىخۇ كۆلى بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش خىيالى ئىپادىلەنگەن.

## 〔شۇاڭدياۋ〕 جەن گۇڭچۈي

### خورسىنىش

راست ئىكەن ئىنسان ھاياتى بەك چاتاق،
باي بولۇشنىڭ شەپىسى كەلمەي تۇرۇپ،

تۇغۇلاركەن يەر ئېلىش يا ئۆي سېلىشقا ئىشتىياق.
ئويلىمامسەن تۇنۇگۇن چىن ئوردىسى،
بولدى خەن سۇلالىسى بىردەمدىلا،
ئەتىگەن جىن، كەچتە تاڭ، جىن خانلىقى كەتتى قاياق؟

كىممۇ چاڭئەندە ئۆتەر خانزادىلەردەك ۋاقتى چاق؟
قايرىلىپ باقسام چېكەمگە چۈشۈپتۇ ئاق.
ئەۋلىيالىقنى تەلەپ قىلماق قۇرۇق گەپ ئەسلىدە،
بار ئامالنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ،
جام - قەدەھ ئالدىدا ئۆتكەن ياخشىراق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا زاماننىڭ تېز ئۆزگىرىدىغانلىقى، ياشلىقنىڭ كېتىپ قالىدىغانلىقى، ھاياتنىڭ قەرەلسىزلىكى، ئەۋلىيا بولۇشنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى، غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى مەي ئىچىش ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. كەيپىياتتا پاسسىپلىق مەۋجۇت. «ئويلىمامسەن تۇنۇگۇن چىن ئوردىسى، بولدى خەن سۇلالىسى بىردەمدىلا» دېگەن مىسرالاردا تارىخي تەرەققىياتنىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقى، مەڭگۈلۈك خانلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## 〔شۇاڭدياۋ〕 چىڭ دۇڭيۈەن

### ئۆزۈمگە مەسخىرە

شاۋ جانابنىڭ تاشلىنىپ قالغان يېرى يوق بوش - بىكار،
قىپتۇ دەريا بويىنى يەن لىن ماكان.
مەن لېكىن ئىزدەپتىمەن مەنسەپكە لايىق يول ھامان.
قېرىغاندا ئۆز - ئۆزۈمدىن بەك خىجىل.



www.uyghurkitap.com

دورىسام قويماق كۆچەتنى باشقىدىن،
كۆلگىنىچە كەتتى ئۈركۈپ ئاققۇتان.
تاشلىدىم تون بىرلە تاجنى شۇ مىنۇت،
قالغىنىم يۈەنمىڭگە يەتمەي ھەممىدىن بولدى يامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپتىن بەك كېچىـكىپ ۋاز كەچكىنىنى مەسخىرە قىلىدۇ. شۇ ئاڭغۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، پىنھان ياشاشقا نىيەت قىلغاندا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، تاۋيۈەنمىڭ سەھراغا يانغان ياشتىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

# يۈرۈشلەشكەن كۈي تېكىستلىرى

## 〔جېڭگۇك〕 دۈەن جېڭخاۋ

## گاۋيىن

تەكەللۇپ ئۆگىنەي دەپ يار ـ بۇرادەرنى تاۋاپ ئەتتىم،
لېكىن، پايدا، ئاتاقنىڭ ئىشىنى گەپتىن يىراق ئەتتىم.
كۆزى ئاچلىق، ھەۋەسكە باقمىدىم، تەقدىرگە بەردىم تەن،
سەۋەب: ئالەم ئىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەكتىگە يەتتىم.

## 〔گۇن شۆچيۇ〕

مۇكىدەك ئۆتتى ۋاقىت يۇگۇرۇپ ـ تېنەپ،
ئويلىسام ئىنسان ھاياتى قىسقا بەك.
ئېيتقىنا بىردەمدىلا يۈز يىل ئۆمۈر قاپتۇ تۈگەپ،
ماڭا تۇيدۇرماي تۇرۇپ ئىككى چېكەمدە ئاق يىپەك.
كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يوق ھەربىر مىنۇت،

كۈن نۇرىمۇ بىر تىنىقتا كەتكۈدەك.
مۇشۇ ۋەج ئاق نانچى، ئاچ كۆزلەر زامانغا نە كېرەك.
ئىككى جۈملە ھېكمىتىم بار سەن ئۇنى يادىڭدا تۇت:
بىللە ئۆسكەن دوستلىرىڭ ھەر يىلدا ئاز،
ئەمما، قەبرە قەبرىگاھتا كۆپىيىدۇ ھەسسىلەپ.
ھەممىسىلا قارا باسقان چۈش پەقەت.

〔چاك شىۋىسەي〕

ئاغزىدىن ئاتەش يېغىپ ئولتۇردى مەغرىبكە قۇياش،
قاشتېشى لېگەن سىياقى ئاي كۆتۈردى شەرقتە باش.
بىلمىدىم ئۇڭ بىرلە سولدا بولىمەن كىمگە قاياش.
بىرسى كۈندۈز كۆكتە ئوقتەك تېز يۈرەر،
بىرسى كەچتە ياۋا توشقاندىنمۇ شاش.
نېمە ئىش بۇ؟ بىر ئۆزۈڭ گەپ قىل ئاداش.

〔گۇن شۆچىۇ〕

تېرىشقا ئىككى - ئۈچ موچە يېرىم بولسا،
تىكىلگەن ئۈجمە ياكى كەندىرىم بولسا.
قېتىپ قوش يەرنى ھەيدەش ۋە تېرىشقا ماڭسا ھەممەيلەن،
ئېگىز دۆڭدە كەبى كۆلبە ئاراملىق ئۆيلىرىم بولسا.
زىرائەت قاشىغا بارسام سەھەر پەيتى،
ئورۇشقا ۋاقتىدا پۇرچاقلىرىم بولسا.
باھار چاغى يىغىپ ئۈجمە غازاڭنى پىلە باقسام،
ئايال - مەزلۇم توقۇشقا رەخت دۇكان جابدۇقلىرىم بولسا.
مەھەللە قىزلىرى زىچ ئولتۇرۇپ ئېگىرسە چاق،
قولۇم - قوشنا جۇۋانلار ئەشكىلى جىق يىپلىرىم بولسا.
ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا راۋۇرۇس سايمانلىرىم بولسا.

〔چاڭ شيۇسەي〕

ئارام چاغى، دەرەخلىك سىرتىدا چاقچۇق، ساپال تەشتەك.
ئۇزۇپ نەشپۈت، ياڭاق يا پىشمىغان شاپتۇل ئىلىپ كەتسەك.
قۇياش پاتقان ۋاقىت، گۈگۈم، گۈزەل ئالەم،
شارىلداپ ئاقىدۇ ئۆستەڭ يىراقلارغا،
ئىگىز - پەس كۆرۈنۈر تاغلار ئۇنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتسەك.
لېكىن، لازىم ئىكەن دوست تەكتىگە يەتسەك.

〔گۈن شۆچيۇ〕

جاڭ بۇرادەر قىلسا مەدداھلىق بۇ دەم،
ئاكىلار ۋايىزلىقنى ئاڭلىساق جىم ئولتۇرۇپ،
تىڭ دېگەن بىرسى قىزىق گەپ باشلىسا،
پوچى لى پو ئاتىسزە سورۇن قۇرۇپ،
جاۋ ئۇزۇن ماڭسا ياغاچتىن پۇت ياساپ،
شى قوشاقچى توۋلىسا ناخشا - قوشاق،
تېجىمەل شاسەن ئۇسسۇلنى ئوينىسا سەكرەپ تۇرۇپ،
بولمىغان تەقدىردىمۇ نۇرەدەك سۇزۇلگەن مەي - شاراب،
لايغا ئوخشاش دۇغنى ئىچكەيمىز ھېجىرغا تولدۇرۇپ.
ئالدىمىزدا مەيلى توڭ سويما، ياغاچتەك خام مېۋە،
توختىمايدۇ كۈلكە - چاقچاق دىل يورۇپ.

〔چاڭ شيۇسەي〕

مەي بولمىسا دۇغنى سۇزۇپ ئىچەيلى،
قورۇما يوق، مۇراببا بىلەن نان يەيلى،

مەست بولۇپ پۇخادىن چىقساقلا مەيلى.
كۆزلىرىمىزگە تاغلار گۇڭگا كۆرۈنسۇن،
چاۋاك چالايلى، جان سۆيۈنسۇن.
ئەڭ زور پاراغەت مۇشۇلا دەيلى.

〔سەي خۇڭچيۇ〕

ئەگەر مەستلىكتە پەرزەنتلەر بىلەن بىللە خۇشال كۈلسەم،
ئەگەر مەستلىكتە خامانىنىڭ ئاياغىدا بىكار يۈرسەم.
ئەگەر مەستلىكتە تۈلۈق تاش بىلەن دوراپ دان ئايرىشنى،
قاشانىڭ لەمپىسى كارىۋات كىيىم سالمايلا چۈش كۆرسەم.
يېشىلسە مەستلىكىم دەرھال يۇمۇپ كۆزنى،
يېتىپ بىر كەچ ئۇزاتسام ھەممە يۈلتۈزنى،
قۇلاق سالماي تالا - تۈزگە ھاياتلىق پەيزىنى سۈرسەم.

〔شۋا خەيئىر〕

ھوسۇل ئوبدان، تولۇپ تاشتى قوناق - پۇرچاقلىرىم ساڭغا،
قاراش يوق يىل بويى ئۇيانغا - بۇيانغا.
تېرىشتىن ھەم توقۇشتىن قول ئۈزۈپ تەييارنى يەي دەيمەن،
ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ياتسام ئارام جانغا.
سەھەردە ئويغىنىپ ماشىنىڭ ئىشىدىن ئۈچ قاچا ئىچسەم،
قارايغان قاش مەھەل ئوتياش سىلىپ ئەتسەم ئۇماچنى مەن،
يېشىنمەستىن ئۆزۈمنى تاشلىسام كاڭغا.
قۇچاقلاپ مېھرىبان، مۆمىن ئايالىمنى،
تۇرۇپ ۋاقتىدا يەم بەرسەم ئىشەك بىرلە جىمى مالغا.

## 〔تۆتىنچى مەنزىرە〕

ياپپېشىل پەسلى باھار، تالنىڭ لىۋىدە ئىس ـ تۇتەك،
خۇددى شەلپەردەك قىزىل شاپتۇلدا كۈلگەن ھەر چېچەك.
كېپىنەكلەر گۇل يۈزىدىن گۈل يۈزىگە يۆتكىلۇر،
قارغۇجا، بۇلبۇل جىرالاردىن چىقىپ ئىزدەيدۇ شاخ،
قارلىغاچلار كونا جايدا پايپېتەك.
ياغدى يامغۇر ھەممىمىزنى خۇش قىلىپ،
ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ئۈنى بولدى باھارغا مەدھىيە،
كاللار بەيگىگە چۇشسە داقا ـ دۇمباق يار ـ يۆلەك.

## 〔ئۈچىنچى مەنزىرە〕

كەلدى ياز، سۇغا چۈشۈپ ئوينايلى ئۇن چاقىرىم ئۇزاق،
گۈل ـ گۈلىستان نىلۇپەردىن ئىككى ياق.
ياپپېشىل لوتۇس قىزىل گۈللەرنى چۈمكەپتۇ بىراق.
گەرچە يوق رەڭدار كېمە كۆلچەك ئىچىدە ئۈزگۈدەك،
بار لېكىن قولۋاق ـ قېيىققا ئىشتىياق.
يار ـ بۇرادەرلەر كېلىپ قويسا كۆڭۈل،
ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئايلىنىپ تالالاپ بېلىق،
يۇرت ئىچىدىن مەي ئېلىپ بىرگە ئىچەيلى بى سوراق.

## 〔ئىككىنچى مەنزىرە〕

پەسلى كۈز، ئاسمان تىنىق، تۇرنا قاتار،
گۈل ـ گىياھلار سارغىيىپ ھالى ناچار.

تاغ ـ دالالاردا قىزىل ياپراق يۈزى ئەڭلىكچە بار.
ياپيېشىل تاغلار تۇتۇق كەتكەن نېرى،
سۈپسۈزۈك سۇ بەك تېيىز، دولقۇن ئۈنگە ئىنتىزار،
قايرىلىپ قاپتۇ نېلۇپەر يىلتىزى،
تويلىشىپ قىسقۇچپاقا سۈرگەن بېلىقنى بىر تەرەپ،
پاقىلار سەكرىشىپ گويا غازدەك ياتار.

〔بىرىنچى مەنزىرە〕

قىش كېلىپ سوقتى شىمالنىڭ بورىنى ھەريان قاراپ،
تويلىشىپ قىلدى بۇلۇت كۆكنى خاراب.
تەڭگىدەك چوڭلۇقتا قارنىڭ پارچىسى،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يەرنى قاپلىدى ئاپئاق چېچەك،
ئويىنىغاندەك خۇددى پەرۋانە كۈمۈش يەڭلىغ تاراپ.
پەسلى قىشنىڭ قامىتىدە يوق ئېۋەن،
بۇتخانا ئالدىدا مېيخۇانى بېسىپتۇ قار تۈۋەن،
پەنجىرە يېنىدا بىرسى ئاھ ئۇرادۇر ئالدىراپ.

〔خاتىمە〕

تۆت پەسىل ھۆسنى ـ جامالى ئۆز ئەجەب،
مەيلى قايغۇ، مەيلى شادلىق، بىز ياشايمىز جاننى دەپ.
ئاز مېنىڭ دەردىم ـ پىغانىم، يوق سىنىڭدەك دەرد ـ ئەلەم،
ھەق ۋە ناھەقتىن نېرى ئۆتكەيمەن ئويناپ تائەبەد.

ئىزاھ:

بۇ بىر پارچە يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستلىرىدە ئاپتورنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئالەم ئىشلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەنلىكى، ۋاقىتنىڭ ئاتقان
ئوقتەك ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈز يىلنىڭ
تۈگەيدىغانلىقى، نام ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ياشاشنىڭ چۈشكە ئوخ-
شاش ئەھمىيەتسىزلىكى يېزىلغان، شۇنداقلا سەھراغا قايتىپ
تېرىقچىلىق قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش،
ئادەتتىكى تاماقلارنى يەپ، تاغ ناخشىلىرىنى توۋلاپ، مەھەللە
ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ ياشىماق قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. شۆ-
ئاڭغۇ بۇ تېكىستتە يۈەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدە
ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى، ئەدىب ـ
ئۆلىمالارنىڭ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئوردىدىن كېتىش خىيالىدا
بولغانلىقىنى تەكرار ئىپادىلىگەن. تېكىست نىسبەتەن ئۇزۇن،
لېكىن چېچىلاڭغۇ ئەمەس. تېرىقچىلىق باشلانغاندىن تارتىپ،
ھوسۇل يىغىلغانغا قەدەر بولغان يېزا تۇرمۇشىنى، تۆت پەسىلدى-
كى گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ئۈجۈر ـ بۈجۈرىغىچە يازغان. لې-
كىن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپتورمۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بىر
ئەزاسى بولغاچقا، يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ
مۇنداق ئەركىن ـ ئازادە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئې-
غىر ئېزىلىش ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى تېخى تونۇپ يېتەلمىگەن.

www.uyghurkitap.com

# ئالاۋۇدۇن

ئالاۋۇدۇن، خەنزۇچە ئىسمى يۇ يۇەندىڭ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر. ئۇلۇغ بوۋىسى يۇسۇپ ئارا قۇبلايخانغا ئەگىشىپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان، تۆھپە كۆرسىتىپ تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە جۇ يوسۇنلىرى ۋە كۇڭزى تەلىماتىنى ئۆگىنىپ، ئەجدادلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغان. ئالاۋۇدۇن «دارىلئۇلۇم» بىلەن «مۇھاكىمە ۋە بايان» نى تىرىشىپ ئوقۇغان. جىدا، خۇاڭچىڭ يىللىرى خانزادىلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ۋۇ چېڭنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. «قەدىمدىن بۈگۈنگىچە بولغان دەۋرلەردىكى ئويغىنىش» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەيدىغان ئوقۇشلۇق قىلغان. لېكىن، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئۆسمۈرلەرنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىدىن ھالقىپ، چوڭلارغىمۇ مۇۋاپىقلاشقان. بۇنىڭدىن ئالاۋۇدۇننىڭ ھەقىقەتەن بىلىملىك ئادەملىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالاۋۇدۇننىڭ تۇغۇلغان، ئالەمدىن ئۆتكەن يىللىرى ئېنىق ئەمەس. ھازىرغىچە بىر پارچە شېئىرى، يەتتە پارچە ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە تېكىستى، ئىككى پارچە يۈرۈشلەشكەن كۈي تېكىستى ساقلىنىپ قالغان.

## شۈن شىشيۈنى كۆرگەن چاغلار

ئىزدىدىم گۈل-خۇش پۇراق قەلئە تېشىدىن ئىنتىزار،
سۈپسۈزۈك سۇ كۈن نۇرىدا بوپتۇ قاشقا غەمگۈزار.
دەممۇدەم كاككۈك ئۈنىدىن ئالدىرايدۇ بۇ كۆڭۈل،

دۆڭگە چىقسام ھەممە ياق ئاپئاق چېچەكتە سەبزەزار.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر «يۈەن نەغمىچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئەسلىي شېئىرنىڭ تېمىسى يوق. ئۇنىڭدا شۇن شىشۇ ئاتلىق بىر قىز مەدھىيىلەنگەن. گەرچە مەنىسى چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن راۋان يېزىلغان.

## نەغمە تېكىستى

### 〔جېڭگۇڭ〕 زۈي تەيپىڭ

سوغۇق يەم

1

پەردە سىرتى قارلىغاچ ئۇچقاننى كۆردۇم بىر كۈنى،
ئاڭلىنىپ قالدى دەرەخنىڭ شېخىدىن بۇلبۇل ئۈنى.
بوپتۇ سوغ يەم، ياقمىغاچ ئوت، يېگىنى،
راست گېپىم، ئۆمرى ئادەمنىڭ قانچىلىك؟
گۈل بولۇپ، مەي بولمىسا ئوخشاشلا يالغۇزلۇق ساڭا،
مەي بولۇپ، گۈل بولمىسا قىينايدۇ تەنھالىق مېنى.
بۇ مىنۇت گۈل ھەم شاراب ھەم دوستلىرىم يانىمدا تەق،
قىلغىلى ئىش بارمىدى ئىچمەي ئۈنى؟

2

ئەتلىمە گۆش قاغا ئاۋازىدا غەم،
نەۋ باھار بۇ غەم ساداسى ئىچرە كەتكەنگە نىكەم.

www.uyghurkitap.com

گۈل ھىدى ئايۋانغا كىردى ئۈيىنغان سەلكىن ئارا،
تۈن كېچە يامغۇر يېغىپ قىرغاقتىكى قۇملاردا نەم.
يۈيۈلۈپتۇ ئۆگزىدە سوقسۇر سۈپەت كاھىش يۈزى،
بولدى ئازراق ھۆل ئىلەڭگۈچ سۇدا بىلسەم ـ بىلمىسەم.
ئۈيغىنىپ باقسام دېرىزە پەردىسىدە كۈن نۇرى،
گۈلچىنىڭ ئاۋازى يولدا دەممۇدەم.

3

يۈز كېلەلمەيمەن بۈزۈلغاچقا يوسۇن،
تارتمىدى كۆڭلۈم ئىلەڭگۈچكە پەقەت.
يالۋۇرۇپ باقسامۇ ياق دەپ كېتىۋالدى نەۋ باھار،
قارلىغاچ، بۇلبۇل ئۈنى مۇڭلۇق ئەجەب.
قىپقىزىل ئوتقاش چىچەكتىن قالمىدى بىر تال نىتەي،
ياپيېشىل شاخلار تېرەكنى چىرمىۋاپتۇ ئەركىلەپ.
ئۈنچە ـ مارجاندەك تۆكۈلگەندە دەرەخنىڭ پوستىكى،
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى ئالەمچە دەرد.

4

گۈل تۈزۈپ كەتتى يىغىندىن يەپ ئازار،
پەردە ئۈستىدە جۇدۇنلۇق نەۋ باھار.
كۈن پاتار چاغى راۋاقتىن تەلمۈرۈپ چاقىئەن تەرەپ،
ياشلىرىم سەلكىنىگە تۆكتۈم زار ـ زار.
بارمىدۇ دەيمەن ھاياتتا دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئاخىرى،
بارمىدۇ خەت دەپ جەنۇبتىن خەستە كۆڭلۈم ئىنتىزار.
ئاي بىلەن دەرقەم بولۇپ ۋادەكتە تۇرماق تەس ماڭا،
بىلمىدىم نە بولدى كەلمەي قويدى يار.

ئىزاھ:

چوكانتالدىن بىر ـ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆيلەردە ئوت يېقىلمايدىغان بولغاچقا، ھەممە ئادەم سوغۇق تاماق يەيدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت پارچە نەغمە تېكىستىدە ئاپتورنىڭ باھار پەسلىدىكى روھىي كەيپىياتى، ياش قىزلارنىڭ ئىچ پۇشۇقى، ئۇلاردىكى ھىجران ئازابى، ئۇلارنىڭ ۋىسال دەملىرىگە بولغان تەلپۈنۈشى جانلىق ئىپادىلەنگەن. ھېسسىيات ناھايىتى نازۇك بولغاچقا، ئۇقۇرمەننى تەسىرلەندۈرىدۇ.

## 〔يۆدياۋ〕 پىلڭ لەنرېن

## چىملدىقتىكى خاپىلىق

1

تال بويىغا يامىشىپتۇ كەچتە ئۇچقان ئىس ـ تۈتەك،
ئاي نۇرى گۈللۈك راۋاقنىڭ ھۆسنىگە بولدى يۆلەك.
بىر گۈزەل تەنھا، كۆزىدە ئۇيقۇ يوق،
ئاي تولۇن، ئەپسۇس، تولۇن بولماي ئۆتەرمۇ بۇ يۈرەك.

2

سايرىدى بۇلبۇل، توزۇپ كەتكەچكە گۈل، مۇڭلۇق ئۈنى،
نەۋ باھارغا نالە قىلدى، بىلمىدىڭ يارىم، ئۈنى.
مەن بىچارە ئۆيدە ساقلايمەن سېنى،
ئېيتقىنا، ئەستىن چىقاردىڭمۇ مېنى؟

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە بىر قىزنىڭ يىراقتا كەتكەن يارىنى سېغىنغانلىقى، رەنجىگۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىقلانمىغانلىقى ناھايىتى

راۋان، سۇزۇك تىل بىلەن جەنۇبتىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇس-
لۇبىدا چىرايلىق ئىپادىلەنگەن.

## يۇرۇشلەشكەن كوي تېكىستلىرى

### [داشىدياۋ] نامە ئىلىپ كەلگەن تورنا

خوشلىشىپ ماڭدى باھار كەلمەس بولۇپ،
تال شېخىدا تەلمۈرۈپ قالدى جۇدالىقتىن پىغان.
كۆكتە ئۇچقان گۈل - چېچەك ئىپ كەتتى ئۇنىڭ ھۆسنىنى،
تۆكمىسەم مەشرىق شامالىغا بۇ دەردنى يوق ئامال.
ئايرىلىشتىن قىپقىزىل يامغۇرغا ئاقتى گۈل يېشى،
زەپىران موخ ئۇستىدە تاشئالما يولنى قاپلىغان.
قانچە قىلسامۇ ماڭا غەم ئەرمىغان.
قورقىمەن نەشپۈت ئېچىلغان باغ - ئىرەم، ئايۋان - ساراي،
ئىزغىرىن - گۈگۈمدا قالسا دەپ تامام.

### [مىلى فېيچۈي]

مۇڭلىنىپ سالسام قۇلاق،
قايسى ئۆيكىن نەي ئۈنى كەلدى شامال بىرلە تاراپ.
ئۇچىدۇ مېيخوا گۈلىنىڭ بەرگلىرى قەلئە تامان،
بەكمۇ تەس بۇ ئىشنى توسماق ئالدىراپ.
ھەر ئاھاڭنىڭ قوينىدا بىردىن ئەلەم، بىردىن نىدا،
ئايمۇ شۇ ۋەجدىن كېسەل، ئادەم خاراپ.
سايرىغان كاككۇك ئاۋازىدا باھارغا تەلمۈرۈش،
كېپىنەكلەر مەھلىيا گۈلگە دىرىزە ئالدىدا،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چەككىنىدەك خۇددى ئالەمچە ئازاب.
بۇ جۇدالىق قانچە ئاخشامدا تۇگەيدۇ يوق جاۋاب.

## 〔چيۇ خەيتاڭ〕

بارمىكىنتاڭ ساڭا ئوخشاش لەۋزىدە تۇرمايدىغان؟
بارمىكىنتاڭ ماڭا ئوخشاش گېپىدىن يانمايدىغان؟
بىۋاپالار قىلمىشى مەلۇم ئىلاھىنىڭ كۆڭلىگە،
ئەمما، بىلمەسلىك ۋاپاسىزنىڭ خۇيىنى بەك يامان.
قايتا تۇزمەكلىك كېرەكمۇ بۇ نىكاھقا ۋەدىنى،
بەتنىيەتلىك كۆكتە غازنىڭ شورپىسى بولدى هامان.
غەم بىلەن رەڭگىم سامان.
بىر كۇنۇمنى تەستە ئۆتكۇزدۇم نىتەي،
ئۇزىتىپ قويسام بولاتتى كېچىلەرنى تىنچ - ئامان.

## 〔بىمۇيۇ〕

جىق ساناپ قايتىش چېغىڭنى غەمدە مەن،
بارمىقىمنىڭ قالمىدى ئاغرىپ جېنى.
تەلمۇرۇپ هەر كۇن يولۇڭغا بەندە مەن،
چىدىماي قاچتى بۇلۇتمۇ قالدۇرۇپ يالغۇز مېنى.
كۆز يېشىم يېپى ئۇزۇلگەن ئۇنچىدەك،
ئاقسا شياڭجياڭ لىق تولۇپ قاشتىن تېشىپ كەتكەي قېنى.
بىر بۇلۇڭدا سۆزلىسەم خەقلەر ساراڭ دەيدۇ مېنى.
بولدىلا، قىيناپ ئۆزۈمنى نە قىلاي،
يۇرمىگەيمەن چۇشلىرىمدە قايتا كۆرسەم دەپ سىنى.
يۇرمىگەيمەن دەردلىرىمگە يېڭىۋاشتىن دەرد قوشۇپ،
يۇرمىگەيمەن سىنى ئەسلەپ قايغۇ بىرلە هەر كۇنى.

ياشلىرىم تەڭلەشتى شامغا ھەر كېچە،
ئۈيقۇدىن بىدارلىقىمغا تاڭ گۇۋاھ،
بىلمىدىم ئۆتتى ئەلەم يالغۇزچىلىقتا قانچە چاغ،
قانچە گۈگۈم، بىلمىدىم قانداق ئۆزاتتىمكىن ئۈنى.

## 〔ئاخىرقى سۆز〕

بولدى كىرمەيمەن بۈگۈندىن سۆلۈك ھەۋەسنىڭ كەينىگە،
يېڭىۋاشتىن سەپسالاي ئەمدى ئۆزۈمنىڭ پەيلىگە.
تاكى تاڭدىن كەچكىچە ماڭماق سوكۇلداپ نە كېرەك،
قويۇۋەتمەيمەن كۆڭۈلنى مەيلىگە.

ئىزاھ:
بۇ تېكىستتە تەنھا بىر قىزنىڭ ئاخىرقى باھار مەزگىلىدە ئۆز يارىنى سېغىنغان ئازابلىق ھېسسىياتى يېزىلغان. قاراڭلار، توزۇغان گۈللەر ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، نەي ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدۇ، ۋاپاسىز يارغا بولغان سېغىنىش خاپىلىققا ئايلىنىدۇ. ئۇ بۈنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا ئويلىمايمەن، مۇنداق ئارزۇ ــ ھەۋەستىن قۇتۇلىمەن، دېگەن يەرگە كېلىدۇ. لېكىن ئۆزىگە تەسەللى تاپالمىغان قىز يەنىلا بۇ دەردتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، كۆز ياشلىرى شامدەك تۆكۈلىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمايدۇ. ئاپتور شېئىردا خورلانغان، تاشلىۋېتىلگەن بۇ قىزغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىڭ فاڭ

مىڭ فاڭ، ئىسمى تيەنۋېي، غەربىي يۇرتلۇق تاڭغۇتلاردىن. بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) دە ياشىغان. ئۇنى دەريانىڭ شەرقى (تەيىۋەن) دىن ئىدى دېگۈچىلەرمۇ بار. جىجېڭنىڭ 12 - يىلى (1352 - يىلى) دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا تەشرىپدار بولغان. جياڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە تەپتىش بېگى بولغان. مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە قەدىمكى خەنزۇ تىلى بىلەن داڭلىق بولغان. ئۇستا خەتتات بولغاچقا «مىڭ تەشرىپدارنىڭ توپلىمى» ناملىق كىتابنى تەييارلىغان. شۇ چاغدىكىلەر ئۇنىڭغا «بىلىملىك ۋە سەزگۈر، مىجەزى ئوچۇق، يېزىقچىلىقتا ماھارەتلىك» ئادەم ئىدى، «چىن، ئىككى خەن سۇلالىسى ھەققىدە يازغانلىرىغا قارىغاندا، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكىدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى» دەپ باھا بەرگەن. ئۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئالاھىدىلىكى كېيىنكى چاغلاردىكى لى مېڭياڭ، خې جىڭمىڭ ئېقىمىدىكىلەرگە باشلامچى بولغان. مىڭ فاڭ كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان، ئاۋاز قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغان. ھازىرغىچە ئازلا ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# نەغمە تېكىستى

## 〔يۈدياۋ〕 تيەن جىڭشا

## ئون ئىككى ئاي نەزمىلىرى

1

خۇش پۇراق يامغۇر، گىرىمسەن ساپ هاۋا،
ئاقمىغان كۆلچەك سۈيىدە گۈل - گىياھ.
قارىسام گۈللەر توزۇپ قاچقان ھىدى،
ياپيېشىل قىياق يالاڭلاپتۇ بۇ دەم،
ئاي تولۇن، كۆكگۈمدا جىمجىت كەلگ دالا.

2

كېلىدۇ پەسلى بېشارەت يانمۇيان،
قايسى چاغ بولغاننى سۆزلەپ شادىمان.
سۇغا ئوخشاش ئۆتتىمۇ ئۆمرۈم دېمە،
كۈن ئىلاھىنىڭ قولىدا كۈن ھامان.
ئۇرمىساڭمۇ قامچا تۇلپارنىڭ ئۇزايى بەك يامان.

ئىزاھ:

ئالدىنقى تېكىستتە يامغۇردىن كېيىنكى باھار مەنزىرىسى يېزىلغان. گەرچە مىسرالاردا باھارنىڭ تۈگەۋاتقىنىغا بولغان كۆزى قىيماسلىق باردەك قىلىسىمۇ، لېكىن پىكىر ناھايىتى سۇزۇك. كېيىنكى تېكىستتە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆمۈرنىڭ ئۇچقۇر ئاتتەك كېتىۋېرىدىغانلىقى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

# لەن چۇفاڭ

لەن چۇفاڭ، غەربىي يۇرتتىن. جياڭشىدا ئەمىرلەشكەر بولغان. «ئەرۋاھلار تىزىملىكىنىڭ داۋامى» دا لەن چۇفاڭ «شىجائەتلىك، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، تالانتلىق» كىشى ئىدى دەپ خاتىرىلەنگەن. ليۇ تىڭشىن بىلەن ياخشى ئۆتكەن ۋە بىر مەزگىل ۋۇچاڭدا بىللە تۇرۇپ مۇشائىرە يېزىشقان. كىشىلەر ئۇلارنى تاڭ دەۋرىدىكى يۈەن جېن بىلەن بەي جۈيىگە ئوخشىتىپ تەرىپلىگەن. «يۈەن دەۋرىدىكى ئەركىن ئۇدارلىق كۈيلەر» گە ئۇنىڭ توققۇز پارچە نەغمە تېكىستى، ئۈچ پارچە يۇرۇشلەشكەن كۈي تېكىستى كىرگۈزۈلگەن.

## نەغمە تېكىستلىرى

### 〔نەنلۈي〕 سى كۈەيىيۇ

#### سۆيگۈ

ھەممە ئىشتا بىلىنەر كالۋالىقىم،
ئەمما جورامنۇ قىلىشماس، سەت ئەجەب.
سەت بولامدۇ ياكى كالۋا ياقتۇرۇشتا ھەممە گەپ.
راست كۆرۈمسىز، ئەمما كۆڭلى بەك بەلەن،
ئېلىنۋالدىم مەن — بۇ كالۋانىڭ دىلىنى شۇ سەۋەب.
سەت بىرىنىڭ ماڭا جورا بولغىنى،
مەن - بۇ كالۋانىڭمۇ ھەمراھ تاپقىنى،
بارمىكىنتاڭ باقىي ئالەمدە پەقەت.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بىر جۈپ قىز ـ يىگىت مەدھىيىلەنگەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. قارىماققا بىرى كالۋا، بىرى سەت. لېكىن، بۇ خىل ئىپادىلەش ئەنئەنىدىكى پەقەت ساھىبجامالللارنىلا يېزىشنىڭ ئەكسىچە بىر خىل يېڭىلىق.

## 〔شۇاڭدىياۋ〕 چېنزۇي دۇڭفېڭ

مۇكا ئاتقان چاغدىكى ئاۋاز دۇكاننىڭ سىرتىدا،
تام ئېگىز، خۇددى سامانيولدەك يىراقتا جىق نىدا.
ياسىداق كارىۋاتتا يالغۇز بىر ئۆزۈم،
تارتىۋەتتىم پەردىنى ئاستاغىنا.
توختىماي يالغان يۆتەلمەكتىن كۆرۈشمەك مۇددىئا.
قىلغىلى ئىش يوق دېدەك مېيىشياڭنى تۇۋلايمەن بىكار،
مەقسىتىم: مەن بار ئىكەننى بىلسە يارىم نە بولا.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە بىر قىزنىڭ دەستىگاھدا ماتا توقۇغۇسى يوقلۇقى، ئەس ـ يادى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرسى بىلەن كۆرۈشمەك ئىكەنلىكى يېزىلغان؛ قىزنىڭ قىلىقلىرى، ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. تېكىستتە مۇھەببەتكە ئۆزىنى پىدا قىلغان قىزنىڭ قورقۇمسىزلىقى تەسۋىرلەنگەن.

## 〔شۇاڭدىياۋ〕 جي گۇيلىڭ

### سېغىنىش

ۋادەرىخ، بىچارە قىزنىڭ ھالى ئاخىرقى باھار،
گۈل توزۇپ چۈشكەن كەبى بەرگى قاتار،

ئۈستىگە ئۈنىڭ تېخى يامغۇر ياغار.
ياغلىقىدا ياش دېغى، ھەر تامچە ياشتىن دەرد تامار.
قەلبى يىغلايدۇ قېيىداپ زار - زار.
تۈگۈۋالغان چاچلىرى سەلكىندە تارقالغان بولۇت،
زەپىران ھۆسنى، گۈزەل كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگى خار.
ھوشىدىن كەتكەن كەبى ھالى ناچار.
بولغىنىدەك كۆككە ئالجىش بەرقارار.
مۇگىدەپ قاپتۇ چىراغ شامدان ئارا،
ئايمۇ ئازغاندەك ئەقىلدىن سۇس يانار.

ئىزاھ:
بۇ تېكىستتە سېغىنىش ئازابىدا ئاغرىپ يېتىپ قالغان بىر قىزنىڭ ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن. مىسرالار باشتىن - ئاياغ قاپىيىلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە ئوقۇر-مەننى تەسىرلەندۈرۈش جەھەتتە ئۈزگىچە ئۇسلۇب شەكىللەنگەن. سۆزلەر يېڭى ۋە ئىخچام، زورمۇزور قۇراشتۇرۇپ قويۇلغان ئەھۋال يوق.

## 〔شۇاڭدياۋ〕 يەنئېرلو دې شېڭلىڭ

### سېغىنىش

قىپقىزىل ياپراقتا پۈتتۈم نەزمىنى،
كۆكتە ئۈچقان تۇرنىلارمۇ بولدى خەت.
ھەر كۈنى ئاخشامدا ئاغرىيدۇ تېنىم،
چېگرىنى ئويلاپلا تاپقان ھەممە دەرد.
تال شېخىنى ئايلىنۇر ئاي شولىسى،
كۈجە كۆيگەن كۈجىدانلار شىر سۈپەت.

www.uyghurkitap.com

بىر يېتىپ كۆرگەن چۈشۈمدىن ئويغىنىپ،
سىلىسام يوتقان – چۈشەكلەر سوغ قەۋەت.
ۋادەرىخ، يالغۇز ئۆتەرمەنمۇ يەنە،
سېغىنىش بولدى مۇرەمگە يۈك ئەبەت.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە بىر قىزنىڭ چېگرا رايوندىكى ئېرىنى سېغىنغانلىقى يېزىلغان. ئۇ كۈندۈزى ئېرەن دەرىخىنىڭ قىزارغان يوپۇرماقلىرىنى، قاتار ئۇچقان تۇرنىلارنى كۆرىدۇ، خىيالغا چۆمىدۇ. سېغىنىش كەچ بولغاندا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يالغۇزلۇقتا كېسىلى ئېغىرلايدۇ. كۈجىدانىدىكى كۈجە كۆيۈپ بولىدۇ. يوتقان – كۆرپىلەر سوغۇق، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. ئاخىرقى ئىككى مىسرادا بۇ خىل سېغىنىش ئەپكەشكە ئوخشاش ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئېگىۋېتىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىش قەدىمكى شېئىرلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ يۈەن نەغمىلىرىدىكە تېكىست يېزىشتىكى ماھارىتىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

## 〔نەنلۈي〕 ما يۈلاڭ، گەن خۋاڭئېن،

## سەي چاگېر

### چىملىدىقتىكى دەرد

كېلىشكەن ھەمرىيىم كەتكەچ بۇ دەم ھۇجرام بوشاپ قالدى،
تىكىشكە كەشتىلەپ ئەنقا مادارىم يوق، بىلەك تالدى.
ئۆزۈك – مونچاقلىرىم نەدە؟ چۈۋۇلغان قاپقارا چاچىم،
يۈرىكىمگە گويا بىرسى پىچاق سالدى.
قادالدى خورسىنىش ئوقتەك،

ئۆزۆلدى لەگلىگىم، ئۆنى شامال ئالدى.

ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن ماڭدىم، دېدى، قىلغان گېپى شۇ گەپ،
گۇمانىم: كەتتى ئۇ بەلكىم تاماشا ـ بەزمىلەر ئىزدەپ.
نېسىپ بولماس ماڭا ئەمدى يېتىپ يانىدا چۈش كۆرمەك.
ئېلىپ كەلمەس بىرى خەت ـ نامەنى زىنھار،
بىھاجەت رەمچىنى ئىزدەپ بېرىپ رەم ئاچتۇرۇپ كەلمەك.
جۇدالىق مىڭ تۈمەن غەم سالدى باشىمغا،
كېلەمدۇ ماڭىلا شۇنچە ئەلەم ـ كۈلپەت.
گىياھلار مەھلىيا چاتقال ـ دەرەخلەرگە،
خازان بولغان چېچەك يامغۇر بىلەن ئۆلپەت.
ھىدى گۈلنىڭ شامالدا سىلكىنەر تىترەپ.

سالاسۇندىن تۇرۇپ باقسام كېتىپتۇ يول راۋان ھەريان،
قەدىم كۆۋرۈك بۇ لەنچياۋنىڭ تېگىدە سۇ تولۇپ ئاققان.
راۋاقتا يۈلىنىپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، نە ئامالىم بار،
خىيال قىلسام ئۇ چاغ ئۆتمۈش كۆلۈپ ئەتىر پورەك ئاچقان.
بولۇپتۇ ئاي تولۇن بۇ كەچ جىمى ئالەمگە نۇر چاچقان.

ئىزاھ:

بۇ يۈەن نەغمىلىرىدىكى بىر نەغمىدىكى تېكىست تۈگىمىگەن ئەھۋالدا، ئۇلاپلا باشقا نەغمىلەرگە تېكىست يېزىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان تېكىست. بۇ ئۆزۈن تېكىستتە بىر ئايالنىڭ جۇدالىق تۈپەيلى مۇپتىلا بولغان ھىجران ئازابى تەسۋىرلەنگەن. تېما گەرچە يېڭى بولمىسىمۇ، لېكىن مىسرالار ئۆز ئىچىگە چوڭقۇر مەزمۇننى يوشۇرغان. ئوخشىتىشلار جانلىق، كۆڭۈل ئىزھارى ئىنتايىن تەسىرلىك. چىمىلدىق ئىچىدىكى ئايالنىڭ ئىچىنىشلىق كۆڭلىرى ۋە خاپىلىقى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

# يۈرۈشلەشكەن كۆي تېكستلىرى

## 〔خۇاڭجۇڭ〕 يۈەن چېڭشۇاڭ

### باھاردىكى سېغىنىش

باھار پەسلى ئۆزاپ كەتسە،
چېچەكلەر جاننى تەرك ئەتسە،
قىزىل بىرلە يېشىللىق تەقدىرى دىلغا ئەلەم سالغاي.
ئۆلۈپ كاككۇك بىلەن زەينەپ ئېچىلسا قەبرىدىن ئەتىر،
كىشىلەر ئاغزىدا تاتلىق قەدىم چۆچەك بولۇپ قالغاي.

### 〔ياۋپيەن〕

كۆن نۇرىنىڭ ئىسسىقىدىن تارقىلۇر كۆجە ھىدى،
شەرق شامالى قىلدى ئۇنى كېپىنەككە ئەرمىغان.
خوشلىشىشتىن ئىلگىرى ئەھدە تۈزەيلى قايتىدىن،
ياش تۆگەپ كەتكەن چېغى ياغلىق ئېلىپ سۈرتمەككە قان.

### 〔چۇدۇيزى〕

كۆز ئېچىپ يۇمغىچە بار ياشلىق دېگەن،
بۇ، ئۇياتچان، گېپى ئاز بىر قىز ئۇچۇن قاتتىق ئازار.
ياش گويا ئوكيان، قۇرۇپ كەتمەككە يەتمەيدۇ كۆزى،
ئېيتسا - ئېيتسا تۈگىمەس ھەسرەتكە بۇ كەچ جان نىسار.

## 〔ياۋپيەن〕

يىل بويى پۈتمەس ئەلەم ـ ھەسرەتكە كىمدە بار چىدام،
ئەھدە ـ پەيمانلار ئىچۈك بولدى ھارام.
نەچچە ئون يەردىن ئۈزۈلدى رىشتىمىز،
نەچچە ئون مىڭلاپ تۈگۈچ قىلدى يۈرەكنى بىئارام،
ئالتە قاتلاق كۆڭلىكىمنىڭ پەشلىرى يىرتىق تامام.

## 〔خاتىمە〕

كۆڭلىكىڭ پۈرلەشسە ئولتۇرما بېسىپ،
يۈرىكىڭگە قايغۇ ـ ھەسرەت بولمىغاي دائىم نېسىپ.
ئۈلىماق مۈمكىن ئۈزۈلگەن رىشتىنى،
يۈرمىگىن چامدامدا بوينۇڭنى قىسىپ.

ئىزاھ:

بۇ تېكىستتە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ جۇدالىقى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىپادىلەنگەن: غەم ـ ئەندىشە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە تۈگۈچ پەيدا قىلىدۇ؛ سېغىنىش ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئىزىپ پارە ـ پارە قىلىدۇ؛ كۆزدىكى ياش تۈگەپ قان ئېقىشقا باشلايدۇ؛ ئەھدە ـ پەيمانلار ئەستىن چىقمايدۇ. تېكىست ناھايىتى ئىخچام يېزىلغان. ھېسسىيات ئوقۇرمەنـنى تەسىرلەنـدۈرگۈدەك ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

## دادي يوشى

دادي يوشى، ئىسمى جوڭدا، ئۇيغۇر. تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. «يۈەن شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» دېگەن كىتابتا ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

### يوخۋاتەي

تىنچ دالانىڭ ئېتىكىدە ياۋا ئوت - چۆپلەر تامام،
قىپقىزىل ياپراق مىدىرلايدۇ شامالدا ئىككى يان.
چىلىڭ تۇتۇپ تونىنىڭ پېشىنى چامدىدىم تاغ ئۈستىگە،
بولدى يانتۇ تەلپىكىم سوققاندا مەغرىبتىن شامال.
ئاي بىلەن كۈن ئالدىراش مەن نېمە كويىدا كارى يوق،
تاغۇ دەريالار مېنىڭ ئاجىز جىنىمغا قوشتى جان.
گۈل - گىياھلار باشقا ئىقلىمدا تۇغەپ كەتكەنىمدۇ،
مەي تۇتۇپ قىلدىم نىدا بولسۇن ئۇلارنى دەپ ئامان.

ئىزاھ:

شېئىردا گۈللىنىش ۋە ۋەيران بولۇشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، پەقەت مەي - شاراب بىلەنلا كۆڭۈلدىكى غەشلىكتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. شېئىر ناھايىتى سالماق، ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# چىن راھىب كالاننى چيەنتاڭغا ئۇزىتىش

خۇەينەنگە بېرىپ ـ كېلىپ تونۇشقان بىز،
كۆڭلىمىز بىر ـ بىرىمىزگە بۆلەكچە ئايان.
ياش چاغلاردا ئەخلاقتا كامالەت تېپىپ،
غەرەزسىز ئاجايىب نەزمىلەر يازغان.
بۇلاق بويلىرىدا ياشايسىز تەنھا،
بۇتخانا، ھۇجرىدا ئالىسىز ئارام.
ئويلايمەن مايمۇنلار توۋلىغان بۇ كەچ،
چىراغ يورۇقىدا مۇڭداشقان بولسام.

ئىزاھ:

ئەھۋالدىن قارىغاندا چىن راھىب كالان ناھايىتى بىلىملىك ئادەم بولغان، شۇڭا ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تالانتىغا بولغان قايىللىقىنى، شۇنداقلا خوشلاشقاندىن كېيىن يالغۇز يا-شايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، چىراغ يورۇقىدا مۇڭداشقۇسى كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

# ليۇ جيەنشەن

ليۇ جيەنشەن، غەربىي يۈرتلۇق. تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا تۆت پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## يولۋاس دۆڭلۈكىگە بارغاندا ليۇ داۋچۈەنگە يېزىلغان مۇشائىرە

بۇ ئېدىر راھىب ياشارغا ياخشى جاي،
ئەلمىساقتىن ئۈز - چىرايلىق بىر ماكان.
كۆل سوغۇق بولغاچقا كەتكەن ئەجدىھا،
تۇرنىلار كەلسە ئۇچۇپ ئەتراپ تومان.
قاينىسا شەمشەر بۇلاق داننىڭ ھىدى،
قاشتېشى مېيىخۇا تۆكۈلسە دۆڭ تامان.
ئەڭ ئېگىز جايدا كۆرۈشكە ھۆسنىنى،
مىڭ قېتىم چىقماق ماڭا ئارزۇ ھامان.

ئىزاھ:

بۇ ليۇ داۋچۈەنگە يېزىلغان مۇشائىرىنىڭ ئىككىنچىسى. ئۇنىڭدا يولۋاس دۆڭلۈكىنىڭ مەنزىرىسى، رىۋايەتتىكى شەمشەر بۇلاقتىن گۈرۈچنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ بۇ جايغا بولغان مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

# جامالىدىن

جامالىدىن، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر، تەيدىڭ خانىنىڭ 3 - يىلى (1326 - يىلى) جىنجياڭدا مۇدەررىس، شۇندى خانىنىڭ جىيۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا باش مۇشاۋىر بولغان. كالېندارچىلىقتا بىلىملىك بولغاچقا «بۈيۈك كالېندار» ناملىق ئەسەر يازغان. بىر پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## چيەن يۈيتەن سىزغان «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە ئەۋلىيانىڭ رەسمى» گە بېغىشلىما

— كىرىش سۆز

ۋۇشىڭ ناھىيىسىدىكى چيەن يۈيتەن سىزغان «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە ئەۋلىيانىڭ رەسمى» نى كۆردۈم. قارىسام موي قەلەمنى راۋان ماڭدۇرۇپ، سىياھنى سۇس بېرىپ، ئۇنى باشقا رەڭلەر بىلەن بېزەپ يۇرمىگەندەك قىلىدۇ. پەمىمچە، ئۇ جىن دەۋرىدىكى ئاددىي - ساددا كىيىنىشنى گۈزەللىك دەپ قاراپ، تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى خۇشاللىقلارنىلا سىزغان ئوخشايدۇ. جىكاڭنىڭ ئالتە نەپەر بۇرادەرلىرىدىن بەزىلىرى ناخشا توۋلاۋاتقان، بەزىلىرى مەي ئىچىۋاتقان، بەزىلىرى خەت يېزىۋاتقان، بەزىلىرى ساز چېلىۋاتقان، ئاسمانغا تىكىلگەن پېتى بورىدا ئولتۇرغان. ئۆزلىرىچە خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك. ۋاي - ۋۇي! بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ، نەغمە - ناۋاغا غەرق بولۇشتىن باشقا، ئۇلارغا نېمە بار!

تەكەببۇر پەيلىدىن شۇيى جانابقا يەتتى ئۆچمەنلىك،
نەزەرگە ئالمىغان سىزۇڭ ئاۋام - پۇقرا سالامىنى.
شارابقا ياق دېيىش ئەلگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماق،
گويا لىيۇلىڭ كىشىگە تىنمىغاندەك ئۆز خىيالىنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە ئۆلىمانىڭ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى يەنىلا ھەقدادىغا يەتكۈزەلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش غەرىزى بارلىقى، ھەتتا ئىشىك - دېرىزىلىرىنى چىڭ تاقاپ، ئۆزىنى پاك ساقلىماقچى بولغان لىيۇلىڭغىمۇ يەتمەيدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا يۇەن دەۋرىدىكى رېئال كۆرەشلەر ئەكس ئېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# شېڭ شىمىڭ

شېڭ شىمىڭ، كۇسەنلىك ئۇيغۇر. ئۇ ئىستېدادلىق ئادەم بولۇپ، ئالتە خانلىقنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن. رەسىم سىزىشقا ماھىر، خەتتاتلىقتا كامىل بولغاچقا، ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە تارىخچى بولۇپ ئىشلىگەن. جىجېڭنىڭ جياشىن (1344) يىلى- رى «ھۆسنخەت مۇتالىئەسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ پادىشاھقا تەقدىم قىلغان. شېڭ شىمىڭ بۇددا نوملىرىنى دېكلاماتسىيە قى- لىشقا ئۇستا، سانسكرىت تىلىنى پىششىق بىلگەچكە «بۇتراجا تېغىنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابنى يازغان.

## بۇتراجا تېغىغا زىيارەت

مەن بۇ مەشرىق سۆيگۈسىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم بۇ دەم،
ئۆي تۇتاي دەپ ئاشۇ ۋەج ساڭجۇ تەرەپ قويدۇم قەدەم.
قارىسام زاھىت ساماۋى دەل ـ دەرەخ تىكمەككە بەند،
ھۆر ـ پەرىلەر سالنى ھەيدەپ كۆكتە ئۈزگەن دەممۇدەم.
مېيىفۇدىن قالغان تەۋەررۇك دورا رەڭگى قىپقىزىل،
ئەنچى يەتكۈزگەن چىلاننىڭ چوڭلۇقى تاۋۇزغا تەڭ.
مەن تۇرۇپ قالدىم ئىلاھنىڭ ئالدىدا سۈرمەي زۇۋان،
ئاق قېيىنلىق جىلغا قوينى باش باھاردىن رەڭمۇرەڭ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتور بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر تاغلارنى زىيارەت

قىلىپ، ھۆر - پەرىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى يازغان. شې-
ئىرنىڭ ئاكتىپ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى يوق. لېكىن، ئاپتورنىڭ
مۇشۇ شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ
شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بىيىلىشا

بىيىلىشا، بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى. شۇندى خاندىنىڭ يۈەنتۇڭ بىرىنچى يىلى (1333 - يىلى) تەشرىپدارلىقتا ئىشلىگەن، گۇاڭجۇدا داروغاچ بولغان. كېيىن جىئەن يولىغا يۆتكىلىپ ئايماق بېگىنىڭ ياردەمچىسى بولغان. ئىلىم تەھسىلىدە قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىدە تۆھپە ياراتقان. تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبىدا كۆپلەپ شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن يوقىلىپ كەتكەن. «تيەنتەيشەن تەزكىرىسى» گە شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

## شىخۇ كۆلى. جۇجىسى

ئېرەن دەرەخ چوققىسىدا سوغۇق ئاي نۇرى،
پوچتا يولىنىڭ ئىككى يېقى بامبۇك بىھېساب.
ئۆي ئىگىسى ياخشى كۆرگەچ يۇمران نوتىنى،
قېقىنۇسقا كۆي كۇيلەيدۇ پۇۋلىگۇچ ياساپ.

ئىزاھ:
بۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى داڭلىق شائىر ياڭ ۋېيجېن (1296 — 1370) يازغان ئوخشاش تېمىدىكى شېئىرغا يېزىلغان مۇشائىرە. ئىسمى - جىسمىغا لايىق ياخشى يېزىلغان شېئىر. ياڭ ۋېيجېن شۇ چاغدىكى شائىرلارنىڭ ئالدى بولۇپ، بامبۇك قومۇشنى كۇيلەيدىغان بۇ خىل شېئىرنى كۆپ يازغان. ئۇنىڭغا مۇشائىرە يازغانلارمۇ كۆپ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# جاڭ جىشا

جاڭ جىشا ( 掌机沙 ) ، ئۇيغۇر ، ئارۋىن قەبىلىسىدىن. شىغاۋۇل پىرقىسىدىكى ھەسەن تۆرىنىڭ نەۋرىسى. شېئىر يې-زىشنى سەيدۇللادىن ئۆگەنگەن. جۇشقۇن، جانلىق شېئىرلارنى يازغان.

## شىخۇ كۆلى. جۇجىسى

ئىككى ياقتا ئىككى تاغ ئۈستى باھار رەڭ ھەر كۈنى،
كۆل ئىچىدىن ئاڭلىنۇر قولقۇاقا ماس كۈينىڭ ئۈنى.
گەر ئۆتەر بولسا پالاقنى ئوينىتىپ ساھىبجامال،
تامچە يامغۇردا سوغۇق، ئۆرلەيدۇ كۆلنىڭ دولقۇنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىرمۇ بىيىلشا يازغان شېئىرغا ئوخشاش يۈەن سۇلا-لىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياشىغان ياڭ ۋېيجېن (1296 — 1370) يازغان «شىخۇ كۆلى. جۇجىسى» غا تەقلىد قىلىنغان. شېئىر ناھايىتى راۋان، ئوبرازلىق ۋە جۇشقۇن كەيپىياتتا يېزىلغان.

# جاڭ جىشا

جاڭ جىشا ( 仉机沙 ) ، ئۇيغۇر. «يۈەن دەۋردىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا ئۇنى جاڭ جىشا (掌机沙) بىلەن بىر ئادەممىكىن دېگەن گۇمان بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمىدىكى خەنزۇچە بىرىنچى خەت ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار ئىككى ئادەم. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا جاڭ جىشانىڭ ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ ھەر ئىككىسى شائىرنىڭ دوستى شۈي لياڭفۇغا بېغىشلانغان.

## شۈي لياڭفۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا

قولىدا ئوتىغۇچ ھەم نوم ئېتىزغا كۈندۈزى ھەمدەم،
كېچە قولۋاق بىلەن سازلىق ئارا تۇتماق بېلىق بىر غەم.
گۈرۈچ تاپقاندا قالمايدۇ ئېغىز تەگمەي قولۇم ـ قوشنا،
بېلىق بولسا قەدىناس دوستىنى تەكلىپ قىلۇر شۇ دەم.
چېتى يوق تۈز، سۈيى ئەلۋەك، زىرائەت ئوخشىغان بىر جاي،
سارايىنىڭ چۆرىسى بامبۇك، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ھاۋاسى نەم.
سالام ـ سەھەتتە شۈي مۆمىن يېتەلمەس ھېچپېرى يوقتۇر،
بولالايدۇ قەلەمنىڭ بابىدا شاگىرۇ بىلەن دەرقەم.

ئىزاھ:

دوستىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا، ئاپتور شۈي لياڭفۇنىڭ نام ـ شۆھرەتكە بېرىلمەيدىغان، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالىدىغان، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، شۇنداقلا يارۇ بۇرادەرلىرىنى ئەسلەپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولىدىغان پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن.

# نەي شيەن

نەي شيەن، ئۇيغۇر، قارلۇق قەبىلىسىدىن. 1310 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1368 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتا - بوۋىلىرى ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ياشىغان. ئۆزى چۆچەكتە چوڭ بولغان. يۈەن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن نەنياڭ (بۇگۇنكى خېنەننىڭ نەنياڭ شەھىرى) گە كۆچۈپ كەلگەن. شۇڭا نەي شيەن بەزىدە ئۆزىنى نەنياڭلىق دەپمۇ ئاتىغان. كېيىنچە ئىنىسى تاھا جۇڭلياڭ بىلەن بىللە جېجياڭنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يۈجىن (بۇگۇنكى جېجياڭنىڭ نىڭبو شەھىرى) دە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نەي شيەن جاھاننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەل تۇتۇش يولى ئوڭايغا چۈشمىگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىلا دۇڭخۇدىكى خەتتاتلار مەھكىمىسىدە قورۇقچى بولغان، دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا پۈتۈكچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان.

نەي شيەن شېئىرلىرى بىلەن داڭلىق. بىر پارچە شېئىر يازغان هامان، شۇ چاغدىكى ئەدىبلەر تالىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشكەن. مۇشۇلارغا كۆرە شۇ چاغدىكى خەتتات خەن يۈيۈ، قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئالىمى ۋاڭ زىچۇڭ بىلەن بىرلىكتە «جياڭنەندىكى ئۈچ ئۆلىما» دەپ ئاتالغان. نەي شيەن ياشىغان دەۋر دەل يۈەن سۇلالىسى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەن، دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىش جەريانىدا جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى، ئوردىدىكى رەزىل-

لىكنى، ئەمەلدارلىق مەيداندىكى چىرىكلىكنى، خەلق ئىچىدىكى
نارازىلىقنى ئېنىق ھېس قىلغان. شۇڭا، ئۆز شېئىرلىرىدا شۇ
چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھۆكۈمىران
سىنىپلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ
قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. «ئۈچ چوققى-
لىق تاغ ناخشىسى»، «شىنشياڭلىق موماي»، «يېڭى دامبا
قوشىقى»، «تۈزچى ئايال» قاتارلىق شېئىرلار بىزنىڭ يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى چۈشىنىشىمىزدە زور رې-
ئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەلۋەتتە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمى-
گەنلىك تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشنى سېغىنىش، تەبىئەتنى مەدھى-
يىلەش تېمىسىدىكى بەزى شېئىرلىرىدا قىسمەن چۈشكۈن كەيپى-
يات ۋە رېئاللىقتىن چەتنەشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنى
توغرا چۈشىنىش كېرەك.
نەي شيەن يۈەن سۇلالىسىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئا-
تاقلىق ئەدىب ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يازغان «جىننەي توپلىمى»
كەڭ ـ كۆلەمدە تارقالغان. گۇسىلى تۈزگەن «يۈەن دەۋرىدىكى
شېئىرلاردىن تاللانما»غا ئۇنىڭ 158 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈل-
گەن. ئاۋياڭ يۈەنگۇڭ «جىننەي توپلىمى»غا يازغان كىرىش
سۆزدە نەي شيەننىڭ شېئىرىنى «يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولغان
سۆزلۈك، مەردانە» شېئىرلار دەپ تەرىپلىگەن. گۇڭ شىتەي
ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «جەزبىدارلىققا ئىگە، رەڭدار» شېئىرلار
ئىدى دەپ ماختىغان ھەم ئۇنىڭ بەش خەتلىك شېئىرلىرىنى «شې
جاۋ، ليۇ خۇي، جياڭيەنلەرنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشايدۇ»، يەتتە
خەتلىك شېئىرلىرىنى «جاڭ جى، ۋاڭ جيەن، ليۇ يۈشىلەرنىڭ-
كىگە يېقىنلىشىدۇ»، «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىدىكى شېئىرلار
تېپىغا كىرىدىغان شېئىرلىرى تېخىمۇ گۈزەل، ئۇلاردىن شې
كاڭيۇ، باۋ مىڭيۈەنلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دەپ

يازغان. ئومۇمەن ئالغاندا، نەي شيەننىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ تېما ۋە ئىدىيە جەھەتتە دۇفۇنىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلد-
غانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى شېئىرلىرىدا خەلق قوشاقلىد-
رىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار.

نەي شيەن «خېشۇدىكى قەدىمىي جايلارغا زىيارەت» ناملىق ئالتە جىلد ئەسەر يازغان بولسىمۇ، ئەسلىي ئەسەر يوقىلىپ كەتكەن. «يۈئلې قامۇسى» غا چاغشەن ئايمىقى، ۋېيجۈن ئايمد-
قى، خېنەن ئايمىقىغا ئائىت ئۈچ جىلد ئەسەر كىرگۈزۈلگەن.

## ئۈچ چوققىلىق تاغ ناخشىسى

## — كىرىش سۆز

جۈنجۈ ئايمىقىنىڭ ياڭدى دېگەن يېرىدە سەنفېڭشەن (ئۈچ چوققىلىق تاغ) دەيدىغان بىر تاغ بار. تولى خان تېخى تەختكە ئولتۇرمىغان چاغدا لەشكەر باشلاپ جورجىتلارنىڭ ئۈستىگە ئات-
لانغان ۋە ئۇلارنىڭ سانغۇنلىرىدىن ۋەنيەن خادا، يىلاپۇۋۇ، ۋەن-
يەن شېلىيېلار بىلەن مۇشۇ تاغنىڭ قاپتىلىدا قەھرلىك جەڭ قىلىپ، 300 مىڭ لەشكىرىنى مەغلۇپ قىلغان. مۇشۇ تۈپەيلى جورجىت خانلىقىمۇ ھالاك بولغان ئىدى. يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تېرىقچىلارغا، پادىچىلارغا مۇشۇ ئەتراپتىن سۆڭەك نەيزە، تاشلىنىپ قالغان ئوق، مۆھۈر - تامغا قاتارلىق نەرسىلەر دائىم ئۇچراپ تۇردى. جىجيېڭنىڭ 5 - يىلى جياپىڭنىڭ 2 - كۈنى جياچىڭدىن ئاستانىغا كېتىپ بېرىپ ياڭدىدىن ئۆتتۈم. كەچ بولۇپ كېتىپ ھۆدەيچى گو جۈنيەننىڭ سارىيىدا قونۇشقا توغرا كەلدى. ياشانغانلارنىڭ گەپ - سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ شېئىرنى يازدىم.



www.uyghurkitap.com

كۈن پاتار چاغدا شەپەق نۇرسىز، بۇلۇتلار ئەگدى باش،
ھاڭدىكى بولجا دەرەخ كەتكەن جىراغا ئۆلىنىپ.
ئۈچ چوققا تاغنىڭ بېشىدا نەرە تارتقان ئۆزگىچە،
تۆت تەرەپ سالسام نەزەر قالغان بورانلار شۈمشىيىپ.
ئۈچىردى ئۆستەڭ بويىدا ماڭا بىر دۈمچەك بوۋاي،
قىلدى شەرەت: ئاتنى توختات، ئاڭلىغىن گەپ ئولتۇرۇپ.
دەل بۇ دەم ئالدىڭدىكى كۆپكۆك بولۇپ تۇرغان ئېتىز —
ئۈستى جەڭگاھ، بىر زامان ئۆتكەن قەھرلىك جەڭ بولۇپ.
تېخى جورجىت خان قۇرۇلغان سوڭغى جېنىۋ يىللىرى،
ئەل پاراكەندە تىنىمسىز چاڭ - توزانلار قوزغىلىپ.
دەسلىپى يەنجىڭ كېتىپ قولدىن بېيەنجىڭ كەتتى ھەم،
قوغدىماق خاندا نىيەت يۇرتنى بۇ يەردە چىڭ تۇرۇپ.
ئەمما، يۈەن شاھزادىسىدا بولدى قۇدرەت ھەمدە پەم،
نەچچە مىڭ چاقىرىمغا ئات سالدى قۇيۇندەك باستۇرۇپ.
ۋادەرىخ، قارلىقتا ئۈچ سەركەردە جان ئۈزدى، نېتەي،
ئاقتى قان دەريا كەبى، قالدى سۆڭەكلەر دۆڭ بولۇپ.
ئۈچقىنىدەك كۆكتە ئەنقا ھەم سۇزۇلگەندەك ئېقىن،
تەلىيى كەلدى يۈەننىڭ قالدى ئالەم ئوڭشىلىپ.
ئۆز ئېلىدىن ئايرىلىپ كەتكەن مۇساپىر بەندىلەر،
ياندى يۇرتقا تاپتى تىنچلىق، كۈلدى خۇش كۈي توۋلىشىپ.
گاھى - گاھ ئاڭلايمەن كەچ سوغدا قىرومۇ تىترىگەن،
كېتىدۇ جىمجىت كېچە ئەرۋاھ ئاۋازىغا تولۇپ.
بەزىدە قىرنىڭ بېشىدا مال بېقىپ يۈرگەن يىگىت،
قالىدۇ چاتقال ئىچىدىن پارچە ئوقنى ئۈچرىتىپ.
تۆھپىكار دەپ خوچۇيىڭ بىرلە ۋېيجىڭنى دېگۈلۈك،
نام - ئاتاق تاپقان، قولدا تامغا بار يارلىق تۇتۇپ.
ۋە لېكىن ئۆلگەن بۇ يەردە قانچە - قانچە قەھرىمان،
ئەمدى كىم ئەسلەر ئۇلارنى قەبرىلەرگە مەي تۆكۈپ.

ئىزاھ:

مىلادىيە 1232 - يىلى موڭغۇل قوشۇنى جىن خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى تۇرۇشلۇق مۇھىم ئۆتكەل تۇڭگۇەننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ تاڭخې ناھىيىسى) بىلەن دېڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ دېڭشيەن ناھىيىسى) نىڭ شىمالىدىن بيەنجىڭ (بۈگۈنكى كەيفېڭ) گە قاراپ ئاتلاندى. جىن سانغۇنلىرىدىن ۋەنيەن خادا 150 مىڭ ئاتلىقنى باشلاپ ياردەمگە ماڭدى. موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى تولى چارچىتىپ كاردىن چىقىرىش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، جىن قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتسە جەڭ قىلمايلا چېكىنىپ، جىن قوشۇنلىرى توختىسا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمىدى. ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىن قار يېغىپ كەتكەن بولغاچقا، جىن قوشۇنلىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، ھەتتا نەيزە - قىلىچلارنى كۆتۈرۈشمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇلار نائىلاج ھالدا جۇنجۇ ئايمىقىنىڭ سەنفېڭشەن تاغلىرىغا چېكىندى. موڭغۇل قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. جىن قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. بۇ دەل تارىختىكى مەشھۇر سەنفېڭشەن جېڭى ئىدى. شېئىر شۇندى خاننىڭ جىجېڭ 5 - يىلى (1345 - يىلى) قىشتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بوۋاينىڭ ئاغزى ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەلىبىسى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى تەسۋىرلەنگەن ۋە «بىر سانغۇننىڭ غەلىبىسى ئون مىڭلاپ جەسەتنىڭ بەدىلىگە كېلىدۇ» دېگەن پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۆت مىسرادا شېئىرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى يىغىنچاقلانغان.

## باھار پەسلى ۋاڭ يۈەنجاڭغا مۇشائىرە

تۆگە قوشقان مەپە، زەردىن ھاۋا رەڭلىك سايىۋەن،
نىلۇپەر گۈللۈك تۆشەكتە ئولتۇرار بىر جۈپ لىۋەن.

خان يولىدا توختىدى يامغۇر، بېسىقتى چاڭ ـ توزان،
قاپلىدى سەلكىن باھار قەلئەسىنى توزغاق بىلەن.
شام يېقىپ كەچتىن سەھەرگە مەي ئىچىشتۇق توختىماي،
قوشنا تامدىن ئاڭلىنۇر ناخشا ئاۋازى دەمبۇدەم.
بىر مۇساپىر بۇ دەقىق، كۆڭلى بۇلاقتىنمۇ سۈزۈك،
ئويغىنىپ جياڭنەندە چۈشتىن كىيدى جەندە ئۇستى نەم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا باھار پەسلىدىكى مەنزىرە، ئىللىق قۇياش نۇرى، سەيلە ـ ساياھەت قىلغۇاتقانلارنىڭ خۇشاللىقى يېزىلغان. بۇ چىرايلىق كۈنلەر ۋە قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئىچىدە ئاپتور ئۆز ئۈلپەتلىرى بىلەن شام يورۇقىدا مەي ئىچىدۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئالەمدىن پاك كېتىشنى ئويلايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ سىياسىي سەينادا مەيۇسلەنگەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

جۇ جىسى

## ئايدىڭكۆلدىكى سىمىڭ تېغىدا يۇجىجى سىزغان رەسىمگە بېغىشلىما

1

ماي ئېيى، لوتۇس قىزىل، كۆلنىڭ يۈزىنى قاپلىغان،
يۇمىلاق ياپراقلىرىنى يۆلىۋاپتۇ كۆك بولۇت.
بىر گۈزەل قىرغاقتا ئۆرە سۇغا قارماق تاشلىغان،
قايتتى ئۆيگە ئاق بېلىقنى تال شېخىغا ئۆتكۈزۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2

كاتتا كۆۋرۈكنىڭ يېنى، مېيخۇا ئېچىلغان ھۇپپىدە،
كېمىنى باغلاپ قويۇشقا كەلدى بىر چال ئالدىراپ.
قار ياغارمۇ ئەتە تاڭ ماڭغاندا تۇتماققا بىلىق،
يۇممىدى كۆز بىر كېچە غەم بىرلە ئاسمانغا قاراپ.

ئىزاھ:

نەي شيەننىڭ بۇ شېئىرى تۆت پارچە، بۇ يەردە بىرىنچىسى بىلەن تۆتىنچىسى ئېلىنغان. شېئىردا كەيپىيات ئىنتايىن راۋان، ئوبراز شۇنچىكى يارقىن ۋە جانلىق، تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق ئىپادىلەنگەن. ئوقۇغان ئادەمنى تەسىرلەندۈرگىدەك جەزبىدارلىققا ئىگە.

## كۈز پەسلى شۈي جۈخيۇنى ئەسلەپ

قاتمۇقات تاغ، ياپيېشىل ئورماندا يامغۇرنىڭ نىمى،
ئېگىپ قەددىم جىنىم يوق باقمەن مەغرىب تامان.
ئوي - خىيالىم شەرقىي كەنتلىك شۇ بوۋايدەك كۈن كۆرۈش،
باغلىسام كەچتە ئۆكۈزلەرنى كۆتەككە نە ئارام.

ئىزاھ:

ئاپتور دوستىنى ئەسلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭمۇ دەرۋىشلىك يولىنى تۇتقان دوستىدەك چىمەنزارلاردا خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش خىيالى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## ھىلال ئاي

غەم نىمە، كۈلپەت نىمە بىلمەيدۇ جياڭنەنلىك بالا،
ئاينى كۆرسە ئۇ كۈمۈش ئىلمەكمۇ دەيدۇ ھەر زامان.

چوڭ ـ كىچىك تۇغقانلىرىم ئايغا قاراپ ئۇندىنمۇ خۇش،
مېنى چىق دەپ ئۆگزىگە تولۇلايتتى كۆزنەكتىن تامام.
بولدى ئۇچ يىل قوزغىلالماي تۇرغىلى ئاستانىدا،
قاترىدىم باقماق ئۇچۇن جان چاڭ ـ توزاندا ھەر تامان.
ھەر قېتىم كۆرسەم بۇ ئاينى ھەر قېتىم كۆڭلۇمدە دەرد،
يۇرتقا قايتماق ئوي ـ خىيال كەتتى ئېقىپ سۇدەك راۋان.
بىلمىگەنتىم ئۆز ئۆيۈمدە يا گادايمۇ، بايمۇ مەن،
نەگە بارسام قان ـ قېرىنداش بىرلە يۈرگەن تىنچ ـ ئامان.
كىم چۈشەنگەي باش ئېلىپ يۈرگەندە ياتلار يۇرتىدا،
بىرگىنە ئاشۇ ھىلال ئاي بولدى سىرداش دوست ھامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاپتور ئىنتايىن ئاددىي تىل بىلەن ئايغا قاراپ ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى، باشقا يۇرتلاردا يۈرگەن چاغلىرىدىكى غېرىبلىقنى ئىپادىلىگەن.

## شۇي يۈيىنى جەنۇبقا ئۇزىتىش

توختىدىم خۇاگەي تەرەپكە كۆز تىكىپ،
ئۆيىڭىز بوستان ئېدىرنىڭ شەرقىدە.
دەل ـ دەرەخلەر چۈمكىۋاپتۇ كۆلىنى،
گۈل تۆكۈلگەن چاغ يېغىننىڭ زەربىدە.
پەردىدىن شۇڭغۇيدۇ خۇشبۇي ئاق تۇمان،
شام نۇرى ئوينار كىتابنىڭ ھەرپىدە.
قونۇۋاپتۇ تال شېخىغا ئاي ھىلال،
قالدۇرۇپ مېھماننى سازنىڭ كەيپىدە.

ئىزاھ:
ئاپتورنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە بارغان بولۇشى ناتايىن. لې-كىن، ئۇ دوستىنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى شۇنچىكى گۈزەل قىلىپ

تەسۋىرلىگەن. مىسرالار شۇنچىكى راۋان، ئوقۇرمەننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

## دۇەن جىيۇنىڭ باھار چاغى جياڭنەننى ئەسلىگىنىگە بېغىشلىما

گۈل تۈۋدە ئاي تولۇشنى ساقلىدۇق ئىچكەچ شاراب،
تامچىسىدىن ھۆل بولۇپ كۆڭلەك، دېغى كەتتى تاراپ.
يۇرسە بىر يىل كۆل بويىدا چۈش كەبى ئۆتكەي باھار،
كۆرۈنۇر جياڭنەندە سۇ كۆكىنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ.
قوغلىساق شۇملۇقنى ھەرئان ۋاڭ يىشياۋ ئەسكە چۈشەر،
تۇرغىنىدەك كۈيچى لى گۈيىنەن كۇلۇپ بىزگە قاراپ.
تاللىساق بولمامدۇ ۋۇشەن باغرىدىن تۇتماققا ئۆي،
نە ئەجەب قولۋاق ئۇچۇن كۆۋرۈك يېنى قالسا ياراپ.

ئىزاھ:

بۇ باھار كۈنلىرى شىخۇ كۆلىدە ساياھەت قىلغان چاغلارنى ئەسلەپ يېزىلغان شېئىر. ئۇنىڭدا ئاپتور شىخۇ كۆلىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ كۆلگە بولغان مۇھەببىتىنى سەمىمىي ۋە تەسىرلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

## كۆيۇمچان راھىبنى شۆدوۋ تېغىغا ئۇزاتقاندا ئەمىرلەشكەر ئولجايتۇغا مەرسىيە

**1**

قىلدى جېجياڭ شەرقىنى ئالۋاستى ياپون خار ئەجەب،
ئاڭلىبان ئۇشبۇ خەۋەر سانغۇن چىرايى دەر غەزەپ.



www.uyghurkitap.com

سەپ تۈزۈپ ساھىلدا كۆكنى ئىس - تۈتەكلەر قاپلىدى،
كەچكى جەڭنىڭ شىددىتى قىلدى دېڭىزغا قان بېزەك.
نەي ئۈنىگە ناخشا جور، ئاينى چۈشۈرگەي مۈڭلىرى،
باش سۆڭەكتىن جام ياساپ سەلكىندە ئىچمەك شۇ سەۋەب.
گەر بۈدەم نەنشەندىكى بامبۇكنى قويماستىن كېسىپ
يازسا ئەشئار ياۋنى قىرغان تۆھپىگە يەتمەس پەقەت.

2

ئۈپۈق شەرقىي جەنۇبتىن بەك يىراق، ئالدىدا كەڭ ئوكيان،
بولۇپتۇ ئوغرىلار بۇندا دېڭىز تىنچىتقۇچى سۇلتان.
قىلىچ ئاسقان بېلىگە جىسمىدە قاننىڭ ھىدى بۇ دەم،
تەكەببۇرلۇق كۆزىدە، بېشىنى ياغلىق بىلەن تاڭغان.
ئۆزى يالغۇز كېمە بىرلە ھۇجۇمنى باشلىدى سانغۇن،
ياۋۇزلار بارگاھى توپ ئوقىدا تەلتۆكۈس ۋەيران.
ئەبەدىي نۇرلىنىپ دولقۇن ئىچىدە تۇرىدۇ بىر تاش،
شەپەق مەزگىل كىمىكى يېنىدىن ئۆتسە يېشى تامغان.

ئىزاھ:

بۇ ئەسلىي تۆت پارچە شېئىر. بۇ يەردە ئىككىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى تاللانغان. يۈەن سۇلالىسىدىكى داڭلىق سانغۇن ئولجايتۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى توغرىسىدا «يۈەن تارىخى. ئولجايتۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بۇ ئىككى شېئىردا ئولجايتۇنىڭ ياپون دېڭىز قاراقچىلىرىغا قارشى باتۇرانە جەڭ قىلغانلىقى يېزىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ئىپادىلەنگەن. شېئىر كۆتۈرەڭگۈ، مەردانە، جۇشقۇن ۋە پاكىز تىل بىلەن ئاپتورنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى بايان قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شىنشىياڭلىق موماي

چىچى پاخماق، يالاڭ ئاياغ شىنشىياڭلىق موماي،
كەنت ئىچىدە ياشانغان ئۇ، چاپىنى قوراق.
كۈندۈزلىرى ئۈماچ ئىچىپ ئېتىزغا چاپسا،
تاڭ ئاتقۇچە يىپ ئىگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق.
بۆزنى سېتىپ چىرىك ھەققى غەملەيدۇ بەزەن،
موپاڭ چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم.
كەلسە ئامبال چاپارمەنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن،
بېرىش كېرەك، بېرەلمىسە قامچا يەيدۇ تەن.
بولدى ئۈچ ئاي ئىككى ئوغۇل قايتمىغانغىمۇ،
ئاچ قورساقمۇ، توڭلىغانمۇ، ھەر كۈنى شۇ غەم.
تۇنجى ئوغۇل ساراي ئىچرە ياغاچ توشۇيدۇ،
ئىككىنچىسى دەريا بويى قاش قاشلاش بىلەن.
ھۇشقىتىدۇ سوغۇق شامال، نۇرسىز جىنچىراغ،
قەرز سۈيلەر بەگ - غوجاملار ئىشىكنى قېقىپ.
كۆپ ئىچىدە بىر تال دان يوق، ياندا بىر يارماق،
ئاران - ئاران كۈن ئۆتكۈزەر نەۋرىنى بېقىپ.
نەۋرىسىنى ساتماقچى ئۇ ئەتە بازاردا،
زاڭلىق ئىتەر بەلكى خەلقلەر باھا تالاشسا.
ئانا - بالا جۇدالاشسا ھېچبىر گەپ ئەمەس،
مەيلى ئىدى قەرزگە لايىق ئازراق پۇل تاپسا.
يەنە ئۈچ كۈن ئۆتكەن چاغدا كېلەر يېڭى يىل،
قېيىنانىنىڭ قەبرىسىگە نېمە كۆيدۈرەر؟
ياش تۆكمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر ئۇنىڭغا،
بەلكى ھەسرەت، ئاچچىق ئۇنى ئاسمانغا يېتەر.
كورپىيىلىك ئايال بولۇپ قالغان بولسا ئۇ،

ساندۇقىغا ئالتۇن - كۈمۈش تولار ئىدى لىق.
ئۆتەر ئىدى كېچىلىرى ناخشا - ئۇسسۇلدا،
قاشتېشىدىن قەدەھ تۇتۇپ، ئىسسىق مەي ئىچىپ.
قولدا ئالتۇن بىلەزۈكلەر، باشتا زەر - ئۈنچە،
قوش ئۆردەكلەر كەشتىلەنگەن يېشىل تاۋارغا.
خىزمەتكارلار كېلىپ ئاستا قايرىسا پەردە،
چىقار ئىدى كۆجىداننىڭ ئىسى ھاۋاغا.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جاپا - مۇشەققەت بىلەن ياشايدىغان بىر موماي-نىڭ ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، شۇنداقلا بۇ مومايىنى كورىيىدىن ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن توقال خانىشلارنىڭ ھاياتى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىق پاش قىلىنغان ۋە يۈەن سۇلالى-سىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەشلەر ئېچىپ بېرىلگەن. شېئىر ئاددىي تىل بىلەن، چۈشىنەرلىك قىلىپ يېزىلغان، زىيادە كۆپتۈرۈلگەن ياكى قۇراشتۇرۇلغان جايلار يوق. ئەسلىي شېئىرنىڭ ئاخىرىغا نەي شيەننىڭ ئىنىسى تاھا جۇڭلياڭ بىلەن قۇرداش بولغان گەي يۈنفۇنىڭ سۆزلىرى قوشۇمـ-چە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نەي شيەننىڭ بۇ شېئىردىكى ماھا-رىتى بەي جۈيىدىن ئېشىپ كەتكەن دەپ يېزىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ شەخسنىڭ كۆزقارىشى. لېكىن، بۇنىڭدىن نەي شيەننىڭ مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## «نەشپۈتلۈك باغدىكى ئاقباش قۇش رەسمى» گە بېغىشلىما

ئاي نۇرى بەك سۇس يېنىپتۇ قوش قەۋەت ئۆيگە قاراپ،
شاختىكى قار پەردىگە لەۋ تەگكۈزەر ئەتىر پۇراپ.

www.uyghurkitap.com

ئەتىياز تېز كەتتى دەپ تاغ قۇشلىرى بەلكىم خاپا،
شۇ سەۋەب گۈللۈكتە قاپتۇ بېشى ئاق قۇش پەي تاراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاقباش قۇشنىڭ باھار بەك بالدۇر قايتىپ كەتتى دەپ تولا ئاغرىنىپ بېشى ئاقىرىپ كەتكەنلىكى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن.

## رۇخې دەرياسى

يۈەن قوشۇنلىرى سۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەيجۇ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. قەلئە يىمىرىلدى. جورجىتلارنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ۋەنيەن جۇڭدې ئالتە يۈز ئادىمى بىلەن قورشاۋ-نى بۆسۈپ چىقتى. رۇخې دەرياسى بويىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈ-شۈپ كەينىگە قارىدى ۋە كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس - تۈتەكنى كۆردى. جۇڭدې قول ئاستىدىكىلەرگە: «دۆلەت مۇنقەرز بولدى. پېقىر خان جەمەتىدىن چىققان ۋەزىر بولغاندىكىن، مېنىڭمۇ ئۆ-لۈشۈم كېرەك. ھەرقايسىڭلار بالدۇرراق تەسلىم بولۇڭلار» دې-دى. لەشكەرلەر چۇرقىرىشىپ كەتتى: «جانابىڭىز ئۆلگەن يەر-دە، بىزنىڭ ئۆلمەيدىغانغا نېمە ھەددىمىز؟» ئالتە يۈز ئادەم مەردانە ھالدا ئۆزلىرىنى رۇخې دەرياسىغا تاشلاپ، سۇغا غەرق بولدى.

پەسلى كۈز دەريادىن ئۆتتۈم ئات بىلەن،
مەردۇ مەيدان جەڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى دەمبۇدەم.
پارچىلانغان نەيزە قۇمنىڭ قوينىدىن ئالغان ئورۇن،
قان ھىدىدىن خانىۋەيران بارگاھ باشىدا غەم.
تا ئەزەل ئەلگە ساداقەت بىلدۈرۈش ئىنسانغا يار،
يا ئۆلۈم، ياكى كۆرۈم دەيمىز يۈرەكتە يوق ئەلەم.

ئۆتسمۇ مىڭ يىل، لېكىن دۇڭ خۇ گېپى ئۆرنەك ھامان،
يۈز كېلەلمەسلىك نومۇس تيەن فېڭ كەبى مەردلەرگە ھەم.

ئىزاھ:

دۇڭ خۇ ئەمىنىيە يىللىرىدىكى سالنامىچى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ راست گەپ قىلغان ئادەم. تيەن فېڭ چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن. لىۇ باڭ غەلىبە قازانغان چاغدا، ئاسىيلىق قىلىشنى خالىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئاپتور بۇ شېئىردا جورجىت خانلىقىنىڭ سانغۇنى ۋەنيەن جۇڭدېنىڭ ساداقىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭ «ئۇچ چوققىلىق تاغ ناخشىسى» دا موڭغۇللارنىڭ جورجىتلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، بۇ شېئىردا جورجىت سەركەردىلىرىنى مەدھىيىلىشى نەي شيەنىنىڭ ئادەم ۋە ۋەقەلەرگە تارىخىي يوسۇندا ئادىل باھا بېرەلەيدىغانلىقىنى، يىراقنى كۆرەلەيدىغان جۈرئەتلىك ۋە بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. نەي شيەنىنىڭ بۇ خىل روھىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

## ئاستانىدىن يولغا چىقىش

بار ئىدى نەنياڭدا مەنسەپ تۇتمىغان بىر ياش كىشى،
چىقتى يولغا، مەقسىتى خان يۇرتىنى كۆرمەك بېرىپ.
ئۇ ئاشۇنداق خۇشى تۇتسا ناخشا توۋلاپ كەچكىچە،
بېشىغا كۈن چۈشسە يۈرگەندىن ئىدى قايناپ ـ تېشىپ.
گۈل ـ گىياھلار ئۈستىدە ئاپئاق قىرو، ئەتراپ سوغۇق،
يىل تۈگەپ، كىيگەنلىرى بەكمۇ يېلىڭ قالغان چېنىپ.
دوستلىرىنىڭ كۆڭلىگە بىلدۈردى رەھمەت بىرمۇبىر،
چۈشتى يولغا ھارۋا ھەيدەپ چېگرا سىپىلدىن چىقىپ.
زوڭزىيىپتۇ ئاق بۇلۇتلار سەددىچىنىنىڭ ئاستىغا،
دەل ـ دەرەخ، ياپراق ياتار ئۆتەڭ يولىدا سارغىيىپ.

تۆرنىلارغا ئەڭ ئېگىز جايدا تۇرۇپ سالساڭ نەزەر،
كۆرىسەن جەنۇب تەرەپكە ئۇچقىنىنى يول ئېلىپ.
شۇ دەقىق مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالىغا قالدىم قاراپ،
قايغۇ ئىچرە ئۆرتىنەرمەن يۈرىكىمدە ئوت يېنىپ.
چامدىسام دەريا تامان ئالدىمدا ساڭگەن قىرغىقى،
سۇدا سايەم، بىلمىدىم ماڭماقنى نەگە يول تېپىپ.

ئىزاھ:

بۇ «ئاستانىگە سەپەر» تۈركۈمىدىكى شېئىرلارنىڭ بىرىنچىسى. «ئاستانىگە سەپەر»نى شائىر جىجېڭنىڭ 9 ـ يىلى (1349 ـ يىلى) چوڭ ئاستانە خانبالىق (بېيجىڭ) دىن يۇقىرى ئاستانە (بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇل جىڭلەنچى خوشۇنىدىغا قاراشلىق شەندىيەنخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى) گە ماڭغان چاغدا يازغان. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەقسىتى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خان يولىدىن ماڭغان. چوڭ ئاستانىدىن چىقىپ چاڭپىڭ، جۈيۇڭگۈەن، يۈلىن (بۇگۈنكى گۈەنتىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ جەنۇبى)، لۇڭمېن (بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى لۇڭگۈەن)، چىچېڭ، جىن گې (چىچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)، دۇشى (بۇگۈنكى چىچېڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى دۇشى ئۆتكىلى)، نيۇچۇنتو (بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى گۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى)، نى لىن پەشتىقى (بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇل دولۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، يۇقىرى ئاستانىغا يېتىپ بارغان. يول بويىدىكى ھەرقايسى جايلارنى كۆرۈپ، ئوتتۇز نەچچە پارچە شېئىر يازغان. بۇ شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، لېكىن مىسرالاردىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى ئىككى جۈملىسىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، ئۇنىڭدىن شائىرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەھۋالىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس.

# مۇشكۇل سەپەر

يۈەن سۇلالىسى شۈندى خان جىجېڭنىڭ 9 - يىلى (1349 - يىلى) ياز پەسلىدە، ئوڭ قول ۋەزىر دورجى (چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ قابىل سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان مۇقالىنىڭ 6 - ئەۋلاد نەۋرىسى) خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلۇپ، لياۋ ياڭغا بەگ قىلىپ ئەۋەتىلدى. شۇ كۈنى سول قول ۋەزىر خې تەيپىڭ (قۇبلايخاننىڭ سانغۇنى خې رىنجېنىڭ نەۋرىسى) مۇ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى. شۇ سەۋەب بىلەن تۆۋەندىكى شېئىر-نى يازدىم.

يول دېمەك مۇشكۇل سەپەر، گويا ئادەمگە ئىمتىھان،
خۇددى ياپراق سارغىيىپ بولغان كەبى تال زەپىران.
بىر تەرەپ چاڭگەن تېغىنىڭ ئۈستىدە ئاپئاق لىباس،
ئۇ تەرەپ لۈڭمېن جىراسى، پەسلى كۈز، ئاچچىق بوران.
قورقۇنچلۇق ھەر ئېغىز يولۋاس توسۇپ ياتقان سۈپەت،
تىك قىيادىن يامىشىش ئاسمانغا چىقماقتىن يامان.
مەيە - ھارۋا نەچچە مىڭلاپ قوزغىلۇر ئاستانىدىن،
ئاتقا مىنگەشكەن. تۈمەن لەشكەر ئاقادۇر غەرب تامان.
گەرچە جيەنخۇادا شاراب ئىچسەك ھايالسىز كەچ بولۇر،
قايتىدۇ قۇش ئۆزى قونغان قوندىقىغا ھەر زامان.
ئىگسىز پەشتاقتا يامغۇر كۆپ يېغىپ ئوت - چۆپ ئۈنەر،
گۈل چېچەك سۇلغان قورۇ - جايدا ئادەم، ئاتلار ھامان.
ۋادەرىخ، ئالەم ئىشى كۆزگە بۇلۇتتەك ئوڭدا - دۇم،
ئۆسسە بىرسى خۇش بولۇپ، چۈشكەندە بىرسى قارغىغان.
كىم ئۇ لوياڭدا سۇچىنىنى قارشى ئالغان يەر ئۆپۈپ،
كەلسە خەن شىن يۇرتى خۇەيىيڭغا ئۇنى كىم خالىغان؟
يول دېمەك مۇشكۇل سەپەر، مۇشكۇل سەپەر ئىنسان يولى،

مەنپەئەت، مەنسەپ قارا چاچنى قىلۇر ئاق ھەرقاچان.
ياسىداق ئايۋان ـ سارايدا تۈنۈگۈن كەچ بەزمىلەر،
تاڭ سەھەردە تاجنى تارتىپ ھەيدىۋەتسە نە ئامال!
بۇندا جۇڭنەن تاغ بىلەن يانداش زىۋۇگۇ جىلغىسى،
ئۈستىدە ئارچا، يېنىدا ھۇجرا بار ئالساڭ ئارام.
يەڭ شىمايلاپ، ناخشا توۋلاپ چوققىلاردا ئولتۇرۇپ،
سال نەزەر مۇشكۇل بۇ يولدا كىم ئامان، كىم بىئامان!

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا دورجى بىلەن تەيپىڭنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلىغانلىقى يېزىلغان. لېكىن، ئاساسلىقى دورجى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مىسرالاردا ئارقىغا يانىدىغان يولنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى، ئەمەلدارلىق يولىنىڭ ئەگرى ـ توقاي بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاپتور ئەمەل تۇتماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئىككى ۋەزىرنىڭ مۇۋاپىق چاغدا ئالدىنئالا چېكىنىشكە جۈرئەت قىلمىغانلىقىدىن خورسىنغان. گەرچە جان بېقىش كويىدا ئەقىدىسىنى يوقىتىپ يۈرگەن ئەمەلدارلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆكمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ ئۇلارغا بولغان نەپرىتى جۈملىلەردە ئۆز ئورنىنى تاپقان.

## سىپىلنىڭ شىمالىدا يېزىلغان بەش شېئىر

كەچكى كۈز، قۇملۇق جەزىرە يەر يۈزى، ئوت ـ چۆپ شالاڭ،
قاما تەلپەك، جۇۋا كىيگەنلەر شىكاردا يانمۇيان.
ئوق ئۈزۈپ، ئاق بۈرىنى باغلاپ ئېگەرنىڭ يانىغا،
چۆر چېلىپ ئاينىڭ نۇرىدا قايتىدۇ ئۆيگە راۋان.

ئىزاھ:

شىمالغا كېتىپ بېرىپ يېزىلغان بۇ شېئىرلار ئاپتور يۇقى-

رى ئاستانىغا قاراپ يولغا چىققاندا يازغان شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭدا يول بويىدىكى تاغ - ئېدىرلار، چۆل - جەزىرى- لەرنىڭ مەنزىرىسى، ئۇ يەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر تىلغا ئېلىن- غان. شېئىرلار ناھايىتى تەبىئىي، راۋان، يەڭگىل، ھەممىسى خۇددى بىراقلا پۈتكەندەك چىرايلىق يېزىلغان. يۇقىرىدىكى شې- ئىردا كېچىدە شىكاردىن يانغان چاغدىكى كۆرۈنۈش تەسۋىرلەن- گەن. شىكاردىكى خۇشاللىق «چۆر چېلىپ» دېگەن سۆز بىلەن تەلتۆكۈس ئىپادىلەنگەن.

نەچچە يۈز هارۋا، كېگىز بىرلە توسۇلغان چۆرىسى،
قار كېچىپ ئۆتتى لۈەنخې ئېقىمىدىن سۈبھىدەم.
بىر موماي ماڭغاچقا كۆپ بۇ يولنى بەلكىم ئادىتى،
قاش بويىدىن مۈز چوقۇپ تۆگە سۇغاردى دەمبۇدەم.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا تۆگە قوشقان هارۋىلارنىڭ يايلاقتىن ئۆتۈۋاتقان هالىتى يېزىلغان بولۇپ، كۆرۈنۈش بەئەينى «شىۋىرغاندا يايلاق- تىن ئۆتۈۋاتقان تۆگە هارۋىلىرى» ناملىق رەسىمگە ئوخشاپ كې- تىدۇ. تۆگىگە مەسئۇل قېرى ئايالنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى جان- لىق ئىپادىلەنگەن.

ئىككى ئۆرۈم چېچى بار قىز قاشتېشىدەك شۇنچە ئۈز،
كىگىز ئۆيدىن چىقتى ئاستا قايرىغانچە پەردىنى.
ئىسمى «ئون سەككىز» ئاتالغان گۈلنى كۆردى، شۇ زامان
سۇندۇرۇپلا قىسىۋالدى چېكىسىگە بەرگىنى.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ياۋا گۈلنىڭ بەرگىنى چېكىسىگە قىسىۋالغان كونكرېت كۆرۈنۈش ئارقىلىق، سېپىلنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل

www.uyghurkitap.com

يايلىقىدا ياشايدىغان سىاددا، كەپسىز بىر قىزنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

قوچۇلۇپ سۇت قاشتېشىدەك مەي بىلەن لىق تولدى جام،
چۆلدىكى جەرەن گۆشىدىن پىشتى ھىدلىق بىر تائام.
ناخشا توۋلاپ، يەرنى دەسسەپ، ئايدالا مەست بولدى كەچ،
داپتىكى لاچىن كۆيىگە قالدى ھەيران يەر - جاھان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چارۋىچىلارنىڭ مەردانە، ئەركىن، جاسارەتلىك تۇرمۇش ئادىتى يېزىلغان بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراق ئىپادىلەنگەن.

ياغدى ئاغۋان شەھىرىگە يامغۇر، ھاۋا ئاچتى چىراي،
بەسلىشىپ كۆلگەن جۇخار، شەھدان گۈلىگە تولدى ساي.
يۇرىكىمدە ئوتى بار تورغاينى سۆيدۇم بىر ئۆمۈر،
جۈپ بولۇپ ئاتىنىڭ يېنىغا قوندى سايراپ توختىماي.

ئىزاھ:

شېئىردا تەبىئەت مەنزىرىسى، ياۋا گۈللەر، سىپىلىنىڭ شىدمالىدىكى پايانسىز دالا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئادەمنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ھاياتلىق سىمفونىيىسى بارلىققا كەلگەن.

## خۇاڭجىن پەشتىقى

كەچ بولۇپ يەنچىڭدە ئولتۇردى قۇياش،
پەسلى كۈز پەشتاق، دەرەخلەر زەپىران.
قانچىلىك ئالتۇن كېتىش ھېچ گەپ ئەمەس،

ئەمما ياخشى زاتنى تاپماق تەس هامان.
كەڭرى ئالەم، كىمگە زەن سالماق كېرەك؟
چەتتە قالغانلار قېرىپ كەتكەن تامام.
ئۆز پېتى يىخي سۆيىدە ئېتىقاد،
تا قەدىمدىن ئاقىدۇ مەشرىق تامان.

ئىزاھ:

بۇ ئاپتور جىجېڭنىڭ 11 ـ يىلى (1351 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دوستلىرى بىلەن بىللە يەنچىڭ قەلئەسىنى زىيارەت قىلغاندا يازغان ئون ئالتە پارچە شېئىرنىڭ بىرسى. ئەسلىي شېئىرلارنىڭ ئالدىدا كىرىش سۆز بار. شائىر كىرىش سۆزدە گەرچە «ئادەمنىڭ ئۆز هاياتىدا بىر جايدىلا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. قايتا كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بىردەملىك خۇشاللىق ھەممىگە تېتىيدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىردىن يەنىلا ئۇنىڭ هاياتلىقتىكى ئۆزگىرىشلەر، مۇراد ـ مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىك تۈپەيلى پەيدا بولۇۋاتقان ھېسسىياتلار توغرىسىدا گەپ قىلغۇسى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## شىنخۇا كۆلچىكى

ئاستى يوقتەك بەك تىنىق كۆز پەسلى سۇ،
ياپپېشىل دولقۇننى قوزغايدۇ شامال.
تۈنۈگۈنكى چۈش ئەمەس رەڭدار كېمە،
ئەيش ـ ئىشرەتتىن تېخىچە دىل مالال.
كۆل بويى شاھزادىلەر چالمايدۇ نەي،
خەق بېلىق تۇتسا ئۇ يەردە نە ئامال.

تاشتا قىزلار ئولتۇرادۇر كىر يۇيۇپ،
قويما بۇ قايسى كىنىزەك دەپ سوئال.

ئىزاھ:
بۇ ئاپتور يەنچېك قەلئەسىنى زىيارەت قىلغاندا يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىرسى. ئاپتور ئۇ يەرگە جورجىت خاندانلىقى ھالاك بولۇپ 177 يىلدىن كېيىن بارغان. بۇ شېئىردا دەل جورجىت خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتى ئەسلەنگەن. تەسەۋۋۇر ئىنتايىن مول، پىكىر ئىنتايىن چوڭقۇر.

## يېڭى دامبا قوشىقى

بىر بوۋاي تۇرغان، خۇاڭخېدىكى قىرغاق تامان،
ئۈستى ئوت ـ خەستە يېپىلغان كۆلىنىسى بەك تار ماكان.
سورىساڭ بارلىق بىساتى بىر كالا بىر موچە يەر،
ئاش تېرىپ ئاخىرقى ئۆمرىدە جېنى قالغان ئاران.
ھەر يىلى كەلكۈن تۇيەيلى ئۆزگىرىپ دەريا يولى،
يار ئېلىپ سۇ يېزا ـ قىشلاق سۇ تېگىدە بىئامان.
نەدە قالدى قەبرىلەر، ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن ئەمەس،
نەچچە مىڭ چاقىرىم دەرەخلەر ئۇچىدا قولۇاق راۋان.
ئەلنى ۋەيران بولمىسۇن دەپ ئوردىنىڭ كۆڭلىدە غەم،
يەر بېجىنى قالدۇرۇش ھەققىدە يارلىق قىلدى خان.
قازى ـ قۇززاتلاردا بولدى سۇنى تىزگىنلەش گېپى،
چىڭ بىلەن شۇي ئايمىقىدا قۇردى يامۇل شۇ ھامان.
تۇشمۇتۇشتىن كەلدى ھاكىملار ئۇنىنچى ئاي چېغى،
قارىساڭ دەريادا مۇز، تۇزلەڭ دالادا شىۋىرغان.
يېڭى دامبا سوققىلى توپلاشتى يۈز مىڭلاپ ئادەم،
قول قاناپ، پۇتلار يېرىلدى، رەڭگىرويى زەپىران.
يايىلارنىڭ بۇيرۇقى ئوقتىنمۇ تېز دەھشەت ئەجەب،

قىسقا كۈن، ئەتراپ سوغۇق، بولمايدۇ قىلغان ئىش تامام.
سۇ ئىلاھىغا قۇرۇشچۇن بۇتخانا چۇشتى سىلىق،
پۇل تېپىشقا بالىلارنى ساتتى پۇقرا كۆزدە قان.
نەگە باقساڭ يىغا - زارە يۇرت مەھەللە هالى پەس،
سۇ يەنە ئۆرلەپ ئالامەت ئەلنى قىلدى بىئارام.
ئاچ قېلىش، يۇرتىن كېتىش، توڭلاپ قېلىش چاغلىقلا ئىش،
يېڭىۋاشتىن دامبا قۇرماقنىڭ ئىكەن دەردى يامان.
تۈن كېچە يۆتكەپ ئۆيىنى دۆڭ تەرەپ چىقتى بوۋاي،
پەستە قالدى سۇ، ئېدىر كەلكۈنگە بولدى چوڭ داۋان.
ۋادەرىخ، سالسا نەزەر تەڭرى غېرىبقا نە بولار،
قىلسا دەيمەن بىزنى ئۈچ مىڭ يىلغىچە غەمدىن ئامان.

ئىزاھ:

شېئىردا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يار ئېلىپ كېتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئارقىلىق، تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي بالا - قازانىڭ خەلققە پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور ئاپەت يۈز بەرگەن جايدىكى ئاۋام پۇقرانىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇۋاتقان چاغلاردىكى يامان كۈنلىرىنى ئەيىنەن خاتىرىلىگەن ۋە ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. «دەريا سۇلىرىنىڭ ئۈچ مىڭ يىلغىچە سۈزۈك بولۇشىنى، دېڭىز سۇلىرىنىڭ تىنچ بولۇشىنى» ئارزۇ قىلغان. لېكىن، خەلق خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىگەچكە، جىجېڭنىڭ 11 - يىلى (1351 - يىلى) يۇقىرىدىكى «دامبا ياساش، بۇتخانا قۇرۇش» قىزىل ياغلىقلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان. كەمبەغەل - نامراتلار قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، بىرنەچچە ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا خۇاڭخې - چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جايلاردا قوزغىلاڭنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى جەۋلان قىلغان.

# شاراب باشقۇرغۇچى جاۋ جانابىنىڭ قەلئە شەرقىدىكى زىياپىتىگە مۇشائىرە

1

سەھەر جىنخي سۇيىدە ياپيېشىل دولقۇن جىمىرلايدۇ،
تاراپ خان ئوردىسى تالنىڭ شېخىدىن ئىس، يېڭى بىر تاڭ.
باھارنى كەتتى دەپ بۇلبۇل چېكىپ پەرياد ۋىچىرلايدۇ،
روجەكتىن ئويغىتىشقا گۈلخۇمارلارنى ئۇرۇپ خەندان.

ئىزاھ:

بۇ «قەلئە شەرقىدىكى زىياپەت خاتىرىسى» ناملىق شېئىرلار تۈركۈمىدىكى شېئىر. ئۇنىڭدا قەلئە شەرقىنىڭ مەنزىرىسى يېزىلغان. ئاخىرقى ئىككى مىسرادا ئادەملەرنىڭ باھار تۈگەپ كەتتى دەپ ئەنسىرەشلىرىنىڭ ئورنىغا قۇشلارنىڭ پەريادى كەلتۈرۈلگەن. بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرى ئورنىغا گۈلخۇمارلارنىڭ كۆپرەك كۆرۈۋېلىشى لازىملىقى ئىپلىنغان. شېئىر چاكىنا تەكرارلاشنى رەت قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى ئىبارە بىلەن ئۆزگىچە زوق بېغىشلىغان.

2

ئون چەۋەنداز بىر بولۇپ ياندى شەھەرگە بەكمۇ كەچ،
ئالمىزاردىن ئۆتكىنىدە كۈنمۇ كەتتى قىڭغىيىپ.
ئىشىكتىكى تالىپ كۈلۈپ باشلايدۇ ئۇلارنى ھۇجرىغا،
دەيدۇ: ئەمدى ئۇخلىمايسىز تاڭغىچە نەزم يېزىپ.

ئىزاھ:

بۇ يۇقىرىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرنىڭ تۆتىنچىسى. ئۇنىڭ-

دىكى يېڭىلىق شۇ زىياپەتنىڭ كاتتا بولغانلىقى، خانزادىلەر مەك-تىپىدىكى تالىپلارنىڭ جاۋ جانابنى تاڭ ئاتقىچە نەزم يازىسىز دېيىشى ئارقىلىق ساياھەتنىڭ كۆڭۈللۈك بولغانلىقى، جاۋ جاناب-نىڭ نەزم بابىدا قابىلىيەتلىك شەخس ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

## جورجىت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ۋۇ يۈەننىڭ شەرقىي لياۋنى تىنچىتقانلىقىغا ئائىت مەڭگۈ تاشنى ئوقۇپ

كۆككە باش قويغان بۇ تاش مىڭ گەزچە بار، ھەيۋەت ئەجەب،
شەرقىي لياۋنى مۇنقەرز قىلغان بوران - چاپقۇنغا بەت.
قولغا كەلگەن تۆھپە يۈز يىل خۇددى خاقان چىن كەبى،
ھەم سىماچيەننىڭ خېتىگە سۆز - پۈتۈك ئوخشايدۇ بەك.
ئەمدى ئۇنىڭ كۆكسى پارە، يۈزلىرىدە كۆز سۈيى،
مۇخ يېپىشقان ئۇل تېشىدا جىلۋىگەر كەچكى شەپەق.
ئاتنى توختاتتىم قاراپ ئاسمانغا ئاھىم ئۆرلىدى،
بىر قەدىم ئوردا ئېتىز بوپتۇ بۇنىڭغا نە سەۋەب؟

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جورجىت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاگۇدانىڭ شەرقىي لياۋنى تىنچىتقانلىقىغا تۇرغۇزۇلغان مەڭگۈ تاش ئارقى-لىق، دۆلەت تەقدىرىدىن قايغۇرىدىغان ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇلىنى مۇخ باسقان، خەت پۈتۈلگەن تاش يېرىل-غان، جورجىت خانلىقىنىڭ يۈز يىللىق تۆھپىسى كەلمەسكە كەتكەن. بۈيۈك يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغىمۇ يۈز يىل بولاي دەپ قالغان. جورجىت خانلىقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن ئۇنىڭ بېشىغىمۇ چۈشەمدۇ، يوق، دېگەن ئەنسىزچىلىك

ئاپتورنى ئويلاندۇرغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئوردا ـ سارايلارنىڭ ئېتىرغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن كەلگەن قايغۇ. دېمىسىمۇ، شۇندى خاننىڭ جىجېڭنىڭ 9 ـ يىلى (1349 ـ يىلى) دەل يۈەن ئىمپېرىيىسى تەۋرەپ قالغان چاغلار ئىدى. شېئىر شۇ چاغدا يېزىلغان.

## ۋاڭ شۈيۈننىڭ شېئىر توپلىمىنى ئوقۇپ

بىر ئاھاڭنىڭ مۇڭلىرى كەتمەي تېخى ھەريان تاراپ،
ئوردا قوينىدا خازان كۈز قالدى چۆرى چىرقىراپ.
كۆلدىكى تاغدىن غەرەزلىك ئۆزگىرىپ سوقتى بوران،
كېچە ـ كۈندۈز ئاقتى دەريا سۈيى ھېسسىز شارقىراپ.
نەزمىگىز خانلىق جەنۇبقا كۆچكىنىدىن ئاچتى سۆز،
بىر زامان دۇفۇمۇ ئاھ ئۇرغان شىمال ياققا قاراپ.
ۋادەرىخا، ھۆر ـ پەرىلەر كەتسە كەلمەسمىش يېنىپ،
باغ بولۇر تاغلار قاچان دەپ ئۆتكۈدەك ھالىم خاراپ.

ئىزاھ:

ئاپتور بۇ شېئىردا ۋاڭ شۈيۈن (ۋاڭ يۈەنلياڭ) نىڭ دۆلەت مۇنقەرز بولغانلىقى تۈپەيلى ئازابلانغانلىقىغا ھېسداشلىق بىلدۈردۇ. ۋاڭ شۈيۈننىڭ شېئىرلىرىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئاپتور يەنە يۈەن سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۆلىمالارنىڭ بىر كەتسە كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «تاغنى باغ» قىلىدىغان شىجائەتكە نەزم پۈتۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قايغۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە دېڭىزدىكى ئاي تاماشاسى

1

كېمە ئۈزرە ئۆتتى بىر ئاخشام زىياپەت ـ بەزمىدە،
بىر سوغۇق پەتنۇس دېڭىزدىن چىقتى كۆككە يۇلقۇنۇپ.
ئەسكە چۈشتى يۇرگىنىم لۇەنشۇي تەرەپ ئۆتكەن يىلى،
بىر ئۆزۈم، ئەلياتقۇ چاغ ياغقان ئىدى قار تولغىنىپ.

2

ماڭدى يۇگۇەندىن يۇرۇشكە بىر قوشۇن يەتتىنچى ئاي،
جۇۋا سۆسەر، قات كىيىم كىيگەندىمۇ سوغدىن توڭۇپ.
ئەمما جياڭنەن بۇ كېچە ئايىنىڭ نۇرىدا، بىرلىرى —
ئۇستىدە كۆڭلەك يىپەكتىن يەلپۈنەدۇر ئولتۇرۇپ.

ئىزاھ:
بۇ ئىككى شېئىردا يەتتىنچى ئايدىكى جياڭنەن بىلەن سېپىلنىڭ شىمالىدىكى ئوخشاش بولمىغان تەبىئەت مەنزىرىسى سېلىشتۇرما قىلىنغان. شېئىر ناھايىتى ئىخچام، جانلىق يېزىلغان.

## يۆفېينىڭ قەبرىسىدە

يۆفېينىڭ قەبرىسىنى ساقلايدىغان شەيخ ئاستانىگە بېرىپ، يېڭىدىن رېمونت قىلىنىدىغان قەبرىگاھقا ئات قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، تەلەپكە بىنائەن مۇشۇ شېئىرنى يازدىم. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مېڭ خۇڭ جورجىتلارنى تارمار

قىلىپ غەلىبە بىلەن جىنلىڭغا قايتقاندا، قول ئاستىدىكى لەش-
كەرلەرگە چىن خوەينىڭ قەبرىسىگە تاھارەت قىلىۋېتىشنى بۇيى-
رۇق قىلغانىدى.

دېسەك ئەرزىيدۇ يۆفېينى ھەقىقىي ئوت يۈرەك ئوغلان.
قەلەم بىرلە ئەلەمدە تەڭ كېلەر خەن، تاڭدا يوق بولغان.
ئۆزىنى ئاتىدى ئەلگە، جاسارەت بابىدا تەنھا،
ئېلىپ ئەجداد دۇئاسى خانىنى قوغداشقا نىيەت قىلغان.
شۇ چاغ يۈز مىڭ قوشۇن سەرخىل بىرىدىن - بىرلىرى روھلۇق،
ئانا يۇرت دەردىگە ھەمدەم ۋۇجۇدى كۆچكە لىق تولغان.
دالادا جەڭ بىلەن بولدى ئۇمىدى ئەلنى ياشناتماق،
ۋەزىر جىياڭنەندە ياۋۇزلار بىلەن سۈلھى - سالا قىلغان.
يېرىلسا ئەمدىلا دۇڭجىڭ بىلەن بيەنلياڭدىكى قورشاۋ،
سارايى - ئوردا قوشۇننى ياندۇرۇشقا يوللىدى پەرمان.
ئاۋام - پۇقرا، قېرىنداشلار تۆكۈپ كۆز ياش ئازاب چەكتى،
سەۋەب لەشكەر نادامەتتە ئامالسىز كەينىگە يانغان.
دەرىخا، قەھرىمان - باتۇر ئۈچۈن بولدى زىيانكەشلىك،
تۈمەن چاقىرىم بۈيۈك سېپىل ئېچىدىنلا كۇكۇم - تالقان.
خوەيشۈي ئاقىۋەت پاسىل، چېكىنگەنلەر ئۈچۈن چېگرا،
كېچىپ ۋاز ئوتتۇرا تۈزلەڭ رەزىللەر قولىغا قالغان.
ئۆتۈپ يۈز يىل قەدىم قەبرە يۈزىنى قاپلىدى ئوت - خەس،
ئېغىر ياتقۇ ۋاقىت تاش ئات گويا كۆك ئۈزرە ئاتلانغان.
ناۋاندا بۇرغىلار ياڭراپ كېلەر بولغان زىيارەتكە،
مەھەللە يىغلىشىپ سانغۇن ئاياغىنى تاۋاپ قىلغان.
مانا ئاخىر چىقىپ مىڭ خوڭ يېتىپ جىن خانىنى شان قوچتى،
كېلىپ چىن خوەي بېشىغا قەبرىسىنى ئەيلىدى ۋەيران.
يىغىلدى ئالتە توپ لەشكەر سىياقى خوددى تاغلاردەك،
نىجاسەتتىن بۇ خائىن قەبرىسى بولدى نىجىس مەيدان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى جورجىت خانلىقىغا قارشى جەڭ قىلغان داڭلىق سانغۇن يۆفېينىڭ ساداقىتى ۋە باتۇرلۇقى مەدھىيىلەنگەن، ئاپتور ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا ئېچىنغان، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى يارىماس خانلارنىڭ مۇقەددەس ۋەتەننى خانىۋەيران قىلغانلىقىغا نەپرەت بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ تۆمەن يىللاپ ئاھانەتكە قېلىشىنى تارىخنىڭ جازاسى دەپ خۇلاسە چىقارغان.

## ياساۋۇللار قىلمىشى

ياساۋۇللار سانغۇننىڭ يېشى ئون بەش ياش،
يولۋاس تەمەك بېلىدە، كەمەردە قاشتاش.
قولدا بۈركۈت، ياندا تايغان ھەركۈنى شىكار،
فىرۇزە نەي، كۈمۈش چالغۇ بەزمىگە يانداش.
گۈپپاڭچىلار تاياق ـ توقماق بىلەن ئاچار يول،
گۈللۈك كۆڭلەك، بېزەك دوپپا، رەڭدار ئۇستىۋاش.
شەرقىي باغدا توپ ئويناپدۇ ماختاپ ئۆزىنى،
غەربىي يولدا ئات چاپتۇرار چېچىپ شېغىل تاش.

خۇنەن ياقتىن كەلدى كەچتە قاناتلىق بىر خەت،
يارلىق چۈشتى ياش سانغۇنغا ياۋنى توسسۇن دەپ.
قىلىچىنى دات بېسىپتۇ، ساۋۇت مۇزلىغان،
ئات مىنەلمەي رەڭگى ئۆڭۈپ قالدى تەمتىرەپ.
كېنىزەكلەر ئاھ ئۇرۇشتى ئاسمانغا قاراپ،
ۋەھىمىدىن ياش سانغۇننىڭ يېشى بولاقتەك.
ۋادەرىخا، تەڭرى لەشكەر بەرسە بولمامدۇ،
دەشت ـ چۆللەردىن چاڭ ـ توزاننى كېتىشكە ھەيدەپ.

لېكىن، قوۋۇق مەشرىقىدە ياشانغان جېكچى،
چېچى ئاپئاق، تەلىيى كاج، يۇرمەس ئەمەل دەپ.
شۇنداقتىمۇ جەڭ قىلىدۇ چۇشمەي ئېگەردىن،
كىمگە مەلۇم يولۋاس ئاتقان بۇ خىل جاسارەت؟

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ياساۋۇل سانغۇنلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ئۇرۇش بولغاندا ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقى ئارقىلىق ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلمايدىغان غەربىي قوۋۇقتىكى پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ روھى - شجائىتى مەدھىيىلەنگەن، ئۇر-دىدىكى جازا بىلەن ئىنئامنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىغا بولغان نارازى-لىق ئىپادىلەنگەن.

## تۇزچى ئايال

بىر ياش ئايال تۇز سېتىپ ئۆتكۈزىدۇ كۈن،
ئۇچىسىدا ياماق كۆڭلەك، ئالمايدۇ ئارام.
يامغۇر ياغسا كاللەك تۇزلار ئېرىپ كېتىدۇ،
ئۆشىنىسىدە قۇرۇق سېۋەت، ياشلىرى تارام.
ئۇچ كۈن بولدى قازان بىكار، تۇۋاق يېپىقلىق،
قېينانىسى ئاچ قالغانغا يۈرەك - باغرى قان.
ئۆتكەن - كەچكەن سەۋەبىنى سوراپ قالغاندا،
يېشىنى سۈرتۈپ، بوغۇلغانچە قىلىدۇ بايان:

مەن مىسكىننىڭ ئۆيى ئەسلىي ئىدى شەندۇڭدا،
تىزىملىككە چۈشتى ئېرىم چېرىك بولدى دەپ.
نەيزە تۇتۇپ ۋۇيۈدىكى تاغقا ماڭغاندا،

ئۈزۈن يولدىن ئەگەشكەنچە كەلدىم مەنمۇ ھەم.
يېقىنلاردىن تىنچىمىدى دېڭىزنىڭ ئۈستى،
كېمىلەردە دولقۇن ئارا قانچە - قانچە جەڭ.
بىر ياخشى ئەر ھەممەيلەننىڭ كەتتى ئالدىدا،
ئېھتىمال شۇ جەسىتىنى يەۋەتتى لەھەڭ.
چوڭ ئوغلۇمنى تۇتۇپ كەتتى راۋجو تەرەپكە،
ئېلىنىمىدى راۋجو، ئوغلۇم كەلمىدى يېنىپ.
ئۆتكەن يىلى كىچىك ئوغلۇم گاۋيۇدە ئەسكەر،
ئۆلدى ئۇمۇ خۇەيخېغا قانلىرى ئېقىپ.

جۇڭيۇەنگە لەڭ توشۇغانلار ئىزسىز - دېرەكسىز،
ھۆكۈمەتنىڭ ئامبىرىدىن بېرىلمەيدۇ نان.
گازارمىلار خاراب بولغان، مورا تۈتۈنسىز،
يامغۇرلۇق كەچ جىنچىراغدا ئۆرلەيدۇ پىغان.
ئوڭ - سولدىكى قوشنامنىڭمۇ ئېرى قايتمىدى،
سودىگەرگە توقال بولۇپ كەتتى ئاقىۋەت.
باھار كېلىپ كىيگەندىمۇ رەڭدار كىيىمنى،
توزۇۋاتقان چېچەكلەردەك كۆڭلىدە ھەسرەت.
گاداي بولسام بولاي ئەمدى، دىلدا غۇمۇم يوق،
ئۆمۈر بويى تۈز ساتسامۇ مەيلى دەرد چېكىپ.
تاپقان پۇلغا قېينانامنى ئوبدانراق باقسام،
ئۇ دۇنيادا ئېرىمگىمۇ قارالايمەن تىك.

خان يېنىدىن ئەل ئىچىگە كەلگەن خوجاملار،
قوشاق توپلاپ بىلگۈدەكمىش ئەلنىڭ رايىنى.
تۈز ساتقۇچى ئايالنىمۇ تېپىپ، مۇڭدىشىپ،
ئوردا ئەھلى بىلگەن بولسا ئەلنىڭ زارىنى.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ياردەمچىسىز، ئاچ - يالىڭاچ، لېكىن نامراتلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان، ئىرادىلىك بىر ئايالنىڭ كەچۈرمىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئوردىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاجىز مەزلۇملارنىڭ ھالىغا نەزەر سېلىشى لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ شېئىر ئوبيېكتىپ جەھەتتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۇنسايىن زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقى، دېڭىزدىكى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، راۋجۇ ئايمىقىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، گاۋيۇدىمۇ مەغلۇبىيەتلىك جەڭ بولغانلىقى، گازارمىلارنىڭ قۇرۇق قالغانلىقى، تەمىناتنىڭ يېتىشمەسلىكى قاتارلىقلارنى يېزىش ئارقىلىق يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئەھۋالدا شائىرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋام - پۇقراغا، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى شېئىردىكى مۇھىم تەرەپ.

## سەپەردىن قايتقاندا

نەچچە ئون مىڭ يول بېسىپ ياندىم چىكەم بولغاندا ئاق،
كەڭرى ھويلا، باردى - كەلدى قاپتۇ ئاز باقسام قاراپ.
ئويغىنىپ ئاچمايمەن خالتامنى، يازارغا تېما يوق،
ئەتىياز ھالىم زەئىپ، سالمايمەن توننى ئالدىراپ.
شاختا بۇلبۇلنىڭ پۇتىدىن تۆكۈلۈر ئاخىرقى بەرگ،
ئەمدى ئۇچقان قارلىغاچلار پوتلىنى قىلغان خاراب.
تاغدىكى كۆلبەم سىلەر ئېيتقانچىلىك جىمجىت ئەمەس،
كېلىدۇ ياتسام دېدەك قىز چاق ئېگىرگەن ئۈن تاراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كۆڭلى تەسەللى تاپقانلىقى يېزىلغان. تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ چاچقا ئاق كىرگەنلىكى، تۇزۇك بىر ئىش قىلسام دەيدىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ، ئىقتىدارىنىڭ بىھۇدە تۈگەپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا گەرچە ئاپتور پىنھان جايلاردا بالا - چاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەيۇسلۇك ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# تەي بۇقا

تەي بۇقا (1304 — 1352) ئىسمى جىيەنشەن، غەربىي يۇرتلۇق. باياۋت قەبىلىسىدىن. ئەسلىي ئىسمى داپقا، ۋېنزۇڭ خان تەي بۇقا دېگەن ئىسمىنى ئۇنىڭغا ئۇتۇغات قىلغان. ئەجداد-لىرى بەيپىشەن تېغىدا ئولتۇراقلاشقان. دادىسى تاپتا تەيجۇ ئايمى-قىدا دادخاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، تەي بۇقا ئۆيىدىكىلەر بىلەن شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. تەي بۇقا 17 يېشىدا جېجياڭدىكى مەھەللە ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن. ياندۇرقى يىلى (1321 ـ يىلى) تەشرىپدارلىقتا ئىمتىھان بېرىپ بىرىنچى بولغان ۋە دانىش-مەنلەر مەھكىمىسىدە مىرزىلىقتا تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي تەپتىشلىككە يۆتكەلگەن. جىجېڭنىڭ 1 ـ يىلى شاۋشىڭ يولىدا باش بوغ بولۇپ، ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇشتا ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. تارىخ سارىيىغا چاقىرتىلغاندىن كېيىن سۇڭ، لياۋ، جىن خانىدانلىقىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا قاتناشقان، ئاندىن شىغا-ۋۇل پىرقىسىدە دىۋان بېگى بولغان. جىجېڭنىڭ 8 ـ يىلى فاڭ گوجىن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى باش كۆتۈرگەن. 11 ـ يىلى تەي بۇقا جېجياڭنىڭ شەرقىگە ھۆددىچى، ئەمىرلەشكەر بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي تەيجۇ ئايمىقىدا دارۇغاچ بولغان. 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى فاڭ گوجىننىڭ پىدائىيلىرى بىلەن بولغان جەڭدە 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەي بۇقا ۋىجدانلىق، تەمكىن، چاكىنا ئىشلارغا ئەگەشمەيدى-غان ئادەم بولغان. ۋەزىر خې تەيپىڭ جازالىنىپ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغاندا، تەي بۇقا ئۆزى يالغۇز ئۇنى ئاستانە دەرۋازىسىنىڭ

سىرتىغىچە ئۆزىتىپ چىققان. ۋەزىر تەيىپىڭ: «بولدى قىلىڭ، مېنى دەپ ئۆزىڭىزگە بالا تېپىۋالماڭ» دېگەندە ئۇ: «مېنى چۇ-شەنگەنلەرنى دەپ ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە، بالا - قازادىن قورقۇپ نېمە قىلاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. تەي بۇقا كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، بىلىملىك، يېزىقچىلىق بىلەن نام چىقارغان بولغاچقا، شۇ چاغدىكى ئالىم، شائىر لى شياۋگۇاڭنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. خەتتاتلىقتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. گۇسلى ئۇنىڭ «شىمالغا نەزەر تاشلىمىلىرى» نى يۇچۇەننىڭ «چىڭياڭ توپلى-مى» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بىرىنچى شائىر دەپ ئاتىغان. گۇسلى يەنە «سوغۇق ھۇجرىدا شېئىر ھەققىدە مۇتالىئە» دېگەن كىتابىدا ئۇنى ياخۇ، نەي شيەن، يۇچۈ بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىپ، شېئىردىكى تالانتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە باشقا ھەرقانداق دەۋرلەردىكىدىن ئۆزگىچە ئىدى، دەپ باھالىغان. تەي بۇقا شېئىرلىرىدىن بۇگۈن-گىچە يىگىرمە نەچچە پارچە شېئىر ساقلىنىپ قالغان.

## دەم بىلەن تاقىلىدىغان ئىشىكنىڭ خۇشلۇقى

بىر قاناتلىق ئىشىكتىمۇ خۇشلۇق تولا،
ئوينىشۇر تاڭنىڭ نۇرى لىملار بىلەن.
ئەتىگەن باشىمغا لۆڭگەمنى ئوراپ،
كىيىمەن كۆڭلەك - چاپاننى بەك بەلەن.
يوق مېنىڭ كولدۇرملىق مەپەم، لېكىن،
ئېتىزىمدا كىچە - كۈندۈز گۈل چىمەن.
ناشتىدا ھويلامدىكى ئوتياش غىزا،
كەچتە ئوت - چۆپ جىلغىلاردا رەڭمۇرەڭ.
يەپ - تويۇپ ئۆتمەك ماڭا ئارزۇ ئەمەس،
زەپىران بولسامىمۇ دىلدا يوق ئەلەم.

ئىزاھ:

شائىر ئايدالا، ئاددىي كەپىلەردە ياشاشنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق خۇشاللىقى بار، قورساق تويمىسىمۇ، چىراي سارغىيىپ كەتسىمۇ، كۆڭۈل ئازادە بولسا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ كۆپ جايلىرىدا تاۋيۈەنمىڭنىڭ مىسرالىرى كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە بۇنىڭدىن شائىرنىڭ تاۋيۈەنمىڭنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شېئىر ئېھتىمال ئۇ سىياسىي جەھەتتە بېسىمغا دۇچ كەلگەندە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## سانغۇن ۋېي جىڭنىڭ قاشتېشى تامغىسى

پەم بىلەن ئەتراپىنى يۇتۇپ ئالدى ۋۇدى خان بولۇپ،
ماڭدى سانغۇن ئاتلىنىپ شوفاڭ تەرەپكە جەڭ بىلەن.
قەنبۇلاقتا كىم بىرىنچى تۆھپىكار دەپ بولسا سۆز،
چاقنىدى سانغۇن قولىدا تامغىسى كۈن بىرلە تەڭ.
ئوردا ــ ئايۋان غوجىدارى، لەشكىرىي بەگلەر قاتار،
ئىسمىنى ئويدى مۇكاپاتنى بېرىپ ئۇنىڭغا كەڭ.
تۇتقۇچىدا ئەجدىھالار ئويىنغان خەتلەر قەدىم،
ھەم قويۇپ داڭقان ئۇنىڭ شەنىگە تەلپۈندى ئەلەم.
ۋە لېكىن تىلەن تېغىنى قاپلىدى جەڭدىن سۆڭەك،
ئوتتۇرا تۈزلەڭدە قېرىنداشلار كۆزىدە دەرد ــ ئەلەم.
سىڭلىسى بەتنام بىلەن كەتتى، ئوغۇلمۇ بى ئەجەل،
ۋۇدى خانىنىڭ قەبرىسىنى باستى گۈگۈم ئۆشبۇدەم.
قېرىدى ئاسمان ــ زېمىن، مەۋجۇت بولۇپ قالدى مازار،
ئۆپرىغان خەتلەر باھادىرغا سېغىندى دەمبۇدەم.

ئىزاھ:

شېئىردا سانغۇن ۋېي جىڭنىڭ تۆھپىسى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇرۇش تۈپەيلى خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەتلەر

كۆرسىتىلگەن. پادىشاھ ـ خانلارنىڭ لەۋزىدە تۇرمايدىغانلىقى؛ ۋەيي جىڭ خىزمەت كۆرسەتكەندە ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بەرگەنلىكى، ئارقىدىنلا ۋەيي جىڭنىڭ سىڭلىسى ۋەيي خانىش بىلەن ۋەدىنى بەتنام چاپلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا تارىخىي ئىزنالارنىڭ كونىراپ قالغانلىقى، لېكىن ۋەيي جىڭنىڭ قاشتېشى تامغىسى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شېئىر ئىنتايىن جانلىق ۋە مەنىلىك يېزىلغان.

## ئۆزىتىش

سەن ئەگەر تيەنتەيگە بارساڭلا قاچان،
يوقلا بۇ ئۆينى، سالاي مەن داستىخان.
سورىساڭ، تاغ باغرىدىن تاپماق ئوڭاي،
تۇتتۇۋالدىم سۇ بويىدىن جاي ـ ماكان.
ئىشىك تېشىدا قېرىغان مېيخۇا ئۆرە،
پەنجىرە ئالدىدا بامبۇكلار شالاڭ.
بىر گېپىم تۇغقان ـ قېرىنداشلار ئۈچۈن:
دەردى يوق، دەڭلار، يۈرۈپتۇ تىنچ ـ ئامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىر ئۆيگە قايتماقچى بولغان يۇرتدىشىغا ئۆزىنى يوقلاپ ئۆتۈشنى تاپىلاپ، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى، قانداق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ ئالدىدا، پەنجىرە تۈۋىدە مېيخۇا دەرىخى ۋە بامبۇكلارنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغان بولسىمۇ، ياخشى ياشاۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شېئىر ناھايىتى راۋان يېزىلغان، ھېسسىيات سەمىمىي ئىپادىلەنگەن.

## لەشكىرىي پىرقىدىكى جاڭ غوجامنى يولغا سالغاندا

1

بۇك ـ باراقسان باش باھارنىڭ باغلىرى،
تاڭ بىلەن تەڭ كېلىدۇ بۇلبۇل كۈلۈپ.
ئاڭلىنۇر لەرزان ئۈنى ياپراق ئارا،
پەيلىرى شاخقا تىنىمسىز سۈركىلىپ.
بۇ ئۈمۈرنىڭ كەتمىكى بەكمۇ ئوڭاي،
ھەر جۇدالىق بولسىمۇ قالدۇق كۆنۈپ.
دوستى بولسا گەر ئادەم چۆللەردىمۇ —
شاد ـ خۇرام، يۈرمەيدۇ ھەرگىز مۇڭلىنىپ.

2

ئەتىيازدا كۈنقوۋۇق يوللار راۋان،
دەل ـ دەرەخ شېخىدا قۇشلار سايرىغان.
تاڭ سەھەر قوزغالسا ئالتۇن جىلغىدىن،
قونىدۇ سايە راۋاقتا شۇ زامان.
تالى مەجنۇن بەكمۇ يۇمران، رەڭگى سۈس،
قايسى قۇش بىلمەك ئۈنىدىن تەس ھامان.
سۈبھىدەم ئاڭلايمەن يالغۇز ئاھىنى،
كەتسە ھەممە تۆت تەرەپ گۈللەر خازان.

ئىزاھ:

«ئورماندىكى بۇلبۇل» نى باش تېما قىلغان بۇ ئىككى شېئىرنىڭ باشلىنىش قىسمىدا ئورمان ۋە قۇشلار، ئاندىن يار ـ بۇرادەرلەرنى ئۆزتىپ قويۇش، ھىجران ئازابى يېزىلغان. ئال-

دىنقىسىدا يار - بۇرادەرلەرگە جۇدالىقتىن كېيىنمۇ مەيۇسلەن-
مەسلىك لازىملىقى ئەسكەرتىلگەن. كېيىنكىسىدە ئايرىلىشقا بول-
غان كۆزى قىيماسلىق ئىپادىلەنگەن.

## باھار چاغى شۆەنزېمىن دەرۋازىسىدا
## يۇ شاۋيەنگە يېزىلغان بېغىشلىما

مارت ئېيى خان كۆلچىكىدە رەڭ تۇزۇپتۇ تال تېرەك،
ياپيېشىل شاختا تۇمان، كۈننىڭ نۇرى ئىللىق ئەجەب.
ھەرىلەر توزغاق بىلەن تەڭ ئايلىنۇر ھال پەردىنى،
قاچۇرۇپ توردىن ئۆزىنى قارلىغاچ قوغلار چېچەك.
تاڭدا ئوردىدا مۇراسىم، ۋەزىر ئەزەملەر قاتار،
باغچىغا جان كىرگۈزۈپ ئوينايدۇ رەققاس ھەر تەرەپ.
ئۆلىمالار بىرسى قالماي نەزمە پۈتكەن خان ئۈچۈن،
بىرلا سىز ئىنئامغا لايىق بولدىڭىز شاگىرۇغا تەڭ.

ئىزاھ:

بۇ خاننىڭ چيۈگلىن باغچىسىدا ۋەزىر ئەزەملەرنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئاتاپ يېزىلغان شېئىر. گەرچە مەزمۇنى چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن باھار پەسلىدىكى مەنزىرە ناھايىتى جانلىق ۋە روشەن ئىپادىلەنگەن.

## ليۇ باسقاۋۇلنى جياڭنەنگە ئۇزىتىش

مارت ئېيى ئاستانىدا گۈللەر ئېچىلدى بەسمۇبەس،
بىر قاراپ ھېچكىم دېيەلمەيدۇ ئۇنى تيەنتەي ئەمەس.
ۋادەرىخ، تۇرمايدىكەن بىر ئىزدا ھەرگىز بۇ جاھان،
سىز بىلەن دەرقەم بولارمىز بۇندا قايتا بىر نەپەس.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا لىۋ باسقاۋۇلنىڭ ئاستانىدىن جىياڭنەنگە كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشىشى لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان. ئاستانىدا چوقۇم قايتا كۆرۈشىمىز دەپ تەسەللى بېرىلگەن.

## يېڭى تەشرىپدارنى سىچۈەنگە يولغا سېلىش

ئالتۇن يوپۇق، يىپەك يۈگەن، تۇمشۇقى ئاق ئات،
كۆكسىدە گۈل، قارا تەلپەك، تونلىرى زەرباب.
كۆرگىنىدە لىنچيۇڭدىكى بازار پوقراسى،
دېمەس ئۇنى بىر چاغدىكى مەيپۇرۇش جاناب.

ئىزاھ:

بۇ تەشرىپدار بولغاندىن كېيىن شاھانە تون كىيىپ يۇرتىغا قايتقان بىرسىنى مۇبارەكلەپ يازغان شېئىر. ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلەرنى ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن.

## كې جىڭجۇڭ سىزغان بامبۇك رەسىمگە بېغىشلىما

1

قىر بويى تال ئىسنى يەلپۈيدۇ، يېشىل ياپراق سۇيۇق،
كۆلگە لوتۇسنىڭ قىزىل رەڭگى چۈشەر يامغۇر بىلەن.
نازلىنىپ تۇرغان دېرىزە ئالدىدا بامبۇك كۆلۈپ،
سايىسى كەچكى شەپەقتە ئوينىشادۇر نۇر بىلەن.

## 2

بەگ ـ خوجاملار هويلىسىدا كۆزگە چۈشكەي ناگىھان،
كۆل بويى شەنجيەن كېلىپ قىلغان تاماشا زوقلىنىپ.
خۇددى كۆزنىڭ ئاسمىنىدا ئاي يۈزىنى قاپلىغان،
گۈل ـ گىياھ مۇخ ئۈستىدە، سايە ياتادۇر تولغىنىپ.

ئىزاھ:

بېغىشلىما ئورنىدا يېزىلغان بۇ ئىككى شېئىردا بامبۇك قومۇشى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئاپتورنىڭ بامبۇك قومۇشىغا بولغان سۆيۈنۈشى، شۇنداقلا كې جىڭجۇڭنىڭ ماھارىتىگە بولغان ھۆرمىتى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىپىسى

# بەدرىدىن

بەدرىدىن، يەنە بىر ئىسمى لۇ جىداۋ، ئۇيغۇر، داشماند قەبىلىسىدىن. دەي لياڭ «دىڭ خىنيەننىڭ توپلىمىغا كىرىش سۆز» دە غەربىي يۇرتلۇق 12 شائىرنىڭ قاتارىغا لۇ جىداۋ دىگەن بىرەيلەننى يېزىپ، ئۇنىڭ تەنجۇ ئايمىقىدا باش بۇغ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ۋاڭ فىڭ «توغراق ئېقىن توپلىمى» دا باش بۇغ لۇجىداۋنىڭ شېئىرلىرىنى ئىزاھلىغان. «يۈەن دەۋرىدىكى مىرزىلار تەزكىرىسى» نىڭ 9 - جىلدىدا: بەدرىدىن، ئىسمى لۇجىداۋ، تەشرىپدار، جىجېڭنىڭ 1 - يىلى (1341 - يىلى) 4 - ئايدا شىغاۋۇل پىرقىسىدىكى يانداش بەگلىكتىن مىرزا ساراي غوجىلىقىغا يۆتكەلگەن، دىيىلگەن. چىن يۈەن ئەپەندى لۇجىداۋ بىلەن بەدرىدىن بىر ئادەم دەپ قارىغان. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا ئۇنىڭ «لەيلىمە بۇلۇت ئىبادەتخانىسى» ناملىق شېئىرى بارلىقى، جىيۈەننىڭ 3 - يىلى لىڭنەندىكى گۇاڭشى يولىدا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بېگى بولغانلىقى ئىزاھلانغان. بەدرىدىننىڭ تۆت پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## ئارامگاھ راۋىقى

ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتكەن كەبى،
ئەسكە چۈشمەيدۇ پەقەت نامراتلىقىم.
ياپيېشىل تاغلار گويا زۇمرەت ماكا،
كەچقۇرۇن پىنھان ئىبادەتتە تېنىم.
بەك يىراقتىن ئاڭلىنۇر چوپان نېيى،

ناخشا توۋلايدۇ بىلىقچى بىتىنىم.
باقىي ئالەمگە قارايمەن زەن سېلىپ،
قىپقىزىل ئاققان كەبى سۇدا قېنىم.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئارامگاھ راۋىقىدىن كۆرۈنگەن گۈزەل مەنزىرە ۋە شۇ تۇپەيلى شائىرنىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇرغان خىياللار مۇكەممەل، شۇنداقلا ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

## لەيلىمە بۇلۇت ئىبادەتخانىسى

ئورۇلۇپ بۇغداي ئېتىزدىن قالدى ئوت - چۆپلەر ئامان،
كۈتۈۋالدى مېنى يۇرتداشلار بۇ يولدا شادىمان.
ئارزۇيۇم، قايغۇ - ئەلەمسىز ئۆتسە دەيمەن ھەر كىشى،
بولسا ئەڭ چەت جايدىمۇ تىنچلىق - ئاسايىشلىق زامان.
تاغ گۈزەل، سۇلار سۈزۈك، بۇلبۇل ئاۋازى ياڭرىسا،
ئاق بۇلۇت سەلكىندە يۈگەن سىيرىسا ئاتتەك راۋان.
تاغ تۈۋى دانىش ئۆيىدە مەي ئىچىپ قالسام قونۇپ،
ياكى بامبۇك يىلتىزى ياكى بىلىقنى قىپ تائام.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا شائىرنىڭ تاغ يوللىرىدا زىيارەتتە يۈرۈپ كۆرگەنلىرى، ئۇنىڭ ئادىل سىياسەت، باياشات تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇغدايلار ئورۇلغان، پۇقرالار خاتىرجەم بولغان ئەھۋالدىن ئاپتور تولىمۇ سۆيۈنگەن. لېكىن، يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىجتىمائىي بوھران ئېغىرلاشقان، يىراق گۇاڭشىدەك جايلاردا گەرچە ۋاقىتلىق ياخشى كۈنلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئاپتور بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

## سول قول ۋەزىر پەن شىجۇڭغا مەرسىيە

ۋادەرىخ، سانغۇن ئەقىلسىز قىلدى ئەل رايىنى خار،
ئۇت يۈرەك، ئاقىل ۋەزىرنىڭ گەپلىرى كەتتى بىكار.
نان قىپىلار ئۆز ئىچىدىن بولدى مەلئۇن ئاقىۋەت؛
تەمتىرەپ پۇقرا ئاسايىش كۈنگە شۇنچە ئىنتىزار.
شۇ سەۋەبتىن ئەگىشىپ لەشكەرگە ۋىجدان ساقلىدى،
جان بېرىپ قىلدى ساداقەتتىن ۋەتەنگە جان نىسار.
يىل ئۆتۈپ دەريادىكى سۇلار بەئەينى كۆز يېشى،
ھەر كېچە كىرگەي قۇلاققا بىر ئېسەدەش زارۇ زار.

ئىزاھ:

شېئىردا ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان سول قول ۋەزىر پەن شىجۇڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. پەن شىجۇڭ خەنزۇ، يۈەن سۇلالىسىغا سادىق بىر كىشى. بەدرىدىن ئۇيغۇر، ئوخشاشلا يۈەن سۇلالىسىغا سادىق ئۆلىما. بۇ ئۇلاردىكى ئورتاقلىق. لېكىن، ئاپتورنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەيداندا تۇرۇپ قوزغىلاڭچىلارنى «نان قېپى» ، «مەلئۇن» دەپ تىللىشى توغرا ئەمەس. بۇ شېئىر بىزنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ۋە ئۇردىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## سول قول ۋەزىر باۋگىغا مەرسىيە

كاتتىلىق، شەھۋانىيلىق قايىنامغا چۆكتى تا ئەبەد،
گەر پاراسەتسىز ۋەزىر ئىچ ئاغرىتىپ قالدۇق ئەجەب.
قۇترىدى قوزغاپ قويۇن جىنلار بۆلەكتىن تاپتى كۈچ،
تەڭرىنىڭ يوقمۇ كۆزى؟ پۇقرا بېشىغا كەلدى دەرد.

ساقمۇساق ئون يىل بۈيۈك ئىنئام ـ ئاتاق ئالغاندىكىن،
ئىككى كۈن چىڭ تۇرسا داغ چۈشمەيتتى ۋىجدانغا پەقەت.
ئەمدى شىخۇغا تۆكۈپ مەي ئەسلىمەك بولساق ئۈنى،
شىۋىرغان ـ يامغۇردا دولقۇن قەترىلەرنى قىلدى رەت.

ئىزاھ:

باۋگي (باۋ ۋېيشيەن) خاڭجۇ يولىدىكى جىجياڭنىڭ مەمۇ-
ري ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان سول قول ۋەزىر ئامبال.
قىزىل ياغلىقلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا خاڭجۇغا قېچىپ كېلىپ
ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىغان. جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ
يىلى) 7 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار خاڭجۇنى ئالغاندا، ئۆيىدىكىلەر
بىلەن بىللە شىخۇ كۆلىدىكى كېمىگە يوشۇرۇنغان. ئۈچ كۈندىن
كېيىن ئايالى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بىلەن بىللە كۆلگە
سەكرەپ ئۆلگەن. بۇ يۇقىرىدىكى شېئىر بىلەن سېلىشتۇرما
بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا يۇەن
سانغۇنلىرىنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇر-
گەن. گەرچە شائىر قوزغىلاڭچىلارنى «جىن» غا ئوخشاتقان بول-
سىمۇ، يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەدەمدە غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى
ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان. «تەڭرىنىڭ كۆزى يوقمۇ» دېگەن
مىسرالاردا يۇەن سۇلالىسىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقى ئىپادىلەنگەن.
باۋگي توغرىسىدىكى بۇ مەرسىيىنى يۇەن سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتى-
گە يېزىلغان مەرسىيە دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەن باۋجۇ

سەن باۋجۇ، ئىسمى تىڭگۇي، ئۇيغۇر. يىگزۇڭ خانىنىڭ جىجى 1 ـ يىلى (1321 ـ يىلى) ئوڭ قول تەشرىپدار بولغان. رۇيىئەن ئايمىقىغا ئامبال قىلىپ تەيىنلەنگەن. لەشكىري پىرقىدە غەيرىي رەسمىي ئامبال بولۇپ ئىشلىگەن. ۋىنجۇ ۋىلايىتىدە بەگ بولغان. تەپتىش بېگى شىشەن بىلەن بىرلىكتە فاڭ گوجىننىڭ قوزغىلاڭچىلىرىغا زەربە بېرىشكە ئاتلانغاندا، شىشەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. سەن باۋجۇ قولغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارغا تىز پۈكمىگەن. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئەمەلدار بولۇپ، ئادىل سىياسەت يۈرگۈزگەن. جېجياڭدا كاتاۋۇل بولغان چاغلىرىدا ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئىش ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئەجدىھانىڭ بۇرۇتىنى سىلاش بىلەن يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىنى تارتىشتىنمۇ قىيىن دېگەن خەتنى ئېسىپ ئۆزىنىڭ پاك ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. «يۈەن تارىخى. مۇنەججىملەر تەرجىمىھالى» دا، سەن باۋجۇ تەرىقەتنىڭ يولىنى تۇتقان پاك ئەمەلدار ئىدى، بارغانلا يېرىدە پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى، يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى، دەپ يېزىلغان. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» دا ئۇنىڭ ئۈچ پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## كۆلنىڭ شىمالىغا ساياھەت

كەلمىگەن ئەردىم بۇ كۆلنىڭ بويىغا بىر ئاي يېنىپ،
ئەمدى كەلسەم ئالما ـ شاپتۇل سايە ساپتۇ چىرمىشىپ.
ياپيېشىل تاغنىڭ يۈزى بىلدى قەدىناس دەپ مېنى،
قۇچىقىغا ئالدى چەكسىز مەنزىرە ئوغلى قىلىپ.
مەيپۇرۇش مەيخانىسى يانتۇ ئىكەن ئۆرۈلگىدەك،
بولسىمۇ قىستاڭ قېيىقتا چاي ئىچىشتۇق سىردىشىپ.
بىر ئۆزۈم يىگجۇدا مېھمان بولغىنىمدىن بەك خىجىل،
تولدىم جۇ نەزمىسىنى ئالىقىنىمغا گۈل ئېلىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتور بۇرۇن كەلگەن جايلارنى ئايلىنىدۇ، تاغلارنىڭ رەڭگىگە، كۆلنىڭ يۈزىگە قاراپ بىراقلا قايتىپ كەلـگىسى كېلىدۇ، كەيىپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەيخانىنىڭ ئېگىز تاملىرى يانتۇ بولۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، قولۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئەينى يىللاردا يۇرتىغا سىغمىغان مى خېڭ بىلەن ساداقەتمەن ئەدىب چۈي يۈەننى ئەسكە ئالىدۇ، ئۆزىنى تۇتالماي چۇ نەزملىرىنى توۋلايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، شائىر بۇ شېئىرنى سىياسىي جەھەتتە چەتكە قېقىلغان، كۆڭلى پاراكەندە چاغلاردا يازغان بولسا كېرەك. شېئىرنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن راۋان، پىكرى ئوچۇق، مەزمۇنى چوڭقۇر.

## شىشيەن تېغىدا

سوقتى مەغرىب شامىلى، بولماقتا ياپراقلار خازان،
تىك قىيا، تار جىلغا بۇ دەم ئىنتىلۇر كۆك رەڭ تامان.

ئۇستا رەسسام قەلبىدىن كۆرگەنلىرى بىر ـ بىر ئۆتەر،
كەچ شەپەقنىڭ شولىسىدا ئەكس ئېتەر تاغلار تامام.

ئىزاھ:

شېئىردا شىشىەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ مەنزىرىسى، ئۇنىڭ رەسىمدەك گۈزەل قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور شېئىردا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئۇستا رەسسامغا ئوخشاتقان ۋە ئۇنىڭ شۇنداق بىر گۈزەل دۇنيانى ياراتالىغىغا مەدھىيە ئوقۇغان.

# يۇچۇ

يۇچۇ (1333 — 1358)، ئىسمى تىڭشىن، خۇاڭخېنىڭ
غەربىدىكى تاڭغۇتلاردىن. ئاتا - بوۋىلىرى غەربىي يۇرتلۇق.
دادىسى خېفېيدا ئەمەلدار بولغان ۋە شۇ سەۋەبلىك خېفېيدا ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغان. دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربى-
يىسىدە ئۆسكەن. يۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1331 - يىلى)
تەشرىپدار بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە سىجۇ ئايمىقىدا ها-
كىم، مۇپەتتىش بېگى، دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا
ئىش بېجىرگۈچى، خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە كاتاۋۇل قاتار-
لىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن. شۇندى خاننىڭ جىجېڭ 13 -
يىلى (1353 - يىلى) خۇەيدۇڭنىڭ شەرقىدىكى ئەمىرلەشكەر
مەھكىمىسىدە نائىب ئەلچى ئەمىرلەشكەر بولغان. خۇەينەن ۋا-
قىتلىق ۋازارىتىدە سول قول ۋەزىرلىككە قويۇلغان. قوشۇن
باشلاپ ئەنچىڭنى قوغداۋاتقان مەزگىلدە، چېن يۇلياڭ باشچىلىقى-
دىكى قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جىجېڭنىڭ 18 - يىلى
(1358 - يىلى) ئەنچىڭ قولدىن كەتكەن. يۇچۇ ئۆزىنى ئۆلتۇ-
رۇۋالغان. خوتۇن - بالىلىرى قۇدۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈپ
كەتكەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ يۇچۇنىڭ
ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەتخانا سالدۇرغان.

يۇچۇ كىتاب - دەستۇرلارنى كۆپ كۆرگەن، شىجائەتلىك،
مەقسىتىگە يەتمەي قويمايدىغان ئادەم بولۇپ، دائىم دېگۇدەك
چىڭياڭدىكى تاغدا ئىلىم تەھسىل قىلغاچقا، باشقىلار ئۇنى چىڭ-
ياڭلىق ئۆلىما دەپ ئاتىغان. شاگىرتلىرىدىن گوكوي ئۇنىڭ
يازغانلىرىنى يىغىپ ئالتە جىلدلىق «چىڭياڭدىكى تاغلىق ھۇجرا

توپلىمى» دېگەن كىتابنى تۈزگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا يۈچۈەنىڭ شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن. «تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى» دا يۈچۈەنىڭ شېئىرلىرى «خەن، ۋېي خاندانلىقىدىكى شېئىرلارنى ئۈرنەك قىلغان، ۋەزنى ئېغىر، مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان بولغاچقا، يۈەن دەۋرىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

## ليۇ بوۋىننى جياڭشىغا مۇيەتتىشلىككە ئۇزىتىش

سىزنى يولغا سالغىلى تاغ باغرىغا تىكتۇق چېدىر،
ئۇستى رەڭدار مەيە بىرلە كەلدى ھەممە بۇ تەرەپ.
ئاستىڭىزدا ئىككى جۈپ ئات سۆرىگەن مەيە راۋان،
تونىڭىزدىن كۆرۈنەتتى سەلتەنەت ھەم شان - شەرەپ.
ئورنىڭىز تۆردە، تىزىلغان ئالدىڭىزغا كۆپ تائام،
قۇش سىياقى رومكىدىن مەينىڭ ھىدى ئۇچقان ئەجەب.
كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ ئىچكەن ئىدۇق،
كۆكنى تەۋرەتكەن يۇرەكتىن ناخشا - سازلار سىزنى دەپ.
ئىككىمىز بىر يۇرت، ئۇزۇلمەي كەلدى كۆپ يىل مېھرىمىز،
ئەمدى بىزگە ئايرىلىشتىن ئۆزگە بارمۇ باشقا گەپ.
سۇبھىدەم كۈننىڭ نۇرىدىن جىلۋە ئەيلىدۇ دالا،
گەر يىراق باقسام ماكاننىڭ ھىدى ئۇرغاي ئەركىلەپ.
تىكىلىپ تۇرسام يۈگەن تارتىپ سارايلار ھۆسنىگە،
تاۋلىنىپ ئاپئاق بۇلۇت چىللايدۇ ئامەت رەتمۇرەت.
بىزنى ئايرىيدۇ ھېسابسىز ئاي بىلەن يىل ئالمىشىپ،
بىرسىمىز مەشرىق ۋە بەلكىم بىرسىمىز مەغرىب تەرەپ.
يول ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ بىزنى يىراقتا قالدۇرار،
بىلمىدىم سىزگە قاچانمۇ بىرىمەنكىن زەررە نەپ.
شۇ سەۋەب قىلدىم قىرو باسقان چىنارنى ئەرمىغان،

پەسلى قىشتا ئەسلىگەيسىز دوستىڭىزنىڭ كۆڭلى دەپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ لىۋ بوۋىننى ئۇزاتقان ۋاقىتتىكى سەمىمىي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۆھپە ياراتقان ئەمەلدار لىۋ بوۋىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاخىرقى ئىككى مىسرا تېخىمۇ راۋان، مەزمۇنى چوڭقۇر يېزىلغان.

## چيۇشىڭ شىپىڭى

مەن كېچىپ دەريانى چيۇشىڭ شىپىڭىغا ئۆرلىدىم،
قوش ئېقىن، سالسام نەزەر، بەس - بەس بىلەن ئاققان
راۋان.
سۇ بويىغا ئىككى قەلئە خوپ ياراشقان چوقچىيىپ،
ئىككى قاشتا قوش قاناتى ئۈچقىنىدەك كۆك تامان.
سۇزۇلۇپتۇ كۆز كېلىپ خەنشۇي سۈيى قاشتاش كەبى،
خۇددى چاڭجياڭ قىرغىقى كىيگەن بۇ دەم كۆزدىن چاپان.
ئاق يىپەكتەك تولغىنۇر دولقۇن شامالنىڭ زەربىدىن،
كەچكى كۈننىڭ يورۇقىدا كېمىلەرنىڭ رەڭگى قان.
زەپ چىرايلىق كۈن ئىدى، مەن يامىشىپ دۆڭ ئۈستىگە
نەزمە پۈتتۈم دوستلىرىم بىرلە قوشۇلدى جانغا جان.
ئالدىراپ ساقىي - مۇلازىملار سۇنار بىزگە قەدەھ،
خۇش پۇراقلىق نازۇ نېمەت بىرلە تولغان داستىخان.
بۇ گۈزەل تاغ بىرلە سۇغا مەھلىيا كۆرگەن كىشى،
ياكى ئاتلىق، مەپىلىك كەتكۈسى كەلمەس ھەرقاچان.
بىلمىدىم كىمنىڭ خىيالى بۇ دەقىق ئوخشاش ماڭا،
راستلا شۇنداق بولسا بۇ جاينى قىلايلى ئۆي - ماكان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چاڭجياڭ بىلەن خەنشۈي دەريالىرىنىڭ كۆزدىكى مەنزىرىسى، ساياھەتچىلەرنىڭ ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن. مىسرالاردىن خورسىنىش، چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداقلا، بۇ شېئىر قەدىمكى ئەدىب - ئۆلىمالارنىڭ تاغ - دەريالارغا قاراپ ھەسرەت چېكىدىغان يېزىقچىلىق ئادىتىدىن يىراق. شېئىر يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان.

## پەن شىجۇك بىلەن خوشلىشىش

تالى مەجنۇن ئەۋرىشىم، ئوتقاشقا ئوخشايدۇ چېچەك،
قارىسام ئېجۇ بولۇپتۇ سىزگە مەنزىل بۇ زامان.
دەردكە تولغان ئۆمرىمىزدە يەنە بىر رەت ئايرىلىش،
ئەمما جياڭ - خەن ئىككى سۇ بىرگە ئاقاركەن شەرق تامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىرنى ئاپتور ۋۇچاڭدا پەن شىجۇك بىلەن خوشلاشقاندا يازغان. ھەم مەنزىرە، ھەم ھېسسىيات، ئوخشىتىش بىلەن سىلىشتۇرما ئىنتايىن يېڭى. مىسرالار شۇنچىكى شوخ ۋە جانلىق، ھېسسىيات سەمىمىي ئىپادىلەنگەن.

## بامبۇك ئارال

كۆز سۈيىدە دۆڭدىكى شىپاڭ - راۋاقنىڭ سايىسى،
سوزۇلۇپ كەتكەن ئۇپۇقتا تەلپۈنۈپ يالغۇز ئارال.
بەك چىرايلىق جاي ئىكەن بۇ ئەۋلىيالار تۇرغىدەك،
تاغلىرى خۇيجىدىكى تاغلارغا يەتكەن بىمالال.
گۈل - گىياھلار دەل - دەرەخنىڭ بويىنىغا سالغان گىرە،

نىلۇفەرنىڭ ياپرىقىدىن ئۇچىدۇ خۇشبۇي شامال.
مەي بىيسىپ قولۋاققا بىرسى كېلىدۇ ئويناپ - كۈلۈپ،
خې جىجاڭدىن باشقىسىدا بولمىغاي مۇنداق ئامال.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا ئارالنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. سەيلە - ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ مەي - شارابقا ئامراق سەككىز ئەۋلىيا ئىچىدىكى خې جىجاڭغا ئوخشاش بۇ گۈزەل مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## نەيشىيەن سىزغان «سىمىڭدىكى تاغ - دەريالار رەسىمى»گە مۇشائىرە

پەنجىرەمدىن ياپيېشىل تاغلارغا تاشلايمەن نەزەر،
باش باھار ئورمان - گىياھلار ئۈستىدە سۇبھى تۇمان.
چوقچىيىپ تۇرغان ئېدىرنىڭ بويى كەلمەيدۇ غۇلاچ،
ئىنچىكە ئۆسكەن چىنار بەستى غىبىرچىقا تولمىغان.
ئەۋلىيا ئۇشبۇ رەسىمدە، ئاق چېچى ئاز قاپتۇ بەك،
كۆن بويى قىلغان ئىشى ئۆڭكۈرنى ساقلاش تىنچ - ئامان.
كۆز تىكەر ئۇ بويىنىنى سوزغان پېتى ئۆرە تۇرۇپ،
بەلكى مەندەك بىرلىرى پانىي جاھاندىن يانمىغان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا رەسىمدىكى مەنزىرە ۋە ئەۋلىيا سۇپەت راھىب ناھايىتى جانلىق يېزىلغان. شېئىردا چوڭقۇر مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. ئەۋلىيا سۇپەت راھىبنىڭ بىرسىنى ساقلاۋاتقان قىياپىتى، لېكىن ئاپتور ئۆزىنىڭ تېخى زاھىتلىق يولىنى تۇتمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## تاغ ئېچىدىكى مۇغەننى راھىبقا

نىلۇپەردىن تون كىيىپتۇ تاغدىكى راھىب كالان،
قاشتېشى چالغۇسىدىن ياڭرايدۇ گۈلگە شوخ ئاھاڭ.
گەرچە ئۈزگەن بولسىمۇ ئۇ پانىي ئالەمدىن كۆڭۈل،
ئۈچرىشىپ قالسا بىرىگە نەغمە باشلار شۇ ھامان.

ئىزاھ:

شېئىردىكى راھىبنىڭ كىيگەن كىيىملىرى غەلىتە بولۇپلا قالماي، مۇزىكىدىكى ئىقتىدارىمۇ ئۆزگىچە. كۆرگەنلا ئادەمگە نەغمە قىلىپ بېرىدۇ. قارىغاندا، ئۇ يەنىلا پانىي ئالەمنى سېغىنىدۇ، يالغۇز ياشىغۇسى كەلمەيدۇ. شېئىر شۇنچە ئەركىن ۋە قىزىقارلىق يېزىلغان.

## شەمشاد راۋىقى

ئەمدى چىققان چاغدا كۆن ماڭدىم راۋاقنىڭ ئۈستىگە،
پەردىنى قايرىپ قاراپ قالدىم خۇاڭشەن بەستىگە.
ۋادەرىخ، ئۇ قاتمۇقات ئاپئاق بۇلۇتتىن ئۆرلىگەن،
نىلۇپەردەك بىر چوققا بەكمۇ ياراشقان ھۆسنىگە.
بىر يېرى پەس، بىر يېرى شۇنداق ئېگىز، بىر خىل ئەمەس،
تاڭ سەھەر يا كەچتە كۆر مەپتۇن بولۇرسەن ۋەسلىگە.
ئولتۇرۇپ جيۇخۇا تېغىدا پەسكە پۇت قويغان مەھەل،
داستىخان جىڭتىڭ گويا نېمەت تىزىلغان ئۈستىگە.
سوقسا گەر سەلكىن كېلىپ مىنلىڭنى قورشايدۇ بۇلۇت،
ياپيېشىل ئارچا قونۇپ تۇرغان بۇلاقنىڭ كۆكسىگە.
گەر ئاياغىدىن ئۈزۈلمەي گۈركىرەپ سوقسا بوران،
جور بولۇر ئەپساندەك شاھانە كۈي ياز پەسلىگە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىم تۇرۇپ سۇرسەم خىيال قەلبىمدە شادلىق كۆلكىسى،
قويۇۋەتكۈم يوق ئۆزۈمنى پانىي دۇنيا مەيلىگە.
نەگە بارغۇم كەلسە بارسام، ئوينىسام، ئالسام ئارام،
شۇ ئەمەسمۇ جەننەتۇلمەئۋا زامانە ئەھلىگە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا خۇاڭشەن تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئۇ يەرنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان شاد - خۇراملىق يېزىلغان. «جىم تۇرۇپ سۇرسەم خىيال قەلبىمدە شادلىق كۈلكىسى، قويۇۋەتكىم يوق ئۆزۈمنى پانىي دۇنيا مەيلىگە» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ھۆر - پەرىلەر ماكانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق جايدا پانىي ئالەمدىكى قايغۇ - ئەلەمنىڭ پاك - پاكىز تۈگەيدىغانلىقى، ئادەم ئۆزىنى جەننەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆمرىنىڭمۇ ئۇزۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## جەنۇبقا قايتقاندا يېزىلغان ئىككى شېئىر

### 1

ئۆز يۇرتۇم جياچىڭغا يانغان چاغلىرىم ئاستانىدىن،
ساق يېرىم ئاي يول يۈرۈپ باردىم تۇغۇلغان ئۆي تەرەپ.
تالى مەجنۇن سۇندۇرۇپ قىلدىم جۇدالىق بەلگىسى،
ئايرىلىش ئوخشاش، لېكىن ئۆز يۇرت دېگەن ئۇ باشقا گەپ.

### 2

يانمىدىم ئىككىنچى ئاي، بىر ئاي ئۆتۈپ بولدى سەپەر،
ئالدىراپ يۈك - تاقنى تاڭدىم، چامدىدىم يۇرتۇم تەرەپ.

قىلمىدىم چىققاننى يولغا باغدىكى گۇلگە خەۋەر،
توزۇماي تۇرسا، ئېچىلسا مەن يېتىپ بارغاندا دەپ.

ئىزاھ:

يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىردا ئاپتورنىڭ ئاستانىدىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققان چاغدىكى خۇشاللىقى يېزىلغان. شېئىر شۇ چاغدىكى ئەدىب - ئۆلىمالارنىڭ بىرەر جايدىن ئايرىلغاندا ئىپادىلەيدىغان ھەسرەت - نادامەتلىرىنىڭ ئەتۇرىسىچە، ئاپتوردىكى يۇرت مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يولغا چىقماي تۇرۇپلا يۇرتى تەرەپكە تەلپۈنگەنلىكىنى، ھەتتا يۇرتىدىكى گۈل - گىياھلارغا ئۆزى بارغىچە ئېچىلماي تۇرۇشنى تاپىلىغانلىقىنى ناھايىتى جانلىق، قىزىقارلىق تەسۋىرلىگەن.

## خورسىنىش

ھەيدىدى سەلكىن باھار، چىقتىم ياتاق ئۆي ئۆگزىگە،
سايىۋەن قىلدىم قولۇم باقتىم يىراق چىجۇ تامان.
ۋەدىمىز تاغدىن ئېغىر، چوڭقۇر ئىدى ئوكيان كەبى،
كۆرمىدىم ئون يىل سېنى لەۋزىمدە تۇردۇم ھەر زامان.
زىبۇ زىننەت ئالدى قوشنام، بولدى ياتلىق چوڭ قىزى،
يەنە بىر قوشنام قىزىمۇ توي قىلىپ تاپتى ئارام.
قارىسام تەڭتۇش ئىدۇق، بىر يەردە ئۆسكەن ھەممىمىز،
ئانا بولدى بىرسى قالماي، كۆردى پەرزەنت شادىمان.
ئائىلەڭ نامرات ئىدى، قول ئىلكىدە ھېچنەرسە يوق،
مەنمۇ ئوخشاش كەمبەغەل، ساقلاپ سېنى يۇردۇم ھامان.
قارا چاچىم ئاق بولۇرمۇ دەپ ئىچىمدە بىرلا غەم،
بولسىمۇ پۇل ۋە لېكىن ياشلىق تېپىلماس ھېچقاچان.
قارلىغاچتىن نامە يازدىم بىلمىگەچ ھالىڭ نىچۇك،
سول پۇتىغا باغلىدىم تەگكەي قولۇڭغا تىنچ - ئامان.

ئارزۇيۇم: بارسا يېتىپ خەت بىر كۆرۈپ چىقساڭ ئۇنى،
مەن خۇشال يانغاندا گۇللۇك رەختنى قىلساڭ ئەرمىغان.

ئىزاھ:

نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىدىكى شېئىرلار شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىردا ياش بىر ئايالنىڭ چىجۇ ئايمىقىدىكى يارىنى كۇتۇۋاتقان ھېسسىياتى يېزىلغان. ئۇ ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈشمىگەن يارىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تۆت بولغاندا، قوشنا قىزلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن توي قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا چوڭ بولغان تەڭتۇش قىزلارنىڭ ئانا بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ بارغانسېرى قېرىپ، ياشلىق باھارىنىڭ كەلمەسكە كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يارىنى سېغىنىپ قارلىغاچتىن خەت يوللايدۇ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شېئىردا ئاپتورنىڭ ئاۋام پۇقرانىڭ بەختسىزلىكىگە بولغان ھېسداشلىقى ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور باشقا شېئىرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىنى يازغان.

## يامغۇردا چاڭشا كۆلىدىن ئۆتۈش

يۇيىدۇ يامغۇر بۇدەم كۆز رەڭگىنى،
قارىساڭ ئاق لېنتىدەك كۆل دولقۇنى.
نە سەۋەبكى، ئالدىراپ تىت ـ تىت ئىچىم،
شوخ شامال، كۆپتى كېمەمنىڭ يەلكىنى.
چۇشسە ياپراق كېلىدۇ كۈزدىن خەۋەر،
كۆلدە ناخشا بۇزىدۇ قۇش مەيلىنى.
ئىچمىسەم ئۇشبۇ سەپەردە مەي ـ شاراب،
تۈگىتىپ بولماس يۈرەكنىڭ دەردىنى.

ئىزاھ:

شېئىردا چاڭشا كۆلىدە كېتىپ بېرىپ كۆرگەن كۈز مەنزىرىسى ۋە ئاپتورنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار يېزىلغان لېكىن، بۇ ئازابلىق تۇيغۇلار بەكمۇ ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق ئىپادىلەنمىگەن.

## مەنزىرە

ئايلىنۇر قەلئەنى خۇەيخې، سۇ يۈزىدە ئاق تۇمان،
غەمگۇزار مەزلۇمغا مەڭگۈ قەرزداردەك قەھرىمان.
قاش قارايدى كەلمىدى قولۋاق پرېستانغا يېقىن،
گۈلگە ئامراق كېپىنەكلەر گۈل يۈزىدە ئوينىغان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا گۇگۇم ۋاقتىدىكى قىرغاق مەنزىرىسى يېزىلغان. مىسرالاردىكى كۆرۈنۈش ناھايىتى ئوبرازلىق، گەپ - سۆزلەرمۇ ناھايىتى راۋان.

# بيەنلۇ

بيەنلۇ، ئىسمى لۇ شېك، بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن. نەنتەي مەھكىمىسىگە جارچى بولۇپ، غەربىي يۇرتلارغا يارلىق ئېلىپ ماڭغاندا ئۆلۈپ كەتكەن. هايات پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس. بيەنلۇ شائىر ھەم رەسسام بولۇپ «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل» نام- لىق رەسىمنى سىزغان. جۇجىسى بەھرىدە يازغان «غەربىي كۆل- گە مۇشائىرە» دېگەن شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## غەربىي كۆلگە مۇشائىرە

هۆپۈپ كەلدى، كۆكەردى ئۈجمە ياپراقى،
ئېچىپ نەشپۈت چېچەك ئۇلاشتى چوكانتال.
كېلەردە يا كېتەردە خەت يازمىدى ئېرىم،
كېيىنەكلەر ئۇچۇپ چۆرەمگە ئولاشقان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئۈجمىلەر كۆكەرگەن، نەشپۈتلەر چېچەكلىگەن باھار پەسلىدە ئېرى ياقا يۇرتقا كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن بىر ئايالنىڭ ئېرىنى سېغىنغانلىقى، نامەھرەم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ چۆرىسىدە كېپىنەكتەك ئەگىپ يۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شابەن

شابەن، ئىسمى زىجۇڭ، غەربىي يۈرتتىن، خاڭجۇدا ئولتۇ- راقلاشقان. تەشرىپدارلىققا كىرگەن. جيەنئەندە باش كاتىپ بول- غان. خۇنەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق ۋازارەتتە ۋەزىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇندى خانىنىڭ جىجېك يىللىرى چىڭ- يۈەندە خالىسانە ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىپ پەرزەنتلەر- نى ئوقۇتقان. ليۇجى دېگەن كىشى «شابەنىنىڭ خالىسانە مەكتەپ باشقۇرغان چاغلىرىدىكى شېئىرىغا كىرىش سۆز»ناملىق ماقالە يازغان. شابەنىنىڭ شەنسەي، شەنچىڭ ئاتلىق ئىككى ئوغلى ھاكى- مىيەت ئورۇنلىرىدا ئەمەل تۇتقان.

### ۋۇيىشەن تېغى

باشقا بىر دۇنيا دېسەك ۋۇيى تېغىنى لاپ ئەمەس،
قولنى سوزسا يەتكۈدەك جايدا جاھاننىڭ جەننىتى.
توققۇز ئەگىمدىن ئۆتۈپ بارماق كېرەك قولۋاق بىلەن،
قۇش ئاۋازى بىرلە تولغان چوققىلارنىڭ قات - قېتى.
ئولتۇرۇپ ئاپئاق بۇلۇتقا يۈرسە نەمخۇش كۆك ھاۋا،
غار ئىچى تولغان باھارغا گۈل - گىياھلار زىننىتى.
پانىي دۇنيا، باقىي ئالەم بەك يىراق دەپ قالمىغىن:
تىك قىيادا بار پەرىشتىنىڭ ھېسابسىز سەنئىتى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ۋۇيىشەن تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىر-

لەنگەن. ئاپتور باشتىكى مىسرالاردا بۇ تاغنىڭ ئۆزگىچە قىياپە-
تىنى، قولنى سوزسىلا جەننەتتەك جايلارنى تۇتۇۋالغىلى بولىدى-
غانلىقىنى يازغان، ئاخىرىدا بۇ يەرنىڭ راستلا ئەۋلىيالار ياشايدى-
غان جاي ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. شېئىردا ئاپتورنىڭ ۋەتىنى-
مىزنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

## ئەۋلىيالار ئىبادەتخانىسى

گەر ئېگىز جايغا چىقىپ يۇلتۇزغا سوزسا قول يېتەر،
مەي ئىچىپ مۇڭداشسا ھەركىم كۆڭلىنى خۇشنۇد ئېتەر.
ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىگەن جايدا ساناقسىز تىزما تاغ،
ئەگىلىپ ئاققان ئېقىنلار كۆلبىنى يانداپ ئۆتەر.
غار ئىچى تىمتاس، گىياھلار چىرمىشىپ ياتقان مودام،
مۇددىئاسىز قۇش ئۇچۇپ گاھى كېلەر، گاھى كېتەر.
سورىمايلا قوي نىگار جەننەت يولىنى نەدە دەپ،
تۇنجى ئۆتكەل ئەۋلىيالىق ئىزدىگەنلەرنى كۈتەر.

ئىزاھ:

بۇ يۇقىرىدىكى شېئىر بىلەن تەڭ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ،
ئۇنىڭدا ئوخشاشلا ۋۇيىشەن تېغىنىڭ گۈزەللىكى، ئاپتورنىڭ بۇ
خىلۋەت ماكانغا بولغان مۇھەببىتى ۋە تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن.
ھەر ئىككى شېئىر ناھايىتى ساپ، تەبىئىي، جۇشقۇن ھېسسىيات
بىلەن تولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەي لۇي

مەي لۇي، ئىسمى جيەنشەن، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر. بوۋىسى هاجى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جياڭنەندە ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دادىسى ئىبراھىم پۈتكۈل بىساتىنى سەرپ قىلىپ، مەي لۇينى ياخشى ئوقۇتقان. شۇندى خاننىڭ جىجېڭ 22 - يىلى (1362 - يىلى) مەي لۇي «يۈسۈن رىسالىسى» بويىچە يۇرت مۇللىسى بولۇپ تاللانغان ۋە يىنخې كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن. شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى لى شاڭجيۇڭ تەرىپىدىن ئوردىغا تەۋسىيە قىلىنغاندىن كېيىن، جياشىڭ ناھىيىسىدە مۇدەررىس بولغان. يۈەن سۇلالىسى هالاك بولغاندىن كېيىن نامراتلىقتا تەن بېرىپ، جەمئىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتقان. 11 پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## تەسىراتىم

مەن نەزەر سالسام شىمالغا ئىچ - ئىچىمنى يەيدۇ غەم،
شۇ سەۋەب جىسمىمگە يۈنجيەندىن پاناھ تاپتىم بۇ دەم.
ئاي ۋە كۈن بولغان نامايان پاكىزە قەلبىم ئارا،
ئەمما، كەچمىشلەر نادامەتتىن چېچىمغا بەردى رەڭ.
ئۆكۈنەرمەن ئىشلىرىمغا بولمىغاچ ۋارىس بىرى،
شۇندىمۇ مېھرىمنى يەتكۈزدۈم دادامغا دەممۇدەم.
بىر بەلەن يۇرتۇم تۇرۇپ قايتماق ئۇڭا بولدى قىيىن،
كاككۇك ئاۋازى ئۇزاتماقتا باھارنى ئۇشبۇ دەم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مالـ-
مانچىلىق مەزگىلىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ يۈەن سۇلالـ-
ىسىغا بولغان ساداقىتى ۋە يۇرتى تۇرۇپ قايتىپ بارالمىغانلىقىغا
بولغان ئۆكۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن. مىسرالاردىن بىر خىل
قايغۇ - ئەلەم چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئاخىرقى مىسرا ئوقۇر-
مەننى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## يې دەرۋىش سىزغان «قاردىكى يەلكەن» رەسىمگە بېغىشلىما

توشقۇزۇپتۇ قارغا دەرياني شىمالدىن شىۋىرغان،
كۆكتىكى قۇشتەك كېمە يالغۇز ئۈزەر ئوڭ - سول تامان.
ئەسلىتەر قاشتاش دەرەخنىڭ ناخشىسىنى ھەر پالاق،
بۇك - باراقسان تاغ - ئېدىرلار، چۆچۈدۈم، كەتكەن قايان.
سۇبھىدەم گۈگۈمدا ئۆتتۈم مەن دېڭىزنىڭ قوينىدىن،
كەچقۇرۇن ئاسماندا يۇلتۇزلار ئارا ئۈزدۈم راۋان.
توۋا، خەنيۇمۇ مېنىڭدەك كېمىگە ئولتۇرسىچۇ،
ئات بىلەن لەنگۈەنگە بارماق بۇ سوغۇقتا بەك يامان.

ئىزاھ:

شائىر رەسىم ئارقىلىق، يەلكەننىڭ نىشانسىز مېڭىۋاتقان
كۆرۈنۈشىنى ۋە ئۆزىدىكى پانىي دۇنيادىن يىراقلىشىش ئىدىيە-
سىنى ئىپادىلىگەندەك قىلىسىمۇ، ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ چىقىش يو-
لى تاپالمىغانلىقىنى، ئۆزىنى زورلاپ باشقا بىر دۇنيا بىلەن
مۇڭدىشىپ ئۆتمەكچى بولغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. چۈنكى، شې-
ئىردىن ئۇنىڭ تېخى تەركىدۇنيا بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى، «قاش-
تاش دەرەخ ناخشىسى»، «بۇك - باراقسان تاغ - ئېدىرلار» نى
ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى، يەنىلا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل

بۆلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ دۆلەت
ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمەي بىكار يۈرگەنلىكىنى مەسخى-
رە قىلىدۇ. ناۋادا يەن سۈلالىسى ھالاك بولمىغان بولسا، ئۆزى-
نىڭمۇ خەنيۈدەك ئاتلىق يولغا چىقىپ، بىرەر جايدا ئىشلەيدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## قار

سوغ شامال تەگدى بۈزۈلغان كەپىگە،
تاڭدا قار ياغدى ۋىژىلداپ ھەر تامان.
مۈزلىغاندەك بولدى ئاسماندا ھاۋا،
ئاق بۇلۇت تاغلارغا ياپتى داستىخان.
ئەجدىھا ئۇخلايدۇ بۇندىن بىخەۋەر،
جورىسىز تۇرنا توپىنى توۋلىغان.
ئويلىدىم ئۇشبۇ مىنۇت شىخۇ كۆلى،
بەلكى مېيخۇامۇ ئورۇقلاپ توڭلىغان.

ئىزاھ:

قار مەنزىرىسىنى كۆيلىگەن بۇ شېئىرنىڭ ۋەزنى، ئۇدارلى-
رى ناھايىتى مۇكەممەل، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. ئاخىرقى
مىسرادىكى مېيخۇانىڭ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكى ناھايىتى چىرايلىق
يېزىلغان.

## باھار يامغۇرى

تاڭدىكى يامغۇر بىلەن تاغلار ئاقۇش،
تاشلىدى سايە بۇلۇت يەر ئۈستىگە.
قاچتى قۇشقاچلار دەرەخنىڭ شاخىدىن،
چۈشتى گۈل بەرگى غازاڭلار كۆكسىگە.



www.uyghurkitap.com

سۇ پايانسىز قارىسام شىجياڭ تەرەپ،
باقمەن ئوردا شىمالنىڭ ھۆسنىگە.
چالمىدىم چىلتار ئىسقىلىقلا پىتى،
يەتمىسۇن دەپ مۇڭنى تاغ كەينىگە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا قولدىن كەتكەن دۆلەت ۋە تۇغۇلغان يۇرتقا بولغان ئەسلەش ئىپادىلەنگەن. شائىر ئاخىرقى مىسرالاردا ئۆز يۇرتىنىڭ ئاھاڭلىرىنى چالمايدىغانلىقى، مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ ئادەمنى تېخىمۇ ئازابلىشىدىن قورقىدىغانلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆز بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان ھەسرىتىنى تەسۋىرلىگەن.

## تەسىراتىم

ۋاقىت ئۆتتى چېچىپ ئاتتەك ئۆمۈرنىڭ ئالدىدىن بىر - بىر،
مىنۇت ھەم تۇرمىدى ساقلاپ كۆپەيتتى ئاھۇ زارىمنى.
ئىسىمدە كەلمىكىم يۆشەن تەرەپ بولغان ئىدى مەقسەت،
كېتىپتۇ ئىككى ئون يىل ساق ئېلىپ تەندىن مادارىمنى.
زاماننىڭ پەيلىدىن قورقۇپ پاناھلاندىم يىراقلاردا،
بوران - چاپقۇن يوقاتتى، باشقىچە قىلدى چىرايىمنى.
بوۋامنىڭ غەملىرى ھەيھات يېتىپتۇ تا بۈگۈن كۈنگە،
بىلەلمەيمەن پەلەكنىڭ چەرخىدىن نەگە بارارىمنى.
تەبىئەت مۈزلىدى، ئاپئاق قىرو يىل ئاخىرى بۇدەم،
دېڭىزغا تەڭ دېسەم ئارتۇق ئەمەس قەلبىمدە ئاھىمنى.
يىغىلغان ھەسرىتىمدىن كۆن بىلەن ئاينىڭ يۈزىدە داغ،
بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئەپسۇس بىلەن ئۆرتەيمەن جانىمنى.
تېپىپ ئۆڭكۈر ئارا شاڭشەندىكى دەرۋىش بولۇپ ئۆتسەم،
ئۈزۈپ مېھرىگىياھ قوشسام قوشاقتا دەردۇ ھالىمنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولغانلىقى، ماداردىن كەتكەنلىكى، چىقىش يولىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىگەن-لىكى بايان قىلىنغان. ئەڭ ئاخىرقى مىسرالاردا شاڭشەندىكى تۆت دەرۋىشتەك، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە بېكىنىپ ياشىماقچى بولغان-لىقى ئارقىلىق، يەنە سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ئە-دىب - ئۆلىمالارنىڭ روھىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# دادۇلۇي

دادۇلۇي، غەربىي يۇرت بەشبالىقتىن. شۇندى خاننىڭ جىجىك يىللىرى بۇگۇنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيىسىدە ئىشلىگەن. كېيىنچە تېگىن بۇقا بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىدىن چېن يۇلياڭ بىلەن بىرنەچچە يىل جەڭ قىلغان. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

## ۋۇ ئەنجۇن ئىبادەتخانىسى

قامچىلاپ ئاتنى قوۋۇق تۇمىنىدىن ئۆتتۇم بىر يولى،
تەزىيە بىلدۇرمىكىم سانغۇنغا قەلبىمدە نىيەت.
پەسلى كۇزنىڭ ئوت - چۆپىگە كۆمۈلۈپتۇ قەبرە تاش،
پارە - پارە كونا ئىز كەچكى بۇلۇتتا چۆلدەرەپ.
يەر بىلەن ئاسمان كەبى ئۇنتۇلغۇسىز ئەردى بۇ نام،
قۇدرىتى ۋىجدان قەدىمدىن ساقلىنادۇر تا ئەبەت.
ئاتنى توختاتتىم، ئازابتىن كۆزلىرىمدە ياش تارام،
تالدا تىترەپ بىر تومۇزغا نالە ئەيلەيتتى پەقەت.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا يېغىلىق يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ سانغۇنى لى مۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، شائىرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت - ئەقىدىسى ئىپادىلەنگەن. شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتقان، قۇدرىتى يىراق - يېقىننى

زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۆ سەركەردىنىڭ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشى لازىملىقى، بۆگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئوت - چۆپلەر ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغانلىقى، ئىبادەتخانىنىڭ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، پەقەت بىر تومۇزغىنىڭ تىترەپ تۇرۇپ نالە قىلىۋاتقانلىقى ئارقىلىق شائىرنىڭ ئادالەتسىزلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# تېگىن ساڭيا

تېگىن ساڭيا، ئۇيغۇر، جىڭنەن بەگلىكىنىڭ جياڭجې ۋا-
قىتلىق ۋازارىتىدە ۋەزىر بولۇپ ئىشلىگەن دور تېگىنىنىڭ ئوغلى.
بىلىملىك ھەمدە مۇزىكىدا تالانتى بار ئادەم. دەسلىپىدە شىنجۇ
ئايمىقىدا يادەمچى ئايماق بېگى بولغان. كېيىنچە جيەندې يولىدا
باش بۇغ، چۇيجۇ يولىدا دارۇغاچ، جېجياڭنىڭ شەرقىدە ئەمىر-
لەشكەر، مۇئاۋىن تەپتىش بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەن-
گەن. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىدىن چېن يۇلياڭ
بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

## خۇاڭشەن تېغىدا

ئەجەب ھەيۋەت ئېگىز بۇ تاغ يېشىل كۆككە تاقاشقاندەك،
مەگەر ئۇستىدىدۇر ئادەم بۇلۇت قوينىغا ماڭغاندەك.
ئاقار مەشرىق تامان شۇجياڭ يىپەك لېنتا كەبى پاكىز،
جەنۇبتا كۆرۈنەر فېڭيۇ چېچىپ نۇر قاپقارا رەڭدەك.
جىرالار مىڭ غۇلاچ چوڭقۇر، دەرەخلەر چىڭ گىرەلەشكەن،
تۇمەن چاقىرىم ئېتىز - تۈزلەڭ تۇرار گۈلزار تۇتاشقاندەك.
گويا ئاسماندا مەن بۇ دەم تۇرۇپ تىك توۋلىدىم بىردىن
قاراپ ئاستانىگە خۇددى بىرى قەلبىمنى چەككەندەك.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا خۇاڭشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن.
يىراقتا نەزەر سالسا «مەشرىق»، «جەنۇبتىن كۆرۈنۈۋاتقان فېڭيۇ

تنزمىلىرى» ، پەسكە قارىسا جىرادىكى دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ زارلىقتا ئايلانغان ئېتىز ـ ئېرىقلار، ھەيۋەتلىك زېمىن، پاياند ـ سىز تۈزلەڭ. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان كۆيۈنۈشى ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلەنگەن.

# بويان زىجۇڭ

بويان (1327 — 1379)، ئىسمى زىجۇڭ، غەربىي يۇرتـ
تىن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ
12 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن «يۈەن سۇلالىسى تارىـ
خى» غا تەزكىرىسى يېزىلمىغان. بوۋىسى جياڭشىدا ئەمەلدار بولـ
غانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسى بويىچە جىنشيەندە ئولتۇراقلىشىپ
قالغان. بويان كىچىكىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، ئاـ
دىللىقنى ياقلايدىغان بالا بولۇپ چوڭ بولغان. كلاسسىك دەستۇرـ
لارنى قولىدىن چۈشۈرمەي دىگۈدەك كۆرگەن. «ئەممىنىيە» نى
تولۇق بىلىشتە جياڭشى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈـ
چۈن ۋاقىتلىق ۋازارەت تەرىپىدىن لۈڭشىڭ يولىدىكى كۇتۇپخانىغا
ئەۋەتىلگەن. جيەنچاڭدا تەرىقەت ئىلمىدىن دەرس بېرىدىغان مۇـ
دەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. بويان گەرچە تەرىقەت يولىنى تۇتقان
بولسىمۇ، لەشكىرىي ئىشلارنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. جياڭـ
شىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ۋاقىتلىق ۋازارەت ئۇنى
گەنجۇ يولىغا ئامباللىققا بەلگىلىگەن. كېيىن مىرزا مەسلىھەتچىـ
سى بولغان. چېن يۇلياڭ گەنجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا شەھەر قولـ
دىن كېتىپ، چىغىر يول بىلەن فۇجيەنگە بېرىپ پاناھلانغان.
ئوڭ قول ۋەزىر جاڭ ۋەن ئۇنى غەيرىي رەسمىي ئامباللىققا
تەيىنلەپ، فۇجيەندىكى ئەمىرلەشكەر چېن يۇدىڭغا ياردەملىشىپ
جيەنچاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتكەن. غەلىبە قازانغانلىقى ئۈچۈن
لەشكىرىي پىرقىدا يانداش بەگ بولغان. گۇاڭشىغا قوشۇن باشلاپ
بېرىپ، مىڭ خاندانلىقىنىڭ سەركەردىسى لياۋ يۇڭجۇڭ بىلەن
بولغان جەڭدە قولغا چۈشۈپ قالغان. تىز پۈكمىگەنلىكى ئۈچۈن

قويۇپ بېرىلگەن. بويان شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىپ، ياقا يۇرتلاردا جان باققان ۋە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مىڭ تەيزۇ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەن. جياڭشىنىڭ پەرمانبەردارى خۇڭۋۇنىڭ 12 - يىلى ئەدىب - ئۆلىمالارنى تىزىملاۋېتىپ بويانىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرتىپ قالغان ۋە ئۇنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇنى ئاڭلىغان بويان نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئەجدادلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، يەتتە خەتلىك بىر پارچە مەرسىيە يېزىپ، ئاندىن دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. «يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما» غا ئۇنىڭ «زىجۇك توپلىمى» كىرگۈزۈلگەن. بۈگۈنگىچە ئاران 14 شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## ۋۇشەن ئۆتكىلى

سۈيى ئاز قالدى ئېرىقنىڭ ئۈشبۇ دەم چۈشكەچ قىرو،
ئولتۇرۇپ چىقتۇق كىچىكچە دالىدا گۈلخان يېقىپ.
كىم مېنىڭدەك ئۆتكەن قەدىم يولدىن؟ كۆرۈنمەيدۇ ئىزى،
قاپتۇ تاغنىڭ باغرىدا ئۆتەڭ ئېتىلا ساقلىنىپ.
ياكى يونقان بەك سوغۇق، ياكى كېچە بەكمۇ ئۇزۇن،
قالدۇ بەزەن جىسەكچى ئورسا تاكتاك ئاڭلىنىپ.
تىنچ ئەمەس كۆڭلۈم پەقەت، قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ ئەلەم،
ئېھتىمال ئۆتتۇممىكىن يالغان ئاتاققا ئالدىنىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا سەپەردە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ مۈشكۈللۈكى ۋە شۇ تۈپەيلى ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان غەم - ئەندىشە، ئۆزد-



www.uyghurkitap.com

نىڭ يالغان نام ـ شۆھرەتتىن تاپقان پۇشايمانلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئىپادىلەنگەن.

## يۇچۆگە مەرسىيە

ماڭدىڭىز بىزگە ساداقەت قالدۇرۇپ،
يۇرت ئامان، ئەمما كۆچى كەتتى قۇرۇپ.
ئېسىمىزدە بىر ئەسىرنىڭ شەپقىتى،
ئەل ئارا قەد كەردىڭىز باتۇر بولۇپ.
ھەممىنىڭ قەلبىدە باردۇر نامىڭىز،
ياردىڭىز نەزمە ئەقىدە تولدۇرۇپ.
كۆڭلىمىزدە سىز ئۈچۈن كۆرمىڭ خىيال،
سىزگە ھەمراھ كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرۇپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ سادىق ئەمەلدارى يۇچۆگە سەمىمىي تەزىيە بىلدۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ ئەقىدىسىمۇ يۇچۆ بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، شېئىردا ئۇنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

## شىنخۇا ئىبادەتخانىسى

ئون يىلىم ئۆتتى، تۈيۈقسىز قارىسام چاچىمدا ئاق،
كەلگىنىمدە نەۋ باھار قىلدىم ساياھەت ئۈشبۇ ياق.
كۆجە كۆيگەن قۇپقۇرۇق ھۇجرامدا پەردە يوق گۈلى،
قويمەن ئورمان ئارا كەچتە شېغىل يولغا ئاياق.
بۇ دىياردا تاجۇ تەختنى كىم يۆلەيدۇ بىلمىدىم،
مەن ئۆزۈم قاڭقىپ ئېدىرلار ئۈستىدە ھالىم چاتاق.
يۇرىكىم ئوخشايدۇ چاڭجياڭنىڭ سۈيىگە شۇ قەدەر،

ئۇ قەدىمدىن مۇڭلىنىپ ئاققان شىمالغا ئالدىراپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا يوەن سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىگە بولغان ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئاپتور تاغ - ئورمانلاردا پاناھلىنىپ، تاجۇ تەختىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ تۇر-مۇش كەچۈرگەن. مىسرالاردا ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئەنخۇيدىن شى-مالغا قايرىلىپ ئاققان چاڭجياڭ دەرياسىغا ئوخشىتىپ، يوەن سۇلالىسىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرگەن.

## باھار مەۋسۇمىغا ئارىيە

چۈشتى ئۈستۈمگە قىزىل گۈل ياپرىقى بولغان خازان،
ئاق بېلىق شىلدىرلىغان ئۆستەڭدە ئوينايدۇ راۋان.
شۈنچە رەڭدار كاتتا كۆۋرۈك، ھېچ كىشى ئۆتمەس لېكىن،
تالى مەجنۇن ياپيېشىل قۇشلار ئۇچادۇر شاخ تامان.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا باھار مەنزىرىسى شۈنچە ئىخچام، ئوبرازلىق، خۇددى سۈرەتتەك تەسۋىرلەنگەن. لېكىن، مىسرالاردىن شائىر-نىڭ زېرىككەنلىك كۆڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگى-لى بولىدۇ.

## شىمالىي تاغ

تال - تېرەكلەر قاپلىغان كەڭرى دالانى رەڭگى سۈس،
ئېشەك بېشىدا ئەۋرىشىم شاخ كۆن نۇرىدىن ئىللىغان.
سايرىغان قۇشلار چۈشەنمەيدۇ زامانىنىڭ رايىنى،
مۇڭلىرى گويا مېنى قايتىپ كېلىشكە چىلللىغان.

ئىزاھ:

شائىر باھاردىكى دالا مەنزىرىسى ئارقىلىق، دۆلەت مۇنقەرز بولغان ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى بىلمەيۋات-قان قايغۇسىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىر شې-ئىردا كىنايىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى خورسىنىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

# دىڭ خېنيەن

دىڭ خېنيەن (1335 — 1424) ، ئىسمى يۈڭگېڭ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر. ئۇ 33 ياشقا كىرگەندە يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغان، مىڭ سۇلالىسى يۈڭلېنىڭ 22 - يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» غا تەزكىرىسى كىر- گۈزۈلمىگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «مەرىپەت گۈلزا- رى» دا ناھايىتى قىسقا تونۇشتۇرۇلغان. دەي لياڭ يازغان «ئە- لىيۇلئەلالار تەزكىرىسى» دە ۋە ۋۇسىداۋ يازغان «ۋاپادار دىڭ خېنيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا تەپسىلىي خاتىرىلەر بار.

دىڭ خېنيەننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئالاۋۇدۇن، چوڭ بوۋىسى ئۆمەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى كاتتا سودىگەرلەر. بوۋى- سى شەمسىددىن لىنجياڭ يولىدا دارۇغاچ بولغان. دادىسى جامال- دىن قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، نام - ئاتاققا بېرىلمىگەن، سېخىيلىقنى چوڭ بىلىپ، مال - مۈلۈكنى ئەتىۋارلاپ كەتمە- گەن؛ 40 يېشىدا دىۋان مىرزىسى بولۇپ، ۋۇچاڭ ناھىيىسىدە دارۇغاچىلىقتا ئۆستۈرۈلگەن؛ ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامىغا «ساۋابخانا» قۇرۇپ، ۋۇچاڭدا ئولتۇراقلى- شىپ قالغان؛ بەش پەرزەنتلىك بولغان. دىڭ خېنيەن ھەممىنىڭ كىچىكى بولۇپ، 12 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن. دىڭ خېنيەن ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇپ، مىراس قالغان بايلىقنىڭ ھەممىسىنى ئاكىلىرىغا بېرىۋەتكەن. ئۆزى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا تولىمۇ نامرات كۈن كەچۈرگەن. 17 ياشقا كىرگەندە «شېئىرنامە»، «نەسرنامە»، «يوسۇننامە» قاتارلىقلارنى تولۇق

ئىگىلىگەن. چۈ بەگلىكىدىكى چوڭ تەرىقەتچى ئالىم جۈ خۇەيشياۋ ۋۇچاڭدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە دىڭ خېنيەنگە كۆزى چۈشۈپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى لەشكەرلىرى ۋۇچاڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، دىڭ خېنيەن ئانىسىنى ئېلىپ جېنجياڭغا كەتكەن. ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ بەش يىلغىچە تۈزۈكرەك تاماق يېمەي ياشىغان. نەۋرە ئاكىسى زىياۋۇدۇننىڭ مالىمانچىلىقتىن قېچىپ يۆجياڭغا كەتكىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا پىيادە بارغان. جېجياڭ مەھكىمىسىدىكىلەر دىڭ خېنيەننى مۇلازىملىققا، چى-رىكچىلىككە، شۇنداقلا دىيانەتكار، ۋاپادارلارنىڭ ئۈلگىسى قى-لىپ تىكلەشكە كۆرسەتكەندە ھېچقايسىسىغا ماقۇل بولمىغان. ئىبادەتخانىلاردا يېتىپ قوپۇپ، دورىگەرلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈز-گەن. دىڭ خېنيەن كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، بىرەر كىتابنى ئو-قۇپ بولسىلا ئېسىدە ساقلىيالايدىغانلاردىن بولۇپ، شېئىر ئىجا-دىيىتىدە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان. دەي لياڭ «خېنيەننىڭ نەزمىلىرىگە كىرىش سۆز» دە: دىڭ خېنيەن «شېئىرنى ناھايىتى سۈزۈك ۋە چىرايلىق يازاتتى، چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەپ بې-رىشكە تىرىشاتتى، بەك كۈچ سەرپ قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەش خەتلىك، يەتتە خەتلىك شېئىرلىرى بەك قالتىس ئىدى. بۇ شېئىرلاردىن دۇفۇ شېئىرلىرىدىكى گۈزەللىكنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇدار، رىتىملىرىدا شۇ دەۋردىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالا-ھىدىلىكى بار ئىدى» دەپ يازغان. دىڭ خېنيەننىڭ ئىككى خىل نۇسخىدىكى توپلىمى ساقلىنىپ قالغان.

## «تۈۋرۈك تاغ» رەسىمگە بېغىشلىما

بۇلۇتنىڭ قېتىدىن فىرۇزە ئېلىپ،
كۆز ـ كۆز قىلماي يۆلىسەم كۆكنى.

چوققىلارغا چىقالايدۇ كىم،
كۆرسەم دەيمەن مەشرىقتىن كۈننى.

ئىزاھ:
رەسمگە بېغىشلانغان بۇ شېئىر ناھايىتى مەردانە كەيپىياتتا يېزىلغان. ئۇنىڭدا تۆۋرۈك تاغنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى ناھايىتى ئىخچام، گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

## تومۇزغىنىڭ رەسمى

ئىچسە شەبنەمنى بەدەن پاكىز ھامان،
تۆۋلىسا سەلكىندە ئاۋازى يامان.
كەچكى پەيت، ئورمان، دەرەخنىڭ سانى يوق،
ياچىۋەكتىن قالمىقى تەستۇر ھامان.

ئىزاھ:
تومۇزغىغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا ئالىيجاناب زاتلارنىڭمۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئارقىلىق، شائىرنىڭ مالىمانچىلىق بىلەن قاپلانغان بۇ دەۋردە ھاياتلىق يولىنى تاپالمايۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## «تۈمەن يوللۇق چاڭجياڭ» رەسمىگە بېغىشلىما

1

مىڭ تۈمەن چاقىرىم ئۇزۇن چاڭجياڭ سۈيى،
بىلمىدىم قايسى تەرەپ ئۆز يۇرت ماڭا.

كۆزگە چۈشتى ئايدالادا بىر دەرەخ،
تونۇدۇم خەنياڭنى بەك تەستە مانا.

## 2

سۇ بويىغا جار سېلىپ كەلدىم بۇ دەم،
قايمۇقۇپ يۈرگەچ دېڭىزدا بىر زامان.
بولسا خالىس ئەتىيازنىڭ دولقۇنى،
ئۈزىتىپ قويغاي مېنى شۇنياڭ تامان.

ئىزاھ:
شائىر ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا «تۇمەن يوللۇق چاڭجياڭ» ناملىق رەسىمدىن يۇرتىدىكى دەرەخلەرنى كۆرگەن، تېزرەك قايتىشقا ئالدىرىغان. خىيالىدا بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ، دولقۇنغا ئۇلتۇرۇپ يولغا چىقىش نىيىتىگە كەلگەن. ھەتتا، باھارنىڭ سۇلىرىغا ئىلتىجا قىلىپ، نىيىتى خالىس بولسا ئۆزىنى شۇنياڭ دەرياسىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈتۈنگەن. شېئىر ئىنتايىن گۈزەل، سەممىي، جۇشقۇن، مەنىلىك يېزىلغان.

## ئەنسىز يىللار

چاڭ ـ توزاندا تەمتىرەپ يۈردۈم ئۇزاق،
بەرمىدى شادلىق ماڭا سەرسانلىقىم.
ئاغرىدىم، رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق،
دەرد ـ ئەلەمدىن ئاقىرىپ كەتتى چېچىم.
بوپ كېتەي زاھىت دېسەم گەپ ـ سۆز يامان،
ئەل ئۈچۈن كەمچىل تالانت، ئاچچىق ئىچىم.
بەرمىدى پۇرسەت ماڭا ھەر ئىككىسى،
ئويلىسام ماڭغان يولۇمنى قان ئىچىم.

ئىزاھ:

بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان شېئىر. يول ئەگرى - بۈگرى، قىلغان ئىشتىن نەتىجە يوق. كېسەل ۋە قايغۇ - ھەسرەتتىن رەڭگى سارغايغان، چاچ - ساقاللىرى ۋاقىتسىز ئاقارغان. دەرۋىش بولۇپ كەتمەكمۇ تەس، ئەمەلنىڭ پىشـ- نى تۇتماقمۇ تەس. سەرسانلىق، تۈگىمەس دەرد - ئەلەم. شې- ئىردا مالىمانچىلىق يىللاردىكى ئاپتورنىڭ تۇزۇكرەك بىر ئىش قىلىشقا ئامال تاپالمىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## تۆت ئاكامنى خاڭجۇغا ئۇزاتقاندىن كېيىن

زورمۇزور كۈلدۈم، دېگەندە ئەلۋىدا،
مەن قېلىپ يالغۇز، دىلىم چەكتى نىدا.
ئېزىلىپ باغرىم ئەبەدلىكتەك بۇ ھال،
ئىچ - ئىچىمنى قىلدى شادلىقتىن جۇدا.
تال - سۆگەتنىڭ بويى تەيشۇ دامبىسى،
گۈل دېسەڭ راھىب ئۆيىنىڭ ئالدىدا.
ئەگەر ئۆتۈپ قالغان مەھەل ئەسلەپ مېنى،
سۇندۇرۇپ بىر تال ئەۋەتكىلار ئۇدا.

ئىزاھ:

شائىر ئاكىلىرىنى يولغا سېلىپ بولۇپ، ئايرىلىش ئازابىغا چىدىيالماي بۇ شېئىرنى يازغان ھەمدە ئۇلارغا تەيشۇ دامبىسىدىن ياكى ئۆزىگە تونۇشلۇق راھىبنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتكەندە تال - سۆگەتنىڭ بىر تال شېخىنى ۋە ئېچىلغان گۈللەردىن بىر تالنى ئۈزۈپ ئەۋەتىپ تۇرۇشنى تاپىلىغان. شېئىردا شائىرنىڭ ئاكىلىـ- رىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شېئىر تولىمۇ ئېچىنىشلىق يېزىلغان. بۇ ئېھتىمال شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

## بېيگۇشەندىكى مەنزىرە راۋىقى

يوق بۇ مەنزىلدە گۈزەللىكنىڭ چېتى،
كۈللى ئالەمدە پەقەت بىرلا راۋاق.
تۇتىشىپ بېيگۇغا قەلئە سېپىلى،
سۇ ئاقار مەغرىب تەرەپكە ئالدىراپ.
كۆز ئوڭۇمدا ھۆر - غىلمان ئۈچ ئارال،
روھلىنارمەن توققۇز ئايماققا قاراپ.
قاپتۇ تاش پەشتاق تۈۋىدە خاتىرە،
كېلىدۇ كىم ئەمدى ئەنلىيۇنى سوراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ئۆزىگە ئىنتايىن چوڭقۇر مەزمۇننى سىغدۇرغان. ئۇنىڭدىن بىر خىل كەڭلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سۆزلەر ناھايىتى پاساھەتلىك. ئاپتور راۋاقتىن كۆرگەن مەنزىرە ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئەنسىزچىلىكنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا خەن سۇلالىسىدىكى ئەنلىيۇ جەمەتىدىكى خانلارنى ئەسكە ئېلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىنى ھېچكىمنىڭ قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

## ۋۇچاڭدىكى نەنخۇ كۆلىدە ياز

سەيلىگاھ بىزگە بۇ دەم نەنخۇ بويى،
بىر سۈرەت دەرۋازىدىن كىرسەك ئەگەر.
ياپيېشىل تاغلار بۇلۇتنىڭ قوينىدا،
ئاق يېغىن كۆلنىڭ يۈزىدە جىلۋىگەر.
تاش تېپىلغاق ئەجدىھا تىنغان كەبى،
ئايدالا نۇرلۇق، بىرى گۆھەرمۇ دەر.

www.uyghurkitap.com

نىلۇپەرنىڭ سانىغا يەتمەيدۇ كۆز،
چاڭ ـ توزان نەلەرگىدۇ قاچقان بەدەر.

ئىزاھ:

ۋۇخەنىنىڭ ياز پەسلى بەك ئىسسىق بولغاچقا، چاڭجياڭ بويىدىكى تونۇر دەيدىغان نامى بار. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى نەنخۇ كۆلىدە ياپيېشىل تاغلار كۆككە تاقاشقان، ئاق يېغىن كۆلنىڭ يۈزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن، نىلۇپەرلەر ئېچىلغان، چاڭ ـ توزانلار يوق. مەنزىرە خۇددى سۈرەتتەك گۈزەل، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىدۇ. شېئىر ناھايىتى راۋان يېزىلغان.

## ئاخىرقى باھار

قىرىققا كىردىم، لايغەزەللىك بولدى مەندىن بەك يىراق،
دىلنى قويدۇم مەيلىگە باغلاپ دالاغا ئىشتىياق.
تۈگىمەس كەچمىشلىرىم ئوخشايدۇ مەيگە بىر قەدەھ،
يەلپۈگۈچنىڭ سىرتىدا ئۇچقان توزاندەك نام ـ ئاتاق.
ئارچا بىرلە ئاق بۇلۇتنىڭ ئارىسىدا بۇتخانا،
پەردە قايرىپ ئاڭلىسام يامغۇر، ئۆيۈمدە خۇش پۇراق.
گۈل ـ گىياھ، قۇشلار جىمىسى بۇ دەقىق دوستۇم مېنىڭ،
كۆرۈشۈپ تۇرساقمۇ ھەر كۈن زېرىكىش يوقتۇر بىراق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ تاغ ـ دالالاردا ساياھەت قىلغانلىقى، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى يېزىلغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قىلغىلى ئىش يوق، بىكار يۈرگەن چاغدىكى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شېئىر تەبىئىي، چۈشىنىشلىك يېزىلغان.

# جيۇلىڭغا بېغىشلىما

1

ئەل ـ ۋەتەنگە جان تىكىپ قىلغان ئىدى خانلارغا گەپ،
ھەم ۋاپا ھەمدە ساداقەتتىن تۇتاي بىر تۆھپە دەپ.
تاش تۇۋرۇكتىن كەلگىنىدە تۇرنا ئۇچتى دەپ خەۋەر،
نوم قۇچاقلاپ يىغلىدى ئۇ كەتكىنىدەك بەخت تۇگەپ.
جەڭ ـ جېدەل، قانلىق مىنۇتلار ياشىغان جۇرئەت بىلەن،
بولسىمۇ كۆڭلى مالال، چاچلار ئاقارسا مەيلى دەپ.
ئەمدى چوڭ پەلكۇچتە پۇتكەن نامىلار ئۆچتى بىكار،
ئۆتكۈلۈك ئورمان ئارا ئەسلەپ كەچۇرمىش نەچچە رەت.

2

گۈل ـ گىياھ ھەربىر مەھەللە، تۇتىشار ساھىل بىلەن،
مالىماندىن نەگە بارسام بولدى شۇ جاي ئۆي بەلەن.
ئۇستىمىزدە بىر زامان كىيگەن كىيىملەر شۇ پېتى،
پۇتمىگەندەك چىن ئۇچۇن تاۋيۇەندىكى ئىشلارمۇ ھەم.
ياپيېشىل تاغلارغا باقتىم ئەيلىدى دىلغا ھۇزۇر،
ئاققۇتان قۇشلار چېغىدا دوستلىشىپتۇ ھەر قەدەم.
ئولتۇرۇپ ـ قوپسام جاھاننىڭ ئىشلىرى مەلۇم ماڭا،
باش ئېلىپ غارلارغا كەتسەم يوقىلارمۇ دەرد ـ ئەلەم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردىكى جيۇلىڭ ئەپەندى يۈەن سۇلالىسىدىكى داڭلىق شائىر دەي لياڭنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىككى پارچە شېئىر ئۇنىڭغا بېغىشلانغان بولۇپ، بىرىنچىسىدە دەي لياڭنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا

بولغان ساداقەتى بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور دەي لىياڭنىڭ يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغان چاغدىكى ھېسسىياتىغا، ئۆز ئالاقىتىنى جارى قىلدۇرالماي يامان كۆنلەرگە دۇچار بولغان تەقدىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى شېئىردا ئاپتور ئۆزىنىڭ مالىمانچىلىقتىن قېچىپ دېڭىز ساھىلىغا كەتكەنلىكىنى، يېڭى سۇلالىگە ئۇچۇن خىزمەت قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى يازىدۇ.

## چيەنتاڭدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش

ئىزدىسە ئۇزلۇقنى نەنجۇدىن چىقار چيەنتاڭ يېڭىپ،
ئەمما، بۇ دەم گۈللىنىشنىڭ ھەممىسى كەتتى يېنىپ.
ئەجدىھا ـ يولۋاس تەرىقەت يولىنى خار ئەيلىدى،
تاغۇ دەريالار سۆكۈتتە باغرىغا ھەسرەت تېڭىپ.
ۋۇزىشۈينىڭ قەبرىسىگە باشپاناھ كەچتە سوغۇق،
سۇڭدىكى خانلار ئۆيىنى بىرلىرى كەتكەن چېقىپ.
بىر زامان كۆي ياڭرىغان شىخۇ كۆلىدە بۇ مىنۇت،
چايكىلار غەمكىن بىلىقچى يۈۋلىگەن نەيگە بېقىپ.

ئىزاھ:

شېئىردا جەڭدىن كېيىنكى خاڭجۇنىڭ ۋەيرانە قىياپىتى، گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ سۇدەك ئېقىپ كەتكەنلىكى، تارىختىكى پادىشاھ ـ خانلارنىڭ ۋۇزىشۈيدەك سادىق ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقى، قەبرىلىرىنىڭ، ئوردا ـ سارايلىرىنىڭ چېقىلغانلىقى يېزىلغان. رېئاللىقتىن ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىش ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

## كەچكى باھار

تال ـ تېرەكلەر پوتلىسى بولغايدۇ كۆكنى دەمىۇدەم،



www.uyghurkitap.com

باقىي ئالەمدە باھار، بولسا باھار بىزلەردە ھەم.
كېپىنەكلەر قوغلىشىپ نەلەرگە كەتتى بىلمىدىم،
سولىشىپ چۈشكەن قىزىل گۈللەرگە بۇلبۇل يەيدۇ غەم.

ئىزاھ:

شېئىردا ئۇچۇپ كەتكەن كېپىنەكلەر مىلىك سۇلالىسىغا تەس-لىم بولغان ۋەزىر- ۋۇزرالارغا قىياس قىلىنغان، بۇلبۇل ئاپ-تورنىڭ ئۆزىگە ئوخشىتىلغان. مىسرالاردا دۆلەت مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى ھەسرەت - نىدا ئىپادىلەنگەن.

## رەسىمگە بېغىشلىما

سۇ بويى، ئورمان يېشىل، ھال رەڭ گىياھلار ساپسېرىق،
بىرتۇتاش تاغلار، لېكىن چۇ ئاسمىنى بەكمۇ يىراق.
پەسلى كۈز ئاۋازى يوللايدۇ قۇياشنى جايىغا،
ئاق بۇلۇت ئىچرە راۋاقتا بىرمۇ ئادەم يوق، بىراق.

ئىزاھ:

كەچكى شەپەق تەسۋىرلەنگەن بۇ شېئىردا ئادەملەر كەتكەندىن كېيىن ئايۋان - سارايلارنىڭ بوش - بىكار قالغانلىقى، بۇنىڭ دۆلەت قولدىن كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى يېزىلغان. شائىر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بى-لەن رەسىمگە سىڭدۈرگەن. پىكىردە يېڭىلىق بار.

## ماۋچۇجى سىزغان ئۇزۇم رەسىمگە بېغىشلىما

بۇ ئۈزۈم مەغرىب تەرەپتىن، ئەمما ئۆتكەن ئۇ زامان،
ئۆلىما رەڭ ئوينىتىپ قىلغان پاراسەتنى ئايان.

www.uyghurkitap.com

كۆك بۇلۇت سەلكىن شامالدا ئۇخلىغاندەك ئەجدىھا،
خۇددى مەرۋايىت ئېلىپ ئايدىڭدا يانغان ئۆي تامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتور دوستى ماۋچۇجېنىڭ ئۈزۈمنىڭ رەسىمىنى يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن سىزغانلىقىنى ماختىغان، شۇنداقلا كەتسە ـ كەلمەسكە كەتكەن ئۇ كۈنلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق، كۆڭلىدىكى قايغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن.

## مېيخۋا گۈللۈك يەلپۈگۈچ

بارغىنىم شىخۇغا ئەستە ئىدى ئۇ چاغ باش باھار،
ئاي كۈمۈش رەڭ، گۈل ـ گىياھىنىڭ قاشتېشىدەك ھۆسنى بار.
ئۆسكىلەڭ بىر تال شېخىنىڭ سۇغا چۈشكەن سايىسى،
يۈز ـ كۆزىدە مۇز قىرو دوستلارغا ئوخشاش بىغۇبار.

ئىزاھ:

ئاپتور شېئىردا يەلپۈگۈچكە سىزىلغان مېيخۋانى كۆرۈپ خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك بولغانلىقىنى دەپ كېلىپ، مېيخۋانىڭ پەزىلىتىنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ئوخشاتقان. شېئىر تولىمۇ ھېسسىياتلىق يېزىلغان.

## نەۋرە ئاكام سەي جىڭچۇغا

ئاقسۆڭەكلەر نەۋرىسى، ئەمما ئۆيى بەكمۇ خاراب،
تۇغ ـ ئەلەمگە خەت يېزىپ تاپقاندا پۇل ئىچكەن شاراب.
مالۇ دۇنيا كەلسە قانداق شۇ پېتى كەتكەن ئەزەل،
بىرلا ۋىجدان تا ئەبەدلىك قالدۇ ئەلگە ياراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئائىلىسى نامراتلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا نامراتلىقتا چىداپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىغانلىقى، ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى مەدھىيىلىگەن.

## جۇجىسى

### ئىككى شېئىر

1

بۆدۈنە سايرايدۇ بامبۇكزار ئىچىدە خۇشناۋا،
ياغسا يامغۇر ياش يىگىتلەرگە شىكار بولغاي راۋا.
سىچۈەننىڭ ئاسمىنى تور تارتىدۇ كۆزگە ھامان،
ئۆتسە ئون كۈن يوق پەقەت بىر كۈن ئوچۇق تۇرغان ھاۋا.

2

سۇدا ئۆسكەن نىلۇپەرنىڭ رەڭگى كۆك مارجان كەبى،
مېۋىسىنى لايدىن ئالسا ئاق يىپەكتەك ھەر زامان.
قىزنىقى: گەر يىلتىزى بىر بولسىمۇ تەمى بۆلەك،
ئۇرۇقى تاڭسۇق، لېكىنزە بىخلىرى تاتلىق تائام.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى يېزىلغان. مىسرالار ناھايىتى راۋان، تىلى چىرايلىق، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# زىياۋۇدۇن

زىياۋۇدۇن، ئىسمى يۇەندى، ئۇيغۇر. دىڭ خېنيەننىڭ نەۋرە ئاكىسى. جىجېڭ يىللىرى تەشرىپدارلىققا كىرگەن. جېجياڭنىڭ شەرقىدە ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن. «يۇەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما»غا يەتتە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

## زوراغاللىق مەھكىمىسىدىكى دادخاھ مەيلىگۈسىغا

جاپا بولدى قوشۇن بىرلە يۈرۈش سانغۇنغا ھەر مەيدان،
ئەمىرلەشكەر پىلانىدا سۆزى ئاقىل، ئۆزى مەردان.
جەزىرە – قۇم ئارا سۇۋۇ ئۈچۈن بولمايدۇ كىم قايىل،
كېلىپ جيەنخۇاغا خې جىجاڭ ھەقىقەت بابىدا يانغان.
بوران – چاپقۇندا ھەسرەتلىك قەدىمىي بۇ ئانا تۇپراق،
ئاۋام ئەلنىڭ غېمىدە قاپقارا چاچ باشقا رەڭ ئالغان.
تۇمەن چاقىرىمدا خاقاننىڭ ئېسىدە بولدىڭىز زىنھار،
نىيەت – ئىقبال ئاسايىشلىق ئۈچۈن تاپماق ئىدى ئىمكان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا نىڭشيالىق سانغۇن مەيلىگۇسىنىڭ يۇەن سۇلالىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا چەككەن جاپالىرى، ئالىيجاناب پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا پادىشاھ – خانلارنىڭ، ئەل – ئاغىنىلەرنىڭ ئۇنى ئەستىن چىقارمىغانلىقى، ئۇنىڭ

نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ ئاسايىش بىر زامانىنى تېپىش ئىكەنلىكى
تىلغا ئېلىنغان. شېئىردا تارىخىي ئەھۋال ۋە تارىختىكى باتۇر
كىشىلەر ناھايىتى جايىدا ئەسكەرتىلگەن. مىسرالار ئاددىي، لې-
كىن مەزمۇنلۇق.

## تىيەنتۇڭ ئىبادەتخانىسىدىكى چاۋيۈەن راۋىقى

ئەل ئىچىدە جەڭ ـ جېدەلدىن ئۆتسىمۇ ئون يىل يانا،
قوڭغۇراق، مېھراب، ئىمارەت ئۆز پېتى تۇردى مانا.
ۋەزىر ـ ئەزىمەلەر ئاتاق، ئىنئام بىلەن مەستخۇش يۈرۈر،
ئارىلاپ يۇرت يانسا، ئاغۋاتنىڭ ماكانى مەيخانا.
ئەجدىھا توققۇز نەقىش رەڭلىك تۈۋرۈكتىن ئاپتۇ جاي،
بوپتۇ ئەنقا بۇ راۋاقنىڭ لەمپىسىگە باشپانا.
مەن قومۇش كۆۋرۈكتە بىر چاغ تاغ بىلەن تۇزگەن قەسەم،
ئاڭلىسام دەيمەن قېيىنزاردا قونۇپ ھەمدۇسانا.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئون
يىللىق جەڭ مالىمانچىلىقى، ئالەمنىڭ غەم ـ ئەندىشىدە قالغانلى-
قى، پەقەت تىيەنتۇڭ ئىبادەتخانىسىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ يە-
نىلا جاراڭلاپ تۇرغانلىقى، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ دۆلەتنىڭ
غېمى بىلەن كارى يوق، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋات-
قانلىقى يېزىلغان. تىيەنتۇڭ ئىبادەتخانىسى ئەجدىھالار ئارام ئال-
دىغان، ئەنقالار ئۇسسۇل ئوينايدىغان جاي بولغاچقا، ئاپتور دەر-
ۋىش بولۇپ مۇشۇ يەردە قېلىشنى ئەۋزەل ھېسابلىغان ۋە بۇ
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوردىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## ئىنىم خېنىيەنگە

ئىنىم خېنىيەن ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، بىر دىل - بىر نىيەت بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇنى قەلەم - قەغەز بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقانداق بىھۇدە ھەۋەستىن خالىي ھالدا ياخشى ئوقۇسۇن دەپ مۇشۇ شېئىرنى يازدىم.

تال چىۋىقتىن ياسىدىم قەغەز تۇمەن ئوخشاش قىلىپ،
يۇقمىسۇن دەپ چاڭ - توزان تۇتتۇم چىرايلىق ئۆي سىلىپ.
گۈل كۆرۈپ ئۆتسە چۈشىدە كېچىمۇ كۈندۈز بولۇر،
كۆيسە كۈجە، ئۇچسا توزغاق پەسلى كۈز كەتكەي قېرىپ.
ئازمىغان ياخشى يېتىپ ياستۇقتا ياشلىق پەيزىگە،
سەيلىگاھلارنى خىيالدىن كارىۋتىدا رەت قىلىپ.
تام ئوچاق، ئارچا ئوتى، چاي قاينىتىپ ئىسسىق ياشاڭ،
پاك ۋۇجۇد، شەرم - ھايا بىر سىزگىلا بولسۇن نېسىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا دىلى خېنىيەننىڭ يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغىنىدىن كېيىن مىڭ خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بارماي، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ ئۆتكەنلىكى ۋە قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا قۇرۇقتىن قۇرۇق پەند - نەسىھەتلەر يوق، ناھايىتى ئوبرازلىق يېزىلغان.

## بامبۇك رەسىمى ئارقىلىق دۇڭ ۋېنجۇڭغا مۇشائىرە

ئۆتسە يامغۇر ئويغىنادۇر ئەجدىھا،
بولسا سوغ زۇمرەت قۇشى توڭغاي ھامان.

كىم ئەگەر ئۆز پاكلىقىنى ساقلىسا،
ھەر قەدەم تىنچلىق بولۇر، باشمۇ ئامان.

ئىزاھ:

بۇ شەيئىلەر ئارقىلىق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن شېئىر. يامغۇر ۋەزىيەتنىڭ تىمسالى، ئەجدىھا باتۇر - ئەزىمەتلەرنىڭ تىمسالى، زۇمرەت قۇشى ئاجىزلارنىڭ تىمسالى. ئاخىرقى ئىككى مىسرادا ئۆزئارا رىغبەت، پەزىلەتلىك ياشاش، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈش تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تورى

# ئەلىشا

ئەلىشا، ئىسمى يۇنجۇڭ، ئۇيغۇر. دىڭ خېنيەننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى. شۇندى خاننىڭ جىجىڭ يىللىرى تەشرىپدارلىققا كىرگەن. دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا دەپتەردار بولغان. «يۇەن دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن تاللانما»غا ئۈچ پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

## «جيۇلىڭنىڭ تاغدىكى كۆلبىسى» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

بۇ دەي لياڭ (جيۇ لىڭ) ئىلىم تەھسىل قىلغان جاي بولۇپ، ئۇ بۇ كۈنلەردە مىڭجۇ ئايمىقىدا پاناھلىنىپ يۈرگەن ئىدى.

چۈشىدە كۆلبىسى، ئون يىل بارالماي ئۆتتى ھەسرەت يەپ،
كۆرۈپ سىزغان رەسىمنى ئويلىدى شۇمۇ - ئەمەسمۇ دەپ.
قەلەم يۈيغان بۇلاق ھەردەم يىپكى، ئەتراپى بوستانلىق،
كىتاب بار ھۇجرىنىڭ ئۈستى بولۇت كەچتە ئۈچار ئەدەپ.
قەدىم جاڭخەن كۆزى يەتكەن مەھەل كەتكەن يىراقلارغا،
مالامەتتىن قېچىپ گۈەننىڭ ئۆيىگە قايتمىغان بىر رەت.
ھاياتلىقتا بولۇپ زاھىت ياشاشنىڭ ۋەجى بەك ئاددىي،
ئېدىر - ئورمان ئارا ئۆتمەك قورساق ئاچقاندا ئوت - چۆپ يەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ دەي لياڭ ياشىغان ئۆيىنى كۆرۈپ ئۆز

يۇرتىنى سېغىنغانلىقى، قايتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، شۇڭا دەي لياڭدەك دەرۋىشلىك يولىنى تۇتقۇسى كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا قەدىمىي ئىبارىلەر ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلگەن، ھېسسىيات سەمىمىي ئىپادىلەنگەن، مىسرالار راۋان چىققان. بۇلاردىن شائىرنىڭ شېئىردىكى ئىقتىدارىنى كۆرۈۋېلىش يەتكىلى بولىدۇ.

## جۇڭشيۇ راۋىقىغا بېغىشلىما

سالاسۇننىڭ تېشىدا كۆل سۈزۈك، ئاقمايدىغاندەك جىم،
روجەكنىڭ ئالدى قات - قات تاغ گويا لەيلەيدۇ ئاسمانغا.
شەپەق بىرلە تۇتەك رەڭدار، چىمىلدىقتا ئايان سۇبھى،
سوقۇپ سەلكىن، تولۇن ئاي سوغ چاچار كۆز پەسلى ھەر جانغا.
نېلۇپەر سايىسى ئۈزرە پەرىشتە قولۇقى ئۈزگەن،
ئېپار ھىد تارقىتۇر كۆركۆم گۈلى نوم سۆزلىگەن جايغا.
غېرىب كۆلبە ئۇچۇن ھەمدەم بولۇپ شەمشاد كۆتۈرگەن قەد،
بولاتتى تاشلىسام مەنمۇ ساراي ئىنئامىنى لايغا.

ئىزاھ:

شېئىردا دۇڭخۇ كۆلى ۋە جۇڭشيۇ راۋىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئارقىلىق، راھىب كالان گۇدىڭمىڭنىڭ بۇددا يولىدىكى پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن ۋە ئاپتورنىڭ تەلپۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ۋۇ ۋېيشەن

ۋۇ ۋېيشەن، دىڭ خېنيەننىڭ نەۋرە ئاكىسى، ئۇيغۇر. ھا-يات پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس. ئۈچ پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

## شەرقىي دېڭىز بويىدىكى مېھرىبان ئىنىم خېنيەنگە

ساز بويى شەرقىي تەرەپ ئۈچ تاغ ياتادۇر ئۆلىشىپ،
ھۆر - غىلمانلار دېڭىزدىن ئىشىكنى چەككەن ئولىشىپ.
سىز مېڭىپ تاپقاچقا يول يولۋاس غۇلام بوپتۇ مانا،
قولدىكى شەمشەرگە قايىل ئەجدىھالار توۋلىشىپ.
ئول قەدىم يۇرت قويىندا ئارچا بىلەن جۈيخۇا پەقەت،
كونا ئۆينىڭ پارچىسى قالغان ماناندا پۇرلىشىپ.
باش ئېلىپ كەتكەن كىشىدىن بارمۇ - يوقمۇ سىز كەبى،
بەرسە دەيمەن دەل - دەرەخ، سۇلار جاۋابنى ئويلىشىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا دىڭ خېنيەننىڭ ئىلىم يولىدا كامالەتكە يەتكەن-لىكى، ھەتتا ئەجدىھا - يولۋاسنىمۇ ئۆز خىزمىتىگە سېلىش دەرىجىسىگە بارغانلىقى يېزىلغان. قېرىنداشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن مۇبالىغە سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى مىسرالاردا دىڭ خېنيەننىڭ زاھىت بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى، لېكىن باشتىكى ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى، كونا قورۇ - جايلارنىڭ تېخى

بارلىقى، ئۇ يەرگە قايتىپ بېرىپ تۇرسا بولىدىغانلىقى، ئاپتور-
نىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش خىيالىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## پەرىشتە سەيلىگاھى

ئانا يۇرت ئۇنسىز، دېڭىزدىن ئۆرلىگەن ئايدا سوغۇق،
كىتكە يەم بولغانمۇ سۇدۇڭتىڭ كۆلى قاپتۇ قۇرۇپ.
نەي ئۇنىدىن يەر ـ زېمىنىنىڭ قەلبىدە بىر زىلزىلە،
غەمدە مەن ياتتۇ راۋاقنىڭ ۋادىكىدە جىم تۇرۇپ.

ئىزاھ:

شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا ئالەمدىكى زور ئۆز-
گىرىشلەر بايان قىلىنغان. شۇنچە چوڭ دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ
سۈيىنى كىت ئىچىپ قۇرۇتۇۋەتكەنلىكى ئارقىلىق يوەن سۇلالى-
سىنىڭ ھالاكىتى ئەسكەرتىلگەن. كېيىنكى ئىككى مىسرادا ئاپ-
تورنىڭ تەنھا، ئەلەملىك تۇرمۇشى يېزىلغان. شېئىردا ھېسسى-
يات مەنزىرىگە سىڭگەن، مەنزىرە ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان.

# شيې سۇن

شيې سۇن، ئۇيغۇر، شيې يۇيلىنىڭ ئەۋلادى. ئەسلى شيېنيەن دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، دەريا نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە ئورنىدا قوللانغان. تۇنيۇقۇقنىڭ جەمەتى ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاتىرىسى» گە بىر پارچە شېئىر ۋە ئاددىي تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن.

## تاغ يامغۇرى

ياغدى يامغۇر تاغ ئىچىدە توختىماي،
چىقىرار ئورماندا ئاچچىقتىن بوران.
ئۆرلىگەن سۇنى بىلىپ بولمايدۇ ھېچ،
ۋە لېكىن قولۋاق ئېگىزلەيدۇ ھامان.

ئىزاھ:

شېئىردا بىر كىچە ياغقان يامغۇردىن ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە راۋان يېزىلغان. بۇ قىسقا شېئىردىن شائىرنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# گەيچى

گەيچى (1774 — 1829) ، ئىسمى بوۋېن، لەقىمى شياڭ-بەي. ئاتا - بوۋىلىرى غەربىي يۇرتتىن. بوۋىسى سۇڭجياڭ (بۈگۈنكى شاڭخەي) دا مەسلىھەتچى بولغان. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان. گەيچى شېئىر ۋە رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن. «چىڭ سۇلالىسىدىكى داڭلىق شەخسلەرنىڭ نەزمىلىرى. يۇ خۇنىڭ «تاغلىق ھۇجرىدىكى شېئىرلىرى» غا گەيچىنىڭ 150تىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا كۆپرەكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، تەبىئەت مەنزىرىلىرى يېزىلغان. ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلار نىسبەتەن ئاز. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرنى زوقلاندۇرىدىغان ياخشى ئەسەر دېيىشكە ئەرزىيدىغان لىرىك شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گەيچى ئادەملەرنىڭ، بۇددا رەسىملىرىنى سىزىشقا ناھايىتى ئۇستا بولغان. تاغ - دەريالارنى، گۈل - گىياھلارنىمۇ ياخشى سىزغان. ئوغلى بىلەن قىزىمۇ تونۇلغان رەسساملاردىن بولۇپ قالغان.

## يامغۇرلۇق كۈن

بىر ئۆزۈم جىلىندا يالغۇز يۈرىمەن دەريا تەرەپ،
باغرى قانمۇ بىلمىدىم سايرايدۇ كاككۇك تەمتىرەپ.
چۈشتە كۆرگەن كونا ئۆيگە كەلمىكىم بولدى بۈگۈن،
توختىسا يامغۇر، ئېچىلسا كۆك يۈزى مەندە تەلەپ.
ئۆرلىگەن دولقۇن سەۋەبلىك ياپيېشىل كۆۋرۈك بېشى،

www.uyghurkitap.com

سۇ يۇزىدىن ئاق بۇلۇت ئۆتمەكتە شاخقا ئەركىلەپ.
زىرىكىش پۇتمەيدۇ تۇرۇپ چىقتىم ئېگىزگە سۇ دەقىق،
ياخشى ئەردى كەينىگە يانسا قېيىق كۆڭلۇمنى دەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ جىلغىدىكى يامغۇردا ئۆزى يالغۇز يۈرگەن زېرىكىشلىك ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇشۇ شېئىر بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى شېئىر شۇي شىچاڭ تۈزگەن «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شېئىرلار» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان.

## كۆلدىن كەچ قايتىش

قىلغۇالدى كۆلدىكى رەڭدار گۈزەللىك مەھلىيا،
تۇم قاراڭغۇ سۇرمىسە دەيمەن قېيىقنى ئالدىغا.
قورقۇنچلۇق چوققىلاردا تۇرمىقىم بولدى خىيال،
ئەنسىرەيمەن جۇپ پالاق بەرمەسمۇ دەپ ئىمكان ماڭا.
سايرىدى قۇشلار، تۆكۈپ گۈل بەرگى يامغۇر توختىدى،
چەت - چېتى يوق سۇدا ئوينايدۇ باھار سەلكىن يانا.
قايرىلىپ ئەنقا تېغىنىڭ باغرىغا باقسام ئۇ يول —
قەلبىدە ھەسرەت، غېرىبلىق، سارغىيىپتۇ گۈل - گىياھ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شىخۇ كۆلىدىكى خۇشاللىق بىلەن كۆنىنىڭ قىسقىلىقى يېزىلغان. ئاخىرقى مىسرالاردا ئەنقا تېغىدىكى بۇرۇنقى گۈزەللىكنىڭ قالمىغانلىقى يەنە بىر ھېسسىي مەنزىرىنى شەكىللەندۇرگەن. ئىككى ھېسسىياتنىڭ باغلىنىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلەنگەن.

۵

# «شى شياڭيۇننىڭ چۇغلۇق ئىچىدە مەست بولۇپ ئۇخلىشى» ناملىق رەسىمدىن ئايىلمغا چاقچاق

تاش پەلەمپەي قىڭغىيۇر مەستلىك خۇمار كۆزلەر ئارا،
ئۇخلىغان چاغدا شەپەقتەك مەڭزىدە ئاينىڭ نۇرى.
ئەنسىرەيمەن قونۇۋالغاچ ئۇستىۋاشقا نەۋ باھار،
لال بولۇپ چوغلۇق كېتەرمۇ تۆكۈلۈپ بىر - بىر نېرى.

ئىزاھ:

ئېھتىمال ئاپتور بۇ شېئىرنى ئايىلى مەست بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنى شى شياڭيۇننىڭ چۇغلۇق ئىچىدە مەست بولۇپ ئۇخلىغانلىقىغا ئوخشىتىپ يازغان بولۇشى مۇمكىن. قارىماققا شېئىردا شى شياڭيۇن يېزىلغاندەك، ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ ئايىلى يېزىلغان. بولۇپمۇ ئاخىرقى ئىككى مىسرادا باھار مۇھەببىتى بىلەن ئىنساني مۇھەببەت كونكرېتلاشقان، شېئىردىكى ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان. ئىپادىلەش ئۆزگىچە، پىكىر يېڭى.

## 〔زۇي تەيپىڭ〕

### سۇڭدۇ

كۆكتە يامغۇر ھەم شامالنىڭ غەلۋىسى،
ئەرش ئېگىز، نەمخۇش ھاۋا.
ئارچىزارلىق نەچچە چاقىرىم ياپيېشىل،
ساقىغان كۇننىڭ نۇرى خۇددى لاۋا.
ئەينى يوتقاندەك زېمىننىڭ مۇخلىرى،

www.uyghurkitap.com

كەشتىلىك تاغلار بۇ دەم دۇردۇن ـ تاۋا.
تاغدىكى پۇقرا كەبى كەپە ياساپ،
ئاڭلىسام سۇنى قىلىپ ياستۇق ناۋا.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا سۇڭدۇنىڭ ئادەمنى مەست قىلىۋېتىدىغان گۈزەل مەنزىرىسى، ئاپتورنىڭ تاغدىكى پۇقرالاردەك كەپە ياساپ، سۇ بويىدا يېتىپ شىلدىرلىغان سۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى بارلىقى ئىنتايىن ئاددىي تىل بىلەن راۋان ئىپادىلەنگەن.

## 〔لاڭقاۋشا〕

### خېڭتاك

كۆك يېغىن توختاپ بۇ كەچ كۆلدى جاھان،
سۇ ياشاردى، لەيلىدى ياپراق تامام.
قىڭغىيىپ ئۆلڭ ـ سولغا يەلكەن ئاي بىلەن ئۆزدى راۋان.
بولدى چۈش يەتمىش يەنە ئىككى ئارالدا تور يېيىش،
كۆز ئوڭۇمدا چېتى يوق بوشلۇق هامان.

چۈشتى يەلكەن سايىسى قىرغاق تامان،
كۆك دالانى ئاق بۇلۇت ئەتتى ماكان.
ناخشا ئاۋازى ئۇچۇپ كەلدى شامال بىرلە ماڭا،
يۈرىكىمدە دەرد ـ ئەلەملىك سۆزلىرىم جياڭنەن ئۈچۈن،
توۋلىسام ئاڭلار ئۇنى كىم بۇ زامان؟

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ يەلكەنلىك كېمىگە ئولتۇرۇپ تەيخۇ كۆلىدىن سۇجۇدىكى خېڭتاڭغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرگەن

لىرى، ئۆزىدىكى گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە ئايان بولۇۋاتقان تەنھا-
لىق ۋە ئۆكۈنۈشلەر يېزىلغان.

## 〔چى تيەنلى〕

جياچىڭنىڭ 23 ـ يىلى (1818 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنى جۇ يۈنچاۋ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ليەنشىدىكى
مېھمانسارايغا كەلدى. بىرلىكتە چىقىپ دادىسى جۇ يۈتەي سىز-
غان يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ رەسىمىنى كۆردۇق. ئۇ شۇ يەردە ماڭا
بىر پارچە شېئىر يېزىشنى ھاۋالە قىلدى. جۇ يۈتەي بوۋاي بىلەن
ۋىدالاشقىنىمىزغا بىردەمدىلا 22 يىل بولۇپ قاپتۇ. ئۆتكەن كۈن-
لەرنى ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا
ئايان قىلغۇم كەلدى.

ساماﻧﻴﻮلىنىڭ سۈيىنى ئالغۇدەك ئىككى كۆزى كۆكتىن،
قۇتۇپنىڭ يۇلتۇزىنى ئورنىتىپ قاشقا.
تۆكۈلگەندە كەبى زەر پارچىسىدەك نۇر،
چۈشەر يەرگە فىرۇزە تەخسىدىن سايە،
ئەجەب قورقماپتىكەن سوقسا شامال، تەگسە سوغۇق باشقا.
بىلىپ بولماس قەدىم چاغ كىرگىنىنى قانچىلىك ياشقا.
ياساپ قويغان كېلىپ كىم بۇ پۇچۇق ئاينى،
خىيالى كىمدە بار ئىمكان تۆشۈك ئاسماننى ئوڭلاشقا.
ئېگىز ئەرش، شىۋىرغان، بەك چىڭ،
دەرەخ تىككەن كەبى يۇلتۇز تىكىشكە بارمىدۇ باشقا؟

ئۈزۈشكەن بىر زامان بىللە قول تۇتۇپ قاشقا،
قاچانكى ئايلىنىپ تۇرنا بازارىنى،
پۈتۈشكەن نا پىسەنت ئازادە ئويناشقا.
قىلىپ نەغمە تۇگەپتۇ ئوت كەبى ياشلىق،

بېرىپ كۆرسەك قەدىناس سەيلىگاھلارنى،
ساناقلىق يار - بۇرادەرلەر بىلەن تەگدى ئېغىز ئاشقا.
رىيازەتتىن تېپىپتۇق يەتكۇدەك ھەسرەت،
يېنىمدا نەي ئاۋازى مۇڭ بىلەن تولغان،
جۇدالىق كۆنلىرى كەپتۇ ئەزىز باشقا.
ئازابنىڭ ئىلكىدە سالسام نەزەر ھەر يان،
كېچە مەيخانىدا بىر تۇغ - ئەلەم ئايلاندى سىرداشقا.

ئىزاھ:

بۇ «ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاش» تىن كەلگەن تەسىرات. شېئىرنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكىدە جۇيۇتەي بوۋاينىڭ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش رەسمى، پايانسىز ئاسمان، سەلتەنەتلىك ئالەم بوشلۇقى يېزىلغان. كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك. تۆۋەنكى بۆلىكىدە ئاپتورنىڭ جۇيۇتەي بوۋاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قەدىناسلارنىڭ ئاز قالغانلىقى، سەپەرنىڭ مۇشكۇللۇكى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىقى بۆلەكتە ئاسمان مەنزىرىسى، يۇلتۇزلار، تۆۋەنكى بۆلەكتە بارغانسېرى ئازايغان دوستلار، ئازابلىق دەقىقىلەر، مەيخانىدىكى كېچە قاتارلىقلار ئارقىلىق شېئىرنىڭ مەزمۇنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان.

## ۋۇشەندە بولۇت

سورىدىم ئايدىن بۇ ئاخشام قايسى كۈن،
قوچقىدا مېيخۇا ئاپتۇ ئارام.
نۇرنى گۈل يا گۈلنى نۇر سۆيگەنمىكىن،
سايىسى بار بىرسىنىڭ پەردە تامان.
مەي ئىچىپ مەڭزىڭ قىزاردى ئالمىدەك،
كىيىمىڭگە داغ چۈشۈپتۇ بەك يامان.
كىم ئۇ كۆزۈڭدە تاپالماي يولىنى يۈرگەن ئىزىپ،

ئىلىنىشىپ قالدى بىرىگە دەر گۇمان.

〔جياڭچېڭزى〕

## شىخۇ كۆلىدىكى كونا جاي

كۆۋرۈكى گىل كىچىك شىخۇ كۆلى،
ئەركىلەيدۇ چۆرىسىدە تال - تېرەك.
نەگە باقسام چاقنىغان سۇ ھەممىسى،
شۇنچە يول ماڭدىم ئىزىمنى قالدۇرۇپ،
بۈك - باراقسان گۈل - گىياھ بولغان پورەك.
ئوقۇغان مەكتەپتە چاغلار چۈش كەبى،
ئوينىشار بامبۇك شامالدا تەۋرىنىپ،
لەگلىكىم ئاسماندا، سەكرەيدۇ يۈرەك.

ئىزاھ:
يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىر تەبىئەت دۇنياسىنى، كونا قورۇ - جاينى، ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىنى ناھايىتى جۇشقۇن ۋە راۋان ئىپادىلىگەن.

〔لوفۇمېي〕

## يېڭى تال

قوندى شاخقا باش باھاردا ئىس - مانان،
ئۈچتى تورغاي، قىلدى ئاسماننى ماكان.
قارلىغاچمۇ ئەيلىدى پەرۋاز ئامان،
ئەۋرىشىم تالنىڭ يۈزىنى چوقۇۋالدى شۇ زامان.

قارىدىم، بىچارە سۇ شياۋنىڭ ئۆيى،

www.uyghurkitap.com

يېپقا ئوخشاش تارتىشىپ قاپتۇ تۇمان.
ئاي ئورۇقلاپ بەك جېنى قاپتۇ ئاران،
ئەمدى ئۆسكەن تال - چىۋىقنىڭ رەڭگىرويى زەپىران.

ئىزاھ:

تال - چىۋىقنى مەدھىيىلىگەن بۇ نەغمە تېكىستى ناھايىتى ئىنچىكە يېزىلغان. ئەۋرىشىم تالنى بۇلبۇل بىلەن قارلىغاچنىڭ چوقۇۋالغانلىقى، تۇمان بىلەن ئاينىڭ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكى، ھەتتا ئورۇقلاپ يېپتەك تارتىشىپ كەتكەنلىكى ئىنتايىن ئىخچام تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئاخىرقى مىسرا ئادەمگە قارىتىلغان ۋە تولىمۇ ھېسسىياتلىق چىققان.

## 〔چاڭ شياڭسى〕

### يۇسۇڭتاڭدا يامغۇر

سوقىدۇ سەلكىن بۇ دەم،
توختىماستىن ياغىدۇ يامغۇرمۇ ھەم.
قارا چېچىم قالدى ئاز، كۆڭلۈمدە غەم،
پەنجىرە ئالدىدا راھىبقا ئەلەم.

مەستلىكىمدىن ئويغىنىپ تۇردۇم دېسەم،
بوز ۋۇلۇپتۇ چوشلىرىممۇ تەگمۇتەك.
بارلىقىم ھەم يوقلۇقۇم،
كەلدى سازنىڭ ئۈنى نەدىندۇ بەلەن.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە پانىي دۇنيادىن زېرىككەنلىكى، راھىب بولۇپ كېتىش خىيالى بارلىقى ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن. گەرچە ئاپتور تېخى بۇ يولغا ماڭمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىردىن ئۇنىڭ شۇنداق مۇددىئادا بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 〔خۇ جۇڭتيەن〕

يۇشەن تېغىنىڭ باغرىدا شىمېي دەيدىغان گۈزەل بىر جاي بار. ئۇ يەردە چاڭجېن بىلەن بىرلىكتە ساياھەتتە بولدۇم. كۈن ئولتۇرۇپ تاغ بىلەن گىرەلەشكەن چاغ ئىدى. فىرۇزىدەك نۇر كۆككە ئۆرلىگەندەك بولدى. سايىلار شالاڭلاپ يەرگە يېيىلدى. بەك خۇش بولدۇم. كېيىنكى چاغلاردا كەپە ياساپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم ۋە سۆڭخۇ سىزغان رەسىمگە مۇشۇ نەزمىنى يازدىم.

ياپيېشىل تاغ ئەۋلىيالار قەبرىسى،
نەگە كەتتى شاختىكى قاردەك چېچەك.
يا توزۇتقانمۇ ئۇنى مەشرىق تەرەپ سوققان شامال؟
ھاسا بىرلە تونىنى سۆرەپ قارىسام كەچكى شەپەق،
كېپىنەككە ئەگىشىشتىن باشقا مەندە يوق ئامال.
دەل ـ دەرەخنىڭ سايىسى دولقۇن گويا،
چوققىلار ئۈستى بۇلۇت، كەلگەن يېغىننىڭ شەپىسى،
گۈل ـ گىياھنى يۇيدى سۇ، چاي قاينىتىش بولدى خىيال.
نە سەۋەب، ئورمان شالاڭ، شاخ ئۈستىدە ئاخىرقى نۇر،
چۈشتى باشىمغا يوپيۇرماق بىمالال.

نەچچە كۈن يۈردۈم خىيابان قويندا سەيياھ سۈپەت،
توۋلىغاندەك بولدى چۈپىلىڭ ئۇن سىلىپ،
تاش ماڭا خۇددى پەرىشتىدەك بىلىندى شۇ زامان.
سۇ بويىغا ياسىۋالسام كەپىنى ئوت ـ خەس بىلەن،

www.uyghurkitap.com

قاتمۇقات تاغقا نەزەر سالسام، يېتىپ ئالسام ئارام.
ئۆينىسا قىزلار ئۇسسۇل، ئەيلەپ ناۋا،
مەي ـ شاراب بىرلە كۆڭۈل ئاچساق ئەگەر،
قىلىۋالسا يۈز ئىچىپ مېيخۇا گۈلى ئۆينى قامال.
ئوتنىغۇچ ئالسام قولۇمغا ھەر سەھەر،
ئويغىتىپ كۆكنى، تولۇن ئاي ئىشلىرىمدىن بولسا لال.

ئىزاھ:

بۇ يۇشەندە ساياھەت قىلغان، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلانغان، تەسىراتىنى ئىزھار ئەيلىگەن، دوستلىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە رەسىمگە نەزم پۈتكەن مەزمۇندىكى شېئىر. گەرچە كۆز مەنزىرىسى يېزىلغان، باشتىكى مىسرالاردا مۇئەييەن ئىچىنىش ئىپادىلەنگەن، «ئەۋلىيالار قەبرىسى»، «قىبرىلىق»، «كەچكى شەپەق»، «سوغۇقتىكى كېپىنەك» قاتارلىق سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئارقىدىنلا بىر خىل جۇشقۇن كەيپىياتنى نامايان قىلغان. ئۆزىنىڭ مۇشۇ تاغدا تۇرغۇسى كەلگەنلىكى ئارقىلىق تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بايان قىلىنغان.

〔ۋەنشىشا〕

## خۇاڭپۇدىن كېمىدە ئۆتۈش

قولىقىمدا قار ئۈنى، ماڭدىم قېيىق ئۈزرە يېتىپ،
مەقسىتىم ئاچماق كۆڭۈل ئاق چايكىلارغا سۆز قېتىپ.
ئاق كىرپىتۇ چاچلىرىمغا ئويلىسام ياشلىق كېتىپ.
دۆڭدە ئاي تايغان كۆمۈلگەن قەبرىگە تاشلايدۇ نۇر،
قالدى چۈنشىدىن راۋاق، سۈنىڭ يۈزى كۆكتەك تىنىق.
ئەجدىھادەك ئويىنسا قار مۇزلىغاي دەريا قېتىپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا قار ياغقان چاغدا مۇزلاپ كېتىۋاتقان دەريادا كېتىپ بېرىپ كۆرگەن مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. كۆرۈنۈش بىلەن ھېسسىيات ناھايىتى راۋان بىرلەشكەن. ئوقۇغان ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سارۇك

سارۇك، ئۇيغۇر. يۈەن سۇلالىسىدىكى داڭلىق شائىر سەيـ
دۇللانىڭ ئەۋلادى. ئىسمى يۈشياڭ. فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنـ
خۇ (بۈگۈنكى فۇجۇ شەھىرى) دىن. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ
11 ـ يىلى (1672 ـ يىلى) قورال ـ ياراق ئىلمىدە تەۋسىيىدار
بولغان. بىر تۇغقان ئىنىسى ساگۇ، ساشۈەن قاتارلىقلارمۇ ئىلـ
گىرى ـ كېيىن بولۇپ قورال ـ ياراق ئىلمىدە تەۋسىيىدار
ئاتالغان. ئۇنىڭ 5 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى سادازى «ئۈچ تاغلىق سا
جەمەتىنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى نەسەبنامىسى» دىكى ئىزاھاتتا:
«جەمەتىمىزدە ئىلىم ـ پەن، لەشكىري ئىشلار جەھەتتە مۇۋەپپەـ
قىيەت قازانغانلار كۆپ بولغاچقا، فۇجيەندىكىلەر بىزنى ئابرۇيـ
لۇق قوۋم دېيىشتى. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى ۋاقتىدا جى جەيـ
گۈك (سەيدۇللا)، شۆرىنگۈك، دۇنيەنگۈك قاتارلىقلارمۇ بۇ
خىل مەرتىۋىگە ئېرىشتى. مۇشۇ خانلىقتا كەلگەندە چوڭ بوۋىمىز
لىيەنشەنگۈك (ساشۆتيەن، كاڭشىنىڭ 50 ـ يىلى تەۋسىيىدار
بولغان) ئوردىغا بېرىشنى خالىماي، مەھەللە تۆرىسى بولۇپ ياـ
شىدى. نەتىجىدە لەشكىري ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار
پەسكويغا چۈشۈپ، قەلەمكەشلىك روناق تېپىشقا يۈزلەندى. بۇ
ئىش لىيەنشەنگۈكتىن باشلاندى. ئىككى يۈز يىل مابەينىدە
ئاقىل ـ ئۆلىمالار كۆپەيدى» دەپ يازغان ئىدى. سارۇكنىڭ
پەقەت بىر پارچە شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## چىن جۇڭخىي تۆرىگە مەرسىيە

ئۆلۈم بەرھەق ئەزەل، ئەمما ئىرادە مەڭگۈلۈك قالغان،
يىگىرمە قان ـ قېرىنداش سىز بىلەن ئوخشاش قازا قىلغان.
ھەقىقەت، روھ ئۆتۈپ ئۈچ يىل بولۇرمىش ياپيېشىل تۇپراق،
بۇ ئالەمنىڭ يېشى مەڭگۈ پەقەت بىر سىزگىلا ئاققان.
دىلىدا تۇرسىڭىز ئەلنىڭ ياساش قەبرە ئەمەس ھاجەت،
غۇرۇر ـ ۋىجدانىڭىز بۇندىن كېيىنمۇ بىز ئۈچۈن قالغان.
سېلىپ بانان بىلەن پۇرچاق قىلايلى سىز ئۈچۈن نەزىر،
جىمىرلاپ سۈپسۈزۈك سۇلار زېمىندا سىز كەبى ئاققان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر كاڭشىنىڭ 8 ـ يىلى (1669 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرگەن بەگلەرنى باستۇرۇشتا قۇربان بولغان تۆرە چىن جۇڭ- يىغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ ساداقىتى ۋە ئۆلۈمىدىن قورقمايدىغان روھى مەدھىيىلەنگەن. شېئىردىن سارۇڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى- نىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى قوغدايدىغان، ۋۇسەنگۈي، گېڭ جىڭجۇڭ قاتارلىق بەگلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان سىياسي پوزىتسىيىسىنى بىلگە- لى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# سايۇخېڭ

سايۇخېڭ، ئۇيغۇر، سارۇڭنىڭ 4 – ئەۋلاد نەۋرىسى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 51 – يىلى (1786 – يىلى) تەۋسىيىدار بولغان. چوڭ تاللاشتا بىرىنچى بولۇپ، شەنشىنىڭ شۇنياڭ ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. بەيلىيەنجاۋ قوزغىلاڭچىلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، يەتتە كېچە – كۈندۈز مۇداپىئەدە تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرگەن. كېيىن، سىچۈەننىڭ ۋالىيسى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشتا كۈچ بەرمەي، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا، سايۇخېڭمۇ چېتىلىپ قالغان. يۇرتداشلارنىڭ ئاقلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ يۇرتقا قايتقان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ناھايىتى كۆپ شېئىر يازغان. سەككىز جىلدلىق «كەچمىش تارىخلار ئۇستىدە تەھسىل»، ئون ئىككى جىلدلىق «شياۋ تەنگۇڭ» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزگەن. «بەيخۇا راۋنقىدىكى شېئىرلار» ناملىق ئالتە جىلدلىق كىتابتا 266 پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. كېيىنكىلەر «بەيخۇا راۋنقىدىكى كۆيدۈرۈلگەن ئورگىنالالار» ناملىق كىتاب تۈزۈپ، ئۇنىڭغا يەنە 50 تىن ئارتۇق شېئىرىنى كىرگۈزگەن.

شۇ دەۋردە ياشىغانلار، بولۇپمۇ فۇجيەندىكىلەر سايۇخېڭنىڭ شېئىرلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. چېن شۇچى «بەيخۇا راۋنقىدىكى شېئىرلارغا كىرىش سۆز» دە: «سايۇخېڭ يۈەن سۇلالىسىدىكى يەنمىندە ياشىغان سەيدۇللانىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، مەيگە ئامراق ئىدى. لېكىن، ئاق كۆڭۈل، مەردانە، بىلىملىك، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى ئادەم ئىدى. شېئىرلىرى بە-

ھەيۋەت، خۇددى ئۆتكۇر خەنجەر، ئۇزۇن نەيزىلەردەك ئېتىلىپ
تۇراتتى؛ مىسرالىرىدىن ئاھاڭدارلىق بەرق ئۇراتتى؛ ئەجدىھا -
لەھەڭلەر ئۇزۇپ يۈرگەن دېڭىز سۇلىرىدەك دولقۇنلۇق ئىدى؛
قۇياش نۇرىدەك ئوتلۇق بولغاچقا، جىمىكى شەيئىلەرگە جان كىر-
گۈزەلەيتتى؛ سۆزلىرى چىرايلىق، جەزىبدار ئىدى؛ جۈملىلەر-
دىن ئەنقا ئۇچۇۋاتقاندەك، ئالەم يورۇۋاتقاندەك قۇدرەت چىقىپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەقىقەتەن بەك گۈزەل ئىدى. مۇذ-
داق يېزىش سا جەمەتىدىكىلەردىن باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيد-
تى» دەپ يازغان. لىن چاڭيى «شۇڭقار راۋاقتىكى شېئىرلار»
دېگەن كىتابتا: «مىنشەندىكى سايۇخېنىڭ تۆت جىلدلىق ‹ بەيخۇا
راۋىقىدىكى شېئىرلار › نى يازدى. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار شۇنچىكى
راۋان، شۇنچىكى گۈزەل، مەزمۇنلۇق، خۇددى بۇلبۇللار سايرى-
غاندەك، ئەنقالار قانات قاققاندەك جەزىبدار، ئاھاڭدارلىقى كۈچ-
لۈك. بەزىدە ئۇلۇغ بوۋىسى يازغان ‹ يەنمېن توپلىمى › دىن ئې-
شىپ كېتەمدۇ نېمە دەپ قالىمەن» دەپ يازغان. ئۇ شۇ كىتابتا
يەنە «جانابىنىڭ شېئىرى باشقىلار ئۆگەنسە بولىدىغان شېئىرلار
قاتارىغا كىرىدۇ. يى مېيتۇن (چىڭ دەۋرىدىكى شائىر ۋۇ ۋېيېي)،
جۇتۇ (چىڭ دەۋرىدىكى ئەدىب جۇيىزۇن) لار ئۇنىڭ ئالدىدا ئىك-
كىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ تەرىپلىگەن. گەرچە ئۇلارنىڭ
يۇقىرىدىكى باياناتلىرىدا ئاشۇرۇۋەتكەن جايلار بولسىمۇ، لېكىن
سايۇخېنىڭ يازغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتەن ماختاشقا ئەر-
زىيدىغانلىرى بار. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى بەكرەك ئۇزۇن،
چېچىلاڭغۇ، بەزى شېئىرلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر كۆپ. لېكىن،
ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق ياراتقان ئەسەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. تەبىئەت
مەنزىرىلىرى توغرىسىدىكى بەزى شېئىرلىرى ئادەمنى تولىمۇ
سۆيۈندۈرىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى داۋېن، ئۈچىنچى ئوغلى
دانيەن، ئىنىسى ساچالۇن، سايۇتيەن، جىيەنى سادازى قاتارلىق-
لار شۇ چاغدىكى داڭلىق شائىرلاردىن بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

## يۈفېينىڭ قەبرىگاھىدىن ئۆتكەندە

ئەمەلگە ئاشمىدى خۇاڭلۇڭ سارايىدا قۇرۇش بەزمە،
مىراس قالدۇردى «مەنجياڭخۇڭ» بىلەن ھەسرەت ـ نادامەتنى.
قەھرىلىك جەڭ قىلىپ ئون يىل ئاتاق ئالدى «گۇناھكار» دەپ،
ئېسىدە تۇتسىمۇ خانلار چىداپ بولماس مالامەتنى.
مانا شىلىندا ئاي پاتقان كېچە سۇلار ئېسەدەيدۇ،
ئېگەر شاخ كۆز شامالىدا جەنۇب ئەللەرگە قامەتنى.
پىسەنتكە ئالمىغان بولسا مەگەر يارلىقنى بۇ سانغۇن،
سارايىدا جان بېرىپ ئاشكار قىلالايتتى ساداقەتنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئوردىغا سادىق يۈفېينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا بولغان ئېچىنىشى ئىپادىلەنگەن. مىسرالارنىڭ ۋەزنى ئېغىر، نەقىل كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ئاخىرقى مىسرادا شائىرنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى بار. يۈفېي جورجېنلارغا قارشى ئۇرۇش ۋە خانلارغا سادىق بولۇشتەك زىددىيەت ئىچىدە ياشىغان سانغۇن. خانلار سۈلھى ـ سالا بىلەن تەسلىم بولۇشنىڭ كويىدا يۈرگەچكە، يۈفېينىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇقەررەر. شائىر بۇ شېئىردا، ئەگەر يۈفېي لەشكەر چېكىندۈرۈش يارلىقىنى قوبۇل قىلماي، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن جازالانغان بولسا، ئۆزىنىڭ خانلىقىقا بولغان ساداقىتىنى تېخىمۇ ئاشكارا نامايان قىلغان بولاتتى، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنى فېئوداللىق دەۋردە ناھايىتى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلغار قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

# جېن نياڭنىڭ قەبرىسىگە ئىككى شېئىر

1

تاش ئادەملەر بار ئېقىننىڭ يېنى شەمشەر كۆلچىكى،
كۈلكە ـ چاقچاق شۇنچە ئەرزان ئۇچىدۇ ياپراق كەبى.
قاراقاشلار كۆڭلىدە بۇدساتىۋا بەك مېھرىبان،
بىرىدۇ تەبىر بولۇپ ئۇ ئاق چېچەك شاپتۇلدىكى.

2

رەنجىمە جياڭنەندە قارنى ئېرىدى بىردەمدە دەپ،
ۋۇ سارايىدا يېشىللىق، توگىگەندەك پەدىشەپ.
گەر باھار بولسا قامال ئۆيگە سولانغاي خۇش پۇراق،
قەدىمىي گۇسۇ ئارامگاھىدا بىكارلىق ھەممە گەپ.

ئىزاھ:

بۇ ئىككى شېئىردا قەدىمىي گۇسۇ شەھىرىنىڭ شۇ چاغدىكى مەنزىرىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ شۇ چاغدىكى پاھىشە، دېدەكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇلارنى مەنسىتمەسلىك كېرەك دەيدىغان قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەلۋەتتە توغرا قاراش. لېكىن، ئۇنىڭ پاھىشە، دېدەكلەرنىڭ كۈلكىسى بەك ئەرزان، قىلغان قىلىقلىرىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق دېيىشلىرى شۇ زاماندىكى فېئودال ئەدىبلەردىكى نۇقسان. شېئىر ناھايىتى راۋان، تەبىئىي، ئاھاڭدار يېزىلغان. بەدىئىيلىكى خېلىلا يۇقىرى.

## مۇجۇ ئايمىقىدا

قاغىلار ئورمانغا قايتتى تۇرىمەن بىر - بىر ساناپ،
سۇ بويى شەلپەر چوققا كەچكى شەپەقتە پارقىراپ.
كەلگىنىمدە ياپيېشىل سۇ، ھەممە ياقتا نەۋ باھار،
ئەمدى مېيخۇا ئۈستىدە ئاخىرقى قار، تاغلار خاراب.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئوخشاشمىغان پەسىلدىكى مەنزىرە ناھايىتى ئىخچام، ناھايىتى كۆركەم يېزىلغان. ئاپتور مۇجۇ ئايمىقىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، گۇگۇم پەيتىدە ئۇۋىسىغا قايتقان قارغىلارنى سانايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن چېغىدا نەۋ باھار ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۆيىگە قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. قارىماققا شېئىر تەبىئەتنى يازغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى تەبىئەت مەنزىرىسى ئىچىگە يۇغۇرۇلغان.

## بورانلىق يامغۇردا ياڭزىجياڭدىن ئۆتۈش

تۇراقسىز ھاياتقا بۈگۈن ئىشەندىم،
ئىكەن شامال، بۇژغۇن، يامغۇرغا ئوخشاش.
يەلكەن سايىسىنى بېسىپتۇ تاغلار،
ئالتە خانلىق خۇددى سۇغا چۆككەن تاش.
شىجىندا دەرەخلەرنى ئېتەلمىدىم پەرق،
ئوردىدا تۇرغان چېرىكلەردەك شاش.
دولقۇنلار ئەۋجىدىن پۇشمان يېدىم،
يۈرىكىم پاك - پاكىز بولاقتا رەڭداش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

ئاپتور دەريادىن ئۆتۈۋېتىپ شامالغا دۇچ كېلىدۇ. ھاياتلىقنىڭ بورانلىق يامغۇردا ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. گەرچە دولقۇنلار شىددەتلىك بولسىمۇ، ئارقىغا چېكىنىشنى خالىمايدۇ. ئالغا بېسىش يولىدىكى رىيازەتلەردىن ئۈركۈنمەيدۇ. تۇرمۇشقا تۇتقان مۇنداق ئاكتىپ پوزىتسىيە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شېئىر ناھايىتى مەردانە يېزىلغان.

## لىياڭغا بېرىپ تەيبەي مەيخانىسىغا چىقىش

سوقىدۇ چاقىرىم تۈمەن يەردىن بوران شەمشەر كەبى،
پەسلى كۈز، دەريايۇ كۆل، تۇرنا ئاۋازىدا ئەلەم.
گەر زەئىپ مەن، چىقمىقىمغا بۇ ئەزىز تۇپراق مەددەت،
مەي ئىچىپ تاپسام ئارام ئەسلەپ ئۇلۇغلارنى بۇ دەم.
كىم بىلۇر سەرسان ياشاپ ئۆتكەن يىگىتلەر قەدرىنى،
ماڭمىغان لى بەي دالالاردا نىشانسىز بىر قەدەم.
كەچقۇرۇن ئاسماندا زۆھرە، تاڭ ئېتىپ چولپان بولۇر،
نۇر چېچىپ تەنھالىقىم بىرلە قەدەھكە دەمىۇدەم.

ئىزاھ:

ئاپتور لىياڭغا بېرىپلا تەيبەي مەيخانىسىغا چىقىدۇ. لى بەينىڭ مەردانە قىياپىتىنى، كۆڭلىگە پۈككەن يۈكسەك ئارزۇلىرىنى، سەرسان بولۇپ ئۆتكەن ھاياتىنى ئۆزىنىڭ قاڭقىپ ياشىغان ھالىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ لى بەيدەك ياشىغۇسى بارلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. شېئىر ھەقىقەتەن ئۆزگىچە بىر قۇدرەتنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## باھار قارلىغىچى

گۈل ـ گىياھلار شاھى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى، يول بەك يىراق،
نەدە دېمەن ئانا يۇرتنى، ئىچ ـ ئىچىمدە ئىزتىراپ.
تامچىغان يامغۇر ئارا تولۇلايمەن سەنچۇدىن غەزەل،
ئالتە خانلىقتىن كوچا ـ كويلاردا گەپ ـ سۆز كۆپ بىراق.
ئۈجمىزارلىق ھويلىلاردا يەر ئىلاھىغا نەزىر،
گۈللىگەن چاغدا ئۆرۈك نەيىنىڭ مۇڭىغا ئىشتىياق.
ئايدالا، سەرسانلىقىمنى بىلگۈدەك بارمۇ كىشى،
بىر بولۇپ سايەم بىلەن ئەپسۇستا چەككەيمەن پىراق.

ئىزاھ:

تەبىئەت كۆيلەنگەن مۇنداق شېئىرلاردا ھېسسىيات شەكىلدىن ئايرىلىپ، ئىچكى روھ بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇ شېئىردا ئىزتىراپ ئىچىدىكى بۇلبۇل تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ سەرسانلىقى سىڭدۈرۈلگەن. لىن چاڭيى «شۇڭقار راۋاقتىكى شېئىرلار» دا «بۇ شېئىر ھەر ئىككى تەرەپتىن چەتنەپ كەتمىگەن، لېكىن ئۇنىڭدىكى ھالقىش ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەن» دەپ يازغان.

## چىنخۇيدىكى مېھمانسارايدا جۇيخۋا تاماشاسى

توققۇزىنچى ئايدا چىنخۇي سۇ بويى ئۆتەڭدە مەن،
پارقىراپ تۇرغان قىرو قەلبىمگە سالدى دەردۇ غەم.
بۇ زاماندا ئۆلىما تاۋچيەن كەبىلەر بەكمۇ ئاز،
ئەمما، مەن خانلىقتىكى شېنيۈگە ئوخشايمەن بۇ دەم.
سىرقىرايدۇ پۇت ـ قولۇم، مەيدىن خالاس بولماق قىيىن،

نېمە گەپ گۈللەر باراقسان تۇرسا كۆز كەلدى دېگەن.
تائەزەل كۆرسەم تەبىئەتنى دىلىمدا زىلزىلە،
تولدى ئۆي ياپراق مۇڭىدىن غۇرقىراپ سەلكىن بىلەن.

ئىزاھ:

ئاپتور مېھمان بولۇپ يۈرۈپ جۇيخۇا گۈلىنى تاماشا قىلىدۇ، ياقا يۇرتلاردا يۈرۈشتىن كۆڭلىدە غەم - قايغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدۇ، شېئىردا گەرچە ئاپتورنىڭ ھەسرىتى ئىپادىلەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مىسرالار ئۈنچە چۈشكۈن ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## ناغرا تاغدىكى ئەجەش نەزمىلەر

### شياۋۋەنلىڭ دۆخلۈكى

ئىبسىلىپتۇ ناغرىدەك تاغنىڭ تېشى،
ساڭگىلاپتۇ قوڭغۇراقتەك بىر بېشى.
تاك قىلىپ چەكسە يۈزىگە بىر قېتىم،
پاك بولۇر ئۈچ كۈنگىچە چەككەن كىشى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ناغرا تاغنىڭ ئادەمنى پاك قىلىۋېتىدىغان ھەيۋىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەن. جىن دەۋرىدە ياشىغان شائىر جۇڭچۇ خۇەن خېڭياڭدىكى ناغرا تاغ ھەققىدە يازغان «ناغرا تاغنى كۆرۈپ» ناملىق شېئىرىدىمۇ «ئۇنى بار ئۇشبۇ قورام تاشنىڭ ئىچىدە بىر سادا، ياڭرىسا گۈلدۈرماما قورقۇپ يېرىلغاي كۆكمۇ ھەم» دېگەن مىسرالار بار ئىدى. بۇ شېئىر ئۇنىڭدىنمۇ ئوبرازلىق يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چۆيجياڭ دەرياسىغا ئۈچ شېئىر

1

پەردە كۆك، ئۈستى كۈمۈش رەڭ، گۈل ـ گىياھقا نۇر چاچار،
تەنتەنە، شاۋقۇن شەھەرنىڭ كۈندۈزىگە يول ئاچار.
مارتتا ئۆتكەن توي ـ مەرىكە چىقمىغان ئەستىن. تېخى،
سۇ بويى، ساھىبجامالـلار سەيلىگاھتا بەش قاتار.

2

بولدى «شەبنەم» ئاپتى، قان يىغلىدى ھەيكەل تۆگە،
تۇگىمەي «تيەنباۋ» غېمى داغ چۈشتى ئەلنىڭ شەنىگە.
يادلىما دۇفۇ يېزىپ قويغان ئازاب مىسراسىنى،
يەنە داخىل ئوردا ۋەيران ـ چۆل بولۇشنىڭ تەمىگە.

3

غەربىي باغدا بەزمىدىن سۈڭ كىمىلەر سۇدا پەۋەس،
قىلىدۇ ئايدىڭدا چاڭفېڭلىق كېلىپ تويغا ھەۋەس.
ئات قويۇپ قۇرغان مۇنار زېمىنىسىدا كۆككە تۇتاش،
ئەمما، لى بەي بىرلە دۇفۇ نام ئېلىپ باققان ئەمەس.

ئىزاھ:

بۇ ئۈچ شېئىرنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل. بىرىنچىسىدە، لى جەمەتى قۇرغان تاڭ خاندانلىقى گۈللەنگەن چاغلاردا چۆيجياڭ دەرياسى بويىدىكى قىزغىن كۆرۈنۈشلەر، خانىش ياڭ گۈيفېينىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرى بىلەن قاتار بولۇپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشلىرى يېزىلغان. ئىككىنچىسىدە، تاڭ خاندانلى-

قىنىڭ زاۋاللىقا يۈزلەنگەنلىكى يېزىلغان. ئۈچىنچىسىدە، چۈيجياڭ دەرياسىنى يېزىش ئارقىلىق تەۋسىيەدارلىق تۈزۈمى، تالانتىلىق ئادەملەرنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ نام - ئاتاقتىن نېرىدا قالغانلىقى، لى بەي، دۇفۇدەك داڭلىق شائىرلارنىڭمۇ تەۋسىيەدارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ شان - شۆھرىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقى شەرھلەنگەن. ئاپتور چيەنلۇڭنىڭ بىڭۇ يىللىرىدىكى تەۋسىيەدار، لېكىن ئۇمۇ ئۈچ قېتىملىق ئومۇمىي ئىمتىھاندا چۈشۈپ قالغان. ئۇ مۇشۇ ئىشلار سەۋەبىدىن يەنتا مۇنارىنىڭ نامى بارلىقىنى ئەسكە ئېلىپ خورسىنغان ۋە ئارقىدىنلا لى بەي بىلەن دۇفۇنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن. شېئىر ئوقۇرمەننى سۆيۈندۈرگۈدەك ئىنچام يېزىلغان.

# ساچالۋن

ساچالۋن، ئەسلي ئىسمى قۇباي، ئەمەلدارلىققا تاللانغاندىن كېيىن ساچالۋن دەپ ئاتالغان، ئۇيغۇر. سايۇخېڭنىڭ بىر جەمەت ئىنىسى. فۇجۇ ئايمىقىدا دۇنياغا كەلگەن. دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئوقۇغان. يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، بىرنەچچە قېتىملىق ئىمتىھاندا شاللىنىپ قېلىپ، لەشكىري ئىلىم ۋە داۋالاش دەستۇرلىرىنى ئۆگەنگەن. جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1804 - يىلى) لىن زېشۈي، ياڭ چىڭچېن قاتارلىقلار بىلەن بىر قاتاردا تەۋسىيەدار بولغان. كېيىنچە قىزىنى لىن زېشۈينىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغان. جياچىڭنىڭ 22 - يىلى (1817 - يىلى) چوڭ تاللاشتا بىرىنچى بولۇپ، شىغاۋۇل پىرقىسى تەرىپىدىن يۈننەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. لېكىن، يول يىراق بولغاچقا، ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان. 50 ياشقا كىرگەندە ئوغلى سادازى تۇغۇلغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شېئىرغا ئىشتىياق باغلىغان. مەردانە، خۇشچاقچاق، كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەم بولغان. ياڭ چىڭچېن قاتارلىقلار بىلەن مۇشائىرە يېزىشقان. ئۆزى تۈزگەن «مەرۋايىت توپلىمى» دا 250 نەچچە پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. ياڭ چىڭچېن «مەرۋايىت توپلىمى» غا يازغان كىرىش سۆزىدە: «ساچالۋن گەپدان، سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر، چىقىشقاق ئادەم. جەمئىيەت ئەھۋالىدىن گەپ ئېچىلغان ھامان قايناپ كېتەتتى، قاش - كۆزىدىن بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى»، «بىلىملىك ۋە تالانتلىق ئادەم بولغاچقا، يازغان شېئىرلىرىدا كۆڭلىدىكى گەپنىڭ ھەممىسىنى دەيتتى، مەقسىتىنى ئاشكارا بايان قىلىشقا تىرىشاتتى» دېگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# فرۇزە راۋىقى

بەك چىرايلىق ئەردى بۇ نازۇك بەدەن ساھىبجامال،
يوق ئىدى، ئەمما راۋاقتىن ئايرىلىشقا ھېچ ئامال.
نەۋ باھار سىرتتا، ئۆزى تەنھا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ،
يەيتتى غەم گۈلنى تۆكەرمۇ دەپ تالادا شوخ شامال.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چىرايلىق بىر قىزنىڭ باھاردىن ئەنسىرەپ، خازان بولغان گۈللەرنىڭ تۆكۈلۈشىنى كۆرۈشتىن قورقۇپ ئۆيـ- دىن چىقالمىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق يېزىلغان. قىزنىڭ گۈ- زەللىكى بىلەن ئۆمرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ياشلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىدىن خورسىنغانلىقى ئىپادىلەنگەن. گەپ ئاددىي، لېكىن مەزمۇن چوڭقۇر، سۆزلىرى پاساھەتلىك.

# ئون ئىككى كېچە ياستۇقتا يالغۇز

ئويلىسام كۆڭلۈمدىكى يارنى بۇ دەم،
كۆك تۇمان، ئەتراپتا سۇ، يول بەك يىراق.
بىر ئۆتۈپ باقمايمۇ ئۇستۇندىن دېسەم،
يولغا چۈشتى يۈرىكىم مەندىن بۇرۇنراق ئالدىراپ.
تۈن كېچە يامغۇر ئۆينى كەلدى يېتىپ،
ئۇخلىيالماي دەس تۇرۇپ ياقتىم چىراق.
مەن ئۈچۈن قورقۇنچ ئەمەس ئىشىكتىن چىقىش،
قورقىمەن كۆڭلۈم ئېچىلماي كۆپىيىشتىن غەم - پىراق.

ئىزاھ:

بۇ خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھەببەت ناخشىسىدا ئۆزى يالغۇز ئۇخلىيالمىغان بىر قىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى ناھايىتى ئىنچىكە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## كونا گەپلەر

ئەر خەقلەرنىڭ كۆڭلى پىلەكتەك،
سۇنغان چاغدا ئىچى قۇپقۇرۇق.
مېنىڭ ئىشقىم چىراغقا ئوخشاش،
كېسسېپ تۇرساڭ تېخىمۇ يورۇق.

ئىزاھ:

بۇمۇ خەلق ناخشىلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر. بىر قىزنىڭ يۈرەك سۆزى ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ لەۋزىدە تۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆز يارىغا بولغان پۈتمەس - تۈگىمەس سېغىنىشىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بەرگەن.

## گۈل

بۇ گۈل ھۆسنى پەرىشتەدەك، ئۇنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم،
گۆرۈ قويدۇم چاپاننى، سوغ ئۆتۈپ توڭلاپ تۇرۇپ قالدىم.
خىيالىم مەي ئېلىپ كۆڭلۇمدىكى دوستلارنى بىر يوقلاش،
پۇلۇم يەتمەي، ئالالماي گۈل ئۆيۈمدە ئاھ ئۇرۇپ قالدىم.
مەگەر ئۆتسە يەنە بىر ئاي كېلىپ كۆز قاققۇدەك ئىشىكنى،
ئۆيۈمدە يېگۈدەك ئاش يوق، گادايلىقتىن قۇرۇپ قالدىم.
ئەجەب جانان ماڭا بۇ دەم ئۆزۈڭنى چاغلىدىڭ بەك چوڭ،
جېنىمنى ساتقۇدەكمەن دەپ ئىچىمدە، ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا گۈل ئالغۇچىنىڭ گۈلگە بولغان ئىشقى، كېيىم - كېچەكلىرىنى گۈرۈ قويۇپ پۇل يىغقانلىقى، نامراتلىقىنىمۇ ئەستىن چىقارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. گەرچە بۇ شېئىر چوڭقۇر بىر مەزمۇننى ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىسرالار بىر - بىرىگە ئىنتايىن ماسلاشقان، تىلى راۋان، ئوقۇغان ئادەم ھۇزۇرلىنىدۇ.

## جياڭ شۈيەننىڭ يەتتە يېشىغا مۇشائىرە

1

ئېيىمدە: ئۈتكۈزۈپتۇق بىر زامان بىرلىكتە ياشلىقنى،
كۆڭۈل ئوخشاش، سۇرۇشتۇرمەي گادايلىق ياكى بايلىقنى.
پاساھەتلىك پاراڭلاردىن بولۇپتۇق بەھرىمەن بىللە،
تېپىپ ھەر جۈملە گەپ - سۆزدىن يېڭىچە مەھلىيالىقنى.
شىجائەتكە بولۇپ مايىل، غۇرۇرنى ساقلىدۇق زىنھار،
قىياپەتتىن كۆرە بىلدۇق يوغان خۇلقى - ساپالىقنى.
كېتىپمۇ قالدىڭىز مەندىن يىراق نەنخۇ دېگەن جايغا،
ئۇنۇتمايمەن يېشىل دولقۇن - گىياھلاردىن ۋاپالىقنى.

2

يوقاتتىم مەنىسىزلا، ۋادەرىخ، ئەللىك باھارىمنى،
ھاياتتا چارىسىز شۇ ۋەج قىلىپ بىچارە ھالىمنى.
مىراس بولدى ماڭا كونا پالاسنى ساقلىماق ئادەت،
كۇنۇ تۈن ئەنسىرەپ ئاق چاچ تۈگەتتى قارا چاچىمنى.
يوقالسا قوي سوراپ يۈرمەڭ پەقەت قوي باقمىغانلاردىن،

لېكىن ئايلاندۇرار مېھنەت ھەقىقەتكە خىيالىمنى.
ئۆزۈمنى چوڭ بىلىپتۇرمەن، شۇڭا دەۋرانغا نالايىق،
دېسە گەر بىرسى ئاق نانچى تاپۇرمەن شۇندا جايىمنى.

ئىزاھ:

ئالدىنقى شېئىردا ئىككى دوستنىڭ ياشلىق چاغلاردىكى بىر-دىل - بىر نىيەتلىكى، بىر - بىرگە مايىللىقى، بىر - بىرگە بولغان ئىشەنچىسى، ئەركىن - ئازادە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى يېزىلغان. كېيىنكى شېئىردا ئاپتورنىڭ ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆت-كۈزۈۋەتكەنلىكى ۋە زامانغا لايىق ئادەم بولالمىغانلىقىغا بولغان ئېچىنىشى يېزىلغان. شېئىر گەرچە ئەسلىي شېئىرنىڭ قاپىيە-سىگە ئاساسەن يېزىلغان مۇشائىرە بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات ناھايىتى سەمىمىي، تەبىئىي ئىپادىلەنگەن.

## رەسىمگە بېغىشلىما

ئول قەدىم ساۋرامنى سەلكىندە بۇلۇت ئاپتۇ ئوراپ،
قاي زاماندىن تاغ ئىچىدە بىلگىلى بولماس قاراپ.
گۈل - چېچەك يامغۇر كەبى ئۇچقاننى راھىب كۆرمىدى،
قوڭغۇراقتا بىر ئاھاڭ، سوقسا شاماللار غۇرقىراپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چېچەك تۆكۈلگەن مەزگىلى ئاپئاق بۇلۇتلار ئوراپ تۇرغان قەدىمىي ئىبادەتخانا، شامالدا ئاڭلىنىۋاتقان قوڭغۇ-راق ئاۋازى ناھايىتى ئوبرازلىق، تەبىئىي ئىپادىلەنگەن. ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ مەنزىرە تولۇق نامايان بولىدۇ.

## جىيەنىم جىڭچيۇ سىزغان «ئوتياش يىلتىزى» رەسىمگە بېغىشلىما

جىيەنىم كونا ئادەتكە ئەقىدە باغلىدى ھەدەپ،
رەسىم سىزدى كېچىپ گۈلدىن، پەقەت چۆپ يىلتىزىنى دەپ.
ئەگەر يۇقىرا چىرايى زەپىران بولمايدىغان بولسا،
كېرەك يوق تاكى ئەۋرەمگە قەدەر جان باقسا ئوتياش يەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ ئەلنىڭ ۋە يۇقىرانىڭ غېمىنى يەيدىغانلىقى، يۇقىرالار ئاچ قالمايدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوت - چۆپ يەپ كۈن كەچۈرۈشكە رازى ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە دۇفۇنىڭ «دۇنيادىكى ئاجىز - مەزلۇملار خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا»، «ئۆيۈم چۇۋۇلۇپ توڭلاپ ئۆلۈپ قالسامۇ نارازىلىقىم يوق» دېگەن روھى ئەسكەرتىلگەن. لىن شياڭشى «شۇڭقار راۋاقتىكى شېئىرلار» دېگەن كىتابتا ساچالۇن «شېئىرىي ئىقتىداردا سەزگۈر ئىدى. كۆپ ھاللاردا قاراپ تۇرۇپلا يېزىۋېتەلەيتتى. مەن ئۇنىڭ جىيەنى جىڭچيۇ سىزغان ‹ئوتياش يىلتىزى› دېگەن رەسىمگە يازغان بېغىشلىمىسىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. شېئىردا گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بار ··· قىزىق يېزىلغان» دەپ يازغان.

## لياڭ جىلىن ئۇچۇن «ۋۇيى تېغىدىكى سەيلىنامە»گە بېغىشلىما

كۈندە يۈز رەت نەزمە توۋلايسىز ئېگىپ باش خۇش بېقىپ،
كۆزىڭىزگە تور سالالماي چاڭ - توزان كەتكەن ئېقىپ.

قىلسىڭىزمۇ گەرچە تاغ ـ دەريا سىرىنى سۆزدە پاش،
ئەجرىڭىزگە تاغ ئىلاھى زارلىماپتۇ پەش قېقىپ.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا لياڭ جىلىن يازغان سەيلىنامىنىڭ ناھايىتى ياخشى چىققانلىقى، تاغ ـ دەريا، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ سىرى پاش بولغىدەك تەسۋىرلىگەنلىكى، تاغ مۇئەككىلىنىڭ شائىرنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا كايىمىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. لياڭ جىلىننىڭ يازغان شېئىرلىرىنىڭ ياخشى يېرى نەدىلىكى تىلغا ئېلىنمىغان، لېكىن مىسرالاردىكى ماھارەت ئوقۇرمەنلەرگە كەڭ بوشلۇق قالدۇرغان، تەسەۋۋۇر ئىنتايىن مول ۋە رەڭدار.

## لياڭ جىلىن ئۈچۈن «ئۆڭكۈردىن چىققۇم يوق» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما

سىرتنى ئۆيگە ھېچقاچان بولمايدۇ نىسبەت ئەتكىلى،
ھەرنە ئىشنى ئۆز يولى دەپ قايرىلىپلا كەتكىلى.
قانچە خاقان مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇشقا تۇردى دەس،
بارمىكىن ئۇلاردا تاڭ پۇقرا غېمىگە يەتكىنى؟

ئىزاھ:
بۇ شېئىر ئۆز دوستىنى ئەمەلدار بولۇپ باشقا يۇرتلارغا ماڭىدىغان چاغدا ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئاپتور دوستىنى خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشكە، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە، بېپەرۋالىق قىلماسلىققا ئۈندىگەن. شېئىردىن ئاپتورنىڭ خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# زىندان پىرقىسسىدىكى ئەمەلدار ياڭ شۆجاۋنىڭ قەدىمنى ئەسلەش شېئىرىغا مۇشائىرە

## گۇسۇ پەشتىقى

گۈللىمەك - ئۆلمەك گۈزەل قىزلارغىلا باغلىق ئەمەس،
ياخشى گەپتىن قاچسا خان چۈمگەي خۇشامەتكە پەۋەس.
باۋسىنىڭ شاللاقلىقىغا سالمىدى جۇيۇ قۇلاق،
ئۆچ - ئاداۋەت ۋەجىدىن يۆ بىرلە ۋۇنى باستى نەس.
ئۆت يالاپ دۆلەتنى قولدىن بەرگىنىگە بىردە غەم،
بىرسىدە تاغدىن گىياھ يىغقان سەتەڭگە زوق - ھەۋەس.
ئۆلگىلى تاس قالدى شى شى ئوردا ئايۋان ئالدىدا،
ئاقىۋەت فەن جۇيگە ھەمراھ بولدى كۆلدە بىر نەپەس.

ئىزاھ:

قەدىمكى ھۆكۈمران سىنىپلار پادىشاھ - خانلارنىڭ ھالاكىتىنى ئۇلار ياخشى كۆرۈپ قالغان نازىنىنلارغىلا باغلاپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بۇ شېئىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان پىكىرنى، يەنى، گۈللىنىش ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىش نازىنىنلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇ پۈتۈنلەي پادىشاھ - خانلارنىڭ بىخۇدلۇقى، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ خۇشامەتتىدىن بولغان ئىش، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر ۋۇ بەگلىكى شاڭ سۇلالىسىدىكى جۇيۇدەك شەھۋەتپەرەس بولمىغان بولسا، يۆ بەگلىكىدىن يېڭىلىپ قالارمىدى؟ شى شىنىڭ ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ فۇچەيدىن خەۋەر ئېلىشى، خارلىنىپ ئۆلۈشكە تاس قالغانلىقى، ۋۇ بەگلىكى ھالاك بولغاندىن كېيىن فەن جۇي بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ فېئودالىق جەمئىيەتتىكى ئىلغار قاراش. فەن جۇينىڭ شى شىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى-

www.uyghurkitap.com

نی كېيىنكی نۇرغۇن ئەدىبلەر ماختىغان. لېكىن، ئاپتور ئۇنىمۇ بەختىسىزلەر قاتارىغا قويىدۇ. شېئىردا پىكىر چوڭقۇر، تارىخىي ۋەقەلەر كۆپ، مىسرالاردا دادىللىق نامايان بولغان.

## خۇاڭجىن پەشتىقى

ئەتە - كەچتە گۈللىنىشتىن سۆز ئېچىلسا ئىنتىقام،
قىلدى گوۋېي مۇددىئاسى ئۇردا ئەھلىنى قارام.
ئەل ئىچىدىن بارچە دانىشمەن يىغىلدى رەتمۇرەت،
ئارغىماق - مەردلەرمۇ خانىنىڭ ۋەدىسىگە بولدى رام.
تېزلا ۋەيران شۇنچە مۇستەھكەم شەھەردىن يەتمىشى،
زىبۇ زىننەت مىلك تۇمەنلەپ خەزىنىگە كىردى تامام.
گەرچە پەشتاق پۈتتى ھەيۋەت شۇنچىلىك ئالتۇن بىلەن،
ئۇلى ئۇنىڭ ئاقلىۇ دانا يىگىتلەر ھەر زامان.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا يەن بەگلىكىدىكى شاۋ خانىنىڭ ئاقىل - دانالارنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئالتۇندىن پەشتاق سالدۇرغانلىقى ۋە رەقىبلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، ئەلنى گۈللەندۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى يېزىلغان. شۇنداقلا يەن بەگلىكىدىكى شاۋ خانىنىڭ شىجائىتى مەدھىيىلەنگەن.

# سالۇڭتيەن

سالۇڭتيەن، ئىسمى جاۋشەن، لەقىمى يەننەن، ساچالۇنىڭ بىر جەمەت ئىنىسى. ئۇيغۇر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى (1826 — 1831) «يامغۇرلۇق ھۇجرا» دا بەش يىل بالا ئوقۇتقان. 1831 - يىلى تەۋسىيەدارلىققا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن ياڭ چىڭچېنىڭ تەكلىپى بىلەن ۋۇخۇ، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن. دۇڭتىڭخۇ كۆلى، خېڭشەن، يۆشەن تاغلىرىدا ساياھەتتە بولغان. «شياڭنەندىكى گۈل - گىياھلارغا نەزم» ناملىق توپلامدا 30 نەچچە پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. «شۇيىيەن يىللىرى قاشتېشى راۋىقىدا ئۆزۈمگە يېزىلغان شېئىر» ناملىق شېئىرىدا «كۆز - قۇلاق، ئاغزى - بۇرنۇمدىن مەنمۇ بىر ئادەم كەبى/ بەدىنىم گەر مۇشتچىلىك، قويدۇم تەلەپنى ھەسسىلەپ/ گاھى دەستۇر، گاھ قىلىچ، بىر تال ئىششىمۇ پۇتمىدى/ ياكى دۆلەت، ياكى ئۆيگە بەرمىدىم تىرناقچە نەپ» دەپ يېزىپ، ئۇنىڭغا «ياش چاغلىرىدا ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان غەيرىتىم بار ئىدى. قەغەز بىلەن سىياھ ئارىسىدا شىلتىڭ ئېتىپ يۈرۈپتىمەن. بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلالماپتىمەن. ئادەمنىڭ ئىرادىسىمۇ ئۇنىڭ جىسمى بىلەن تۈگەپ كەتسە كېرەك» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇنىڭدىن سالۇڭتيەننىڭ ئۆز ھاياتىدا بەك چوڭ ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## كېمە بىلەن پۇچېڭغا بارغاندا ئىنىم مېيشۇيگە يېزىلغان شېئىر

خۇش پۇراق چاچقاندا مېيخۇا قارغا تولدى ھەر تەرەپ،

بىلمىدىم ئاتقا مىنىپ تېز كەتتىڭىز، بۇ نە سەۋەب؟
نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق قالدى زىلال سۇ، ئاق بۇلۇت،
ئۆتتى ئون يىل ساقمۇساق مەي بىرلە سازدا ئەسلىسەك.
ياش ۋاقىت تۇغقانلىرىم گۆھەر چىقار تاشتەك ئىدى،
قورقىمەن نابۇت بولۇرمۇ ئەمدى قالغان ئۆمرى دەپ.
باللارغا بىر نەسىھەت: تەر تۆكۈپ ئۆتمەك زۆرۈر،
كىم تاپاي روناق دېسە ئەجدادىدىن ئالغاي ئەدەپ.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ئاپتور ئۆيىدىن ئايرىلىپ، نام ـ ئاتاق، ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن مېڭىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بەشىنچى ئىنىسىغا قارىتىپ يېزىلغان. شېئىردا ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى سەمىمىي، تەبىئىي ئىپادىلەنگەن. مېيشۈينىڭ پەي نەۋرىسى جياشى «شياڭنەندىكى گۈل ـ گىياھلارغا نەزم» نىڭ خاتىمىسىدە: «بۇ قېرىندىشىم ئۆزىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىغا ئۇستاز ئورنىدا ئىدى. مېيشۈي بىر ـ گىم بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم.»، «‹پۇچىڭغا بارغاندا مېيشۈيگە بېغىشلاپ يازغان شېئىر› دا ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئۆمىدىنى يەردە قويماسلىقنى بەك تەكىتلىگەن. دېمىسىمۇ بوۋىلىرىمىز ۋە تاغىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىگە لايىق ئىش قىلغانىدى» دەپ يازغان.

## ۋۇخۇدىن كىمە بىلەن ئۆتكەندە ياڭ شۆجاۋغا بېغىشلانغان شېئىر

### 1

ئۇستىۋاش گەر بەك يېلىڭ، ئاخىرقى سوغ كەتتى يەنە،
يۇلتۇزۇم بولغاچ چايان يۈردۈم ھەمىشە ئەنسىرەپ.
پەسلى كۈزنىڭ رەڭگىرويى ئويغىتۇر چۈشتىن مېنى،
ھەر قېتىم مېيخۇانى كۆرسەم كەچمىشىم گويا سەلەپ.

قەلبىمىم توختايدۇ، مىسرالار قېرىيدۇ غەم بىلەن،
بېرىدۇ شادلىق پايانسىز تاغۇ دەريا، ھەر تەرەپ.
مېنى مەپتۇن ئەيلىگەن شىياۋ شاڭدىكى باغلار گۈزەل،
قالىدۇ بىر كۆن رەسىملەر توپلىمىدا ئۇ ئەبەت.

2

ئارغىماق جىجۇدا داڭلىق، ئۈي ئىپتى يەتمەس پەقەت،
ئىمتىھان يەنتەيگە باردىم چاڭدا قالدىم ئىككى رەت.
ئاينى چيەنتاڭ ئاسمىنىدىن سېتىۋالدى يەلكىنىم،
ئايلىنىپ تەيشەنگە چىقسام ئات ماڭا بەردى مەدەت.
دېغى يوق ئىنئام نېمە بىلدىم ئۇنى خەلپەت بولۇپ،
بۇ سەپەر تاپتى جاۋاب بىر چاغدا قىلغان كونا گەپ.
گۈل ـ گىياھ ئىلھامىدىن نەزمە ئوقۇلسا بىر يىلى،
خۇش پۇراق بىرلە تولۇپ كەتكەي ئۈيۈم باغدىنمۇ بەك.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس-لىكى، ئۆزىنىڭ تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلىش خىيالى بارلىقى يېزىلغان. ياڭ شۈجاۋ ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇنەنگە بېرىش ئارزۇسىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئاپتور شېئىردا خىلمۇخىل كە-چۈرمىشلەرنى بىر يەرگە توپلىغان، لېكىن بايان قىلىشتا زورۇ-قۇپ قالمىغان.

## خۇاڭ دافۇ ئاكا ـ ئۇكا ئۇچەيلەن بىلەن جىڭخۇ كۆلىدىكى ئاي تاماشاسى

بىر تۇتاش نيۇچۇ تېغى، يەنزى تېغى،
سەمرىگەن سۇدا بېلىقلار كۆز چېغى.

ئويلىسام يەڭگىل ئەمەس يۈك ـ تاقلىرىڭ،
يانسەن يۈدۈپ يېشىل تاغنى تېخى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ناھايىتى يەڭگىل، جۇشقۇن يېزىلغان. ئاخىرقى مىسرادا مۇبالىغە قىلىنغان، لېكىن سۆزلەر ناھايىتى ئوبرازلىق، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى ۋە قايتىپ كېتىش-كە بولغان تەقەززالىقى ئىپادىلەنگەن.

## يامغۇرلۇق ھۇجرىدىكى ئەبجەش نەزملەر

داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) ئىنىم مېيشۇينى يامغۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان تاغلىق ھۇجرىدا قوندۇرغان ئىدىم. داۋگۇاڭنىڭ 12 ـ يىلى (1831 ـ يىلى) غا كەلگەندە ھەر تەرەپكە كېتىپ قالدۇق. لېكىن، يۇرتىمىزدىكى شۇ چاغدا كۆرگەن باغلار، ئاسماندىكى تولۇن ئاي كۆز ئالدىمىدىن كەتمىدى. سەككىز پارچە يەتتە خەتلىك نەزم پۈتتۈم. تازا قامالاشمىغان بولسىمۇ، ئېسىمىزدىن چىقمايلا تۇرسا بولغىنى.

1

كۆڭۈلدە مۇددىئا ئون يىل چىراغنىڭ ئالدىدىن كەتمەي،
مىلەندۇق يەنە ساق بەش يىل سىياھقا، بولمىدۇق ۋەيران.
ئەگەر بىزنى بۇ ئۈچ مىڭ يول يىراقتا قويمىسا ئەردى،
قالاتتى روھىمىزغا ئاي بىلەن پەسلى باھار ھەيران.

## 2

يېرىم مو ھويلىمىز، ياغقاندىمۇ يامغۇر ئىدى راھەت،
كىرەتتى گۈل ھىدى بامبۇك نۇرىنى ئايلىنىپ ئۆيگە.
كىتاب ـ دەستۇر تۇمەن مىڭلاپ، چىراغ ئۇچ گەز ئېگىزلىكتە،
تولۇن ئاي مارىلاپ ھەمراھ بولاتتى ھەر كېچە بىزگە.

## 3

مىدىرلايتتى يېشىل پەردە تېشىدا ئازدۇرۇپ سايە،
كۆڭۈلنىڭ ۋەجىدىن دەرستە دۇدۇقلايتتۇق كېتىپ ئىمان.
قاتاردا بار ئىدى يالقاۋ، ھۇرۇن شاگىرتمۇ بىرقانچە،
يېرىم تۇن ئوي ـ خىيال، سۇبھى تۇرالماي قىينىلاتتى جان.

## 4

كىرەتتى ئۆي ئىچىگە غۇرقىراپ سالقىن شامال تىنماي،
سولۇپ جۇيخۇا، چۇشۇپ ياپراق تالاي كۇزلەر كېلىپ كەتكەن.
لېكىن بىز ھۇجرىدا يامغۇر ئاۋازىغا بولۇپ ھەمدەم،
نېمە كۆرسەك كۆرۈپ تەڭ سىز بىلەن ياشلىقنى شاد ئەتكەن.

ئىزاھ:
بۇ شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ خۇنەندە بالا ئوقۇتقان چاغدىكى ئەسلىمىسى يېزىلغان. ھېسسىيات سەممىمي ۋە تەبىئىي ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

# ساداۋىن

ساداۋىن، ئىسمى جاۋجوي، لەقىمى يەنپو، سايۇخىڭنىڭ ئوغلى. ئۇيغۇر. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ كېڭزى يىلى (1840 ـ يىلى) تەۋسىيەدار بولغان. ئومۇمىي ئىمتىھاندا شاللىنىپ قېلىپ، ئەمەل ـ مەنسەپتىن قول ئۈزگەن. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، شاگىرت تەربىيىلەپ تۇرمۇش قامدىغان. ئوقۇيدىغان باللار ھەر يىلى يۈزدىن ئارتۇق بولغان. ئۆزى تۈزگەن «ئەنجۈرلۈك باغدىكى شېئىرلار» توپلىمىدا 146 پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ھېسداشلىق، ھۆكۈمرانلارنىڭ سىرتقا قارىتا سۇلھى ـ سالا قىلىپ، ئىچىگە قارىتا دەھشەتلىك ئېزىشنى يولغا قويغانلىقىغا بولغان نارازىلىق ئىپادىلەنگەن. ساداۋىن ھەققانىيەتنى قوللايدىغان ئوت يۈرەك شائىر.

## كەيپىلىكتىكى ناخشا

ئاڭلىغانمەن چۇ بەگلىكى چۈيىۋەندىن ھېكايەت،
ئۇ سۆزلىگەن ھەممەيلەن مەست، بىر ئۆزۈملا سەگەك دەپ.
دەريا بويى نەزم توقۇلاپ رەڭگىرويى سارغايغان،
بىر ياندا خان، بىر يان ئۆزى بىكار كەتكەن شىكايەت.
نەزەر سالساڭ ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن كۈنىنىڭ پەرقى يوق،
قارىغاندا غەم ـ قايغۇدىن ھەسرەت چېكىش بىھاجەت.
قەدەھ تۇتۇپ، شاراب ئىچىپ خۇشال ياشاش ياخشى ئىش،
زامانەدىن قاقشاپ يۈرۈش كۆپەيتكۈدەك جاراھەت.

بۈگۈن مانا ئىس - تۈتەكلەر ساماغىچە ئۆرلىگەن،
دېڭىز يۈزى كېمە - قولۋاق بىلەن تولغان ئالامەت.
قېرى - چۈرى، ئانا - بالا پاناھ ئىزدەپ ھەر ياندىن،
پۈقرالار[illegible] بېشى دەريا، قېنى بۈلاق كارامەت.
مېنىڭ پەقەت مەست بولغۇم يوق، لېكىن ئالەم مەست بۈ دەم،
باتۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقتا مالامەت.
قولۇمدىكى مەينى ئېلىپ بىھوش بولسام بىر مىنۇت،
رەزىللەرنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋەتسەم نە راھەت!
كۆتۈر جامنى، قۇيغىن شاراب، تۆكەپ كەتسۇن غەملىرىم،
لياڭجۇغىچە نەرە تارتىپ ئات ئوينىتاي داۋامەت.
تارتىشقۇدەك ھېچ يېرى يوق نام - ئاتاقنىڭ، بايلىقنىڭ،
ئويغانماسقا يېتىپ قالساق تۈگىمەمدۇ قاباھەت.
ۋادەرىخا! كۆرمىدىڭمۇ جاھاننى،
قۇجيەن كەبى چەت جايدىمۇ قۇترىماقتا ھايۋانلار،
زۇلمەت ئارا ئەرۋاھلارنىڭ ئۈنىدىمۇ نادامەت.
شېھىتلەرنىڭ سۆڭەكىدىن ھەممە يەردە ئېگىز دۆڭ،
تاپالمايدۇ نەزىر ئۈچۈن بىر تامچە مەي جامائەت.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن كېيىن يېزىلغان. ئۇنىڭدا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپ-رەت ئىپادىلەنگەن. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋەھشىيلىكى تۈپەيلى، دې-ڭىز ياقىسىدىكى پۇقرالار خانىۋەيران بولۇپ، پاناھ جاي تېپىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە كەتكەن. ئۇلارنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئاققان. شېئىردا گەرچە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى بىۋاستە پاش قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن. شېئىرنىڭ بېشىدا چىن بەگلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان چۇيۈەننىڭ سۇر-

گۈن قىلىنغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندە جاھانگىرلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن لىن زېشۈينىڭ ئىلىغا پالانغانلىقى ئارقىلىق «نەزەر سالساڭ ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن كۈننىڭ پەرقى يوق» دېگەن قاراش تىلغا ئېلىنغان. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە قارىتا «تاپالمايدۇ نەزىر ئۈچۈن بىر تامچە مەي جامائەت» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارنى خاتىرىلەشكە يول قويمىغانلىقى، تارىخنىڭ سەھىپىسىگە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يېزىشقا ئۇنىمايدىغانلىقى پاش قىلىنغان. ئاپتور مۇشۇنداق ئەھۋالدا «ۋەزىيەتنى دەپ ئازابلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى»، «مېنىڭ مەست بولغۇم يوق، لېكىن ئالەم مەست بولۇپ قالدى»، «بۇ ئىش باتۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى»، «مەستلىكتە بولسىمۇ رەزىللەرنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋېتەيلى، بەك سەگەك بولۇپ كەتسەك بۇ دەردكە چىدىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلاردىن ئاپتورنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقىنىڭ، دۆلىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان سەممىي ھېسسىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## خەنجەر كۆلچىكى

سۇدا خەنجەر ئەجدىھا بوپ كەتسە بىردىن نە ئامال،
قۇتۇلۇپ كۆلچەك غېرىبلىقتىن سۈيى ئاققاي راۋان.
بىلمىدىم ئاۋېي ئۆنىڭدىن بەشنى سوققان نە سەۋەب،
قالدۇرۇپ شۇلۇق دېگەن جايدا پۇشايمان بىر زامان.
زەپىران ئەلنىڭ چىرايى، تۆت تەرەپتە ئىس - تۈتەك،
مەردۇ مەردانلار تۆكەپ ياپراق يۈزىدە غەم تۇمان.
ئارزۇيۇم: مەنمۇ يېرىم مو يەرگە بىر كۆلچەك ياساپ،
قايتىدىن خەنجەر سوقۇپ ياۋلارنى قىلسام بىئامان.

ئىزاھ:

بۇ ئاپتورنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى تولۇق نامايان بولغان بىر پارچە شېئىر. ئۇ خەنجەر كۆلچىكىگە قاراپ، قەدىمكى دەۋردىكى خەنجەرلەرنىڭ ھازىر مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئويلىغان. ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان بۇگۈنكى كۈندە، ئۆزىنىڭ يېرىم مولۇق كۆلچەك ياساپ، ئاۋېيگە ئوخشاش خەنجەر سوقۇپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## دىدارلىشىش ئاخشىمى

مېۋىدىن مېھراب ياساپ تەلەي سىنايمىز تاڭغىچە،
ۋە لېكىن تەلەي جاپادىن - ئەجرىدىن كەلگەن پەقەت.
پادىچى كەچسە ئېتىزدىن ئۆسمىكى تەس مايسىنىڭ،
تاشلىسا چاقىنى قىزچاق شايى - دۇردۇنلار غەلەت.
ھەم توقۇپ، ھەم ئاش ئېرىيدۇ يۇرتىمىزدا ھەر كىشى،
ئەر - ئاياللارغا جۇدالىق بولمىسۇن ئەلدە ئەبەت:
يىلدا بىر رەت جەم بولۇشقا ياخشى پۇرسەت بۇ كېچە،
كۆجە كۆيدۈرمەك بىلەن تەلەي تېپىش ئىنسانغا سەت.

ئىزاھ:

پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزنىڭ ھېكايىسى ئېلىمىزدىكى ھەممە ئادەمگە تونۇش. رىۋايەتتە دېھقانچىلىق كالېندارى بويىچە 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىككىيلەن سامان يولىدا بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىدۇ، دېيىلىدۇ. لېكىن، بەزى ئادەملەر شۇ ئاخشامدا مېھراب ياساپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىنايدۇ. ئاپتور مۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، تەلەي دېگەن جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق كېلىدۇ، پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزنىڭ دىدارلىشىشمۇ ئۇلارنىڭ چەك-

www.uyghurkitap.com

كەن رىيازەتلىرىگە باغلىق، دەپ قارايدۇ. شېئىردا يەنە ئەرلەر-نىڭ تېرىقچىلىق، ئاياللارنىڭ يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشى مەدھىيىلەنگەن. ئاپتورنىڭ بۇ قاراشلىرى ئىنـ-تايىن توغرا. شېئىرنىڭ تىلى ناھايىتى ئاددىي، خۇددى ئاپتور دېھقانلار بىلەن مۇڭداشقاندەك يېزىلغان.

## لىن زېشۇي ھەزرەتكە مەرسىيە

ھىممىتى تۇتقاندا شاھ قىلغاي تۆۋەنگە ئىلتىپات،
ھەيدىگەندە بىرسىنى ھىممەت كېتەر ئىستەك تاراپ.
تۆھپىدە لى گاڭ جەنۇب بەگلىكلىرىگە بىر مىسال،
پەم - پاراسەت ئىچرە مىڭ سۇلالىسىدا ۋاڭ جاناب.
بىر ئەزىز ئۇششاقۇ چوڭ ھەركىم ئۇچۇن نامى تونۇش،
توققۇز ئىقلىم قوينىدا كۆچ - قۇدرىتىدىن ياۋ خاراب.
پەزلىگە تۇغقان ماكان ياغ كۆيدۈرۈپ قىلغاي نەزىر،
چىقتى دەپ فۇجيەندىمۇ مەڭگۇ نەمۇنە كاتتا زات.

ئىزاھ:

بۇ مەرسىيە لىن زېشۇينىڭ تۆھپىسى ۋە ئىززەت - ھۆرمە-تىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ لىن زېشۇيگە بول-غان تەلپۈنۈشى سەممىي ئىپادىلەنگەن. شېئىردا ئازابلىنىش كەيپىياتى يوق، ئادەتتىكىلەر يازىدىغان شېئىرغا ئوخشىمايدۇ.

## سېغىنىش

ئوي - خىيالىمدا بۆلەكچە بىر پىراق،
بۇ ماڭا لوياڭدا تەگكەن ئىشتىياق.
ئەگىشىپ بارغۇم كېلۇر، ئەمما بارار يول بەك يىراق.
پەسلى كۈز، تىكسەم كۆزۈم يوقتۇر جاھاننىڭ چەت - چېتى،

كېتىدۇ تۇرنا ئۇرۇپ پەرۋاز جەنۇب ياققا قاراپ.
سىز كېتىپ قالغان چېغى ياپراق، گىياھلار ياپىېشىل،
ئەسلىسەم كۆرگەن دەرەخلەر سارغىيىپ بوپتۇ خاراپ.
ۋە لېكىن ياپراق گۈزەللىكنى تاپۇر بىر كۈن كېلىپ،
زەپىران بولغان چىرايىم ئەسلىگە كەلمەس بىراق.
يانسىڭىز بولماسمىدى يۇرتقا بۇرۇنراق يول ئېلىپ،
ئوي - خىيالىمدا بۆلەكچە بىر پىراق،
ئىچ - ئىچىمدە مېنى ئەزگەي ئىزتىراپ.

ئىزاھ:

بۇ نەغمە - ناۋا مەھكىمىسىدىكى نەزم شەكلىدە يېزىلغان شېئىر. ئۇنىڭدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر - بىرىدىن يىراق جايلاردا تۇرۇۋاتقانلىقى، قىزنىڭ يىگىتكە بولغان سېغىنىشى، ئۇنى كۈتۈپ كۆزلىرى تۆت بولغانلىقى يېزىلغان. شېئىرنىڭ ئۇسلۇبى ئاممىباپ، جۇشقۇن، ھېسسىيات ھەم تاتلىق، ھەم گۈزەل، مىسرالار خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

## خۇشخەن كۆۋرۈكىدە

مەن نەزەر سالسام يىراق كۆۋرۈك بىلەن ئاسمان تۇتاش،
ئاتتايى يەلكەندە كەلگەن - كەتكىنى تۇغقان - قاياش.
خوشلىشىپ ماڭغاندا دەرد، قايتقاندا شادلىق كەلكۈنى،
بىر ئېقىندا ئىككى سۆيگۈ، ئىككىسىدە بىرلا ياش.

ئىزاھ:

شائىر خۇشخەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملەردىكى ئوخشىمىغان ھېسسىيات ئارقىلىق، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدىمۇ ئىككى خىل تۇيغۇنىڭ بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. شېئىر ئىنتايىن راۋان ۋە يەڭگىل.

## قەلئەدىكى جەنۇبىي راۋاقتا

ئالدىراپ چىقتىم راۋاقتا بىر ئۆزۈم،
پەسلى كۈز، ئايدىڭ، دالالار بىپايان.
قوش مۇنار كىرگەن بۇلۇتنىڭ قوينىغا،
ئولتۇرۇپتۇ كەچكى كۈن مىنجياڭ تامان.
يول خەتەر، ياۋنى لېكىن توسماق قىيىن،
ئەركىلەرنىڭ دەردىدىن ئەل بىئامان.
بىلمىدىم تەقدىر بۈگۈن كىم ئىلكىدە،
قەسسىمنى ئاقلىماي بولدى يامان.

ئىزاھ:

ئاپتور قەلئەدىكى راۋاقتا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ تېخىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، تاغ - داۋانلار خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەرنى توسقىلى بولمايۋاتقانلىقىنى، يەنىلا ھوقۇق ئېگىلەپ تۇرغانلارنىڭ دۆلەتكە بولغان ساداقىتىگە تايىنىش لازىملىقىنى ئويلايدۇ. شېئىردا ئاپتورنىڭ ۋەتەنگە بولغان سەممىي مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

## ئوغلۇمغا ساۋاق

تۇرمۇشتا كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن
ئەجدادىڭ ئەزەلدىن ھالال ياشىغان.
بوۋاڭ گەنسۇدا ئەمەل تۇتسىمۇ،
جەنۇب ياققا كېلىپ زاغرا غاجىغان.
داداڭ يۇرت مولللىسى بولغان بىر مەھەل،
بىراق، شۈكۈر قىلغان نامراتلىقىغا.

مال ـ بايلىق توپلاشنى ئويلاپ قويمىغان،
بەتنام بولمىسۇن دەپ ئەجدادلىرىغا.
سەن بۇ يىل ساقمۇساق ئون بەشكە كىردىڭ،
بولۇپ ئۆتتۇۋەرمە ئويۇنغا خۇشتار.
ئوقۇپ كىتەلەيسەن «داربىلئولۇم» نى،
ياخشى يىرىڭ: غەيرەت، شىجائىتىڭ بار.
تىرىشىش، تەر تۆكۇش ھەممىدىن ئەلا،
ئەقىلسىز چاغلىما ئۆزۈڭنى پەقەت.
ئەگەر چوققىلارغا ئۆرلەيمەن دىسەڭ،
جاپانىڭ كەينىدە ھەممە ھالاۋەت.
رەت قىلساڭ تەييارغا ھەييار بولۇشنى،
نامىڭ ئەل ئىچىدە قالىدۇ ئەبەت.

بۇگۈن بىشىمىزغا يامان كۈن كەلدى،
ھىچكىم مۇنداق ئىشنى ئويلىغان ئەمەس.
بولماي تۇرۇپ سەندە ئىقتىدار ـ تالانت،
ئۆز ئىناۋىتىڭنى تاپالىشىڭ تەس.
تىل ـ ھاقارەتلەرگە قالىسەن چوقۇم،
جاپالىق ئوقۇشقا باغلىغىن ھەۋەس.

ئىزدەنسەڭ نامراتلىق توسالماس سىنى،
مەرتىۋەڭ ئۆسىدۇ كۆككە يەتكۇدەك.
ۋۇجۇدۇڭدا بولسا ئەگەر ئىنتىلىش،
ئۆزۈڭنى ئالدىماي ئۆتۇشۇڭ كىرەك.
ھۇرۇنلار ئەھلىدىن ئىشىشنى ئويلا،
قورقۇپ يۇرمە زىنھار كونا ئادەتتىن.
ساڭا دىگەنلىرىم يالغان گەپ ئەمەس،
ئويلىنىپ بىقىشنى كۇتىمەن سەندىن.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھ:

شېئىردا ئاپتورنىڭ ئوغلىغا قىلغان تەربىيىسى ئارقىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەسلىك، ئەخمىقانە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردە بولماسلىق، ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرۈش قاتارلىق توغرا ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان. بىز بۇلاردىن ئاپتورنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى ئەخلاقىي قائىدىلەرنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز، شۇنداقلا سەيدۇللانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

## چاڭپىڭ مەلىكە قەبرىسىدە

1

بىر گۈزەل چاڭپىڭ مەلىكە كۆز يېشى ئاقتى تارام،
ئۆردى خەنجەر پادىشاھ، قانغا بويالدى ئوردا تام.
تەڭ ئۆلۈشنى خالىدى تۇغقان، قېرىنداش، بىر جەمەت،
مەقسىتى قايتا تىرىلمەسكە قىلىش روھنى تامام.

2

تاشلىدى شاھانە تۇننى، يۇيدى ئەڭلىكنى تۈگەل،
بولمىغاچ ئىمكان تۆلەش مېھرى ـ مۇھەببەتكە بەدەل.
تاللىدى راھىب يولىنى تۇۋا ئىستىغپار ئۈچۈن،
باغلىغاچ شاھلار ئۆيىگە قايتا كەلمەسلىككە بەل.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا مىڭ سۇلالىسى ھالاك بولغان چاغدا پادىشاھ

چۈشەنچىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىزىنى ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەلىكە چاشپىڭ بەش كۈندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، راھىب بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا چىڭ خاندانلىقى تەرەپ ئۇنىمىغان. شېئىردا فېئوداللىق دەۋرىدىكى ۋاپادارلىق ئەنئەنىلىرى بويىچە مېھىر - مۇھەببەتكە جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدىكى مىسرالار يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور «ئۇ دۇنيادا قايتا تۇغۇلغاندىمۇ شاھلارنىڭ ئۆيىگە تۇغۇلماسلىق» دېگەن جۈملە بىلەن، پادىشاھ - خانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىنكار قىلغان. شېئىر بەكمۇ ئېچىنىش بىلەن تولغان.

## ئۆرلەپ كەتكەن گۈرۈچ باھاسى

ئۆتكەن يىلى بىر كۈرە گۈرۈچ
تۆت يۈز ياماق، بۇ ئاز سان ئەمەس.
بۇ يىل ئەمدى بىر كۈرە گۈرۈچ،
سەككىز يۈزدە، ئەلنى باستى نەس.
ئايدالانى قاپلىدى نىدا،
سوراشقا ھېچكىم قىلمىدى ھەۋەس.

پۇقرانىڭ مال - مۈلكى بايلار قولىدا،
ئىنتقا گۆش، ئاتقا يەم، ئادەمگە نان يوق.
ھايات ياشاشتىن ئۈزۈلدى ئۈمىد،
شىكايەتنى قىلارغا جاي يوق.
ئاچ قالسا ئىمان سۇسلايدۇ دەيدۇ،
ئۇنىڭدىن يامىنى بەدەندە جان يوق.

كۆزۈڭلارنى ئېچىپ قاراپ قويۇڭلار،
دەريانىڭ شەرقىدە قاراقچى بارمىش،
قوزغالغان ئۇلارمۇ باشقا ئامال يوق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا چىلىك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جا-
ھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا زې-
مىن كېسىپ بېرىپ، ئۇرۇش چىقىمى تۆلىشى، زومىگەر بايلار-
نىڭ پۇقرالارغا بولغان دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئاۋام -
پۇقرانىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
ئاپتور گەرچە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى قوللىمىسىمۇ، مىسرا-
لاردا ئۆزىنىڭ نائىلاجلىقىنى، خەلقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇش
كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئوچۇق يازغان.
ھەتتا ئۇلارنى «قاراقچى» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى باستۇ-
رۇش تەرەپدارى بولمىغان، مۇئەييەن ھالدا ئۇلارغا ھېسداشلىقى-
نى ئىپادىلىگەن.

## مىس ياماقلار

مىس تاغلىرىمىزنى كىم ئېلىپ كەتتى،
شۇندىن سۇڭ دۆلەتنىڭ ھالى بەك خاراب.
پۇقرا قەغەزنى پۇل قىلىپ خەجلىدى،
باشقا كۈن چۈشكەندە تۇرىمىز قاراپ.
ئۆتكەن يىلى تەسىس بولدى بىر ياملول،
پۇقرانىڭ مۇلكىنى كۆپەيتىمىز دەپ.
لېكىن، مۇلۇك - بايلىق بولدى ياملۇلنىڭ،
بۇزۇپ - چاچتى ئۇلار خۇددى غازاڭدەك.
بۇرۇن بىر پۇل بېرىپ قەغەز ئالاتتۇق،
ئەمدى قەغەز بەرسەك تېگىشمەيدۇ پۇل.
ۋادەرىخ! بىر چارەك سۆكنى تاپماق تەس،
قورۇق سېۋەت بىلەن يانىمىز ئۇدۇل.
بىر گەز ماتا ئۈچۈن قىينالسىمۇ جان،

دۇكان قۇرۇپ مۇكا ئاتاتتۇق لېكىن.
قان ـ تەر بەدىلىگە تېپىشقا ئىمكان،
قەغەز قىممىتىدە ياشايتتۇق تەمكىن.
ئۆرلەۋەرسە مالنىڭ باھاسى مۇنداق،
پۇقرانى ئەنسىزلىك باسار ھەر يەردە.
ئارزۇيۇم: قاقشاتمىسا ھۆكۈمەت خەلقنى،
خەلق نامراتلاشسا ھۆكۈمەت نەدە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىر يۇقىرىدىكى شېئىر بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ شېئىردا ھۆكۈمەت ياملۇللىرىنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك يوسۇندا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى بىۋاستە پاش قىلىنغان. شېئىرنىڭ بېشىدىلا بىزنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكى، دۆلەت ئاجىزلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممە بالا ـ قازانى خەلققە ئىتتىرىپ قويغانلىقى، ئۇلارنىڭ قەغەز پۇل بېرىپ خەلقنىڭ قولىدىكى بايلىقنى يىغىۋالغانلىقى، لېكىن خەلقنىڭ قەغەز پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ مۇلكىدىن قۇرۇق قالغانلىقى، مال باھاسىنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقانلىقى، قەغەز پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، بىر كۇرە ئاش، بىر گەز ماتانىڭمۇ ئوخشاي قولغا كەلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە خىرىس قىلماسلىقىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە چاڭگال سالسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ يەردە ئاپتور پۈتۈنلەي خەلقنىڭ گېپىنى قىلغان. ئۆز مەقسىتىنى ئاشكارا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، گەپ ـ سۆزلەرنى ياساپ ئولتۇرمىغان، خۇددى پۇقرالارنىڭ تىلىدەك چۈشىنىشلىك تىل ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى

# مەلىكە ۋاڭ جاۋجۈن

گۈل چىرايى زەپىران، ھەسرەت بىلەن كەتكەن ياداپ،
ئۇستا رەسسام شۇ پېتى سىزغاچقا چەكتى كۆپ ئازاب.
بىر بۇلۇڭدا شۇمشىيىپ يۈرسە تونۇيدۇ ئۇنى كىم،
ياخشى ئىش كەتسە شىمالغا بۇندا بولغاندىن خاراب.

ئىزاھ:

ۋاڭ جاۋجۈن خەن سۇلالىسى يۈەندىنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ بىرى. يۈەندى ھەرەمدىكى كېنىزەكلەر كۆپ بولغاچقا، رەسسام ماۋ يەنشۇغا ئۇلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ كۆرسىتىشنى بۇيرۇغان. ماۋ يەنشۇ پارا ئېلىپ رەسىم سىزغان. ۋاڭ جاۋجۈن پارا بەرمىگەچكە، ماۋ يەنشۇ ئۇنى سەت سىزغان، نەتىجىدە خانغا نائىل بولالمىغان. يۈەندى ئۇنى ھون تەڭرىقۇتلىرىغا ياتلىق قىلغان. قەدىمكىلەر ۋاڭ جاۋجۈن توغرىسىدا كۆپ شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، ماۋ يەنشۇدىن ئاغرىنغان، يا بولمىسا يۈەندىنى مەسخىرە قىلغان. ساداۋىن بۇ ئىشقا باشقىچە قاراپ، ماۋ يەنشۇدىن ئاغرىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. خەن ئوردىسىدا خانغا يارىماي جاپا چەككەندىن شىمالغا بېرىپ ياشىغىنى ياخشى دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

# سادانىيەن

سادانىيەن، ئىسمى جاۋچيەن، لەقمى لەنتەي، ساداۋىننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى. ئۇيغۇر. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ بىگۇۋۇ يىلى (1846 ـ يىلى) تەۋسىيەدار بولغان. شيەنفېڭنىڭ كۇيجۇ يىلى (1853 ـ يىلى) تەشرىپدارلىققا كىرگەن. جيەنئەن مەھكىمىسىدە مۇدەررىس بولغان. ئوخشاشلا «ئەنجۇرلۇك باغدىكى شېئىرلار» ناملىق توپلام تۈزۈپ 106 پارچە شېئىرىنى كىرگۈزگەن. شېئىرلىرىدا دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە خەلقنىڭ ئاھۇ زارىغا كۆڭۈل بۆلگەن، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا بولغان نەپرىتىنى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. شېئىرلىرىدا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قىلىدىغان مىسرالارمۇ يوق ئەمەس. بەدىئىي جەھەتتە ساداۋىنغا ۋە سادازىغا يەتمەيدۇ. «شۇڭقار راۋىقىدىكى شېئىرلارغا ئىزاھات» ناملىق كىتاب يازغان.

## لىن شياڭشى ئۇچۇن «قۇزغۇن ئىتىش رەسمى»گە بېغىشلىما

كەلدى مەغرىبتىن دېڭىز ئاتلاپ ياۋا قۇزغۇن ئۇچۇپ،<br>
ئورىدەك كۆك كۆزلىرىدە بەتنىيەت، شۇملۇق، گۇمان.<br>
تۇلكە، توشقاننى تۇتۇش بىرلە قارا رەڭلىكلىرى،<br>
ئاقلىرى چاغلار ئۆزىنى بۇندا يەككە قەھرىمان.<br>
ئۆتتى بىر ـ بىرلەپ مانا مېنخەي قوۋۇقنىڭ ئالدىدىن،<br>
يەنە ماڭسا يەتكۇدەك ۋۇشىدىكى تاغلار تامان.

قانتىنى ئۇيىنتىپ توقلار قورساقنى يەم بىلەن،
«ياخشىلىققا ياخشىلىق» بىلمەس بۇ سۆزنى ھېچقاچان.
بولدى بەس! بىزنىڭ يىگىتلەر قىلىدۇ چاقماقنى يا،
ئوق ئۈزۈپ جاڭگال - ئىبدىرنى بويىغاي شەلپەرسىمان.
پەيلىرىدىن قان ئېقىپ ياۋلار ئۆلۈپ پۈتكەي تۈگەل،
پۈت - قولىنى تەۋرىتىشكە قالمىغاي جىسمىدە جان.
بۇ مۇقەددەس ئانا يۇرتىن كەتمىكى ساق تەس بولۇر،
سايرىغاي قۇش، پۇركىنىپ تاڭنىڭ نۇرىغا ئەل ئامان.

ئىزاھ:

شېئىردا ئاپتورنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا بولـ-
غان نەپرىتى ۋە ئۇلارنى مەنسىتمەيدىغان شىجائىتى، باتۇر يىگىتـ-
لەرنىڭ ئۇلارنى يوقىتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى، خەلقنىڭ
خاتىرجەم كۈنلەرگە ئېرىشىپ، قۇشلارنىڭ سايراپ، گۈللەرنىڭ
ئېچىلىپ، تاغ - دەريالارنىڭ گۈللىنىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدى
ئىپادىلەنگەن.

## ئوتياش بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر

ياسىداق ئۆيلەردە گۆش - ياغ بىھېساب،
كەپىلەردە يىگىلى ئوتياشمۇ يوق.
ئۆلىمالار جان باقادۇر چۆپ چىلاپ،
قەرزى بولسا قايتۇرالمايدۇ تولۇق.
خەجلىسەكمۇ كۈندە ياماقنى تۈمەن،
بىر تويۇشقا يۇرىمىز ئوت - خەس يۇلۇپ.
كۈندە يەپلا جان بېقىپتۇ شۇ جاناب،
ئاغزىنى تامشىپ بۆلەكچە خۇش بولۇپ.
ئاڭلىسام ۋىي جىبگمۇ ئاچچىقسۇ بىلەن،
ئوردىدا يۇرگەنىكەن شادقا تولۇپ.

شى بېگىمدىن سۆز ئېچىش لازىم بۇ دەم،
بوپتىكەن رەسۋايى ئەزەم بەك تويۇپ.
«ئەۋلىيالار، بولمىغىن ئاچ كۆز» دېگەن،
ئول قەدىم تەنبىھتە بۇ گەپ بەك ئۇلۇغ.
ھەددىدىن ئاشسا كىشى ئۆمرى كۆتەن،
خەۋپ - خەتەر كەلگەن ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ.
سەت ئەمەسمۇ ئوتنى يېمەيمىز دېسەك،
باشقا مۇدھىش دەرد - ئەلەم كەلگەن تۇرۇپ.
ۋادەرىخ، پۇقراغا ئاغرىيدۇ ئىچىم،
كەتمىسە ئەردى ئۇلار چۆپتەك قۇرۇپ.

ئىزاھ:

ئاپتور قەدىمدىن ھازىرغىچە ياشىغان ئەدىب - ئۆلىمالارنىڭ نامرات بولسىمۇ ئۆزىنى خار قىلمايدىغان پەزىلىتى ئارقىلىق، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن ئېسىلزادىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى يازغان. ئاخىرىدا جياڭنەندىكى پۇقرالارنىڭ ئوتياشقا ئوخشاش سارغىيىپ كەتمەسلىكىنى ئۇمىد قىلغان. ئاپتور گەرچە تەشرىپدارلىقتا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئائىلىسىنى ئانچە باياشات قىلالمىغان. شۇڭا، قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يىللاردا ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى پۇقرالارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىغان، ئۇلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغان.

## جيەنياڭدىكى قونالغۇ

چايكىلارنى قوينىغا ئالدى بېسىپ كەلگەن مانان،
غەرب شامالى چۈشتىن ئويغاتتى سوقۇپ ساڭجۇ تامان.
پەسلى كۈز نەزم تەقەززاسى دىلىمغا خوپ ھۇزۇر،
قول تۇتۇپ ئاي بىرلە ساھىل قىلدى قولۋاقنى ماكان. ١
بۇ دەقىق قۇشلار دەرەخ ئىزدەپ قاياققا كەتتىكىن،

يەنە كىملەر سۇ بويى گۈلگۈن راۋاقتا شادىمان.
بىرسى چاقىرىپ قويسا رەسسام جاۋنى ۋۇشىڭدىن ماڭا،
خوپ ئەمەسمۇ رەڭ ئارا كۆرسەم زېمىننى بىر زامان.

ئىزاھ:

ئاپتور جېھەنىياڭدا قونۇپ قالغاندا ئۆزىنىڭ نەزم يېزىش خىيالى بىلەن ئايدىڭدىكى ساھىلغا، گۈزەل كېچىلىك مەنزىرىگە مەپتۇن بولغان. ھەتتا، ئۇ قەدىم دەۋردىكى داڭلىق رەسسام جاۋ مېڭجاۋنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇ غەنىيمەت چاغلارنى سىزدۇرۇۋالماقچى بولغان. شائىر سەپەرنىڭ جاپاسىنى، غېرىبلىقنى يازغان باشقا شېئىرلارغا ئوخشاشمىغان ھالدا، ئۆزىنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلىگەن.

## تۆت ئاقساقالنىڭ قەبرىسى

ئاق بۇلۇت، رەڭدار ئېدىر چىن بەگلىكىدىن ياخشى يەر،
تۆت بوۋاي تۆكمەكچى ئەمدى قېرىنغاندا خەنگە تەر.
ئەل ئىشىغا تاغدىكى دەرۋىشنى ئىزدەش نە سەۋەب،
تۇرسا تاۋيۈەن ئۆڭكۈرىدە ئەۋلىيادەك ياخشى ئەر.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا تۆت ئاقساقالنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا چات كەرگەندىلىكىگە بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇلار تاۋخۇايۈەندىكى ئادەملەردەك ئۆز ئەقىدىسىدە تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتوردىكى بۇ نارازىلىق ئۇلار تۈپەيلى سادىر بولغان يامان ئاقىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ليۇباڭنىڭ ۋەلىئەھدىنى بىكار قىلمىغانلىقى ھاكىمىيەتنىڭ خانىشنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ئاپتور بۇ شېئىرنى يازغان چاغدا چىڭ ھاكىمىيىتى سىشى تەيخۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

كەتكەن بولغاچقا، ئۇ تۆت ئاقساقالنىڭ ئىشلىرى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىن ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## تەسىراتىم

ئېسىمدە چىللىغان چاغئەن قولىدىن ئىش كېلۇر زاتنى،
نىيەت قىلدىم بوران – ئوقتەك ئۇچۇپ ۋاقتىدا بارماقنى.
پاتار كۈن مەزگىلى نەزم ئوقۇپ مەن ئىت بازارىدا،
كېلىپ شۇڭقار راۋاقتا كۆز كۈنىدە سىنىدىم ئاتنى.
مانا ئۈچ يىل قوۋۇقنىڭ سىرتىدا سەرسان، قېرىپ كەتتىم
تۈمەن چاقىرىم مانان ئىچرە كۆرەلمەي زەررە ئاپتاپنى.
ئۆزۈمچە تەندۇرۇس، ئىقبال – نىيەتلەر ئۆز پېتى بۇدەم،
ۋە لېكىن ئاڭلىغۇم يوق كەچلىرى قەلئەدە پەريادنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ شجائىتى، جاپالىق جەڭلەردە بولغانلىقى، تۆھپە ياراتقانلىقى، قوۋۇقنىڭ سىرتىدا تۇرسىمۇ غەيرىتىنىڭ سۇسلاپ قالمىغانلىقى، قەلئە بۇرجەكلىرىدە مۇڭلۇق نەغمىلەرنى ئاڭلىغاندا كۆڭلى بۇزۇلىدىغانلىقى يېزىلغان.

## فۇجيەندىن كەلگەن خەۋەر

ئۆزاقى يىل يامغۇر ئاپتى،
ئۆي قالمىدى كەلكۈن باسمىغان.
ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىقتىن،
يامغۇر تىلەپ يايدۇق داستىخان.
بۇ يىل ئاشنى يىغار – يىغمايلا،
ئۆرلەپ كەتتى ئۇننىڭ باھاسى.
سورىساڭلار نېمە سەۋەب دەپ،

ھەممە شۇملۇق — پۇلنىڭ بالاسى.
شەھەرلەردە ھەر كۈن يىغلىق،
تۆمۈر - تەسەك، ياغاچ - تاش بىلەن.
ياخشى - يامان قىلىنمىدى پەرق،
تويا قالدى بىز خەجلىمىگەن.
باي ئۆيلەرگە توپلاندى ئاشلىق،
نامراتلارغا قالدى قۇرۇق تام.
يوتقان سېتىپ تېگىشەيلى سۆك
دېسەك يوتقاننى ھېچكىم ئالمىغان.
قايتىپ كەلسەك بېشىمىز چۈشۈپ،
بالىلارنىڭ چىرايى قانسىز.
پاك ئەمەلدار نەگە كەتتى دەپ،
كونىلارنى ئەسكە ئالىمىز.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتى قۇجىيەندە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئاپتور گەرچە تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ئوردىغا قاراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۇل تارقىتىدىغان ئىشنى ئوردىدىن باشقا يەر قىلالمايدىغان بولغاچقا، «ھەممە شۇملۇق — پۇلنىڭ بالاسى» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوردىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## قولۋاقتىكى قارا يامغۇر

ئۇلتۇرۇپ نەلەرگە كەتكەندۇ قۇياش،
كۆكنى ياردى ئىككىگە گۈلدۈرماما.
چوققىلارنىڭ ئاستىغا چۆككەن بۇلۇت،
قىپقىزىل چاقماق نۇردىن سۇ مانا.
ھەيۋىتى دولقۇننى تۇرغۇزدى ئۆرە،

www.uyghurkitap.com

بۇرغىنىڭ ئاۋازى كەلگەندەك يانا.
ئەرتە تاڭ ساھىل يوقالسا سۇ بىلەن،
ماڭغۇلۇق قولۋاقتا سەلكىنلەر ئارا.

ئىزاھ:

شېئىردا شامال، يامغۇر، گۈلدۇرماما، چاقماق، دولقۇن، سۇ، قولۋاق، ساھىل بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن ھالدا ناھايىتى ئىنچام، ھەيۋەتلىك ئىپادىلەنگەن ۋە ئاپتورنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

## سەي ۋېنجىنىڭ خەن ئوردىسىغا قايتىشى

شىمالدىن قارنى ھەيدەيدۇ شامال، چەكسىز دالا قوينى،
ئاقار چۆرنىڭ مۇڭلىغا ئەگىشىپ كۆز ياش بولۇپ مارجان.
لېكىن، بۇ ياخشى ئىش باربىت ئېلىپ ھەسرەتتە كەتكەندىن،
مانا لى لىن مازارى ئاي نۇرى قوينىدىلا قالغان.

ئىزاھ:

سەي ۋېنجى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكى سەي يىنىڭ قىزى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ھونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، شۇ يەردە ياتلىق بولغان ۋە ئىككى پەرزەنت كۆرگەن. لى لىن خەن سۇلالىسىدىكى داڭلىق سانغۇن لى گۇاڭنىڭ نەۋرىسى. ئۇ بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ھونلارنىڭ 50 مىڭ لەشكىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، ۋۇدى خان ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شېئىردا ساۋ ساۋنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بەدىلىگە سەي ۋېنجىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەنلىكى باربىت قۇچاقلاپ ھونلارغا ئەرگە تەگكەن ۋاڭ جاۋجۈن بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن لى لىننىڭ تەقدىرىدىن ياخشى بولغانلىقى يېزىلغان.

# سادازى

سادازى، لەقمى شۇتاڭ، ساچالۇننىڭ ئوغلى. ئۇيغۇر. تەۋسىيە-دارلىققا كۆتۈرۈلمىگەن. ئۆمرىنى ئادەتتىكى موللىلاردىن بولۇپ ئاخىرلاشتۇرغان. 90 نەچچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. سەي-دۇللانىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەر-ۋەرلىك، ئەل - يۇرتقا بولغان مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، پىكىرلىرى يېڭى ۋە يۇكسەك.

## شاڭيۇنىڭ قەبرىسىدە

ئات ئۆلۈپ، مەھبۇب كېتىپ، چۇ نەزمىسىدە قايغۇ - غەم،
قەھرىمان ئەر گەپ قىلالماي ماڭدى كەلمەسكە بۇ دەم.
قولىدا تامغا زىبىڭ بولدى قۇرۇق ئايۋانغا خان،
چىقتى تۆرگە ناخشا توۋلاپ يۇرتتا بىر بەگ پەم بىلەن.
نەچچە مىڭ تىللاغا بەرمەس بېشىنى كەستى ئۆزى،
ئۆيمۇئۆيدە يىغا - زارە، ياش ئىچىدە قالدى تەن.
ئىس - تۈتەكتەك بولدى غايىب كاتتىلىق ھەم نوچىلىق،
قەبرە تاش قالدى يېرىق ئوت - خەس ئارا يۇتۇپ ئەلەم.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا مەغلۇپ بولغان قەھرىمان، غەربىي چۇ بەگلىكى-نىڭ بېگى، ليۇ باڭنىڭ رەقىبى شاڭيۇ مەدھىيىلەنگەن. شېئىر ئېچىنىشلىق، كۆتۈرەڭگۈ، شۇنداقلا ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان.

## ئاي پاتقاندا

كۆز كېلىپ يەر ـ ئاسمان ئوخشاش بىر رەڭدە،
قۇرۇق دەريالاردا تۇرنا ئاۋازى.
يۇلتۇزلار ئەگەشكەن سامان يولىغا،
تاختا كۆۋرۈكلەردە قىرونىڭ ئىزى.
نەزمەمنى قەيەردىن باشلىسام بولار،
مىڭ چاقىرىم نېرىدا سەھرانىڭ يۈزى.
ھەر يىلى جەڭ بىلەن ئۆتىدۇ كۈنلەر،
ئېسىمدە شۇ يارنىڭ تۇر دېگەن سۆزى.

ئىزاھ:
ئاپتور ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ، ئاينىڭ ئولتۇرغانلىقى، يۇلتۇزلارنىڭ يۆتكەلگەنلىكى، قىرو چۈشكەن كۈز پەسلىدە تۇرنىلارنىڭ سايراۋاتقانلىقىغا نەزەر سالىدۇ. نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق يەرلەردە جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى ئويلايدۇ. شېئىردا ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## قېرى ئات

قىلىچ ـ نەيزە دەردىنى تارتتى يەتكۈدەك،
لېكىن ئامان چىقتى يۈزلەرچە جەڭدىن.
قالمىدى بىرمۇ يول تونۇمايدىغان،
ئوقۇردىمۇ غەيرەت كەتمىدى تەندىن.
شىمال بورانلىرى كۆزدە بەك ھەيۋەت،
چېگرىدا دەل ـ دەرەخ سولغۇن ئەلەمدىن.
بۇ ئات بولي بىلەن كۆرۈشكەن بىر چاغ،

ئەمدى تاپالمايدۇ ئىزىنى يەردىن.

ئىزاھ:
بۇ شېئىردا قېرىپ قالغان ئاتنىڭ ياخشى ئاتنى بىلىدىغان بولې بىلەن قايتا كۆرۈشەلمەيدىغانلىقى ئارقىلىق، ئىختىساسلىق ئادەمنى پەرق ئېتەلەيدىغانلارنىڭمۇ تۈگەپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

## ۋېن تيەنشياڭنىڭ چالغۇسى

ئۈچىدۇ ئاق تۈرنىلار، قۇشقاچ ئۈنىدە ئاھ - پىغان،
ئالتە قەبرە مۇڭ ئارا ئۆسكەن دەرەخلەر زەپىران.
كىم ياساپ قويغاندۇ توغراق ياغىچىدىن چالغۇنى،
ئاڭلىسا چيەنتاڭ گۈرۈلدەپ مەۋج ئۇرغاي شۇ زامان.
سۇ يۈزى سەكرەيدۇ، دولقۇنىنىڭ ئاۋازىدا ئەلەم،
ئارچىزار سوقاندا سەلكىندىن تەۋەللۇت سوغ مانان.
ئۆلىما زاتنىڭ يېشىدىن چوققىلارغا كەتتى دەز،
مەرسىيە قىلدى جەنۇب سۇلالىسىغا ئەرمىغان.
بولمىدى بۇ سەلتەنەت ئەمدى ئۆرە،
ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتۈنۈپ قىينالدى جان.
روھ بىلەن قان بىللە ئاقتى ئۈشبۇ دەم،
باش ئېگەر سانغۇن ئەزەلدىن بولمىغان.

ئەستە بار قىلغان زىياپەتلەر، ساياھەتلەر تېخى،
نەي ۋە تارلىق چالغۇلار ئوردا - سارايدا ياڭرىغان.
ئەيش - ئىشرەتتىن گۇناھكار بولدى گېلىڭ دۆڭلۈكى،
جياسىداۋ شياڭشياڭدىكى جەڭنى نەزەرگە ئالمىغان.
كەلگىنىدە كەتتى قولدىن شەھىرى ۋۇخۇ دەپ خەۋەر،
پۇل چېچىپ لەشكەر ئېلىپ قىلماس قىلىقلار قالمىغان.
تا قاچان نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ راھىتى،



www.uyghurkitap.com

ئەمدى رەققاس ھەم مۇغەننىلەرنى لايدەك تاشلىغان.

ۋادەرىخ!
يازغانتىڭىز بىر چاغدا «ۋىجدان ناخشىسى»،
ھەيۋەتىدىن تىترىگەن يەرۇ جاھان.
قالدۇرۇپ قويغان شۇ «يانچۇق دەپتىرى»
قۇدرىتىدىن يالماۋۇزلار قۇستى قان.
سىز مىراس ئەتكەن بۇ چالغۇ بولسا كۆن يا بولسا ئاي،
تا قەدىمدىن شۇڭغىچە جەننەتتە نۇردەك چاقنىغان.
كىم ئەگەر باتۇر ئۇنى جاڭ لىياڭغا تەڭداش ئەتكۈلۈك،
كىم قەھرىلىك، ئۇ چوقۇم سى نۇڭغا ئوخشاش قەھرىمان.
بۇ دەقىق تارىخ يۈزىدە بىر ساداقەت بەرق ئۇرار،
غەربىي پەشتاق ئۈززە پەيدا تامچىغان ياشتىن تۇمان.
غەربىي پەشتاق گەپلىرى پەسكويغا چۈشكەن بولسا گەر،
ئەل ئىچىدە ئول قەدىم چالغۇ ئاۋازى بار ھامان.
چالغۇنى چالغاندا ئۇنىڭ قارىنىدا بارماق ئىزى،
ئەتىۋارلىق بولسىمۇ تەقدىرى مەڭگۇ بىئامان.
ئەمما، فۇجيەن قىرغىنقىدا قاشتېشىنىڭ بەلگىسى،
پارقىراپ تۇرغاچ بوران – چاپقۇنمۇ ئۇنى ئاسرىغان.
سەن نەزەر سالساڭ بۇ دەم ۋىنشەن ئىگىز، دەريا سۈزۈك،
سازلىساڭ سازىڭنى تىڭشاشقا ئادەملەر بارمۇ تاڭ؟
كونا چالغۇ دەستىسى كۆكنى تېشىپ ئۆتكەي تېخى،
ئويغىتار ياڭراق ساداسى ئەجدىھالارنى تامام.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ۋېن تيەنشياڭدىن مىراس قالغان چالغۇ ئارقىلىق مىللىي قەھرىمان ۋېن تيەنشياڭنىڭ ئۇلۇغۋار پەزىلىتى ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلەنگەن. شېئىر خۇددى بىر تىنىق بىلەن پۈتكەندەك شۇنچىلىك راۋان. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ

ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى نامايان بولغان.

## ئۇيقۇسىزلىق

مۈگىدەپ قالدىم، كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق،
پەسلى كۈز، شاۋقۇن - سۈرەن، ئاتمايدۇ تاڭ.
يېپىنىپ كۆڭلەكنى ئولتۇردۇم ئۈزۈم،
بىر قاراپ خەنجەرگە جىم بولدۇم ئاران.
قىپقىزىل شامنىڭ ئوتى سايە سوغۇق،
ھەممە ئەتراپتا سادا يوق، تىنچىغان.
ئىشىكنى ئاچسام قىڭغىيىپتۇ ئاي نۇرى،
ھويلىدا ياپراق بىلەن تولغان باراڭ.

ئىزاھ:

ئاپتورنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇ يوق. كۆڭلەكنى يېپىنىپ قولىدىكى خەنجەرگە قاراپ، قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىگە ئىمكان يوقلۇقىدىن خورسىنىدۇ. كۈز پەسلى غۇرقىراپ شامال سوقۇپ تۇرىدۇ. شېئىردىكى گەپ - سۆزدە ھەيۋەتلىك ئىبارىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن مىسرالارغا چوڭقۇر بىر ھېسسىيات يوشۇرۇنغان.

## لى گاڭ ھەزرەتنىڭ قەبرىگاھىدا

سۆك سۇلالە، ئەل ئىشى چۈشتى بولۇپ يوك ئۆشنىگە،
بەك يىراقتىن تالدى كۆز باققاندا° لياڭجۇ ھۆسنىگە.
ئەسلىسەم، ئۆتمۈش زامان مەردلەر قورال ئالغان كۈنى،
رەزگىلەر قويغان ئىكەن قولنى سالادا كۆكسىگە.
بۇ ئەزىز تۇپراقتا پۇقرانىڭ قېنى ئاتەش گويا،
ئەمما، ئۇنىڭ يېرىمىنى ئالدى پاسىق مەيلىگە.

كۆلكىلىك ئىش: مەن ئېلىپ مەي بىرسىنى قىلسام تاۋاپ،
بىرلىرى نەزم ئوقۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەدۇر سەيلىگە.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا سۆڭ خانىدانلىقىدىكى سىياسىئون، جورجىتلار-
غا قارشى ئۇرۇشنىڭ داھىيسى لى گاڭ ھەززەتلىرىنى يېزىش
ئارقىلىق، ئاپتور ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى
نامايان قىلغان.

## قىزلارنى خارلىماڭلار

ئەسكەر بولغان مۇلەن قىزچاق دادىسىنىڭ ئورنىغا،
ئوچۇق سۆزلەپ، ئەنگە چۇشۇپ شەرەپ بەرگەن ئوردىغا.
تىيىڭ نامە يېزىپ خانغا دادىسىنى قۇتقۇزغان،
خەن خاقانى ئېغىر جازا چۇشۇرمىگەن بوينىغا.
تا ئەزەلدىن قىزلاردىمۇ ئەرلەر كەبى شىجائەت،
قىز تۇغۇلسۇن ياكى ئوغۇل زىيىنى يوق ھويلىغا.

قىزنى پەس دەپ ئوغۇللارغا ئامراق بولۇش بەك يامان،
ئوغۇل بولسا يەر تېرىيدۇ، قىزلار چاقتا ھەر زامان.
بارماقلىرىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا يۈرەك بىلەن بىر تۇتاش،
مەنسىتمىسەڭ قىز بالىنى بىر كۈن يەيسەن پۇشايمان.
ئەمدىلەتىن ئۆمىلىسە ئىڭەلەپ،
بوپ كېتىسەن بىردەمدىلا بەتنىيەت.
ئالدىرايسەن يوقىتىشقا كۆزۈڭدىن،
يوقمۇ سەندە قىلچە مېھىر ـ مۇھەببەت.
قىز تۇغۇلسا ئەجدادلارغا ۋارىس بولماس دەيدىكەن،
ئادىراسمان يۇلۇپ، نەزم ئوقۇپ قىلۇر ئىبادەت.
قىز تۇغۇلسا ئۆز ئۆيىگە نەپ بەرمەيدۇ دەيدىكەن،

www.uyghurkitap.com

ئەجدىھا يا ئەنقا بولۇپ يۈز تاپىدۇ كارامەت.
دۇفۇ يازغان: قىز تۇغۇلسا پۈتكۈل جەمەت نەلەيلىك،
بەي جۈيىمۇ قىزى بىلەن قىرىغىچە شاد ئۆتكەن.
ماتا كىيىپ ئاقىل بولغان دەي لياڭنىڭمۇ بەش قىزى،
يۈەن خاۋۋېننىڭ ئۈچ قىزىنى تارىخ گۆھەر دەپ پۈتكەن.
قىز تۇغۇلسا نە بولار دەپ قايغۇرۇشنىڭ ئورنى يوق،
يوسۇن ـ ئادەت قانداق بولسا قىلىش كېرەك ھەممىنى.
قەدىم چاغدا چېن فەن يازغان ئەۋلادلارغا ۋەسىيەت:
ئاياغ ئاستى قىلماڭلار دەپ گۇناھى يوق ئاممىنى.
ۋاقتى كەلسە قىز بالىنى ياتلىق قىلماق گەرچە تەس،
لېكىن، ئاددىي ـ ساددا بولسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.
چۈشمىسۇن گە ئېيىق كىرسە ئوغۇل پەرزەنت كۆرەتتۇق —
دېسەڭ ئەگەر ئانىلارنىڭ ئورنى بولۇر قەيەردە؟
ۋادەرىخا!
بۆرە ـ يولۋاس بالىسىنى يېمەيدۇ،
بۆركۈتلەرمۇ چۈجىسىنى ئاسرايدۇ.
تاغدەك قامەت بىلەن يۈرگەن ئەرلەرنىڭ،
ئىزلىرىنى ھايۋانلارمۇ باسمايدۇ.
ئارتۇقچە گەپ چاغلىماڭلار سۆزلەپ يۈرسەم ئەزۋەيلەپ،
ئەستە تۇرسۇن ئاجىز قىزغا ئالتۇن ئۆي بار دېگەن گەپ.
چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەيمەن سىلەرگە،
خارلىماڭلار قىز بالىنى، چوڭ قىلىڭلار قەدىرلەپ.

ئىزاھ:

ئاپتورنىڭ ئوغۇل ـ قىزلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئىدىيىسى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن ئىلغار، قىممەتلىك قاراش. ئىلغار، دېموكراتىك ـ باراۋەرلىكنىڭ فېئوداللىق دەۋر زىيالىيلىرىدىكى بىخلىنىشى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال

ئەھمىيەتكە ئىگە. شېئىر ئىنتايىن راۋان، تەبىئىي يېزىلغان. ئوقۇغان ئادەمنى قايىل قىلماي قالمايدۇ.

## ئاچامنىڭ ئېرى لىن يۇچياۋنى ئۇزىتىش

جاپا ئوخشاش، بوران - چاپقۇننى تەڭ كۆردۇق،
بۇرۇنلا ماڭدىڭىز بولماققا سەرگەردان.
مالامەتكە چىداپ كەلگەن جەمەتتىن سىز،
قەلەمدىن تاپتىڭىز بەرىكەت، تۆكۈپ تەر - قان.
ھاياتتا قىلدىڭىز ھۆرمەت جامائەتكە،
قېرىنداشلار ياشانسا باقتىڭىز ئوبدان.
يىراقتا قالسىڭىز ئەسلەپ تۇرۇڭ بىزنى،
بىلىڭ ئالەم ئارا ھەممە ئۇرۇق - تۇغقان.

ئىزاھ:

لىن يۇچياۋ لىن زېشۈينىڭ ئوغلى، ئاپتورنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى. شېئىردا يۇچياۋنىڭ نېمىشقا باشقا يۇرتلارغا كەتمەكچى بولغانلىقى ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان. لېكىن، ئۇنىڭ نامراتلىققا تەن بەرمەي باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئىشلەپ باقماقچى بولغانلىقى شېئىردا ئېنىق. شۇنداقلا، «ئالەمدىكى ھەممە ئادەم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان» دېگەن مىسرا ئارقىلىق ئۇنىڭ سەپىرى ۋە تۇرمۇشىغا تەسەللى بەرگەن.

## ساداقەتمەن تۆرە لىن زېشۈي ھەزرەتلىرىگە مەرسىيە

قۇتۇپ يۇلتۇز جەنۇبىي تۈن كېچە ئولتۇردى بىر يۇلتۇز،
ئەلەم - ھەسرەت بولۇتتەك قاپلىدى شۇ دەم جىمى ئەلنى.
بولۇپ تەتۈر پەلەك ھەمراھ ياشاشقا بەرمىدى ئىمكان،

www.uyghurkitap.com

نىيەت ـ ئىقبال دۇرۇس شۇ ۋەج قۇچاقلاپ ياتتىڭىز بەرنى.
نجىسلار جار سېلىپ چىقسا ئۇرار مەۋج روھىڭىز دولقۇن،
تۇمەن ئەپسۇس غېرىبلارغا تۆكۈپ ئۇلگۇرمىگەچ تەرنى.
ساراي ـ ئۇردا ئىشىدا چەكتىڭىز جەبرۇ جاپا ھەردەم،
ئىدى باغلاش خىيال سىزدە يەنە نائەھلىگە بەلنى.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا لىن زېشۇينىڭ دۆلەت ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيە-
تىنى ئادا قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خوڭ شيۇچۈەن قاتارلىق
ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا ماڭغانلىقىمۇ ئەسكەرتىلگەن. مەيلى
لىن زېشۈي بولسۇن، مەيلى ئاپتور بولسۇن، ئوخشاشلا سىنىپىي
چەكلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇلار قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن دەپ قارىغان.

## جىيەنىم لىن خېشيۇنى ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈشكە يولغا سېلىش

دېمە سەھرا يۇزىدە تا ئەزەل كەم كاملى ئىنسان،
تالاي مەرد ئارغىماق سىگرى ئوقۇر ئالدىغا باغلانغان.
تۆۋرۈكىنىڭ چوڭلۇقىدەك شام يورۇتسا ئەلنى بىر مەرتە،
خرۇستالدەك چىچىپ نۇر سۈبھىنى چىللايدۇ كەڭ ئاسمان.
بىلىقىنىڭ كۆزىنى گۆھەر دېگەن ئىنسانغا يول قويما،
بوۋاڭ ـ ئەجدادلىرىڭدا ئات تونۇشتەك ئىقتىدار بولغان.
تۇتۇق پىرقە بۇرادەر خەن پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭغىن،
يىراقلاردىن يېزىپتۇ خەت، ئۇمىدى سەندىلا قالغان.

ئىزاھ:

لىن خېشيۇ لىن زېشۈينىڭ نەۋرىسى. ئاپتور ئىمتىھان
قەغىزىنى تەكشۈرۈشكە ماڭغان جىيەنىگە تالانتلىق شەخسلەرنى

باستۇرۇپ قويماسلىق، بىلىقنىڭ كۆزىنى گۆھەر بىلمەسلىك، بولىغا ئوخشاش ياخشى ئارغىماقلارنى تاللاش، «سەھرالىق كامىلى ئىنسان» لارنى ئۇمىدسىزلەندۈرمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. ئاپتور تەۋسىيەدارلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلمىگەن بولغاچقا، جىيەننى دۈرۈس ئادەم بولۇشقا ئۈندىگەن. شېئىردا ھېسسىيات ئىنتايىن سەمىمىي ئىپادىلەنگەن.

## ئىمتىھاندا شاللىنىپ قالغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم

سايىغا باققان سىرىق سەبدە گويا كۆزدەك ئورۇق،
ئاق چېچىم يۈلتۈز كەبى بارغانسېرى بولدى قويۇق.
كۆزى كور ئاتقا مىنىپ مەنزىل ماكانىغا يەتمىدىم،
كاتتىلار بوغدى قاناتىم مەيلىچە قىلتاق قۇرۇپ.
غەيرىتىم باردۇر مېنىڭ يۈز گەز راۋاقتا چىققۇدەك،
تا ئەزەلدىن تەلىيىم كاج بولدى، يوللارمۇ تويۇق.
شۈكرىلىللا، ھېچقاچان مەقسەت ـ نىيەتتىن يانمىدىم،
بىر كۈنى دۈگېپۈدىن ئاشسام يۈزلىرىم بولغاي يورۇق.

ئىزاھ:

بۇ شېئىردا ئاپتورنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي چاچلىرى ئاقارغان ھالەتتىمۇ يەنىلا نىيىتىدىن يانمىغانلىقى، داۋاملىق تىرىشىشى ئىرادىسى بارلىقى يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەرجىماننىڭ سۆزى

«غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» ناملىق بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مېنى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئىلىمىز ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقىدىن سۆيۈندۈم. لېكىن، كىتابنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقىپلا يۈرۈكۈم «قارت» ئىتىدە قىلىپ قالدى. رىۋايەتلەردىلا نامى تىلغا ئېلىنىدىغان قۇرىغارخان ئانا ياشىغان دەۋردىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تارىخىي باسقۇچلاردا ياشىغان بۇ شائىرلارنىڭ خەنزۇچە يازغان شېئىرلىرىنى توغرا چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى مەزمۇنى، مىسرالارنىڭ ۋەزنىنى، ئۇنىڭدىكى روھىي شىجائەتنى باشقا بىر تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شائىرلار بىرلا دەۋردە ياشىمىغان، بىرلا مىللەتنىڭ شائىرلىرى بولمىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ۋە شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بولغان قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى، ئۇسلۇبىنى تەرجىمە ئارقىلىق ئىپادىلەشمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار ھەر خىل مەدەنىيەت ئورتاق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشكەن دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئىدى. شېئىرلارنىڭ شەكلىدىمۇ خەنزۇ شېئىرىيىتىگە ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن بەش خەتلىك، يەتتە خەتلىك شېئىرلار، ئۇزۇن - قىسقا مىسرالىق

ئەركىن شېئىرلار، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەھرىلىك نەزم-
لەر، يۈەن سۇلالىسىدىكى كۈيلەرگە سەپلىنىدىغان نەغمە تېكىست-
لىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان شېئىر شەكىللى-
رى بار ئىدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، بۇ شېئىرلارنى تەرجىمە
قىلىشتا خەت ۋە قاپىيىنى قوغلىشىدىغان يۈزەكى تەرجىمىدىن،
كۆرۈنۈشتىكى مەنىسى بويىچە ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشتىن، قالاي-
مىقان تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش، يەنى ئەپەندى ئېيتقان
توغرا بولۇش، راۋان بولۇش ۋە گۈزەل بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش لازىم ئىدى.

مېنىڭ تېخىمۇ ئەنسىرىگىنىم، بۇ شېئىرلار خەنزۇ تىلىنىڭ
ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن يېزىلغان،
شائىرلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان مۇھەببىتى،
ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئويغىنىش-
لىرى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەر-
ۋەرلىك جەھەتتىكى ئىنتىپاقلىق، باراۋەرلىك، ئىناقلىق ھەققى-
دىكى قاراشلىرى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى مىسرالاردا تەلتۆكۈس
نامايان بولغان ئىدى. شېئىرلاردىكى بۇ روھنى، ئۇنىڭدىكى ئىچ-
كى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكنى، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىمۇ
نەچچە ئون خەت بولۇپ كېتىدىغان ھەر بىر مىسرانى ئۇيغۇر تىلى
بىلەن ئەسلىدىكىگە ئوخشاش چىرايلىق، سۈزۈك، تەسىرلىك
قىلىپ ئىپادىلەش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس
ئىدى. ناۋادا، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئۆز
دەۋرىدە يۇقىرى باھاغا سازاۋەر بولغان بۇ شېئىرلىرى ئۇيغۇر
ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلالمىسا، بۇ مەن ئۈ-
چۈن مەغلۇبىيەت بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ يامىنى غەربىي
يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە
ھاقارەت بولۇپ قالاتتى.

ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ شې-

www.uyghurkitap.com

ئىرنى تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن سۆزلىرى مېنى بەكمۇ دەككە - دۈككىگە سالدى. لېكىن ئېلىمىزدىكى كۆپتىن - كۆپ خەنزۇ شائىرلارنىڭ، شۇنداقلا چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان ئەجداد ئۇستازلارنىڭ بۇ يولدىكى ئىزدىنىشلىرى، ئۇلارنىڭ شۇ شېئىرلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە تەرجىمىدىكى ماھارىتى ماڭا مەدەت بەردى. بولۇپمۇ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق، ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى مەردانىلىقى، ئۇلارنىڭ بىرلىك، ئىناقلىق ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى ماڭا ئىلھام بەخش ئەتتى. نەتىجىدە، مەن بۇ كىتابنى ياخشى تەرجىمە قىلىشقا تەۋەككۇل قىلدىم.

شېئىرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ۋە كەڭلىكتە بولىدۇ. شېئىرنىڭ روھى - شىجائىتى مىسرالارنىڭ يۈزەكى كۆرۈنىشىدە ئەمەس، ئۇنىڭدىكى ئىدراكىي، ھېسسىي بوشلۇقتا بولىدۇ. مەن بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن شۇ مەقسەتنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشۇم ناتايىن، تەرجىمانلارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى غەيرەتجان ئوسمان مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى دەرسلىكىدىكى تەرجىمىدىن پايدىلاندىم. شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سادىق تەرجىمىنى باشتىن ئاياغ كۆرۈپ چىقتى. مەن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

[General Information]
书名=西域少数民族诗选　维吾尔文
SS号=40212749